# قايغۇرماڭ
# باتۇرلارچە ياشاڭ

ئاپتورى: دالې كارنېگى ( ئامېرىكا )



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

# قىسقىچە مەزمۇنى

«قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ»نىڭ ئاپتورى دالې كارنېگ نيۇيوركتا چوڭلار كەچ كۇرسى ئېچىپ، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىكى چوڭلارنى خۇشال - خۇرام ياشاش ۋە ئىشلەش مەقسىتىگە يېتىش يولىدا غەم - ئەندىشە ۋە باش قېتىنچىلىقلارنى قانداق تۈگىتىشنىڭ تۈرلۈك ئۇسۇللىرى بىلەن مەخسۇس تەمىن ئەتكەن. ئاپتور بۇ كىتابتا ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە جەمئىيەتتىكى بەزى مەشھۇر زاتلارنىڭ ھەقىقىي كەچۈرمىشلىرىنى ماتېرىيال قىلىپ، ئىجتىمائىيەت ۋە پسىخولوگىيە نۇقتىسىدا تۇرۇپ، كىشىلەرنى كەسىپ، خىزمەت، ئۆگىنىش، مۇھەببەت، نىكاھ، ئائىلىۋى تۇرمۇش، كىشىلىك مۇناسىۋەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئاسانلا غەم - ئەندىشە ۋە باش قېتىنچىلىققا سالىدىغان تۈرلۈك سەۋەبلەرنى چوڭقۇر ۋە ئىخچام تەھلىل قىلىپ چىققان ھەمدە بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنى ئوتتۇرىغا قويغان. كىتابتا مىسال كەلتۈرۈلگەن پاكىتلار خېلى قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە. بايان قىلىنىشى ناھايىتى جانلىق، ئىدىيەسى ساغلام بولۇپ، كىتابخانلارغا نىسبەتەن مۇئەييەن ئويغىتىش رولىغا ئىگە.

# مەن بۇ كىتابنى نېمە ئۈچۈن يازدىم

## — كىرىش سۆز ئورنىدا

بۇنىڭدىن 35 يىل ئىلگىرى مەن نيۇ - يورك بويىچە ھەممىدىن بەختسىز ئادەم ئىدىم. ئۇ چاغدا ئاپتوموبىل ئېلىپ - سېتىپ جان باقاتتىم. مەن ئاپتوموبىل ھەققىدە ھېچ نەرسە بىلمەيتتىم، بىلگۈممۇ كەلمەيتتى، چۈنكى بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشنى باشقىلاردىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرغانلىق دەپ ھېس قىلاتتىم. مەن سەرەمجانلىرى كونىراپ كەتكەن بىر ئۆيدە ئولتۇراتتىم. ھەر كۈنى ئەتىگەندە تامغا ئېسىقلىق گالىستۇكۇمنى قولۇمغا ئالغاندا، تامدا تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ يۈرگەن سۇۋەرەكلەرنى كۆرەتتىم، بۇ مەنزىرە ھازىرمۇ كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. ھېلىقى مەينەت، تۆۋەن دەرىجىلىك ئاشخانىلارنىڭ تاماقلىرىنى يېيىشتىنمۇ بىزار ئىدىم. بۇ ئاشخانىلاردىكى قۇرت-قوڭغۇزلار ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇراتتى.

ھەركۈنى ئاخشىمى كەيپىم تولىمۇ مەيۈس ھالدا ھېلىقى زېرىكىشلىك ئۆيۈمگە قايتىپ كېلەتتىم. ئۈمىدسىزلىك، ئازاب ۋە ئىچكى دۇنيايىمدا ئۇرغۇپ تۇرغان قارشىلىق مېنى ئىنتايىن ئازابلايتتى. ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىمدىكى بارلىق ئارزۇ - ئارمانلىرىم پۈتۈنلەي تۈگەشكەندەك تۇيۇلاتتى. دە، تولىمۇ بىئارام بولاتتىم، تۇرمۇش دېگەن شۇنداق بولامدۇ؟ مەن كېچە - كۈندۈز ئارزۇ قىلىپ كەلگەن گۈزەل كىشىلىك تۇرمۇش دېگەن شۇمۇ؟ دەپ ئويلايتتىم. بۈگۈنكى كۈندە تۇرمۇش مېنى ئۆزۈم خالىمايدىغان ئىشنى قىلىشقا، سۇۋەرەك يامراپ كەتكەن ئۆيدە ئولتۇرۇشقا، كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرىدىغان يېمەكلىكلەرنى يېيىشكە ھەمدە كەلگۈسىگە ھېچقانداق ئۈمىد باغلىماسلىققا مەجبۇرلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ماقتا . ھالبۇكى ، مەن ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىمدە كىتاب ئوقۇشنى نەقەدەر ياخشى كۆرەتتىم ، يازغۇچى بولۇشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم - ھە !

مەن ھازىرقى بۇنداق زېرىكىشلىك خىزمەتتىن ۋاز كەچسەملا تۇرمۇشۇمنىڭ تېخىمۇ مەنىلىك ئۆتىدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتىم . ماڭا كېرىكى ، خىزمەت ئارقىلىق پۇل ۋە مال - مۈلۈك تېپىش ئەمەس ، بەلكى تۇرمۇشنىڭ قەدىر - قىممىتىنى تېپىش ئىدى . مەن مۇتلەق كۆپ ساندىكى ياشلار تۇرمۇشنى ئەمدىلا باشلىغاندا دۇچ كېلىدىغان ھالقىلىق پەيتكە كېلىپ قالغانىدىم . مەن كەسكىن بىر قارارغا كەلدىم . بۇ قارارىم مېنىڭ كەلگۈسىمنى ئۆزۈل - كېسىل ئۆزگەرتىپ ، كېيىنكى 35 يىللىق تۇرمۇشۇمنى دادىل تەسەۋۋۇرۇمدىكىدىنمۇ بېيىتتى ، تېخىمۇ بەختلىك قىلدى .

چۈنكى ، مەن مىسسۇرى ئىشتاتىدىكى ۋالونبۇرگ دۆلەتلىك پىداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا تۆت يىل ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىي تەربىيەسى ئالغانىدىم . شۇڭا ، چوڭلار كەچ كۇرسى ئېچىش قارارىغا كەلدىم . شۇنداق قىلسام كۈندۈزى كىتاب ئوقۇيالايمەن ، دوكلات بېرىشكە تەييارلىق قىلالايمەن . ھېكايە ، رومان يازالايمەن . مەن «ياشاش — كىتاب يېزىش ئۈچۈن ، كىتاب يېزىش ياشاش ئۈچۈن» دېگەن يولدا — ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان بىر يولدا مېڭىشىم كېرەك .

كەچ كۇرسقا نېمىنى دەرسلىك قىلىش كېرەك ؟ مەن ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇغان دەرسلىرىمنى ئەسلەپ شۇنى ئېنىق تونۇپ يەتتىمكى ، مەن ئالغان پېداگوگىكا تەربىيەسى ۋە تىجارەت قىلغان چاغلىرىمدىكى كەچۈرمىشلىرىم بارلىق دەرسلەرنىڭ يىغىندىسىدىنمۇ بەكرەك ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە ئىكەن : ئۇ مېنى قورقۇنچاقلىق ۋە ئۆزۈمگە ئانچە ئىشەنمەيدىغان ئاجىزلىقتىن خالاس قىلىپ ، ماڭا كىشىلەر بىلەن باردى - كەلدى قىلىدىغان جاسارەت ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلدى .

دەسلەپتە مەن كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن نيۇ - يورك ئۇنىۋېرسىتېتىدىن نۇتۇق سۆزلەش ، دەرس ئۆتۈشكە ئورۇن ئىزدىگەنىدىم ، بىراق ھەر ئىككى ئۇنىۋېرسىتېت بۇنىڭغا قوشۇلمىدى .

شۇ چاغدا مەن تازا ئۇمىدسىزلەنگەنىدىم . بىراق ، ھازىر ئويلاپ كۆرىدىغان بولسام ، ئاللاغا ھەمدۇسانا ئېيتسام بولىدۇ . تەلىيىمگە ئۇلار مېنىڭ خىزمەت تەلەپ قىلىش ئىلتىماسىمنى رەت قىلىپ ئوبدان قىپتىكەن . چۈنكى ، شۇنىڭدىن كېيىن مەن خىرىستىيان دىنى ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ كەچ كۇرسىدا ئوقۇتقۇچى بولدۇم ھەمدە كونكرېت مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەھەتتىكى ئىقتىدارىم ئارقىلىق ئاجايىپ ماھارىتىمنى تېزلا نامايان قىلدىم ، ئۇ مەن ئۈچۈن ھەقىقەتەن قاتتىق بىر سىناق ئىدى . مەندىن ساۋاق ئېلىشقا كەلگەن چوڭلار ئىمتىھاندىن ئۆتۈۋېلىش ياكى نام - شۆھرەت قازىنىش مەقسىتىدە ئەمەس ، بەلكى شەخسىي مەسىلىلىرىنى بىرتەرەپ قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش مەقسىتىدە كېلەتتى . مۇدىرىيەتتىكى سودىگەرلەر ھۆكۈمەت ئىشلىرى يىغىنىدا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ جاق - جاق سۆزلىيەلەيدىغان بولۇشنى ئويلايتتى ؛ تاۋارلارنى بازارغا سالغۇچىلار گەپدانىراق خېرىدارلارنىڭ ئالدىغا كىرگەندە قىلىدىغان گېپىنى راسلىۋېلىپ ، ئىشىك ئالدىدا چۆرگىلەپ يۈرمەيدىغان بولۇشنى ئويلايتتى . ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھال - ئوقىتىم قۇتاتسۇن ، بېيىش يولۇم كەڭرىسۇن دېگەن مۇددىئا بىلەن كۆڭۈل توختىتىش ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇش كويىدا يۈرەتتى . ئۇلار كەچ كۇرستا كۆڭلىگە پۈككەندەك ئۈنۈم ئاللماسلىقتىن قورقۇپ ، ئوقۇش پۇلىنى مۇددەتكە بۆلۈپ تۆلەيتتى . مەنمۇ ئاغزىمدىكى ئاشتىن قۇرۇق قالماي دەپ ، ئۇلارغا ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەقىقىي ھەل قىلىپ بېرەتتىم .

ئۇ چاغلاردا دەرس ئۆتۈش ماڭا بىر خىل بېسىم ھېسابلىناتتى ، بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ تازا ئوبدان چېنىقىش پۇرسىتى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىۋاتىمەن . مەن ئوقۇغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ مېنى داۋاملىق ئىزدەپ كېلىشىدىكى سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ بېرىشىم ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىشىم كېرەك ئىدى . مەن ھەر قېتىم دەرسكە كىرگەندە ئۇلارغا يېڭى - يېڭى يوللارنى كۆرسىتىپ ، ئۇلارنى كېلەر قېتىملىق دەرسكە يەنە كېلىشكە قىزىقتۇراتتىم .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

مەن ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا بارلىقىمنى بېغىشلىغانىدىم، ئۇنىڭ ئۈنۈمى ئۆزۈمنىمۇ ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە كۆرۈنەرلىك بولدى. ئوقۇغۇچىلار ئۆزىگە تېزلا ئىشەنچ باغلىدى، ئۇلار ئىچىدە بىرمۇنچەيلەننىڭ خىزمىتى ئۆستۈرۈلدى، مائاشىمۇ كۆپەيدى. كۇرسنىڭ نەتىجىسى ئۇمىدۋار مۆلچەرىمدىكىدىنمۇ كۆپ ياخشى بولدى. ئۈچ ئاي بولا - بولمايلا، بىرلەشمىنىڭ كۇلۇبى ماڭا ھەر ئاخشىمى ئۆتكەن دەرسىم ئۈچۈن بېرىدىغان ھەق ئەسلىدىكى سەل كەم بەش دوللاردىن 30 دوللارغا كۆپەيدى.

دەسلەپتە، جامائەت سورۇنلىرىدا نۇتۇق سۆزلەش ھەققىدىلا دەرس ئۆتەتتىم. بىر يىلدىن كېيىن مەن ئۇلارنىڭمۇ قانداق دوست تۇتۇش ۋە باشقىلارنىڭ دوستلۇقىغا قانداق ئېرىشىشنى ئۆگىنىۋېلىشقا موھتاج ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالدىم. بۇ جەھەتتە تۈزۈكرەك دەرسلىك يوق ئىدى. شۇڭا، ئۆزۈم يېزىپ چىقىشقا توغرا كەلدى. مېنىڭ دەرسلىك تۈزۈش ئۇسۇلۇم مۇنتىزىم دەرسلىك تۈزۈش ئۇسۇلىدىن پەرق قىلاتتى، دەرسلىك كۈندىن - كۈنگە قېلىنلاپ باراتتى. ئۇ ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ تەجرىبىلىرىنىڭ توپلىمى ئىدى. مەن ئۇنىڭغا «قانداق قىلغاندا دوست تۇتقىلى بولىدۇ» دەپ نام قويدۇم.

مەن تۈزگەن دەرسلىك ئەسلىدە چوڭلار كەچ كۇرسى ئۈچۈن تۈزۈلگەنىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، مەن شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان تۆت پارچە دەرسلىك تۈزگەن بولساممۇ، ھېچكىمگە كۆرسىتىپ باقمىغانىدىم. ئۇنىڭ نەشر قىلىنىپ شۇنچە كۆپ تارقىتىلىشى ئۇخلاپ چۈشۈمگىمۇ كىرىپ باقمىغانىدى، دۇنيادا مەندەك كۈتۈلمىگەن خۇشاللىققا چۆمگەن يازغۇچىلار كۆپ بولمىسا كېرەك.

كېيىنچە مەن يەنە شۇنىمۇ بايقاپ قالدىمكى، مېنىڭ بۇ چوڭ ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ ھەممىدىن بەك بېشى قاتىدىغىنى كۈندىلىك تۇرمۇشتا دۇچ كېلىدىغان تۇرلۇك - تۇمەن دىققەتچىلىك ئىكەن. ئوقۇغۇچىلىرىم ئارىسىدا سودىگەرلەر، يۇقىرى دەرىجىلىك خىزمەتچىلەر، مال ساتقۇچىلار، مېخانىكلار، باش بوغالتىر قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇلار ھەر خىل خىزمەت ئورۇنلىرى ۋە قاتلاملاردىن كەلگەن بولۇپ،

هەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق دەردى بار ئىدى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاياللارمۇ بار ئىدى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى خىزمەتتىكى ئاياللار ، بەزىلىرى ئائىلە ئاياللىرى بولۇپ ، ئۇلارنىڭمۇ ئوخشاشلا باش قېتىنچىلىقى بار ئىدى . مېنىڭچە ئۇلارنى غەم - قايغۇلىرىدىن خالاس قىلالايدىغان بىرەر دەرسلىك بولۇش كېرەك ئىدى . شۇڭا ، مەن ئاشۇنداق بىر كىتاب ئىزدەشكە باشلىدىم . مەن ئالدى بىلەن 5 - كوچىدىكى نيۇ - يورك كۇتۇپخانىسىغا بېرىپ شۇنىڭدىن ھەيران قالدىمكى ، كىتابلار كاتولوگىدا «غەم - قايغۇ» توغرىسىدا يېزىلغان 22 پارچىلا كىتاب بار ئىكەن ، لېكىن «مىتە» توغرىسىدا 180 نەچچە پارچە كىتاب يېزىلىپتۇ ! دېمەك ، «مىتە» توغرىسىدا يېزىلغان كىتابلار ئىنسانلارنىڭ غەم - قايغۇلىرى توغرىسىدا يېزىلغان كىتابلارنىڭ توققۇز ھەسسىسىگە تەڭ دېگۈدەك ئىكەن ! شۈبھىسىزكى ، غەم ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئېغىر مەنىۋى يۈكى . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ كىشىلەر ئېلىمىزنىڭ ھەرقايسى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا «ئەنسىرىمەك» دېگەن تېمىدا لېكسىيە سۆزلىنىپ تۇرسا دەپ ئويلايدىغاندۇ . نەدىمۇ ئۇنداق ئىش بولسۇن ، مەن ئەزەلدىن قايسىبىر مائارىپ ئورنى مۇشۇنداق كۇرس ئېچىپتۇ دەپ ئاڭلاپ باقمىدىم . داۋىي سىبلىي «قانداق قىلغاندا باش قېتىنچىلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ : «ئادەم بالاغەتكە يەتكەن ھامان ، تۇرمۇشتا باش قاتۇرىدىغان ئىشلىرى يېغىپ كېتىدۇ . بۇنداق ئىشلار كۆپ ھاللاردا بىزنى ئامالسىز قالدۇرىدۇ . تۇرمۇش بىزنى خۇددى قارىغۇنى تار يولدا قىستىغاندەك قىستايدۇ» . شۇ ۋەجدىن دوختۇرخانىلىرىمىزدىكى كېسەل كارىۋاتلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى نېرۋا كېسەللىرى ياكى روھىي كېسەللەر ئىگىلەپ ياتماقتا .

مەن نيۇ - يورك كۇتۇپخانىسىدىكى كىتابلار ئىچىدىن كىشىلەر كەمدىن - كەم سۇرۇشتە قىلىدىغان ھېلىقى 22 پارچە كىتابنى كۆرۈپ چىقتىم . ئۇنىڭدىن باشقا ، «غەم - قايغۇ» بىلەن ئالاقىدار بولغانلىكى كىتابلارنى سېتىۋالدىم . ھالبۇكى ، بۇ كىتابلاردىن بىرەرسىمۇ چوڭلارنىڭ قىسقا مۇددەتلىك كۇرسىغا دەرسلىك قىلىشقا يارىمايتتى .

شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم تۈزۈشنى نىيەت قىلدىم .

بۇ كىتابنى تۈزۈشكە يەتتە يىلچە تەييارلىق قىلدىم . مەن ھەرقايسى دەۋرلەردە ئۆتكەن پەيلاسوپلارنىڭ غەم - ئەندىشە ۋە باش قېتىنچىلىق توغرىسىدىكى باياناتلىرىنى ئوقۇپ چىقتىم ، كوڭفۇزىدىن چېرچىلغىچە بولغان نەچچە يۈز مەشھۇر شەخسنىڭ تەرجىمىھالىنى كۆردۈم ، ئىجتىمائىي ئورنى ئوخشاش بولمىغان نەچچە ئون مەشھۇر ئەربابنى زىيارەت قىلدىم . بۇلارنىڭ ئىچىدە جىك دېنپۇس ، ئاۋما برادېل ، مارك كراك ، ھېنرى فورت ۋە ئېلنو روزۋېلت قاتارلىقلار بار . مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى خىزمىتىمنىڭ باشلىنىشىلا ئىدى .

ئارقىدىنلا مەن كىتاب ئوقۇش ۋە زىيارەت قىلىشتىنمۇ بەكرەك ئەھمىيەتلىك بولغان نۇرغۇن ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندىم . ئۆزۈمنىڭ «تەجرىبىخانا»سىدا بەش يىل جان پىدالىق بىلەن ئىشلىدىم ، — بۇ غەم - قايغۇ ۋە باش قېتىنچىلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنىڭ ئۇسۇل - چارىلىرىنى مەخسۇس تەتقىق قىلىدىغان تەجرىبىخانا ، شۇنداقلا مەن ئاچقان چوڭلار كۇرسى ئىدى . مەن ئىلمىي تەجرىبىنى مۇنداق ئىشلىدىم : مەن ئوقۇغۇچىلىرىمغا ئالدى بىلەن غەم - قايغۇ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئىرادىسى ۋە جاسارىتى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىپ ، ئاندىن ئۇلاردىن مۇئەييەن ئۆلچەم بويىچە ياشاشنى تەلەپ قىلاتتىم ؛ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ، ئۆزلىرىنىڭ تەسىراتلىرىنى كۆپچىلىك ئالدىدا سۆزلەتكۈزەتتىم .

تەجرىبە داۋامىدا ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ «مەن غەم - ئەندىشىلىرىمنى قانداق تۈگەتتىم» دېگەن تېمىدا ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلىگەنلىرىنى ئاڭلىدىم . بۇنىڭدىن باشقا ، مەن يەنە ئوخشاش بىر تېمىدا يېزىلغان نەچچە يۈز پارچە ماقالىنى ئوقۇپ چىقتىم . بۇ ماقالىلەر كۇرس تولۇقلىغان ئەسەرلەر بولۇپ ، ئۇلار ئامېرىكا ۋە كانادانىڭ 170 نەچچە شەھىرىدىن ماڭا ئارقا - ئارقىدىن ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەر ئىدى . مېنىڭ بۇ كىتابىم قۇرۇقتىن - قۇرۇق توقۇپ چىقىلغان كىتابمۇ ئەمەس ، ئىلمىي ماقالىمۇ ئەمەس . مېنىڭ خىيالىم — كىتابخانلارنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا ئىخچام يېزىلـ

غان بەزى خەۋەرلەر بىلەن تەمىن ئېتىپ، ئۇلارغا چوڭلار غەم - ئەندىشىنى قانداق تۈگىتىشى لازىملىقىنى بىلدۈرۈش. شۇڭلاشقا، بۇ كىتابنى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىڭلارغا ياردەم بېرىدىغان كىتاب دېسەڭلار تېخىمۇ مۇۋاپىق بولىدۇ.

مەن شۇنىڭدىن خاتىرجەمكى، يازغانلىرىمنىڭ ھەممىسى ھەقىقىي ئادەم ۋە يۈز بەرگەن ئىشلار بولۇپ، كىتابخانلار كىتابىمدىن ئۆيدۈرۈپ چىقىرىلغان بىرەر پېرسوناژنىمۇ تاپالمايدۇ. شۇڭا، تەكشۈرۈشكە ئاساس بولسۇن ئۈچۈن، ئايرىم ئەھۋاللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلارنىڭ ئىسمى ۋە ئولتۇرۇشلۇق كوچىسىنىڭ نومۇرىنى كۆرسىتىپ قويدۇم.

فىرانسىيەلىك ئۇلۇغ سىمۋولىزمچى شائىر ۋالېر «پەن — ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنىڭ يىغىندىسى» دېگەنىدى. بۇ كىتاب غەم - قايغۇ ۋە باش قېتىنچىلىقلارنى تۈگىتىش جەھەتتە ئېلىپ بېرىلغان ئۇزاق مۇددەتلىك تەجرىبىلەر ئارقىلىق ئۈنۈملۈك ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان چارە - ئۇسۇللار توپلىمىدۇر. بىراق، شۇنى سەمىڭلەرگە سېلىپ قويايكى، بۇ كىتابتىن قانداقتۇر بىرەر يېڭى نەرسە چىقىپ قالارمىكىن دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمەڭلار. كىتابتا شەرھلەنگەن نۇرغۇن ئۇسۇللارغا ئادەتتىكى كىشىلەر ئەمەل قىلىپ كېتەلمەيدۇ، خالاس. بىزنىڭ ھازىر بىلىدىغانلىرىمىز تۇرمۇشىمىزنى تېخىمۇ لەززەتلىك ئۆتكۈزۈشكە كەڭتاشا يېتىدۇ. بىزگە لازىمى تېخىمۇ كۆپ بىلىم ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ كۆپ ھەرىكەت. بۇ كىتابنىڭ مەقسىتى بىر قاتار كونا، تۈپ پرىنسىپلارنى قايتا ئوتتۇرىغا قويۇپ ۋە ئوبرازلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھازىرقى تۇرمۇشىمىزدىكى ئەمەلىي قىممىتىنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن، ئۇلارنى يېڭى نۇر چاچقۇزۇشتىن ئىبارەت. مەن سىلەرنىڭ — ھۆرمەتلىك كىتابخانلىرىمنىڭ بۇ ھەقىقەتنى ئەمەلدە كۆرسىتىشىڭلارنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.

سىلەرنىڭ بۇ كىتابنى ئوقۇشتىكى مەقسىتىڭلار تەبىئىيكى، مېنىڭ بۇ كىتابنى يېزىشتىكى مۇددىئايىمنى بىلىش بولماستىن، بەلكى كىتابنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەر تېپىش بولۇشى كېرەك. خوش ئەمىسە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشىڭىزغا ئىجازەت . ئەگەر سىز بۇ كىتابتىن 50 بەت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ غەم - قايغۇ ۋە بىئاراملىقنى تۈگىتىش يولىدا بىر خىل يېڭى كۈچ ۋە ئىچكى ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولالمىسىڭىز ھەمدە ئۇنىڭدىن بىر خىل يېپيېڭى تۇرمۇشنىڭ لەززى-تىنى ئالالمىسىڭىز ، بۇ كىتابنى ئوتقا تاشلىۋېتىڭ ، چۈنكى ئۇنىڭ سىز ئۈچۈن قىلچە قىممىتى يوق .

دالې كارنېگ

# مۇندەرىجە


I سىزنى غەم باسقاندا ...... 1

1. بېشىڭىزغا كۈن چۈشكەندە قولىقىڭىزنى يوپۇرۇۋېلىڭ ...... 1

2. قورقۇشنى تۈگىتىشنىڭ يارامىلىق فورمۇلاسى ...... 15

3. غايىبانە ئاپەت ...... 26

II ئەندىشىنى تەھلىل قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش لازىم ...... 44

1. تەھلىل قىلىش — مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ...... 44

2. خىزمەتتىكى قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشنىڭ مەخپىي رېتسېپى ...... 54

III غەم ئۆزىڭىزنى نابۇت قىلىدۇ ...... 60

1. خىزمەت — غەمنى تۈگىتىشنىڭ شىپالىق رېتسېپى ...... 60

2. كىچىككىنە ئىشلارغا باش قاتۇرۇپ يۈرمەڭ ...... 74

3. سىزنىلا نەس باسامدۇ؟ ...... 85

4. ئۆزىنى قاچۇرۇشقا بولمايدىغان ۋەقەگە تەن بېرىش كېرەك ...... 94

5. ھەرقانداق ئىشتا چەك بولۇش كېرەك ...... 108

6. ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات ...... 119

IV كۆڭۈل ئارامىنى ساقلاش ئۇسۇللىرى ...... 128

1. ئادەمنىڭ كەيپىياتىغا ھەممىدىن بەك تەسىر كۆرسىتىدىغان نەرسە — ئىدىيە ...... 128

2. ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن يۇقىرى بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ ...... 149

3. باشقىلارغا ۋاپا قىلسام، ئۇ ماڭا جاپا قىلدى دەپ ھەسرەت چەكمەڭ ...... 160

4 . بايلىقىڭىزنى مىڭ تىللاغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ··· 170
5 . ئۆزىمىزگە ئىشەنچ باغلىشىمىز لازىم ··············· 179
6 . يامان ئىشنىڭ ياخشى ئىشقا ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك ································· 189
7 . ئۆزىڭىزنى ئۇنتۇپ ، باشقىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىڭ····································· 201

V ئادەمنى ئاسان پەرىشان قىلىدىغان بىرقانچە ئىش ··· 221
1 . تەنقىد ۋە تاپا ـ تەنىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك ؟ ······································· 221
2 . غەم ـ قايغۇنىڭ كۆپىنچىسى پۇل ئۈچۈن بولىدۇ 239
3 . تاللىغان كەسىپ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇش كېرەك··· 245

VI زىيادە چارچاشتىن قانداق ساقلىنىش كېرەك؟ ············ 253
1 . ئارام ئېلىش — دەرمان توپلاش دېمەكتۇر ·········· 253
2 . ئۆزىنى بەھۇزۇر تۇتۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك ······························ 260
3 . ئائىلە ئاياللىرىمۇ ئۆزىنى بەھۇزۇر تۇتۇشى كېرەك 266
4 . ياخشى خىزمەت ئادىتىنى يېتىلدۈرۈڭ ············ 273
5 . ئىچى پۇشۇش ئادەمنى چارچىتىۋېتىدۇ ············ 280
6 . ئۇيقۇم كەلمەيدۇ دەپ بىئارام بولماڭ··············· 292

خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن ······················ 301

# I  سىزنى غەم باسقاندا

## 1 . بېشىڭىزغا كۈن چۈشكەندە قۇلىقىڭىزنى يوپۇرۇۋېلىڭ

1871 ـ يىلى باھار ، مونترېئال ئادەتتىكى تېببىي ئىنستىتۇتىنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسى ئىمتىھاندىن ئۆتەلەرمەنمۇ ، مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن قەيەرگە بارارمەن ، نېمە ئىش قىلارمەن ، ئىشنى نېمىدىن باشلىسام بولار ، قانداق قىلسام پۇلنى جىقراق تاپارمەن ؟ دېگەن غەمدە قالغان كۈنلىرىنىڭ بىرىدە بىر كىتابنى زوق بىلەن ئوقۇپ چىققان . كىتابتىكى بەزى سۆزلەر ئۇنىڭ ئىستىقبالىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ ، كېيىنچە ئۆز زامانىسىدىكى ئاتاقلىق دوختۇر بولۇپ چىقىشىغا تۈرتكە بولغان . ئۇ دۇنياغا مەشھۇر جونس خوپكىن تېببىي مەكتىپىنى قۇرۇپ ، بېرىتانىيە تەرىپىدىن بېرىلىدىغان دۇنيا تېببىي پەن ساھەسىدىكى ئەڭ ئالىي شەرەپ — ئوكسفورد تېببىي پەن پىروفېسسورى دېگەن نامغا ئېرىشىپ ، ئەنگلىيە پادشاھى تەرىپىدىن ئاقسۆڭەك دەپ بېكىتىلگەن . ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ھاياتىنىڭ يەكۈنى سۈپىتىدە 1469 بەت كېلىدىغان ئىككى توملۇق ئەسەر يېزىپ قالدۇرغان .

بۇ ئادەم سىرۋېليام ئوسلىر بولىدۇ . ئۇنىڭ 1871 ـ يىلى باھاردا ئوقۇغىنى توماس كارلىلېنىڭ سۆزى بولۇپ ، تولۇق تېكىستى مۇنداق ئىكەن : «بىزنىڭ مەقسىتىمىز يىراق كەلگۈسى دۇنيانى بىلىش» . قىسقىغىنا بۇ بىر جۈملە سۆز ئۇنى بىئاراملىق ۋە باش قېتىنچىلىقتىن خالاس قىلغان .

40 يىلدىن كېيىن ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ قورۇسىدىكى قاغا تىرنىقى

گۈللىرى ھۆپپىدە ئېچىلغان ئىللىق باھار ئاخشاملىرىنىڭ بىرىدە، سېرۋېلىيام ئوسلېر يالىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا سۆز قىلىپ مۇنداق دېگەن: «كىشىلەر ئېھتىمال دۇنيادا نام چىقارغان، تۆت ئۇنىۋېرسىتېتتا خىزمەت ئۆتىگەن بۇ پىروفېسسورنىڭ كاللىسى چوقۇم ‹ پەۋقۇلئاددە كاللا بولسا كېرەك› دەپ ئويلاپ قالار، ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەس. ئۇنىڭ بارلىق ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، دوست - يارەنلىرىگە ئايانكى، ئۇنىڭ ئەقلى تامامەن ئادەتتىكىدەك.

ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى سىر زادى نېمىدۇ؟ دەپ سورىساڭلار، ئۇ پۈتۈنلەي بىر خىل ماھارەتكە، يەنى «قۇلاقنى يوپۇرۇۋېلىپ ياشاش»قا تاياندىم دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ نېمە دېگەنلىك؟ يالىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا دوكلات بېرىشتىن بىرقانچە ئاي ئىلگىرى، سېرۋىلىيام ئوسلېر يىراق مۇساپىلىك پاراخوتقا ئولتۇرۇپ ئۇلۇغ ئوكياننى كېسىپ ئۆتكەن. ئۇ كاپىتاننىڭ رولچى بۆلۈمىدە تۇرۇپ بىر كۇنۇپكىنى بېسىشىغىلا، پاراخوتنىڭ بىرقانچە قىسىملىرى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىلىپ، ماشىنىنىڭ گۈلدۈرلىگەن ئاۋازىمۇ ئاڭلانمايدىغان بولغانلىقىنى كۆرگەن. بۇ قاۋاق بۆلۈمچە دەپ ئاتىلىدۇ. «سىلەر ياشلار مۇكەممەل بىر ئورگانىك گەۋدە، — دەيدۇ دوكتور ئوسلېر يالىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا، — سىلەر ھېلىقى يىراق مۇساپىلىك پاراخوتتىنمۇ يىراق مۇساپىگە سەپەر قىلىۋاتىسىلەر. شۇڭا، شۇنى سەمىڭلەرگە سېلىپ قويايكى، سىلەرمۇ ‹ ماشىنا› ڭلارنى تىزگىنلەپ، تۇرمۇشۇڭلارغا قاۋاق بۆلۈمچە يارىتىشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭلار كېرەك! ئۆزىڭىزنىڭ رولچى بۆلۈمىڭىزگە كىرىپ پاراخوت تاملىرىنىڭ ھەم ياكى ھەم ئەمەسلىكىگە قاراپ بېقىڭ؛ كۇنۇپكىنى بېسىپ، تۆمۈر دەرۋازىنىڭ تۇرمۇشىڭىزنىڭ ئۆتمۈشىنى پۈختا توسۇۋېتەلىگەن - توسۇۋېتەلمىگەنلىكىنى سىناپ بېقىڭ، ئاندىن كۇنۇپكىنى قايتا بېسىپ، تۇرمۇشىڭىزنىڭ كەلگۈسى — تېخى يېتىپ كەلمىگەن ئەتىڭىزنى تاختايدا پۈختا توسۇۋېتىڭ! بۇنىڭ بىلەن بۇگۈندىن خاتىرجەم بولىسىز. ئۆتكەن ئىشلارغا

سالاۋات . ئۆتكەن ئۆمۈر — ئاققان سۇ . چۈنكى ، ئۇ نادانلارنى گۆرگە باشلايدىغان ئەرۋاھ ھەرقانچە قەيسەر ئادەم بولغاندىمۇ ، تۈنۈگۈن بىلەن بۈگۈندىن ئىبارەت ئىككى ئېغىر يۈكنى يۈدۈۋالىدىغان بولسا ، بىر غېرىچ ئىلگىرىلىشىمۇ قىيىنغا توختايدۇ . كەلگۈسىنىمۇ ئۆتمۈشىڭىز بىلەن ئوخشاشلا ئۇزۇل - كېسىل ئايرىۋېتىڭ ! كەلگۈسى دېگەن نەرسە خىيالىڭىزغا كەلمىسۇن ، ئەتە دېگەن نەرسىنىمۇ يادىڭىزغا كەلتۈرمەڭ ، پەقەت بۈگۈن ئۈچۈنلا ھەقىقىي ياشاڭ ، ھېرىپ - چارچاپ ھالىدىن كېتىش ، مەنىۋى جەھەتتە ئازاب چېكىش ، روھىي جەھەتتە جىددىيلىشىپ كېتىش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن غەم يېگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى . كەلگۈسىڭىزنى تاختاي بىلەن پۈتۈنلەي توسۇۋېتىپ ، ‹قاۋاق بۆلۈمچە› دە ياشاشقا ئادەتلىنىڭ » .

دوكتور ئوسلېرنىڭ گېپىدىن ئەتىنىڭ غېمىنى يېمەڭلار دېگەن مەنە چىقامدۇ ؟ بۇنداق مەنە چىقمايدۇ . ئۇ دوكلاتىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ ؛ «ئەتىنىڭ غېمىنى يېيىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى بارلىق ئەقىل - پاراسەت ۋە قايناق ھېسسىياتنى مەركەزلەشتۈرۈپ بۈگۈنكى خىزمەتنى ياخشى ئورۇنلاش . ئەتىنىڭ غېمىنى يېيىش دېگەنلىك ، كەلگۈسىدىكى ئىشلارنى ئەتراپلىق پىلانلاش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش ، لېكىن قىلچىمۇ قورقماسلىق كېرەك دېگەنلىكتۇر .

ئورۇش بولغاندا ئارمىيەمىزنىڭ ئوفېتسېرلىرىمۇ بولغۇسى ئىشلارنى پىلانلايدۇ . بىراق ، ئۇلار قورقۇش ھېس قىلمايدۇ . «مەن قول ئاستىمدىكى ئەڭ سەر خىل قىسىم ۋە ئەڭ ياخشى قورال - ياراغلارنى جەڭگە سالىمەن ، — دەيدۇ ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ شاڭجياڭى ئونست گىن ، — ئۇلار قوبۇل قىلغان كۆرسەتمە - بۇيرۇقلارمۇ چوڭقۇر ئويلىنىشىمدىن ئۆتكەن بولىدۇ ، مېنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا ئامالىم يوق» . شاڭجياڭ گىن ئارقىدىنلا يەنە مۇنداق دەيدۇ : «ئەگەر ھەربىي پاراخوت دېڭىزغا چۆكۈپ كەتسە مەن ئۇنى سۈزۈپ ئالالمايمەن . چۆكۈپ كەتسە كېتىۋەرسۇن ، مېنىڭ ئۇنى توسۇپ قېلىشقا ئامالىم يوق . مەن ۋاقتىمنى ئەتىلىك ۋەزىپىلەر ئۈستىدە ئويلىنىشقا

www.uyghurkitap.com

سەرپ قىلسام قىلىمەنكى، تۇنۇگۇنكى ئىشلار ئۇچۇن غەم يېيىشنى
خالىمايمەن. هازىرنىڭ ئۆزىدىلا باقىي دۇنياغا كېتىدىغان ئىش بول-
سىمۇ پەرۋايىم پەلەك».

مەيلى ئۇرۇش مۇھىتى ياكى تىنچلىق مۇھىتى بولسۇن، مەسى-
لىلەر ئۇستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشنىڭ توغرا پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە خاتا
پىكىر يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇلى بولىدۇ. توغرا
پىكىر يۈرگۈزۈش ئۇسۇلى مەسىلىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى ۋە
ئۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئېھتىمالى بولغان ئاقىۋەتلەر توغرىسىدا لو-
گىكىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئەتراپلىق پىلان تۈزۈپ چىقىدۇ؛ خاتا
پىكىر يۈرگۈزۈش ئۇسۇلى مەنىۋى جەھەتتە جىددىيچىلىك ۋە نېرۋا
چېچىلاڭغۇلۇقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، خالاس.

تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ مەشهۇر گېزىتلەر-
نىڭ بىرى — «نيۇ-يورك ۋاقىت گېزىتى»نىڭ تارقاتقۇچىسى ئارتور
سۇلز بېرگېر بىلەن مۇڭدىشىپ قالدىم. بېرگېر ئەپەندى ماڭا
مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى؛ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئىس-
تۈتەكلىرى پۈتۈن ياۋروپانى قاپلىغان كۈنلەردە، كەلگۈسى توغرىسىدا
غەم يەپ، كېچىلەرنى كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇ كۆپ هاللاردا
تۈن يېرىمىدا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالدىغا سۈرۈخ بىلەن بوياق قويۇۋې-
لىپ، ئەينەككە قاراپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ رەسىمىنى سىزىدىكەن. ئۇ-
نىڭ گۈزەل سەنئەتتىن زادىلا خەۋىرى يوق ئىكەن، شۇنىسى ئېنىق
ئىكەنكى، ئۇنىڭ رەسىم سىزىشتىكى مەقسىتى ئىچ پۇشۇقىنى چىقى-
رىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىكەن. سۇلز بېرگېر ئەپەندىنىڭ ئېيتى-
شىچە، بۇ ئۇسۇللارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭغا ئۇنۇم بەرمەپتۇ. كې-
يىنچە ئۇ مۇناجات شەكلىدە ئىپادىلەنگەن بىر ئابزاس پەند-نەسىھەتنى
ئوقۇپ، ئاندىن غەم-قايغۇدىن خالاس بولۇپ، كۆڭلى ئارام تېپىپتۇ،
بۇ پەند-نەسىھەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

هەمراھ بول ماڭا ئەي سۆيۈملۈك چىراغ،
سېنىڭسىز باسالماسمەن غېرىچمۇ ئالغا.

يىراقتىكى مەنزىرىگە خۇشتار ئەمەسمەن ،
يۇرۇتۇپ بەرسەڭ كۇپايە ئالدىمنى ماڭا .

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ياۋروپانىڭ مەلۇم بىر يېرىدە ھەربىي فورما كىيگەن بىر ياشمۇ بۇ پەند - نەسىھەتنى ئوقۇپتۇ . ئۇنىڭ ئىسمى تېدبېنگىمرو بولۇپ ، بالتىموردىن كەلگەنىكەن . قاتتىق پەرىشانلىق ۋە ھەسرەت ئۇنىڭ سالامەتلىكىنىمۇ ئالدىنقى سەپتە كاردىن چىقارغانىكەن .

1945 - يىل 4 - ئاي ، بېنگىمرو ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ : «زىيادە غەم - قايغۇ مېنى بوغماق ئۈچەي ئىسپازمىسىغا گىرىپتار قىلدى ، — دوختۇر شۇنداق دىياگنوز قويغانىدى . بۇ ئادەمنى تولىمۇ ئازابلايدىغان كېسەللىك ئىكەن . ناۋادا ئۇرۇش ئاخىرلاشمىغان بولسا ، ئۈزۈپ ئېيتىمەنكى ، بۈگۈنگىچە ياشىشىمغا كۆزۈم يەتمەس ئىدى .

شۇ چاغلاردا ھەقىقەتەن چارچاپ كەتكەنىكەنمەن . مەن 94 - پىيادە ئەسكەرلەر شىتىبىدا ئوفىتسېر ئىدىم . ۋەزىپەم قازا تاپقان ، يوقاپ كەتكەن ۋە يارىلانغان خادىملارنى تىزىملاش ، ئۇرۇشتا ئالدىراپ - تېنەپ كۆمۈۋېتىلگەن ئىتتىپاقداش ئارمىيە ۋە دۈشمەن ئارمىيەسىدىكىلەرنىڭ جەسەتلىرىنى ئېنىقلاشقا ياردەملىشىش ئىدى . مەن ئۇلاردىن قالغان نەرسىلەرنى يىغىش ھەمدە ئۇ نەرسىلەرنى قازا تاپقانلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ياكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا ئەۋەتىپ بېرىشكە مەسئۇل ئىدىم ، چۈنكى ئۇ نەرسىلەر ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك ئەستىلىك ھېسابلىناتتى . مەن داۋاملىق ۋەسۋەسە ئىچىدىلا يۈرەتتىم ۋە قولۇم ئىشقا بارمايتتى . بىز راستتىنلا كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولمايلى ! ئۆيۈمگە تىرىك قايتالارمەنمۇ ؟ دەيدىغان قورقۇنچلۇق خىيال كاللامدىن كەتمەيتتى . خىيال سۈرگەنچە قورقاتتىم . چۈنكى ، ئارزۇلۇق ئوغلۇمنى باغرىمغا بېسىش پۇرسىتى كېلىش - كەلمەسلىكىنى بىلمەيتتىم . ئوغلۇم يېشىغا تېگىپ تۆت ئاي ئاشتى ، ئۇنىڭ دىدارىنى تېخى كۆرۈپ باقمىدىم ، كۈن بويى تەشۋىش قىلىپلا يۈرگەچكە ، 34

قاداق ئورۇقلاپ كەتكەنىدىم. سەۋدايى بولاي دەپلا قالدىم، ياداپ قاقشال بولۇپ قالغان قوللىرىمغا قارىسام، كاردىن چىققان مۇشۇ ئەپتىم بىلەن ئۆيگە قايتىشنى خىيالىمغا كەلتۈرسەملا قورقۇپ كېتىمەن. نېرۋام پۈتۈنلەي كاردىن چىققانىدى. بەزىدە كىچىك بالىدەك بۇقۇلداپ يىغلاپ كېتىمەن. يالغۇز قالغان چاغلىرىمدا ئىچىم تىتىلداپ، كۆزۈمدىن ئىختىيارسىز قۇيۇلۇۋاتقان ياشلىرىمنى تۇتالماي قالىمەن، بىر كۈنلەردە يەنى كانچىندا ئۇرۇش بولۇۋاتقان كۈنلەردە، داۋاملىق ئۆكسۈپ يىغلايدىغان بولۇپ قالغانىدىم. بۇ دۇنيادىن تۈگەشتىم دەپ ئۈمىدسىزلىنىپ، بىچارىنىم ئادەم بولالايدىغانلىقىمغا كۆزۈم يەتمىگەنىدى.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا، دالا ئۇرۇشى دوختۇرخانىسىغا ئەۋەتىلدىم. ئۇ يەردە بىر ھەربىي بىلەن بولغان سۆھبەت پۈتۈن ھاياتىمنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇ مېنى ئۇزۇل - كېسىل تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، نېرۋا فۇنكسىيەسى بۇزۇلۇش كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقىمنى ئېيتىپ مۇنداق دېدى: 〈تېد مېنىڭچە سىز ئۆمرىڭىزنى تۇگمەننىڭ چانىقى دەپ بىلىشىڭىز كېرەك. سىزگە مەلۇم، چاناقنىڭ ئۈستىگە بېكىتىلگەن سۈكەنگە لىق ئۇگۇت قاچىلانغان بولىدۇ، چاناق سۈكەندىكى ئۇگۇتنى بوغۇزغا بىر - بىرلەپ، ئاستا، ئەمما تەكشى چۈشۈرۈپ بېرىدۇ. كىمكى ئۇگۇتنى بىراقلا چۈشۈرۈۋەتمەكچى بولىدىكەن، سۈكەننىمۇ، چاناقنىمۇ بۇزۇپ قويىدۇ. بىزنىڭ ھاياتىمىز خۇددى ئاشۇ چاناققا ئوخشايدۇ، سەھەردە ئورنىمىزدىن تۇرۇپ بىر كۈنلۈك ھاياتىمىزنى باشلىغىنىمىزدا، بىرمۇنچە ئىش بىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئەگەر بىز بۇ ئىشلارنى ئالدىراپ كەتمەي، تۇگمەننىڭ چانىقى ئۇگۇتنى رەتلىك چۈشۈرۈپ بەرگەندەك ئۆز قائىدىسى بويىچە تەرتىپلىك بىرتەرەپ قىلمايدىغان بولساق، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئۆزىمىزنىڭ بېشىغا چىقىمىز، خالاس〉.

خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان شۇ قىممەتلىك سۆھبەتتىن كېيىن، ھېلىقى ھەربىي دوختۇرنىڭ ئاقىلانە تەۋسىيەسىگە ئەمەل قىلىپ، 〈ئۇگۇت〉نى بىر دان - بىر داندىن چۈشۈردۈم. ۋەزىپىمنى بىر -



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىرلەپ ئادا قىلدىم ، بۇ مەسلىھەت ئۇرۇش داۋامىدا مېنى روھىي ۋە
جىسمانىي جەھەتتىن قوغداپ قالدى . كېيىنكى خىزمەتلىرىم ئۇچۇنمۇ
نۇرغۇن ئاسانچىلىق ئاتا قىلدى . مەن ھازىر بالتىمور شەھەرلىك
تاۋارلارنى نېسى سېتىش شىركىتىنىڭ ئىسكىلاتچىسى بولۇپ ئىشلەۋا-
تىمەن . مەن شۇنى بايقىدىمكى ، بىر كۈنلۈك ئىشلىرىمىزدىمۇ ئۇرۇش
مەزگىلىدىكىدەك ئاز بولمىغان قىيىنچىلىقلارغا يولۇقۇپ تۇرىدىكەن-
مىز . بەزىدە 10 — 20 تۈرلۈك ئىش سىزگە قاراپ تۇرىدىكەن ،
بىراق بۇ ئىشلارنى قىلاي دېسىڭىز ، نەدە ئۇنداق كۆپ ۋاقىت بول-
سۇن . ئىسكىلاتىمىزدا مال زاپىسى تۈگەي دەپ قالغاندا دەرھال
نۇرغۇن جەدۋەللەرنى تولدۇرۇشۇمغا ياكى (تۈرلۈك يېڭى تەلەپ -
ئېھتىياجلارغا جاۋاب قايتۇرۇشۇمغا توغرا كېلىدۇ . بىردەم خېرىدار-
لارنىڭ ئادرېسىدا ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان ، بىردەم شۆبە شىركەتلەر
تىجارەت باشلايمىز دەۋاتقان ياكى تاقىلىپ كېتىۋاتقان ، بۇنداق ئىشلار
دېگەن ساماندەك . ئەمدى بۇنداق ئىشلار ئالدىمغا كەلگەندە تۈگمەن
تېشىدەك ئېغىر بولۇۋالدىم ، بەك ئالدىراپمۇ كەتمەيمەن ، ھاياجانلى-
نىپمۇ كەتمەيمەن ، ئۆزۈمنى تازا بېسىۋېلىپ ، دوختۇرنىڭ «ئۇگۇت
بىر دان - بىرداندىن چۈشىدۇ ، ۋەزىپىنى بىر - بىرلەپ ئورۇنلاشقا
توغرا كېلىدۇ» دېگەن سۆزنى يادىمدىن چىقارمايدىغان بولدۇم . دوخ-
تۇرنىڭ مەسلىھەتىنى تۇرمۇشۇمنىڭ ئەقىدىسى قىلغانلىقىمدىن ،
خىزمەتنى ناھايىتى ئوبدان ئىشلەۋاتىمەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە بىسەرەم-
جان يۈرىدىغان ، چارە - ئامالسىز قالىدىغان روھىي ھالەت ئۇرۇش
مەزگىلىدىلا مېنى نابۇت قىلغانىكەن» .

دوختۇرخانىمىزدا يېتىۋاتقان ئاغرىقلارنىڭ تەڭدىن تولىسى نېرۋا
كېسىلى ياكى روھىي توسالغۇ خاراكتېرلىك كېسەللىككە گىرىپتار
بولغانلار ئىدى . ئۇلار ھەدېسىلا ئۆتكەنكى ئىشلار ئۈستىدە ۋايساپ ،
كەلگۈسىنىڭ غېمىنى يەپ يۈرگەنلىكتىن ، بۇ ئىككى ئېغىر بوپا
ئۇلارنى ئۇزۇل - كېسىل يىقىتقانىدى . بۇ قورقۇنچلۇق پاكىت ھازىر-
قى تۇرمۇش ئۇسۇلىمىزغا كۈچلۈك تەنقىد بولۇپ قالسۇن ! ناۋادا ئۇلار
ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئەتىنىڭ غېمىنى قىلما» دېگەن تەلىماتىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىتائەت قىلغان ھەمدە سېرۋېليام ئوسلېرنىڭ «قولىقىڭىزنى يوپۇرۇۋېلىپ ياشاڭ» دېگەن مەسلىھەتىنى ئاڭلىغان بولسا ئىدى، بۇ كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بۈگۈنكى كۈندە كوچا - بازارلاردا گۈس - گۈس دەسسەپ، خۇشال - خۇرام ئويناپ يۈرگەن، تۇرمۇشنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزگەن بولاتتى.

بىز دائىم ئىككى تۇراقلىق كېسىشىش نۇقتىسىدا تۇرىمىز: ئۆتمۈش — مەڭگۈ توختىماي يورغىلاپ ئۆتۈپ كېتىدۇ، كەلگۈسى — ۋاقىتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قىسقا نۇقتىسىغا قاراپ يوپۇرۇلۇپ كېلىدۇ. بىزنىڭ ۋاقىتنىڭ ھەرقانداق بىر ئەڭ قىسقا نۇقتىسىدا — كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا بولسىمۇ — تۇراقلىق ياشىشىمىز ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. كىمكى شۇنداق ياشىماقچى بولىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقى بىلەن ئويناشقان بولىدۇ. بىز تۇرمۇشىمىزنى مۇۋاپىق بىر ۋاقىت دائىرىسىدە — ھازىردىن تارتىپ كەچتە ئۇخلاشقىچە — چەكلەپ تۇرۇشىمىز لازىم. «يۈك قانچىلىك ئېغىر بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭغا كەچ كىرگۈچىلا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، — دەپ يازىدۇ روبېرت لۇئىس سېتۋېنسون، — خىزمەت قانچىلىك قىيىن بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ھەرقانداق ئادەم بىر كۈن ئىشلىيەلەيدۇ. كىشىلەر سەۋر - تاقەتى ۋە قىزغىن كەيپىياتىنى ھامان تا كۈن ئولتۇرغۇچە ساقلاپ قالالايدۇ، ‹تۇرمۇش›نىڭ ئەسلىي مەنىسى ئەنە شۇنىڭدا.»

شۇنداق، تۇرمۇشنىڭ بىزدىن كۈتىدىغىنى ئەنە شۇ. ھالبۇكى، ئې .ك .شىلتىس خانىم بۇ ھەقىقەتنى تونۇپ يېتىشتىن ئىلگىرى ئىنتايىن ئۈمىدسىزلىنىپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغىلى تاس قالغان. «1937 - يىلى ئېرىمدىن تۇل قالدىم، — دەيدۇ شىلتىس خانىم كەچۈرمىشلىرىنى ماڭا سۆزلەپ بېرىپ، — ھەرقانچە قىلىپمۇ غەمدىن باش كۆتۈرەلمىدىم، شۇنىڭ بىلەن خوجايىنىمغا خەت يېزىپ، ئەسلىدىكى خىزمىتىمنى قىلىشنى تەلەپ قىلدىم. ئەسلىدە شەھەر - يېزا مەكتەپلىرىگە بېرىپ كىتاب ساتاتتىم. بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى ئېرىم كېسەل بولۇپ قالغاندا ئاپتوموبىلىمنى سېتىۋەتكەن-

دىم . ھازىر مەن بىر ئامال قىلىپ ، پۇلنى مۇددەتكە بۆلۈپ تۆلەش شەرتى بىلەن بىر كونا ئاپتوموبىل سېتىۋېلىپ ، كونا كەسپىمنى قىلىۋاتىمەن . مەن يەنە ئاپتوموبىل ھەيدەپ سىرتتا چېپىپ يۈرسەم غەم - قايغۇنى ئۇنتۇپ ، كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالار دەپ ئويلىغانىدىم . بىراق ، ئىش ئارزۇيۇمنىڭ ئەكسىچە بولدى . سەيلە - ساياھەت ، يېتىش - قوپۇش ۋە غىزالىنىشتىكى تەنھالىق ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك مېنى تېخىمۇ ئازابلىدى . كىرىمىم ئازىيىپ ، ئىقتىسادىي جەھەتتە غۇربەتچىلىكتە قالدىم ، ھەتتا ئاپتوموبىلنىڭ مۇددەتكە بۆلۈپ تۆلەيدىغان پۇلىنىمۇ تۆلىيەلمىدىم .

1938 - يىلى باھار ، مەن مىسسۇرى ئىشتاتىنىڭ ۋېرسال شەھەرىنىڭ سىرتىدا ئىشلەيتتىم . ئۇ يەردىكى مەكتەپلەر ۋەيرانە ، كوچىلىرى ئوڭغۇل - دوڭغۇل ئىدى . ماڭا يالغۇزچىلىق يەتتى ، روھىم چۈشۈپ كەتتى ، بىر قېتىم ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا تاسلا قالدىم . ئەمدى ئىشلىرىمنىڭ يۈرۈشۈپ كېتىشىمۇ تايىنلىق ئىدى . ماڭا ھايات دېگەننىڭ ھېچقانداق لەززىتى قالمىغاندەك ئىدى . ھەر كۈنى سەھەردە ئويغانسام يېڭى بىر كۈنلۈك تۇرمۇشنىڭ قورقۇنچىسى بېسىۋالاتتى . مېنى تېخىمۇ ئەندىشىگە سالىدىغىنى ، ئايمۇئاي تۆلەيدىغان پۇلنى راسلىيالماسلىق ، ئۆي ئىجارىسىنى تۆلىيەلمەسلىك ، قورساق باققۇدەك پۇل تاپالماسلىق ئىدى . ئاغرىپ قالسام ، دوختۇرغا كۆرۈنگۈدەك پۇل تاپالمىسام قانداق قىلارمەن؟ دەپ قورقاتتىم . جېنىمدىن كېچىش پەيلىمگە ھاي بېرىپ تۇرۇۋاتقان بىردىنبىر نەرسە : ئۆلۈمىمنىڭ ئاچامغا غايەت زور قايغۇ ئېلىپ كېلىشىدىن ئەنسىرەش ئىدى . ئۇنىڭدىن باشقا ، مەندە دەپنە خىراجىتىگە يەتكۈدەك پۇلنىڭ يوقلۇقىنىمۇ ئويلايتتىم .

بىر كۈنى كۈتۈلمىگەندە بىر پارچە ماقالىنى ئوقۇپ قالدىم . بۇ ماقالە كۆڭلۈمدىكى غەم تۇمانلىرىنى ھەيدەپ ، تۇرمۇشۇمغا يېڭى ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى . مەن بۇ ماقالىدىكى كىشىنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان بىر جۈملە سۆز — ‹ ئەقىللىق ئادەمنىڭ ھەر كۈنى بىر يېڭى ھايات› دېگەن سۆزنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن . مەن بۇ سۆزنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ماشىنىدا ئۇرۇپ ، ئاپتوموبىلنىڭ كابىنكىسىدىكى ئەينەككە چاپلاپ قويدۇم . ئاپتوموبىلغا چىقسىلا بۇ سۆز كۆزۈمگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ . مەن ئارقا - ئارقىدىن كېلىدىغان بىر كۈنلۈك تۇرمۇشنىڭ ئانچە قىيىنغا توختىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم . مەن ئۆتمۈشنى ئۇنتۇپ كېتىشنى ، كەلگۈسىنىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمەسلىكنى ئۆگىنىۋالدىم . مەن ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئۆز - ئۆزۈمگە ، يېڭى ھاياتنىڭ باشلاندى دەپ جېكىلەپ تۇرىدىغان بولدۇم .

مەن ئاخىر تەنھالىق ۋە غۇربەتچىلىكتىن قورقمايدىغان بولدۇم ، ھازىر مەن ئىنتايىن بەختلىك ئۆتۈۋاتىمەن . ئىشلىرىممۇ يۈرۈشۈپ ، بەزى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتىم . تۇرمۇشنىڭ گۈزەل بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم ، مەن بۇنىڭدىن خۇش . پەقەت ھەربىر كۈنۈمنى بىر يېڭى ھايات دەپلا بىلىدىغان بولسام ، كەلگۈسىدىن غەم قىلىشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى بىلىپ يەتتىم .»

تۆۋەندىكى مىسرالارنى ئوقۇپ كۆرەيلى :

ئىنسان بەخت ئىچرە خۇشال ياشار ئىدى ،
تۇتالىسا بۈگۈنكى بۇ پۇرسەتنى چىڭ :
جۈرئەت بىلەن ئۆزىگە ئۇ قىلسا خىتاب :
ئۆتەي بۈگۈن غېمىن يېمەي ئەتىنىڭ .

بۇ شېئىر ئاڭلىماققا ئازدۇر - كۆپتۇر ھازىرقى زامان تەلەپپۇزىدا يېزىلغاندەك قىلىدۇ ، شۇنداق ئەمەسمۇ ؟ ۋەھالەنكى ، بۇ شېئىرنى ئىتالىيەلىك شائىر فلاككۇس ئەيسا ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كېلىشتىن 30 يىل ئىلگىرى يازغانىكەن .

مېنىڭچە ، كىشىلىك ھاياتتىكى ھەممىدىن ئېچىنىشلىق ئىش شۇكى ، نۇرغۇن كىشىلەر ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ، بۈگۈنكى تۇرمۇشنى ياخشى ئۆتكۈزۈشنى بىلمەيدۇ . ئۇلار ھامان ئارزۇ - ئارمانلىرىنى خىيالىي دۇنيانىڭ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان مەنزىرىلىرىگە باغلاپ ، ئۆز ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدا پورەكلەپ ئېچىلغان ئەتىر گۈللەرگە كۆز

قىرنىنى سىلىپمۇ قويمايدۇ.

بىز نېمە ئۈچۈن بۇنداق يىرگىنىشلىك ئەخمەقلەردىن بولىمىز؟

«بىزنىڭ تۇرمۇش مۇساپىمىز نېمىدېگەن ئاجايىپ - ھە!— دەپ يازىدۇ سېتفېن لىكوك، — كىچىك بالا 〈ئەگەر مەن چوڭ بالا بولغان بولسام ئەجەب ياخشى بولاتتى〉 دەيدۇ. بىراق، چوڭ بولغاندىن كېيىن قانداق بولىدۇ دېسىڭىز، ئۇ يەنە 〈ئەگەر مەن چوڭ ئادەم بولغان بولسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى〉 دەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇ چوڭ ئادەم بولغاندىن كېيىن يەنە 〈ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇۋالسام ياخشى بولاتتى〉 دەيدۇ. ئۇ تۇرمۇش قۇرۇپ، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولغاندىن كېيىن قانداق بولىدۇ دېسىڭىز، ئۇنىڭدا يەنە 〈پېنسىيەگە چىقسام ياخشى بولاتتى〉 دەيدىغان بىر خىل يېڭى ئۈمىد تۇغۇلىدۇ. ياش قۇرامىمىز بىر يەرگە بېرىپ قالغاندا ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەيدىغان بولساق، ۋاقىتنىڭ ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. ۋاقىت — ئاتقان ئوق، قانچىلىك ئۆمرىمىز بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەندۇ-ھە! بىز كىشىلىك ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ھەر كۈن، ھەر سائەتلىك تۇرمۇشنى چىڭ تۇتۇشتا ئىكەنلىكىنى دەسلەپتە نېمىشقا چۈشىنىپ يېتەلمىگەنلىكىمىزگە پۇشايمان قىلىمىز.»

مەرھۇم ئېدۋارد ئېۋۇنېس (دېترويتلىق) «كىشىلىك ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ھەر كۈن، ھەر سائەتلىك تۇرمۇشنى چىڭ تۇتۇشتا» ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىشتىن ئىلگىرى، روھىي جەھەتتە غەم - قايغۇنىڭ ئازابىنى يەتكۈدەك تارتقان. ئۇ نامراتلىقتا چوڭ بولغان، گېزىت سېتىش ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرىدە باسقان تۇنجى تۇرمۇش يولى ئىدى، كېيىن يەنە مۇستەملىكىلەرنىڭ تاۋارلىرىنى بازارغا سالغۇچى بولغان. كېيىن بىر ئائىلىدىكى يەتتە ئادەمنى بېقىش يولى ئۇنىڭ زىممىسىگە چۈشكەندە، كىتاب باشقۇرغۇچىغا ياردەمچى بولۇش خىزمىتىگە مۇيەسسەر بولغان. گەرچە ئىش ھەققى يۇقىرى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ ئىشتىن بوشىتىۋېتىلەرمەنمۇ دېگەن غەمدىن قۇتۇلالمىغان. شۇ تەرىقىدە ئۇ ساق سەككىز يىلنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، ئاخىر غەيرەتكە كېلىپ، ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلغان. ئۇ 55 دوللار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قەرز ئېلىپ بىر بوتكا ئېچىپ، يىلىغا 20 مىڭ دوللار كىرىم قىلغان. بىراق، قېرىشقاندەك قورقۇنچلۇق بىر ئىش يۈز بەرگەن: ئۇنىڭغا كېپىل بولغان ئاغىنىسىنىڭ ئىگىلىكى ۋەيران بولغان. كۆ-تۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال دېگەندەك، ئارقىدىنلا يەنە ئىككىنچى قې-تىملىق زەربىگە ئۇچرىغان: ئۇنىڭ ھەممە مەبلىغىنى ئامانەت قويغان بانكا تاقىلىپ كەتكەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەممىدىن مەھرۇم قالغان، ھەتتا قاتمۇقات قەرزگە بوغۇلۇپ، 160 مىڭ دوللارغا قەرزدار بولۇپ قالغان. ئۇ بۇ ئىككى قېتىملىق زەربىگە روھىي جەھەتتىن قانداقمۇ بەرداشلىق بېرەلىسۇن؟ «گېلىمدىن بىرنەرسىمۇ ئۆتمەيدۇ، كۆزۈمگە ئۇيقۇمۇ كەلمەيدۇ؟ — دەيدۇ ئۇ ماگا، — غەلىتە بىر خىل كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالدىم. روشەنكى، ھاياجانلىنىش بىلەن قايغۇرۇش ماڭا چاپلاشقان بۇ كېسەلنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى. بىركۈنى مەن كوچىدا كېتىۋېتىپ، بېشىم قېيىپ يىقىلىپ چۈشۈپتىمەن، كىشىلەر مېنى كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. پۈتۈن ئەزايىمنى چىقان قاپلاپ كەتكەن ۋە تەدرىجىي ئەزۋەيلەپ ئىچكى ئەزالىرىمغا تەسىر كۆرسەتكە-نىدى. كېيىنچە كارىۋاتتا ياتسامۇ ئاغرىپ، ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدىم. مەن كۈندىن- كۈنگە ئاجىزلاپ كەتتىم. دوختۇر ئاران 14 كۈنلۈك ئۆمرىڭىز قاپتۇ دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ كاللامدا چاقماق چاققاندەك بولۇپ، ئەس- ھوشۇمنى يوقىتىپ قويدۇم. قايتىپ كېلىپ ۋەسىيەتنامە يېزىپ قويۇپ، ئەزرائىلنىڭ جېنىمنى ئېلىشىنى كۈتۈپ ياتتىم. جان ھەلقۇمغا كەلگەندە ھاياجانلىنىش، قايغۇرۇشتىن نېمە چىقىدۇ؟ ھەممە كۆڭۈلسىزلىكنى كاللامدىن چې-قىرىۋېتىپ، كۆكسى- قارنىمنى كەڭ تۇتۇپ، قانغۇدەك ئۇخلىدىم. ئارامخۇدا ئىككى سائەت ئۇخلاپ باقمىغىنىمغا نەچچە ھەپتە بولغانىدى. ھالا بۇگۈنگە كېلىپ، بىر پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلاي دېگەندە بۇنداق ھۇزۇرلىنىپ ئۇخلىغىنىمنى كۆرمەمدىغان. ئاستا- ئاستا ماغدۇرۇم-غا كېلىپ، ئىشتىھايىممۇ ئېچىلىپ قالدى، تېخى سەمرىپمۇ قالدىم. بىرقانچە ھەپتىدىن كېيىن ھاسا تايىنىپ ماڭالايدىغان بولدۇم. ئالتە ھەپتىدىن كېيىن خىزمەت قىلالىغۇدەك بولدۇم. ئەسلىدە يىلىغا 20

مىڭ دوللار تاپاتتىم ، ئەمدى ھەپتىسىگە 30 دوللار بېرىدىغان خىز-مەت تاپالىسام‌ىلا شۈكۈر قىلىدىغان بولدۇم . ھازىر پاراخوتقا ئاپتومو-بىل قاچىلىغاندا ئاپتوموبىلنىڭ چاقىغا قىستۇرىدىغان پانا ئېلىپ سېتىۋاتىمەن . بۇرۇنقى ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ ، ئەمدى ھاياجانلان-مايدىغان ، ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنى خىيالىمغا كەلتۈرمەيدىغان ، كەلگۈسىدىكى ئىشلار ھەققىدە غەم يەپمۇ كەتمەيدىغان بولدۇم . ھەممە ۋاقىتىم ، بارلىق زېھنىم ۋە غەيرىتىمنى پانا سېتىشقىلا قاراتتىم . »

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ، ئېدۋارد ئېۋۇنېسنىڭ ئەھۋالى تېز ياخشى-لىنىپ كېتىپتۇ . بىرقانچە يىلدىن كېيىن ئۇ شىركەت مۇدىرىيىتى-نىڭ مۇدىرى بوپتۇ . ئېۋۇنېسنىڭ بۇ سانائەت شىركىتى كۆپ يىللار-دىن بۇيان نيۇ - يورك سودا ئورنىدا تىزىمى بار شىركەت ئىكەن ، ئېدۋارد ئېۋۇنېس ھايات ۋاقتىدا ئامېرىكىدىكى ئەڭ كاتتا سودىگەرلەر-نىڭ بىرى سانىلىدىكەن . ئەگەر كىتابخانىلىرىمىزدىن بەزىلەر ئايروپى-لانغا ئولتۇرۇپ گىرېنلاندىيە ئارىلىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ قالسا ئېۋۇنېس ئايرودرومىغا قونۇشى مۇمكىن . بۇ ئايرودرومغا ئېدۋارد ئېۋۇنېسنىڭ نامى بېرىلگەن .

بۇ ھېكايىدىن قانداق ساۋاق ئېلىش كېرەك ؟ شۇنداق ئېيتالاي-مىزكى ، ئەگەر ئېدۋارد ئېۋۇنېس غەم قىلىش ئەخمىقانە ئىش ئىكەنلى-كىنى تونۇپ يەتمىگەن ، «قولىقىنى يوپۇرۇۋېلىپ ياشاش »نى ئۆگىنەل-ۋالمىغان بولسا ، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ شادلىقىدىن ھەرگىز بەھرىمەن بولالمىغان بولاتتى .

ئەيسا ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كېلىشتىن 500 يىل ئىلگىرى ، يۇنانلىق پەيلاسوپ ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا : «سىلەرنىڭ ئوخشاش بىر ئېقىندىن ئىككى قېتىم كېچىپ ئۆتۈشۈڭلار مۇمكىن ئەمەس » دېگەنىكەن . ئېقىندا دائىم ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرىدۇ ، ئېقىندىن ئۆتە-كەن ئادەمدىمۇ شۇنداق بولىدۇ . تۇرمۇش ئەبەدىلئەبەد توختىماي ئۆز-گىرىپ تۇرىدۇ ، ھالبۇكى ، بىردىنبىر چىڭ تۇتۇشقا بولىدىغىنى بۈ-گۈن . بىزنىڭ بۈگۈنكى تۇرمۇشتىن لەززەتلىنىشكە توسالغۇ بولۇپ ،

كەلگۈسىدىكى توختىماي ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان، مۇجمەل مەسىلىلەر-گە ئېنىقلىمىشقا نېمە ئاساسىمىز بار؟

رىم ـ لىق ـ لارمۇ بۇ پەلسەپىۋى قائىدىنى ـ ى چۈشەن ـ گەن. ئۇلاردا *Carpediem* دەيدىغان بىر گەپ بار ئىكەن. بۇ گەپنىڭ مەنىسى، بۈگۈندىن لەززەت ئال ياكى بۈگۈننى چىڭ تۇت دېگەن بولىدىكەن. شۇنداق، بىزمۇ بۈگۈننى ئىمكانقەدەر چىڭ تۇتايلى، بۈگۈندىن پۇخا-دىن چىققۇچە لەززەت ئالايلى!

جون لاسكىن يېزىق ئۈستىلىگە بىر پارچە ئادەتتىكى تاشنى قويۇۋاپتۇ، ئۇنىڭغا «بۈگۈن» دەپ ئويۇۋاپتۇ. گەرچە مەن يېزىق ئۈستىلىمگە تاش تىزىۋالمىغان بولساممۇ، لېكىن بىر كۇپلېت شې-ئىرنى كۆچۈرۈۋېلىپ، ئەينەككە چاپلاپ قويدۇم. ھەركۈنى ئەتىگەندە ساقىلىمنى قىرغاندا ئۇ شېئىرنى ئوقۇپ تۇرىمەن. سېرۋېليام ئوس-لېرمۇ دەستۇر قىلىۋالغان بۇ شېئىرنى ھىندىستانلىق مەشھۇر دراما-تورگ كالداسا يازغان بولۇپ، تولۇق تېكىستى مۇنداق:

ئەسسالام ئەي قۇتلۇق تاڭ سەھەر،
ئاچتىڭ سېخىي چىرايىڭنى بۈگۈنگە.
بۈگۈن دېمەك ھايات دېمەكتۇر،
ياق،
ئۇنى ئوخشىتىمەن ھاياتتىكى تۈگۈنگە.
بۈگۈننىڭ كەلمىكىدىن كەتمىكى تېز،
بەلگىلەر ئۇ ھاياتىڭ قىممىتىنى:
بەختىيار ئۇسۇشۇڭنى،
شەرەپلىك ھەرىكىتىڭنى،
ئۇلۇغۋار تۆھپەڭنى، خىزمىتىڭنى.
ئۆتكەن كۈنۈڭ ئايلاندى چۈشكە،
كېلەر كۈنۈڭ دېگەن بىر خىيال،
چىڭ تۇت بۈگۈنكى پۇرسىتىڭنى.
مەرھابا تاڭ سەھەر، تاڭ سەھەر.

غەم - قايغۇ تۇرمۇشىڭىزنى پەلپەتىش قىلمىسۇن دېسىڭىز ، ئېسىڭىزدە تۇتۇشقا تېگىشلىك بىرىنچى پىرىنسىپ شۇ بولسۇنكى ، سىز ۋېلىيام ئوسلېرغا ئوخشاش ، ئۆتمۇشىڭىز ۋە كەلگۈسىڭىزنى تۆمۈر دەرۋازا ئىچىگە بەند قىلىۋېتىپ ، «قۇلىقىڭىزنى يوپۇرۇۋېلىپ ياشاڭ» .

بۇ بابنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئەڭ ياخشىسى ئۆز - ئۆزىڭىزگە تۆۋەندىكى سوئاللارنى قويۇپ جاۋاب بېرىپ بېقىڭ :

بىرىنچى ، كەلگۈسىنىڭ غېمىنى يەپ ، خىيالىي دۇنيانىڭ مەئىشەتلىرىنى تەمە قىلىپ ، رېئال تۇرمۇش بىلەن كارىم بولماي يۈرۈشنى خالامدىمەن ؟

ئىككىنچى ، ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارغا چىڭ يېپىشىۋېلىپ ، بۈگۈنكى تۇرمۇشنىڭ پەيزىنى سۈرۈشتىن قۇرۇق قېلىشنى خالامدىمەن ؟

ئۈچىنچى ، ھەركۈنى سەھەردە ئورنۇمدىن تۇرغاندا بۈگۈنكىنى چىڭ تۇتۇپ ، كەلگۈسى 24 سائەت ئىچىدە ئەڭ زور ئۈنۈم ئېلىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئىشەنچىم بارمۇ - يوق ؟ -

تۆتىنچى ، «قۇلاقنى يوپۇرۇۋېلىپ ياشىسام» تۇرمۇشتىن تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئۇندۇرۇۋالالامدىمەن ؟

بەشىنچى ، بۇنداق تۇرمۇشنى قاچان باشلىشىم كېرەك ؟ كېلەر ھەپتە ؟ ئەتە ؟ بۈگۈن باشلايمۇ ، يا ؟

## 2 . قورقۇشنى تۈگىتىشنىڭ يارامىلىق فورمۇلاسى

سىلەر جەزمەن بىئارامىلىقتىن تېز خالىي بولۇشنىڭ بىرەر ئىشەنچلىك ئۇسۇلىنى بىلىۋېلىشنى خالىساڭلار كېرەك . خوش ، ئەمىسە مەن ئالدى بىلەن سىلەرگە بىر ئۇسۇلنى تونۇشتۇرۇپ قوياي ، ئىشىنىمەنكى ، چوقۇم ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى كۆرەلەيسىلەر .

بۇ ئۇسۇلنى ۋىللىس كالىر كەشىپ قىلغان . ئۇ ئىنتايىن تالانت-

لىق ئىنژېنېر ، گاز سۈيۈلدۈرۈش سانائىتىگە ئاساس سالغۇچى ، نيۇ-يورك «كالىر» ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ باش كېسىمدارى . ئۇ كەشىپ قىلغان بۇ بىر يۈرۈش تېخنىكا قورقۇشنى تۈگىتىش جەھەتتە مەن بىلىدىغان ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ . بۇ ئۇسۇلنى كالىر ئەپەندى ماڭا نيۇ - يورك ئىنژېنېرلار كۇلۇبىدا چۈشلۈك تاماق يەۋېتىپ سۆزلەپ بەرگەنىدى .

كالىر مۇنداق دەيدۇ : «ياش ۋاقتىم ئىدى ، نيۇ - يورك ئىشتاتى بۇففالو شەھەرلىك فالو يىسلەش شىركىتىدە ئىشلەيتتىم . مەن مىسسۇرى ئىشتاتىنىڭ پىتىسبورگ ئەينەك زاۋۇتىغا بېرىپ گاز تازىلايدىغان بىر يېڭى ئۈسكۈنىنى قۇراشتۇرۇپ بېرىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالدىم . بۇ ئۈسكۈنىنىڭ رولى ماشىنىلارنىڭ بۇزۇلۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن كۆمۈر گازىنى تازىلاپ ، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ساپ بولمىغان تەركىبلەرنى ئايرىپ كۆيدۈرۈۋېتىش ئىدى . ئەينى چاغدا بۇ بىر خىل يېڭى ھۈنەر ھېسابلىناتتى . كۆمۈر گازىنى تازىلاشنىڭ بۇ ئۇسۇلى بۇنىڭدىن ئىلگىرى بىر قېتىم سىناق تەرىقىسىدە قوللىنىلغان بولسىمۇ ، لېكىن شارائىتى ھازىرقىغا تامامەن ئوخشاش ئەمەس ئىدى . بۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلىش داۋامىدا ئالدىن مۆلچەرلەشكە ئەقىل يەتمەيدىغان قانچىلىك قىيىنچىلىقلارنىڭ يۈز بېرىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولاتتى . ئۈسكۈنە ئاخىر قۇراشتۇرۇلۇپ بولدى ، لېكىن بىز كاپالەتلىك قىلغۇدەك ئۆلچەمگە يەتمىگەنىدى .

بۇ ئوڭۇشسىزلىق مېنى چۆرگۈلىتىپ قويۇۋەتكەندەك گاڭگىرىتىپلا قويدى . ھەقىقەتەنمۇ قاتتىق ئازابلىناتتىم ، كېچىلەرنى كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزۈۋاتقىنىمغىمۇ ئۇزاق بولغانىدى .

كېيىن ئەقلىمگە كېلىپ ، بۇنداق ئەندىشىنىڭ تامامەن بىھۇدە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم . ئۆزۈمگە ئۆزۈم هاي بېرىپ ، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدىم . ئۆز - ئۆزۈمنى بېسىۋېلىشقا زورلايدىغان بۇنداق روھىي ھالەت جېنىمغا تازا ئەسقاتتى ، ئوتتۇز نەچچە يىل مابەينىدە مۇشۇ ئۇسۇلغا ئىزچىل ئەمەل قىلىپ كەلدىم ، بىرەر ئىشقا دۇچ كەلگەندە ئۆزۈمگە ئۆزۈم

〈ئۆپكەڭنى بىسىۋال〉 دەپ خىتاب قىلىپ تۇرىمەن . بۇ ئۇسۇل ئىنتايىن ئاددىي بولۇپ ، ھەرقانداق ئادەم ئۆگىنىۋالالايدۇ . ئۇ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ .

بىرىنچى باسقۇچ : ئەھۋالنى ئېغىر - يېنىكلىك بىلەن تەھلىل قىلىپ ، يۈز بەرگەن قىيىنچىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئېھتىمالى بولغان ئەڭ يامان ئاقىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش . شۇ چاغدا يۈز بەرگەن ئەھۋالغا قارىتا مەن ئەڭ ئېغىر بولغاندىمۇ تۈرمىگە كىرىپ قالماسمەن ، كۆپ بولسا خىزمەتتىن ئايرىلىپ قالارمەن ، خالاس . دەپ ئويلايتتىم . ئەلۋەتتە ، خوجايىنىم قوراشتۇرۇپ بولغان ئۈسكۈنىنى چۇۋۇپ تاشلىشى مۇمكىن ، بىراق ئۇ مۇشۇ سەۋەبتىنلا 20 مىڭ دوللار مەبلىغىنى زىيان تارتىدۇ - دە .

ئىككىنچى باسقۇچ : كېلىپ چىقىش ئېھتىمالى بولغان ئەڭ يامان ئاقىۋەتنى مۆلچەرلەپ بولغاندىن كېيىن ، بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن دەيدىغان ئىدىيەۋى تەييارلىق بولۇشى لازىم . مەن ئۆزۈمگە ئۆزۈم شۇنداق دەپ ئېيتىمەنكى ، بۇ مەغلۇبىيەت ھاياتىمدىكى بىر سەتچىلىك بولىدىغان بولدى ، بۇنىڭ بىلەن ئۆستۈرۈلۈشۈمگە تەسىر يېتىدىغان بولدى ، ھەتتا خىزمەتتىنمۇ قۇرۇق قالىدىغان بولدۇم . بىراق ، مەنغۇ بۇ يەردىكى خىزمىتىمدىن ئايرىلىپ قالسام باشقا يەردىن بىرەر يېڭى ئىش تېپىپ قىلارمەن ، بۇنىڭ كارى چاغلىق ، خوجايىنىمنى ئېلىپ ئېيتسام — ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ ئايان — بىز كۆمۈر گازىنى تازىلاشنىڭ يېڭى ئۇسۇلى ئۈستىدە سىناق ئېلىپ بېرىۋاتىمىز . 20 مىڭ دوللار خەجلەپ بۇ قېتىمقى ساۋاقنى يەكۈنلەشمۇ ئەرزىيدىغان ئىش . بۇ پۇلنى تەجرىبە راسخوتى ھېسابىغا ئۆرۈۋېتىشكە تامامەن بولىدۇ ، چۈنكى ئۇ ئەسلىدىلا بىر تەجرىبە - دە .

كېلىپ چىقىش ئېھتىمالى بولغان ئەڭ يامان ئاقىۋەت ئۈستىدە تەپسىلىي تەھلىل يۈرگۈزگەن ھەمدە ئەلھۆكمىلىللا دەپ بېشىمغا كەلگەننى كۆرۈشكە تەييارلانغىنىمدىن كېيىن ، روھىي ھالىتىمدە شۇ ھامان غايىبانە ئۆزگىرىش بولدى : ئۆزۈمنى يەڭگىل قالغاندەك ھېس قىلدىم ، كۆڭلۈم ئارام تاپتى ، بىرقانچە كۈندىن بۇيان ماڭا بۇنداق

خاتىرجەملىك نىسىپ بولمىغانىدى .

ئۈچىنچى باسقۇچ : كۆڭلۈم ئارام تاپقاندىن كېيىن ، بارلىق ۋاقتىم ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىمنى خىزمەتكە بېغىشلاپ ، ئامال قىلىپ ئەڭ يامان ئاقىۋەتنى تۈگىتىشنىڭ كويىدا بولدۇم .

ئالدى بىلەن 20 مىڭ دوللارلىق زىياننى ئازايتىشنىڭ ئامالىنى ئىزدىدىم . نۇرغۇن سىناقلارنى ئىشلىدىم . سىناق نەتىجىسىدىن مەلۇم بولدىكى ، ئەگەر بىز يەنە 5000 دوللار خەجلەپ بىر قوشۇمچە ئۈسكۈنە تولۇقلايدىغان بولساق ، مەسىلە ھەل بولىدىكەن . مەن راستتىنلا شۇنداق قىلىۋىدىم ، شىركەت 20 مىڭ دوللار زىيان تارتىش تۈگۈل 15 مىڭ دوللار پايدا ئالدى .

ئەگەر مەن غەم قىلىپ يۈرۈۋەرگەن بولسام ، بۇنداق ياخشى نەتىجىگە ھەرگىز ئېرىشەلمىگەن بولاتتىم ، چۈنكى غەم - قايغۇ پىكرىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈش ئىقتىدارىمىزنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ ، خالاس . غەم قىلساق پۈتۈن زېھنىمىزنى پىكىر يۈرگۈزۈشكە يىغالمايمىز - دە ، دەرھال بىر قارارغا كېلىش ئىقتىدارىمىزنى يوقىتىپ قويىمىز . لېكىن ، ئۆزىمىزنى رېئاللىققا ئېتىبار بىلەن قاراشقا مەجبۇرلاپ ، بېشىمىزغا ئەڭ ئېغىر كۈنلەرنىڭ چۈشۈشىگە تەييار تۇرىدىغان بولساق ، ئۇنداقتا بارلىق گادىرماچ ئوي - خىياللىرىمىزنى چۆرۈپ تاشلاپ ، زېھنىمىزنى مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە قارىتالىشىمىز مۇمكىن . بابا سۆزلىگەنلىرىم بۇنىڭدىن كۆپ يىللار ئىلگىرى يۈز بەرگەن ئىش . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مەن بۇ ئۇسۇلنى ئىزچىل تۇردە قوللىنىپ كېلىۋاتىمەن . ئەمەلىيەت بۇ ئۇسۇلنىڭ ئىنتايىن ئۈنۈملۈك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى . بۇ مېنى تۇرمۇشنىڭ غەم - قايغۇ ۋە باش قېتىنچىلىقلىرىدىن خالاس قىلدى .

ۋىللىس كالىرنىڭ فورمۇلاسى نېمە ئۈچۈن كارامىتىنى شۇنچە كۆرسىتىدۇ ؟ يەنە كېلىپ پسىخولوگىيە نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندا ، شۇنچە زور ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە بولىدۇ ؟ چۈنكى ، ئۇ ۋەسۋەسە پەيدا قىلغان تۇمانلارنى تارقىتىۋېتىپ ، بىزنى قارىغۇلارچە ئىزدىنىشتىن ساقلايدۇ . ئۇ بىزگە مەۋقەيىمىزنى بىر نۇقتىغا قويۇپ ، ئۆزد -

مىزنىڭ ئەھۋالىنى ئوچۇق چۈشىنىشنى ئۆگىنىدۇ . ئەگەر بىز بىرلا ۋاقىتتا ئىككى نەرسىگە كۆڭۈل بەرسەك ، ئىشلىرىمىز ئۈستىدە قاندداقمۇ ئەستايىدىل پىكىر قىلالايمىز ؟

ئەگەر ئەمەلىي پىسخولوگىيەنىڭ پېشىۋاسى ۋىليام جامېس ھازىرغىچە ھايات بولىدىغان بولسا ، مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەڭ يامان نۆۋەتنى چىقىش قىلىپ پىكىر يۈرگۈزىدىغان بۇ ئۇسۇلغا چوقۇم ئاپىرىن ئوقۇغان بولاتتى . نېمە ئۈچۈن بۇنداق دەيمەن ؟ چۈنكى ، ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا تەكلىپ بېرىپ : «ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە بويسۇنۇڭلار ، ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە بويسۇنۇڭلار» دېگەنىدى . چۈنكى ، «سادىر بولغان ئىشلارنى ئېتىراپ قىلغانلىق — ھەر خىل كېلىشمەسلىكنىڭ ئاقىۋىتىنى تۈگىتىشنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باسقانلىق» .

ئەڭ يامان شارائىتقىمۇ سوغۇققانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلالىساق ، ئۇنداقتا ھەرقانداق نەرسىدىن قايتا مەھرۇم قالمايمىز . بۇ تەبىئىيكى ، بىزنىڭ ھەممىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ . «بېشىمغا كەلگەننى كۆرۈشكە تەييارلىق قىلىپ قويغاندىن كېيىن دەيدۇ ، — ۋىللىس كالىر ، — ئۆزۈمنى يەڭگىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم ، كۆڭلۈم ئارام تاپتى ، بىرقانچە كۈندىن بۇيان ماڭا بۇنداق خاتىرجەملىك نېسىپ بولمىغانىدى . شۇنىڭ بىلەن يەنە نورمال پىكىر يۈرگۈزەلەيدىغان بولدۇم» .

گەپقۇ شۇنداق بولىدۇ ، بىراق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇنداق ئوڭاي بولمايدۇ . مىڭلىغان ، تۈمەنلىگەن كىشىلەر غەم - ئەندىشىدە يۈرۈپ ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىنى نابۇت قىلىۋاتامدۇ ؟ ئۇلاردا ئەڭ يامان رېئاللىققا ئېتىبار بىلەن قارايدىغان جۈرئەت بولمىغاچقا ، ئۇلارنىڭ بۇنداق رېئاللىقنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىپ كېتەلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس . ئۇلارنىڭ خارابىلىكتىن قۇتۇلدۇرۇۋالاي دېسە قۇتۇلدۇرۇۋالغىلى بولىدىغان نەرسىلەر بىلەن كارى يوق ؛ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرىنى ئۆز قولىدا يېڭىباشتىن چىڭ تۇتۇشقا تىرىشماي ، ئەكسىچە جاھىللىق قىلىپ ، ئۆزىنىڭ نەس باسقان كەچۈرمىشلىرى بىلەن پەۋقۇلئاددە كۈرەش قىلىدۇ . ئۇلارنىڭ كۈنى مەڭگۈ خاپىلىقتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆتىدۇ. ئاخىر بېرىپ غەمكىنلىك كېسىلىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

سىلەر بەلكىم ۋىلىس كالىرنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋالغان ھەمدە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلغان ئادەم بارمۇ - يوق دەپ سورىشىڭلار مۇمكىن. بۇ جەھەتتە مىساللار ئىنتايىن كۆپ. ئەمدى مەن ئاچقان كۇرستىكى بىر كۇرسانت — نيۇيوركلۇق نېفىت سودىگىرى — ئۇستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى.

بۇ ئوقۇغۇچۇم مۇنداق دەيدۇ: «مەن بىر قېتىملىق تەھدىت سېلىش ۋەقەسىنىڭ قۇربانى بولغانىدىم، ئۇ چاغدا بۇ ئىشقا ئۆزۈممۇ ئىشەنمىگەنىدىم. بۇنداق ئىشلار پەقەت كىنولاردىلا بولىدۇ دەپ ئويلايتتىم، بىراق مەن راستتىنلا تەھدىت سېلىش ۋەقەسىنىڭ قۇربانى بولۇپ قالدىم. بۇ مۇنداق ئىش ئىدى: شىركىتىمدە نۇرغۇن ماي ئاپتوموبىلى ۋە شوپۇر بار ئىدى. ئۇ چاغدا بېنزىن بىلەن تەمىنلەش تۈزۈمى ناھايىتى چىڭ ئىدى. بىز خېرىدارلارنى بېنزىن بىلەن نورمىلىق تەمىنلەشكىلا رۇخسەت قىلاتتۇق. مەنمۇ ئۇقماي قاپتىمەن، قول ئاستىمدىكى شوپۇرلار كونا خېرىدارلىرىمىزنى تەمىنلەيدىغان نورمىلىق مايىنى قىسىپ قېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىي خېرىدارلىرىغا سېتىپ بېرىپتۇ.

بىر كۈنى ئۆزىنى ھۆكۈمەتنىڭ تەپتىش ئەمەلدارى دەپ ئاتىۋالغان بىر ئادەم مېنى ئىزدەپ كەلگەنىكەن، ھېلىقى قانۇنسىز سودا توغرىسىدىكى ئىشنى شۇ ئادەمنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىدىم. ئۇ مەندىن پارا تەلەپ قىلدى. ئۇ ماڭا: ‹قولۇمدا شوپۇرلىرىڭىزنىڭ ھەقىقىي دەلىل - ئىسپاتلىرى بار، ئەگەر پۇلنى بەرمەيدىغان بولسىڭىز، بۇ ماتېرىياللارنى تەپتىش ئەمەلدارىغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن› دەپ تەھدىت سالدى.

ماڭا شۇنىسى ئايان ئىدىكى، مېنىڭ ئەنسىرىشىم ھاجەتسىز ئىدى، ھېچبولمىغاندا ئۆزۈمدىن ئەنسىرىشىم ھاجەتسىز ئىدى، لېكىن ماڭا شۇمۇ ئايان ئىدىكى، شىركەت ياللاپ ئىشلىتىۋاتقان خادىملىرىنىڭ قىلمىشى ئۈچۈن قانۇن ئالدىدا جاۋابكار بولۇشى كېرەك

ئىدى . بۇنىڭدىن باشقا ، يەنە شۇمۇ ئايان ئىدىكى ، ئەگەر بۇنداق يامان تەشۋىقات سوت ياكى ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرنىڭ قولىغا يېتىدىغان بولسا ، شىركىتىمنىڭ يۈزى تۆكۈلەتتى . مەن بۇنىڭدىن 24 يىل ئىلگىرى دادام قۇرۇپ قويغان بۇ شىركەت بىلەن تازا پەخىرلىنەتتىم !

كۆڭلۈم پاراكەندە بولۇپ ، ئىچىم تىتىلداپ ، ئاغرىپ قالدىم . ئۈچ كېچە - كۈندۈزگىچە كۆز يۇمماپتىمەن . ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ تېگىگە يېتەلمىدىم : پۇلنى ئۇنىڭغا بېرەي دېسەم ، بۇ دېگەن 5000 دوللار تۇرسا ؛ بەرمەي دېسەم تېخى ؛ ئۇ ئەبلەخكە قاسقىنىڭنى كۆتۈر دەيمىكىنا...... قىسقىسى ، بىر قارارغا كېلەلمىدىم ، ئىرماش-چىرماش خىياللاردىنمۇ قۇتۇلالمىدىم .

يەكشەنبە كۈنى كەچتە 《قايغۇرماڭ》...... دېگەن ھېلىقى كىتاب توساتتىن ئېسىمگە كېلىپ قالدى ، ئۇنى ئاشكارا ئۇتۇق سۆزلەش كەچ كۇرسىغا قاتناشقاندا سېتىۋالغانىدىم . ئۇنىڭدىن ۋىللىس كالىر سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىنى ئوقۇپ چىقتىم ، ئۇ بىزدىن 《ئەڭ يامان شارائىتقىمۇ ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش》نى تەلەپ قىلغانىدى ، شۇنىڭ بىلەن ئۆز - ئۆزۈمگە سوئال قويدۇم : 《ئەگەر پۇل بېرىشنى رەت قىلسام زادى قانداق ئەڭ يامان ئاقىۋەت يۈز بېرەر ؟ ئالدامچى ئۆزى بىلىدىغان ئەھۋالنى راستىنلا تەپتىش ئەمەلدارىغا ئېيتارمۇ》؟

بۇ سوئالغا مۇنداق جاۋاب بەردىم : 《ئەگەر ئۇ راستىنلا شۇنداق قىلىدىغان بولسا ، سوداممۇ ئاقمايدۇ . ئەڭ يامان ئاقىۋەت دېگىنى بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر بولماس . تۈرمىگىمۇ كىرىپ قالماسمەن ، گەپ تارقاپ كەتسە ماڭا كېلىدىغان ئەڭ چوڭ تەھدىت ئىگىلىكىمنى ۋەيران قىلىش بولار تايىنلىق》 .

شۇنىڭ بىلەن ئۆز-ئۆزۈمگە دېدىم : 《بولدى ، تەقدىر - پېشانەمدىن كۆردۈم . ۋەيران بولسام بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن ، قانداق قىلاتتىم》 .

شىركىتىم تاقىلىپ كەتتى دېگەندىمۇ باشقا جايغا بېرىپ بىرەر ئىش تېپىپقۇ قىلارمەن ، 《جان بولسا جاھان ، ئاش بولسا قازان》

www.uyghurkitap.com

دەپتىكەن . مەن دېگەن نېفىت ئىشلىرى بويىچە كەسىپ ئەھلى ، ماڭا خەۋەردار بولىدىغان شىركەتلەرمۇ ئاز ئەمەس . شۇنداق ئويلىۋىدىم ، كۆڭلۈم لاپپىدە يورۇپلا كەتتى . ماڭا ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئارام بەرمىگەن ھېلىقى قاباھەتلىك چۈش نەلەرگىدۇر غايىب بولدى . كۆڭلۈم ئاراملىغا چۈشتى ، ئەمدى ئەقلىمنى تاپتىم ، بۇ ئىشلار ھەتتا ئۆزۈمگىمۇ تاسادىپىيلىق تۇيۇلدى .

ھوشۇمنى تاپقاندىن كېيىن ئۈچىنچى باسقۇچ ، يەنى قانداق قىلىپ ئەڭ يامان ئاقىۋەتنى ياخشى تەرەپكە بۇراشنى پائال قولغا كەلتۈرۈش ئۈستىدە ئويلىنىشقا كىرىشتىم . مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئۈستىدە ئويلىنىۋاتاتتىم ، كاللامغا توساتتىن بىر يېڭى ئەقىل كىرىپ قالدى : نېمە ئۈچۈن ئادۋوكاتىمنى تېپىپ مەسلىھەتلەشمەيمەن ! بەلكىم ئۇ ماڭا خىيالىمغا كەلمىگەن بىرەر ئامال تېپىپ بېرەلىشى مۇمكىن ! بۇنداق قىلىشقا دەسلەپتە پەقەت ئەقلىم يەتمەپتۇ ، كاللام قوشۇقلۇققا چىقىپ قاپمىتىكىنتاڭ ؟ ئۇ چاغلاردا ئولتۇرسام-قوپسام غەم بېسىۋېلىپ ، ئادۋوكاتىم ئېسىمگە كەلمەپتىكەن . شۇنىڭ بىلەن ئەتە ئەتىگەندىلا ئۇنى ئىزدەپ بېرىش قارارىغا كەلدىم - دە ، خاتىرجەم ئۇخلاپ قالدىم .

ئىشنىڭ نەتىجىسى قانداق بولدى دېمەمسىلەر ؟ ئادۋوكاتىم ماڭا بۇگۈنلا تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ يېنىغا بېرىپ ، گەپنىڭ راستىنى ئېيتىشىمغا تەكلىپ بەردى . مەن ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلدىم . بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بولۇپ تۇرۇشۇمغا تەپتىش ئەمەلدارى خىيالىمغا كەلمىگەن گەپنى قىلىپ ، بىرقانچە ئايدىن بۇيان بۇنداق ئالدامچىلىق سۇيىقەستىنىڭ كۆپ قېتىم يۈز بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى . ئۆزىنى تەپتىش ئەمەلدارى دەپ ئاتىۋالغان ھېلىقى ئادەم دەل تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان ئالدامچى ئىكەن . مەن بۇ كەسپىي ئالدامچىغا 5000 دوللار بېرىش - بەرمەسلىك ئۈستىدە ئۈچ كېچە - كۈندۈز باش قاتۇرۇپ ئاۋارە بولۇپ يۈرۈپتىمىنا ! ھۆكۈمەت تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ، شىللىمدىن بىر تاغنى ئېلىۋەتكەندەك يەڭگىل قالدىم .

بۇ قېتىمقى كەچمىش ـ كەچۈرمىشلىرىم ماڭا ئۆمۈرلۈك ئۇنتۇلـ-ماس دەرس بولدى . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ، كۆڭۈل ـ ئارامىمغا تەھـ-دىت سالىدىغان جىددىي مەسىلىگە دۇچ كەلگەن هامان 〈 ۋىلىيس كالىر ئەپسۇنى〉 (مەن شۇنداق دەپ ئاتىۋالغانىدىم) بويىچە ھەل قىلىدىغان بولدۇم . »

ئالاھەزەل ۋىلىس كالىر كۆمۈر گازىنى تازىلاش ماشىنىسى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ يۈرگەن كۈنلەردە بولسا كېرەك ، نېبراسكىدا بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ۋەسىيەتنامىسىنى يېزىۋاتاتتى . ئۇنىڭ ئىسمى ئېرھاننى بولۇپ ، 12 يارماق ئۈچەي يارىسىغا گىرىپتار بولغانىكەن . ئۈچ دوختۇر ھاننى ئەپەندىنىڭ كېسىلىنىڭ ساقىيىشىدىن 〈 ئۈمىد يوق〉 دەپتۇ . ئۇلارنىڭ بىرى تېخى مەشھۇر مۇتەخەسسىس ئىكەن . بۇ دوختۇرلار ئۇنىڭغا بىر دەم ماۋۇ نەرسىدىن ئېھتىيات قىلىڭ ، بولۇپمۇ ھاياجانلىنىشقا بولمايدۇ ، مۇتلەق جىمجىتلىقنى ساقلاڭ دەپتۇ . كېـ-يىن يەنە ئۇنىڭغا ۋەسىيەتنامە قالدۇرۇش تەكلىپىنى بېرىپتۇ .

كېسەللىك ئېرھاننىنى كىرىمى قەدىر ئەھۋال ۋە ئۆزى ئىشتىياق باغلىغان خىزمەتتىن كېچىشكە مەجبۇرلىغانىدى . ئەمدى ئۇنىڭغا ئۆ-زىگە دېۋەيلەپ كېلىۋاتقان ئەزرائىلنى پەرىشانلىق ئىچىدە كۈتۈپ يات-ماقتىن باشقا ئامال قالمىغانىدى .

بۇ چاغدا ئۇ تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك بىر ھۆكۈم— كەمدىن-كەم ئۇچرايدىغان كارامەت بىر كەسكىن ھۆكۈم چىقىرىپتۇ : «ھايات-لىق شامىم پىلىلداپ قالدى ، ئەڭ ئاقىلانە ئۇسۇل شۇكى ، قىل ئۈستىدىكى ئۆمرۈمنىڭ پەيزىنى يەتكۈچە سۈرۈشۈم كېرەك ، دۇنيانى بىر قېتىم ساياھەت قىلىش ئارزۇيۇمنى ئىشقا ئاشۇرۇشۇم كېرەك . »

ئۇ بۇ قارارغا كەپتۇ ـ دە ، پاراخوت بېلىتى سېتىۋاپتۇ .

دوختۇرلار ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن تولىمۇ ھەيران قېلىشىپتۇ . «سىزگە شۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويايلىكى ، — دەپتۇ ئۇلار ھان-نىغا ، — ئەگەر سىز بۇ قېتىم زورمۇزور ساياھەتكە چىقىدىغان بولسىڭىز ، مۇقەررەركى ئۆلۈكىڭىز دېڭىزدا قالىدۇ » .

«ئۇنداق بولمايدۇ ، ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ ، — دەپتۇ ھاننى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ ، — مەن ئائىلەمدىكىلەرگە مېنى نېبراسكىدىكى ئائىلە قەبرىستانلىقىمىزغا دەپنە قىلىشنى ۋەسىيەت قىلدىم ، شۇڭلاشقا مېيىت ساندۇقىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ ، ئۆزۈم ئېلىپ ماڭماقچى بولدۇم .»

ئۇ راستتىنلا مېيىت ساندۇقىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ ، پاراخوتقا ئېلىپ چىققان ھەمدە پاراخوت شىركىتىدىكىلەرگە : «ئەگەر ئۆلۈپ كەتسەم ، جەستىمنى مۇشۇ ساندۇققا سېلىپ مۇز ئىسكىلاتىدا ساقلاپ قويۇپ ، سەپەردىن قايتىپ كەلگەندە يۇرتۇمغا ئاپىرىپ قويۇڭلار » دەپ ۋەسىيەت قىلغان . شۇنداق قىلىپ ، ئۇ سەپەرگە ئاتلانغان . چۈنكى ، پېشقەدەم ئاۋما كايياننىڭ ئىدىيەسى ئۇنىڭغا ئىلھام بەرگەن :

دوستۇم : ئالتە كۈنلۈك جاھاننىڭ كارى چاغلىقلا نېمە ،
بۈگۈن چىڭ تۇت بۈگۈننى ، ئەتىنى دېمە .
ئېيت ناخشا ، ئىچ شاراب ، ئۇينا قانغۇدەك ،
تۇپراق بىزنى قويىنغا ھامان ئالغۇدەك .

سەپەر داۋامىدا ئۇ تەبىئىيكى ھاراقتىن ئايرىلماپتۇ . «پاراخوتتا خۇشبۇي ئەبجەش ھاراق ئىچتىم ، سىگار چەكتىم ، — دەپ يېزىپتۇ ھانىي بىر پارچە خېتىدە ، — كۆڭلۈم تارتقانلىكى نەرسىلەرنى — ھەتتا چەت ئەللەرنىڭ بەزىبىر غەلىتە يېمەك - ئىچمەكلىرى بولسىمۇ يېدىم - ئىچتىم . قائىدە بويىچە بولغاندا بۇنداق نەرسىلەرگە قاراپمۇ قويمايتتىم. كۆپ يىللاردىن بۇيان تۇرمۇشنىڭ پەيزىنى مۇنداق پۇختىدىن چىققۇدەك سۈرمەپتىكەنمەن . بىز بوران - چاپقۇنلارغا قارشى يۈرۈش قىلىپ ، دەھشەتلىك دولقۇنلارنى يېرىپ ئۆتتۇق . باشقا سەۋەبلەرنى دېمەيلا تۇراي ، شۇ چاغلاردىكى ۋەھىمىلىك كۆرۈنۈشلەردىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ مېنى مېيىت ساندۇقىغا سېلىپ قويۇش كېرەك ئىدى ، شۇنداق قىلىسىمۇ تازا خۇشاللىق ھېس قىلاتتىم !

پاراخوتتا ئېلىپ بېرىلغان تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە قاتناشتىم ، ناخشا ئېيتتىم ، يېڭىدىن دوست تۇتتۇم ، كۈننى تۈنگە ئۇلاپ ، ئويۇ-

ناپ . كۆلۈپ تاماشا قىلدۇق . ھىندىستانغا كەلگەندە مەن ئائىلەمدىكى چاغدا قىلغان غەم ـ قايغۇ ۋە بېشىمغا چۈشكەن ئېغىرچىلىقنى كۆز ئالدىمدىكى شەرق دۆلىتىدە كۆرۈلۈۋاتقان ئاچارچىلىق ۋە نامراتچىلىق بىلەن سېلىشتۇرسام ، ھەقىقەتەنمۇ جەننەتتە ياشاپتىكەنمەن . مەن بار-لىق كەلسە ـ كەلمەس غەم ـ قايغۇنى چۆرۈپ تاشلىدىم ، كۆڭلۈمنىم ئىلگىرىكىدىن مەنىلىك ئۆتتى . ئامېرىكىغا قايتىپ ئۆزۈمنى جىگىلاپ كۆرسەم 15 قاداق سەمرىپتىمەن . ئۆزۈمنىڭ 12 بارماق ئۈچەي يارى-سىغا گىرىپتار بولغانلىقىمنى دېگۈدەك ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن . مەن ئادەم بولۇپ بۇنداق خۇشاللىقتا چۆمىمگەنىدىم . ھېلىقى مېيىت سان-دۇقىنى دەرھال دەپنە ئىشلىرى ئىدارىسىگە قايتۇرۇپ بېرىپ يەنە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا كىرىشىپ كەتتىم . شۇنىڭدىن ئېتىبا-رەن بىر كۈنمۇ ئاغرىپ قالمىدىم .»

بۇ چاغدا ئېرھاننى ۋىللىس كالىر ئىسىملىك ئادەمنىڭ بارلىقى-دىن خەۋەرسىز ئىكەن ، ئۇنىڭ غەم ـ قايغۇنى تۈگىتىدىغان ھېلىقى بىر يۈرۈش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا ئاڭلاپمۇ باقمىغانىكەن .

«بىراق ، مەن شۇنى چۈشەندىمكى ، — دېدى ھاننى يېقىندا ماڭا ، — مەن ئاڭسىز ھالدا ۋىللىس كالىر بىلەن ئوخشاش پىرىنسىپ-نى قوللىنىپتىمەن . يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئەڭ يامان ئاقىۋەت ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۆلۈم ئىدى ، مەن ئۇنى ئېتىراپ قىلدىم ، ئاندىن بۇنداق ئەڭ يامان ئاقىۋەتنى ياخشى تەرەپكە بۇراشقا تىرىشتىم : ئۆمرۈمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ ، تۇرمۇش-نىڭ پەيزىنى پۇخادىن چىققۇچە سۈردۈم . ئەگەر پاراخوتقا چىققاندىن كېيىنمۇ ، — دېدى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — يەنىلا غەمگە پېتىپ يۈرۈۋەرگەن بولسام ، ئۇزۇپ ئېيتالايمەنكى ، يۇرتۇمغا ھازىرقىدەك ئۆزۈم مېڭىپ ئەمەس ، بەلكى مېيىت ساندۇقىغا قاچىلىنىپ قايتقان بولاتتىم ! ئۆزۈمنى ئەركىن ـ ئازادە تۇتۇپ ، خاتىرەمدە قېپقالغان بارلىق نەرسىلەرنى چىقىرىۋەتتىم . كۆڭلۈمدىكى خاتىرجەملىك ماڭا بىر خىل يېڭى كۈچ ئاتا قىلىپ ، ھاياتىمنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدى .»

بەزىلەر ۋىللىس كالىرنىڭ بۇ سىرلىق فورمۇلاسىدىن پايدىلە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىپ 20 مىڭ دوللار قىممىتىدىكى مال بىلەن تەمىنلەش توختامىنىڭ بىكار بولۇپ كېتىشىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ساقلىنىپ قالغان يەردە؛ نيۇ - يوركلۇق بىر سودىگەر بىر تەھدىت سالغۇچىنىڭ چاڭگىلىدىن مۇشۇ فورمۇلادىن پايدىلىنىپ قۇتۇلۇپ چىققان يەردە؛ ئېرھاننى بۇ فورمۇلانىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزىنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان يەردە، بۇ فورمۇلا سىلەرنىڭ بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىڭلارغا پەقەت ئەسقاتماسمۇ؟ سىلەر ھەل قىلىشنىڭ زادى ئامالى يوق دەپ قارىغان بەزى مەسىلىلەر ئېھتىمال بۇ فورمۇلانىڭ ياردىمى بىلەن ھەل بولۇپ كەتسە ئەجەب ئەمەس!

ۋىللىس كالىرنىڭ ئەپچىل فورمۇلاسىدىن پايدىلىنىش غەم - ئەندىشىڭىزنى تۈگىتىدىغان ئىككىنچى پىرىنسىپ. بۇ پىرىنسىپتىن پايدىلىنىشتا تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىغا ئەمەل قىلىشىڭىز كېرەك:

1. ئۆزىڭىزگە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئەڭ قورقۇنچلۇق ۋەقە نېمە بولۇشى مۇمكىن؟ دېگەن سوئالنى قويۇڭ.

2. ناۋادا ئەڭ يامان ۋەقە يۈز بېرىپ قالسا، ئەلھۆكمىلىللا دەپ بېشىڭىزغا كەلگەننى كۆرۈشكە روھىي جەھەتتە تەييارلىنىپ قويۇڭ.

3. ئاخىرىدا، كۆڭلىڭىزنى توختىتىپ، ئەڭ يامان ۋەقە يۈز بېرىشتىن ئىمكانقەدەر ساقلىنىڭ.

## 3. غايىبانە ئاپەت

بۇنىڭدىن كۆپ يىللار ئىلگىرىكى بىر ئاخشىمى، ئىشىكىمىزنىڭ قوڭغۇرىقى جىرىڭلاپ قالدى، چىقىپ قارىسام قوشنام ئىكەن. ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ ئۆيگە كىرىپ، ئائىلىمىزدىكى ھەممەيلەننىڭ چېچەك ئەملىتىشىمىزنى ئېيتتى. ئۇ ئۆزئارا ياردەملىشىش تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، ئاھالىلەرگە مەخسۇس مۇشۇنداق ئىشلار توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىلىشقا مەسئۇل ئىدى. ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن كىشىلەر ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا ئۆچرەت بولۇشۇپ ۋاكسىنا ئەملەشنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پۇن-

كىتىدا ئادەم مىغلىدايتتى ، دوختۇرخانا ، زاۋۇت ، ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى ۋە ساقچى ئىدارىلىرىنىڭ بىنالىرىدىمۇ يۇقۇملۇق كېسەللىك-نىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋاقىتلىق پونكىتلىرى تەسىس قىلىنغانىدى . ئىككى - ئۈچ مىڭ دوختۇر ۋە سېستىرا كېچە - كۈندۈز توختىماي ئىشلەپ ، كېسەللەرگە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرى قوللانماقتا ئىدى . بۇ قېتىمقى پاتپاراقچىلىقنىڭ مەنبەسى قەيەردە؟ ئەسلىدە نيۇ - يورك شەھىرىدە سەككىز ئادەمگە چېچەك چىققان ، بۇنىڭدىن ئىككى ئادەم قازا تاپقان . 10 مىليوندىن كۆپرەك نوپۇسى بار چوڭ شەھەردە ئىككى ئادەم ئۆلۈش بىلەن تەڭ ھەممە ئادەم ۋەھىمىگە چۈشكەنىكەن .

مەن نيۇ - يوركتا 37 يىل ياشىدىم ، بىرمۇ ئادەم ئىشىكىمنى چېكىپ ، ماڭا غەمكىنلىك كېسىلىدىن پەخەس بولۇشنى ئاگاھلاندۇ-رۇپ باققىنى يوق . غەمكىنلىك ، ئەنسىزلىك ، ۋەھىمە ئىچىدە قېلىش قاتارلىق ئالامەتلەر بىلەن ئىپادىلىنىدىغان بۇنداق كېسەللىكنىڭ 37 يىلدىن بۇيان كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيىنى چېچەك كەلتۈرۈپ چىقار-غان زىياندىن قانچە ھەسسە ئېغىركىنتاڭ .

ھازىر ، ئامېرىكىلىقنىڭ ئوندىن بىرىنىڭ نېرۋىسى كاردىن چىق-تى . بۇنداق ئەھۋالنىڭ كۆپىنچىسىنى ئەنسىزلىك ۋە ھېسسىيات جەھەتتىكى توقۇنۇش كەلتۈرۈپ چىقارغان . پېقىرنىڭ بۇ ماقالىنى يېزىشتىن مەقسىتىم مۆھتەرەم كىتابخانلىرىم ، ھەرقايسىلىرىنىڭ ئە-شكىنىڭ قوڭغۇرىقىنى جىرىڭلىتىپ ، ھەربىرلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇشتىن ئىبارەت .

نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئۇلۇغ تېببىي پەن ئالىمى ، دوكتور ئالكشىس كارىل : «ئىشنى توغرا ھەل قىلىپ ، ئۆزىنى خاتىرجەم قىلىشنى بىلمەيدىغان ئادەمنىڭ ئۆمرى قىسقا» دېگەنىدى . بۇ سۆز ھەرقانداق ئادەمگە — سودىگەرگىمۇ ، ئائىلە ئاياللىرىغىمۇ ، دوختۇر ياكى تامچىغىمۇ — ئوخشاشلا ئۇيغۇن كېلىدۇ .

بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل ئىلگىرى ، مەن تەتىلدىن پايدىلىنىپ تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ مەسلىھەتچى دوختۇرى دوكتور ئو .ف .گوب-بېل بىلەن بىرلىكتە تېكساس ئىشتاتى بىلەن نيۇ - مېكسىكو ئىشتاتى-

غا ساياھەتكە باردىم . سەپەر داۋامىدا بىز روھىي جەھەتتىكى ئەنسىزلىكنىڭ ئادەمگە كەلتۈرىدىغان زىيىنى ھەققىدە سۆزلىشىپ قالدۇق . دوكتور گوببېل مۇنداق دېدى : «ئەگەر ئەنسىزلىك ۋە غەم- قايغۇنى چۆرۈپ تاشلاشنى بىلىدىغان بولسا ، ھازىر دوختۇرغا كۆرۈنۈپ يۈرگەنلەرنىڭ 70 پىرسەنتى ئۆزىگە ئۆزى دوختۇر بولالايدۇ . مەن بۇ بىمارلارنىڭ ئازابى ئۇلارنىڭ كاللىسىدا دېسەم ، سىز بەلكىم ئىشەنمەي ، نەدىكى گەپلەرنى قىلىپ يۈرىسىز ، ئۇلار ئاغرىقنىڭ دەردىنى تارتىۋاتسا دېيىشىڭىز مۇمكىن . شۇنداق ، نېرۋا خاراكتېرلىك ھەزىم قىلىش فونكسىيەسىنىڭ قالايمىقانلىشىشى ، بەزى ئاشقازان يارىلىرى ، يۈرەك كېسىلى ، ئۇيقۇ كەلمەسلىك ، بەزى باش ئاغرىقلىرى ۋە پالەچ قاتارلىق كېسەللىكلەر ھەقىقەتەن بىمارلارنى چەكسىز ئازابلايدۇ ، بۇلار ئىسمى جىسمىغا لايىق كېسەللىك ھېسابلىنىدۇ . لېكىن ، مەن تامامەن ئورۇنسىز گەپ قىلىۋاتقىنىم يوق ، مەنمۇ ئاشقازان يارىسىنىڭ دەردىنى 12 يىل تارتقان ئادەم . ۋەھىمە ئادەمنى ئىچى تىتىلدايدىغان قىلىپ قويىدۇ ، ئىچى تىتىلداش ئادەمنى ئەنسىزلىككە سېلىپ قويىدۇ ، ئەنسىزلىك ئاشقازان نېرۋىسىنى غىدىقلايدۇ ، بۇنىڭ بىلەن ئاشقازان سۇيۇقلۇقىنىڭ نورمال ئاجرىتىلىشىغا تەسىر يېتىدۇ . ئاشقازان يارىسى كۆپ ھاللاردا مانا مۇشۇنداق پەيدا بولىدۇ» .

«نېرۋا فۇنكسىيەسى مەنبەلىك ئاشقازان كېسىلى» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ، دوكتور يوسېف مونتاگۇنىڭ چۈشەنچىسى دوكتور كارىلنىڭ چۈشەنچىسى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش . ئۇ مۇنداق دەيدۇ : «ئاشقازان يارىسىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى ، ئادەمنىڭ قانداقتۇر بىر نەرسىنى يەپ قالغانلىقىدا ئەمەس ، بەلكى قانداقتۇر بىر نەرسىگە يەم بولۇپ كەتكەنلىكىدە . »

مېئو دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرى ئالۋارتىس مۇنداق دەيدۇ : «ئاشقازان يارىسىنىڭ پەيدا بولۇشى ئادەمنىڭ كەيپىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك» . ئۇ مۇشۇ دوختۇرخانىدا ئاشقازان يارىسىنى داۋالاۋاتقان 1500 بىمار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان ، بۇلار ئىچىدە بەشتىن تۆت قىسىم بىمارنىڭ بەدەن ساپاسىدا كېسەللىك پەيدا قىلغۇ-

چى ئامىل تېپىلمىغان . ۋەھىمە ، ئەنسىزلىك ، ئۈچمەنلىك ، چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك ھەمدە تاشقى مۇھىتقا ئۇيغۇنلىشىش ئىقتىدارى ئېغىر دەرىجىدە كەم بولۇش — بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشقازان كېسىلى ۋە ئاشقازان يارىسىغا گىرىپتار بولغان كۆپ سانلىق بىمارلاردا كۆرۈلگەن ئالامەتلەردۇر .

ئاشقازان يارىسى ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولۇشتىن يانمايدۇ . «تۇرمۇش » ژۇرنىلىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا ، ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدىغان كېسەللىكلەر ئىچىدە ، ئاشقازان يارىسى ئونىنچى ئورۇندا تۇرىدىكەن .

بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى ، مەن مېيئو دوختۇرخانىسىنىڭ دوكتورى خارولد هاباي بىلەن بىرقانچە قېتىم خەت ئالاقىسى قىلدىم . بۇ دوختۇرخانىنىڭ دوكتورى خارولد هاباي بىلەن بىرقانچە قېتىم خەت ئالاقىسى قىلدىم . بۇ دوختۇر ئىلگىرى ئامېرىكا سانائەت دوختۇرلىرى بىرلەشمىسىنىڭ يىللىق يىغىنىدا دوكلات بەرگەنىكەن . ئۇ ئۆزىنىڭ تەتقىقاتى ئۈچۈن ئىستاتىستىكىلاپ چىققان ماتېرىياللىرى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ : خىزمەت ئورنى يۇقىرى 176 كارخانىچىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى ئاران 44.3 ياش بولغان . بۇ كارخانىچىلارنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىدىن كۆرەپكىنىڭ ئايرىم - ئايرىم هالدا يۈرەك كېسىلى ، ھەزىم قىلىش ئەزالىرى يارىسى بار ئىكەن ياكى قان بېسىمى يۇقىرى ئىكەن . بۇ ئۈچ خىل كېسەللىكنى پەيدا قىلغۇچى ئاساسىي ئامىل — ئۇزاق داۋاملاشقان زىيادە جىددىي تۇرمۇش دەپ يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ . ھەممىيلەن ئويلاپ باقايلىكى ، خىزمەت ئورنى يۇقىرى كارخانىچىلارنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى 45 يىلمۇ ئۆمۈر كۆرەلمەي ، يۈرەك كېسىلى ، ئاشقازان يارىسى ۋە قان بېسىمى يۇقىرى بولۇش تۈپەيلى ئۆزىنى نابۇت قىلغان . ئۇلار ئۆمرىدە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۈچۈن نىمانچە كۆپ بەدەل تۆلىگەن - ھە ! ئەگەر بىر ئادەم كەسپىي جەھەتتە ئوبدان ئىلگىرىلىسە ، لېكىن كېسەل كۆرپىسى بولۇپ قالسا ، بۇنداق مۇۋەپپەقىيەتنىڭ نېمە ئەھمىيەتى بولسۇن ؟ ئۇ پۈتۈن دۇنياغا ئېرىشكەن هالەتتىمۇ ، ساغلام تېنىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەھرۇم قالسا، بۇ دۇنيانىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا نېمە قىممىتى بولسۇن؟ ئادەم پۈتۈن دۇنياغا ئېرىشكەن ھالەتتىمۇ بىرلا كارىۋاتتا ئۇخلايدۇ، كۈندە ئۈچ ۋاقلا تاماق يەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ بىر تازىلىق ئىشچىسىنىڭمۇ قولىدىن كېلىدىغان ئىش — بەلكىم ئۇ كۈنبويى ئالدىراشچىلىق ئىچىدە بېشى قاپاق بولۇپ كېتىدىغان ۋەكالەتچى ياكى باش دىرېكتوردىنمۇ بەخىرامان ئۇخلىشى، بەھوزۇر تاماقلىنىشى مۇمكىن! راست گەپنى قىلسام، ئالاباماغا كېتىپ داق يەردە ئولتۇرۇپ بانجول (بەش تارلىق بىر خىل ساز — مۇھەررىردىن) چېلىپ كۆڭۈل ئاچىدىغان ئىجارىكەش دېھقان بولسام بولىمەنكى، تۆمۈريول شىركىتى ياكى تاماكا زاۋۇتىنىڭ باي خوجايىنلىرىدىن بولىمەن دەپ 45 يىلدا جېنىمنى سېپ بېرىدىغان ئادەم بولمايمەن.

گەپ تاماكىچىلىق سانائىتىنىڭ باي غوجاملىرى ئۈستىگە كەلگەندە، مۇنداق بىر ياخشى مىسالنى سۆزلەپ بېرەي. بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى، دۇنياغا مەشھۇر بىر تاماكا پادىشاھى كېسىلى تۇيۇقسىز قوزغىلىپ قازا قىلدى. ئۇ كانادانىڭ زىچ ئورمانلىقىدا ئارام ئېلىۋاتقاندا يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ قالغانىكەن. ئۇ سان ـ ساناقسىز مال-بىسات توپلىغان بولسىمۇ، ئاران 61 يىل ياشاپ جېنىدىن جۇدا بولدى! ئېھتىمال ئۇنىڭ كۆپ يىللىق ھاياتى بەدىلىگە كەلگەن شۇنچە كۆپ دۇنيا ـ دەپىنە، كىشىلەر «كەسپىي جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەت» دەپ ئاتىۋالغان نەرسە بولسا كېرەك. لېكىن، مەن شۇنداق قارايمەنكى، بېلىگە ئالتۇندىن كەمەر باغلىغان بۇ غوجايىننىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ھەتتا دادامنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ يېرىمىغىمۇ تەڭ كەلمەيدۇ. دادام مىسسۇرى ئىشتاتىدىكى چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ غوجايىنى ئىدى، ئۇ 90 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن، ماڭا بىر پۇچۇق ياماق چاغلىق نەرسىمۇ قالدۇرمىغان.

مەشھۇر ئاكا ـ ئۇكا مېئولار تېببىي تەتقىقات جەمئىيىتى دوختۇرخانىمىزدىكى كارىۋاتلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىدە يېتىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى نېرۋا كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولغۇچىلار ئىكەن دەپ قارىدى. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىچ ـ باغرىنى يېرىپ، ئۇلترا يۇقىرى

ھەسسىلىك مىكروسكوپ ئارقىلىق ھەرياقسى ئەزالىرىنىڭ توقۇلمىلى-
رىنى تەپسىلىي كۆزىتىدىغان بولساق، كۆپىنچىسىنىڭ مەشھۇر
بوكسچى جىك دېمپوستەك سالامەت ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئۇلارنىڭ
«نېرۋا خاراكتېرلىك كېسەللىكى» نېرۋىسىدا ئەزا خاراكتېرلىك كې-
سەللىك ئۆزگىرىشى بولغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى مەيۈسلىنىش،
ئازابلىنىش، قورقۇش، ئۆز - ئۆزىدىن ئاغرىنىش، كۆڭلى سوۋۇش،
ئۈمىدسىزلىنىش قاتارلىق پسىخىك ئامىللارنىڭ تەسىرىدىن بولغان.
پىلاتون بۇرۇنلا مۇنداق دېگەنىدى: «دوختۇرلارنىڭ ئەڭ چوڭ خاتال-
قى شۇكى، ئۇلار جىسمانىي جەھەتتىن داۋالاشنىلا بىرلىپ كېتىپ،
روھىي جەھەتتىن داۋالاشقا سەل قارايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئادەمنىڭ جىس-
مى بىلەن روھى بىر پۈتۈن گەۋدە، ئۇ ئىككىسىنى ئايرىپ داۋالىماس-
لىق لازىم.»

بۇ مەشھۇر ھېكمەتلىك سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن
تېبىبىي پەن 2200 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلدى! تاكى
بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندىلا بىز بىر خىل يېڭىدىن گۈللەنگەن روھىي،
جىسمانىي كېسەللىك تېبابىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، روھىي ۋە
جىسمانىي جەھەتتىن داۋالاشنى بىرلەشتۈرۈشكە باشلىدۇق. روھىي
ۋە جىسمانىي كېسەللىك تېبابىتى دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىش يۈزى-
سىدىن شەكىللەنگەن ۋە راۋاجلانغان. بىزنىڭ تېبىبىي پېنىمىز تەرەق-
قىي قىلىپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، كېسەللىك قوزغاتقۇچى باكتې-
رىيەلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان دەپ ئېنىق بېكىتىشكە بولىدىغان چې-
چەك، خولېرا، سېرىق قىزىتما قاتارلىق بىر قىسىم قورقۇنچلۇق
كېسەللىكلەرنى تۈپ يىلتىزىدىن تۈگىتەلەيدىغان ھەمدە نۇرغۇن كې-
سەللەرنى نەچچە ئون خىل باشقا ۋەھشىي كېسەللىكتىن قۇتۇلدۇرالاي-
دىغان بولدى، لېكىن كېسەللىك قوزغاتقۇچى باكتېرىيەلەر ئەمەس،
بەلكى پسىخىك ئامىللار كەلتۈرۈپ چىقارغان جىسمانىي ۋە روھىي
جەھەتتىكى ئېغىر زەخمىلەرنى تېخى داۋالىيالمايدۇ. بۇ خىل روھىي
كېسەللىك سانسىز زىيانغا ئۇچرىغۇچىلارنى ئازابلاپ، بارغانسېرى
ئىنسانىيەتنىڭ ياۋۇز دۈشمىنىگە ئايلانماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دوختۇرلارنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، هازىر ياشاۋاتـقان ئامېرىكىلىقلارنىڭ يىگىرمىدىن بىر قىسمى ئۆمرىنىڭ بىر قىسـمىنى روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىدا ئۆتكۈزىدىكەن. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا ھەربىي خىزمەت ئۆتىگەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمى يا روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولغان، يا روھىي جەھەتتىن زەخىملەنگەن.

روھىي كېسەلنىڭ سەۋەبى زادى نېمە ئىكەنلىكى هازىرغا قەدەر تازا ئېنىق ئەمەس. لېكىن، نۇرغۇن ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، ھېچ-بولمىغاندىمۇ ئۇ ۋەھىمە يېيىش ۋە ئۆزىنى ئۆزى ئازابلاش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

بۇ كىتابنى يېزىۋاتقان كۈنلىرىمدە، دوكتور ئېدۋارد بودورىسكىنىڭ «يەنە قايغۇرماي، ساغلام ياشاڭ» دېگەن كىتابنى ئالدىمغا قويۇۋالغانىدىم. بۇ كىتابنىڭ مۇھىمراق بابلىرىنىڭ تېمىسى مۇنداق ئىدى:

بىئارام بولۇشنىڭ يۈرەككە زىيىنى.
ئەنسىزلىك — قان بېسىمى ئۆرلەپ كېتىشنىڭ مەنبەسى.
رېماتىزم غەم - قايغۇ ۋە باش قېتىنچىلىقتىن بولىدۇ.
ئۈچەي ۋە ئاشقازىنىڭىزنى ئاسراي دېسىڭىز قايغۇرماڭ.
بىئاراملىق زۇكامنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.
غەزەپلىنىشنىڭ قالقانسىمان بەزگە تەسىرى.
غەمكىن كەيپىيات ۋە دىيابېت كېسىلى.

بۇ جەھەتتە مول ئىلھاملاندۇرۇش ئەھمىيىتىگە ئىگە يەنە بىر كىتاب «ئادەم — ئۆزىگە دۈشمەن». بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى مېئو دوختۇرخانىسى روھىي كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ دوختۇرى دوكتور كارل مېنىنگىر. بۇ كىتابتا ھەر خىل ھالاكەتلىك ھېسسىياتنىڭ كىشىلەرگە كەلتۈرىدىغان زىيىنى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئۇسـلۇبتا تەسۋىرلەنگەن. كىمكى ئۆزىگە ئۆزى دۈشمەن بولۇشتىن قولنى ئۈزمەكچى بولىدىكەن، بۇ كىتابنى ئوقۇپ چىقسا جەزمەن پايدىسى تېگىدۇ.

قانچە ساغلام ئادەممۇ كۆن بويى ئالاقزادىلىك ئىچىدە يۈرسە كېسەل بولۇپ قالىدۇ. بۇ جياڭجۇن گرانتنىڭ ئامېرىكىدىكى ئىچكى ئۇرۇش ئاخىرلىشىشتىن بىرقانچە كۈن ئىلگىرى ئۆز كەچۈرمىشلىرىدىن ئالغان تەسىراتى. ئەينى چاغدىكى ئەھۋال مۇنداق بولغان: گرانت لىمپىنت شەھىرىنى توققۇز ئاي قورشىۋالغان، ئۇنىڭ دۈشمىنى لى جياڭجۇننىڭ قوشۇنى ئاچ ۋە يالىڭاچ قېلىپ، جەڭ قىلىش ئىقتىدارىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان. ئەسكەرلىرى توپ - توپ بولۇپ قېچىپ كەتكەن، قالغانلىرى چېدىرغا توپلىشىۋېلىپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ، يىغان چېكىپ، هاياتىدىن پۈتۈنلەي ئۈمىد ئۈزۈشكەن. پۈتۈن قوشۇن گۇمران بولاي دەپلا قالغان. بۇ چاغدا لى جياڭجۇن قوشۇنغا لىچمېنت شەھىرىدىكى پاختا، تاماكا ئىسكىلاتلىرى ۋە ھەربىي قورال - ياراغ ئىسكىلاتلىرىغا ئوت قويۇپ بېرىپ، يۈرسەتتىن پايدىلىنىپ شەھەرنى تاشلاپ قېچىشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. گرانت يەنە ئىككى قوشۇنغا قاچقان دۈشمەننى داۋاملىق قوغلاپ زەربە بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شېرىداننىڭ ئاتلىق قوشۇنى تۆمۈريول كۆۋرۈكىنى پارتلىتىۋېتىپ، دۈشمەن ئارمىيەسىنىڭ چېكىنىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلىغان.

بۇ چاغدا جياڭجۇن گرانتنىڭ شەقىقە كېسىلى توساتتىن قوزغىلىپ كېتىپ، كۆزىنىمۇ ئاچالماي قالغان. ئۇ ئىلاجسىزلىقتىن قوشۇننىڭ ئارقىسىدا قېلىپ، ۋاقىتىنچە بىر دېھقانچىلىق مەيدانىدا تۇرۇپ قالغان. «شۇ كۈنى ئاخشىمى، — دەپ يازىدۇ گرانت ئەسلىمىسىدە، — پۈتۈنى قىچا سۈيىدە توختىماي يۇيۇپ بەردىم، قولۇمنىڭ بوغۇملىرى ۋە بوينۇمغا قىچا مەلھىمى چاپلىۋالدىم. مەن ئەتىسى ئەتىگەندە سەللىمازا ساقىيىپ قويۇشنى ئۈمىد قىلاتتىم.»

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇنىڭ كېسىلى راستتىنلا ساقىيىپ قالغان. بىراق، ئۇنى قىچا مەلھەمنىڭ تۆھپىسى دېگىلى بولمايدۇ. يېزا يولىنى بويلاپ ئۇچقاندەك كەلگەن بىر ئاتلىق ئەسكەر لى جياڭجۇننىڭ ئەل بولۇشنى خالايدىغانلىقى توغرىسىدا ئېلىپ كەلگەن خەت گرانتنىڭ باش ئاغرىقىنىڭ توختىشىغا سەۋەب بولغان.

گرانت جياڭجۇن مۇنداق دەپ يازىدۇ : «خەتنى ئېلىپ كەلگەن ئوفىتسىر ئالدىمغا كېلىپ توختىغاندا بېشىم ناھايىتى قاتتىق ئاغرىۋا- تاتتى . خەتنىڭ مەزمۇنىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئاغرىق بىردەم- دىلا قويۇپ بەردى . »

روشەنكى ، غەم - ئەندىشە ، جىددىيلىك ۋە بىئاراملىق گرانتنى كېسەلگە گىرىپتار قىلغان . ئەمما ، ئۇنىڭ كەيپىياتىدا ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىش بولۇپ ، غەلىبە ئىشەنچىسىگە تولغان ھامان كېسىلىمۇ دەرھال ساقىيىپ كەتكەن .

فرانكىلىن دېلانو روزۋېلت ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە - ئىقتىساد ۋەزىرى ھېنرى مورگېنساۋ 70 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆز كەچۈر- مىشلىرىنى ئەسلەپ ، بىر قېتىم كۆڭلۈم ئىنتايىن بىئارام بولۇپ كەتكەنلىكتىن ، بېشىم قېيىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالغانىدىم دەيدۇ . ئۇنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدىنمۇ بۇنداق قورقۇنچلۇق كەچۈر- مىشلىرىنى كۆرۈش مۇمكىن . زۆكتۈك مال باھاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ، بىر كۈن ئىچىدە 4 مىليون 400 مىڭ پۇشىل بۇغداي سېتىۋالغۇزغانىدى . بۇ چوڭ سودا بولۇۋاتقاندا «بېشىم قېيىپ يىقى- لىپ چۈشكىلى تاس قالدىم ، ئاخىر بولالماي ئۆيۈمگە قايتىپ كېلىپ ئىككى سائەت ئۇخلاپتىمەن» دەپ يازىدۇ مورگېنساۋ .

ئەگەر غەم - ئەندىشىنىڭ كىشىلەرگە زادى قانچىلىك زور بەخت- سىزلىك ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى راستتىنلا بىلمەكچى بولسام ، كۇ- تۇپخانىغا بېرىپ ماتېرىيال ئاختۇرۇشۇمنىڭ ياكى دوختۇر تېپىپ سۈرۈشتۈرۈشۈمنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق . پەقەت ئۆيۈمنىڭ دېرىزىسى- نى — مەن ھازىر ئولتۇرۇپ كىتاب يېزىۋاتقان ئۆيۈمنىڭ دېرىزىسىنى ئېچىپ قارىسامىلا ھەممە ئايان بولىدۇ : ئالدىمدىكى بىنانىڭ ماڭا ئۇدۇل قەۋىتىدە تەشۋىشلىنىپ بىئارام بولۇش تۈپەيلىدىن ئېلىشىپ قالغان بىر ئادەم ئولتۇرىدۇ ؛ يەنە بىر بىنادا ئىنتايىن تەشۋىشلىنىش تۈپەيلىدىن دىيابېت كېسىلىگە مۇپتىلا بولغان بىر ئادەم بار . پۇل مۇئامىلە بازىرىدا پاي چېكىنىڭ باھاسى چۈشۈپ كەتكەنلىكتىن ئۇنىڭ قېنى ۋە سۈيدۈكى تەركىبىدىكى قەنت ماددىسى ئېشىپ كەتكەن .

فىرانسىيەلىك مەشھۇر پەيلاسوپ مۇندان ئۆز يۇرتى — بوردو شەھىرىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەندە ، شەھەر ئاھالىلىرىگە : «سىدەر ماڭا تاپشۇرغان ۋەزىپەڭلارنى ئىچكى ئەزالىرىم بىلەن ئەمەس ، بەلكى ئىككى قولۇم بىلەن قوبۇل قىلىشنى خالايمەن » دېگەنىكەن . مېنىڭ بۇ قوشنام ئۇنداق قىلمىغان . ئۇ پۇل مۇئامىلە بازىرىدا يۈز بەرگەن ئىشنى قان تومۇرىغا قوبۇل قىلغان . شۇ تۇپەيلى جېنىغا زامىن بولغىلى تاس قالغان .

كەيپىيات جەھەتتە خاتىرجەم ئۆتمەيدىغان كىشىلەر رېماتىزىم ياكى بوغۇم ياللۇغىنىڭ جازاسىغا ئۇچرىشى مۇمكىن ، ئېغىر بولغاندا پالەچ بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن . كورنېل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تېببىي تەتقىقات ئورنىدا ئىشلەيدىغان دوكتور روسسو سېشىر دۇنياغا مەشھۇر بوغۇم ياللۇغى مۇتەخەسسىسى . ئۇ بۇ كېسەللىككە مۇپتىلا بولۇشنىڭ ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان بىرقانچە خىل سەۋەبلىرىنى تۆۋەندىكىدەك يىغىنچاقلاپ چىققان :

1 . جورىسى بالا ـ قازاغا ئۇچراش .

2 . ئىقتىسادىي جەھەتتە يۈز بەرگەن بەختسىزلىك ياكى ئىقتىساد ئۈچۈن قايغۇرۇش .

3 . يالغۇزلۇق ياكى پۇشايمان قىلىش .

4 . ئۇزاققىچە كۆڭلىدە ئۆچ (غۇم ) ساقلاش .

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۆت خىل پىسخىك ھالەت بوغۇم ياللۇغىنىڭ قوزغىلىشىدىكى بارلىق مېخانىزملارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ ، ئەلۋەتتە . بوغۇم ياللۇغىنىڭ تۈرى ئىنتايىن كۆپ ، پەيدا بولۇش شەكىللىرىمۇ ئوخشاش ئەمەس . بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى ، دوكتور روسسو سېشىر مىسال كەلتۈرگەن بۇ تۆت خىل سەۋەب پەقەت بۇ كېسەللىكنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغان سەۋەبلىرى ، خالاس . مېنىڭ بىر دوستۇم بۇ جەھەتتە گەۋدىلىك مىسال بولالايدۇ . ئىقتىسادىي جەھەتتە كاساتچىلىق يۈز بەرگەن ئاشۇ يىللاردا ، ئۇ ھەمىشە كۆڭلىگە ياقمىغان بەزى ئىشلارنى دەپ ئاچچىقلىنىپ يۈرەتتى : بىردەم گاز شىركىتى ئۇنىڭ گاز تۈرۋىسىنى ئېتىپ قويسا ، بىردەم

بانكا ئۇنىڭ ئۆي - مۈلۈكلىرىنى رەنگە قويۇش مۇددىتىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى جاكارلىغانىدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئائىلى بىر كۈنى تۇساتتىنلا ئىگىسىز بوغۇم يالىلۇغىغا مۇپتىلا بولۇپ قالدى، دورا يېيىش- مۇ، تاماقتىن پەرھىز تۇتىشمۇ ئەھۋالىدا ياخشىلىنىش بولمىدى، پەقەت ئىقتىسادىي ئەھۋالى قايتا ياخشىلانغاندىن كېيىنلا ساقىيىپ قالدى.

غەم - ئەندىشە ھەتتا ئادەمنىڭ چىشىنىمۇ زەخىملەندۈرىدۇ. ئامېرىكا چىش دوختۇرلىرى جەمئىيىتىنىڭ بىر قېتىملىق يىغىنىدا دوكتور ۋېليام مېككېناگېر مۇنداق دەپ دوكلات قىلغان: «غەم - ئەندىشە، ۋەھىمە، ئۆچمەنلىك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھەرخىل كەيپىيات پەيدا قىلغان خاپىلىق...... ئادەم بەدىنىدىكى كالتسىي خلورىدنىڭ نىسبىتىنى بۇزىدۇ، بۇنىڭ بىلەن چىشنى قۇرت يېيىشى مۇمكىن.» دوكتور مېككېناگېر ئۆزى داۋالاۋاتقان بىر بىمار ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «خوتۇنى ئاغرىپ قېلىشتىن ئىلگىرى، بۇ ئادەمنىڭ چىشىدا ھېچقانداق چاتاق يوق ئىكەن. لېكىن، خوتۇنى ئاغرىپ قېلىپ بالنىستا ياتقان ئۈچ ھەپتە ئىچىدە ئۇنىڭ توققۇز چىشى بىراقلا چىرىپ كېتىپتۇ. بۇنىڭغا ئۇ ئادەمنىڭ خوتۇنىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىغا زىيادە قايغۇرغانلىقى سەۋەب بولغان.»

سىلەرنىڭ قالقان بەز خىزمىتىنىڭ كۈچىيىپ كېتىشى دېگەن كېسەللىكتىن خەۋىرىڭلار بارمۇ؟ مەن بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغان بىرقانچە ئادەمنى تونۇيمەن، سىلەرگە شۇنى سۆزلەپ بېرەي. ئۇلار-نىڭ ئىككى قولى تىترەيدۇ. كۆز ئالمىسى پولتىيىپ چىقىپ تۇرىدۇ، ئىچى تىتىلداپ بىئارام بولىدۇ، قانداقلىكى ۋاقىتتا ھودۇقۇپ يۈر-گەندەكلا كۆرۈنىدۇ، بەدەن فۇنكسىيەسى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ھېسابلىنىدىغان قالقان بەز ئۇلار ئۈچۈن ئەكسىچە ئوشۇق يۈك بولۇپ قالغان. تىروكسىزنىڭ ئاجرىتىلىشى زىيادە كۆپ بولۇپ كەتسە، ئورگانىزمنىڭ ھەر خىل توقۇلمىلىرىدىكى ئوكسىدلىنىش سۈرئىتى تېزلىشىپ كېتىدۇ ۋە ماددا ئالمىشىش نىسبىتى ئېشىپ كېتىدۇ. ئەگەر بۇ خىل ئەھۋال ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېلىۋېتىش ياكى باشقا

داۋالاش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق توختىتىلمايدىغان بولسا ، بىمارلارنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولۇشى مۇمكىن . بۇ تېببىي پەندە «زەئىپلىكتىن ئۆلۈش» دەپ ئاتىلىدۇ .

يېقىندا مەن بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولغان بىر دوستۇم بىلەن بىللە فىلادېلفىيە شەھىرىگە بېرىپ بىر تېببىي پەن مۇتەخەسسىسىنى زىيارەت قىلدۇق . ئۇ قالقان بەز خىزمىتى ئېشىپ كېتىش كېسىلىنى داۋالاشتا 38 يىللىق تارىخقا ئىگە ئىكەن . ئۇنىڭ داۋالاپ قويۇشىنى كۈتكۈچىلەر تۇرىدىغان ئۆيىنىڭ تېمىغا مىخلانغان بىر پارچە تاختايغا بىر ئابزاس سۆز كىشىلەرنىڭ كۆزىگە تاشلىنىپ تۇرغۇدەك قىلىپ چوڭ يېزىپ قويۇلغان ، بۇ خەتنى ئۇ يەردە نۆۋەت كۈتۈپ تۇرغان بىمارلار بىر قاراپلا كۆرەلەيدىكەن .

بۇ ئۇنىڭ بىمارلارغا قىلغان تەۋسىيەسى ئىكەنلىكىگە ئىشىنەمسىلەر ؟ مەن ئۇ يەردە نۆۋەت كۈتكەچ ، بۇ سۆزنى بىر كونۋېرتنىڭ ئارقىسىغا كۆچۈرۈۋالدىم :

خۇشخۇي يۈرۈش ۋە ئارام ئېلىش

كەيپىياتنى خۇشال تۇتۇش ، ئوبدان كۈتۈنۈپ ماغدۇرغا كېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى : ساغلام ئېتىقاد ، ئۇخلاش ، مۇزىكا ئاڭلاش ۋە ئويناپ - كۈلۈش . خۇداغا ئىشىنىڭ ، بەخىرامان ئۇخلاشنى ئۆگىنىۋېلىڭ ، يېقىملىق مۇزىكىلاردىن لەززەت ئېلىڭ ، تۇرمۇشنىڭ قىزىق تەرەپلىرىنى ئىزدەڭ . شۇنداق قىلسىڭىز ساغلام ۋە بەختلىك بولالايسىز .

بۇ دوختۇرنىڭ دوستۇمغا بىرىنچى بولۇپ قويغىنى : «سىزنى بۇ هالغا چۈشۈرۈپ قويغان كەيپىيات نېمە ؟» دېگەن سوئال ، ئۇ دوستۇمنى جىددىي ئاگاھلاندۇرۇپ ، ئەگەر سىز روھىي جەھەتتە ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز ئازابلاشنى توختاتمايدىغان بولسىڭىز ، سىزدە بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئەگەشمە كېسەللىكلەرمۇ مەيدانغا كېلىشى ، يۈرەك كېسىلى ، ئاشقازان يارىسى ، دىيابىت كېسىلى ۋە باشقىلار كۆرۈلۈشى مۇمكىن دېدى . «بارلىق كېسەللىكلەر ، — دەيدۇ بۇ مەشھۇر تېببىي پەن ئالىمى ، — بىر قېلىپتىن چىقىدۇ ، ئۇلارنى ھەتتا قوشكېزەك ئاكا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇكىلار دىيىشكە بولىدۇ» . شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئۇلارنىڭ ھەممىسى غەم - ئەندىشە ۋە خاتىرجەمسىزلىكنىڭ مەھسۇلى !

بىر قېتىم مەن مەشھۇر كىنو چولپىنى مول ئەۋېنىژ بىلەن سۆھبەتلىشىپ قالدىم . ئۇ ماڭا ئىچ باغرىنى تۆكۈپ ، تۇرمۇشتا مەڭگۈ بېشىنى قاتۇرماسلىققا ۋە ئاچچىقلانماسلىققا بەل باغلىغانلىقىنى ، چۈنكى باش قاتۇرۇش ۋە ئاچچىقلىنىش ئۇنىڭ ئەڭ قىممەتلىك دەسمايىسى — گۈزەل ھۆسنىگە زىيان يەتكۈزىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى .

«كىنو ساھەسىگە يېڭىدىن قەدەم قويغىنىمدا ، — دەيدۇ ئۇ ماڭا سۆزلەپ بېرىپ ، — كۆڭلۈم غەم بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى . ئۇ چاغدا ھىندىستاندىن لوندونغا ئەمدىلا كېلىشىم بولۇپ ، نە ئۇرۇق - تۇغقىنىم ، نە بىرەر خىزمىتىم يوق ئىدى . نۇرغۇن كىنو شىركەتلىرىنىڭ دىرېكتورلىرىغا يېلىنغان بولساممۇ ، مېنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىشكە بىرسىمۇ ماقۇل بولمىدى . يېنىمدىكى ئازغىنە پۇلۇم تۈگەي دەپ قالغانىدى . ئىككى ھەپتىدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان پېچىنە يەپ ، سۇ ئىچىپ كۈن ئۆتكۈزدۈم . مەن ھەم جىلە بولاتتىم ، ھەم ئاچ يۈرەتتىم . ساراڭ بولۇپ قالدىممۇ ، يا؟ كىنوچىلىق ساھەسىگە كىرىشىم ئۇخلىماي چۈش كۆرۈشۈم بولسا كېرەك دەپ ئويلايتتىم . مېنىڭ تەجرىبەم يوق ئىدى . ئۆمرۈمگە كېلىپ ھەتتا دىرامىنىڭ بىرەر كۆرۈنۈشىدىمۇ رول ئېلىپ باقمىغان ! مەندە تۇغما چىرايلىق چىرايىدىن باشقا ، ئاشۇنداق ھەۋەسكە سالغۇدەك يەنە نېمە ئاساس بولسۇن؟

ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىر قاراپلا باش قېتىنچىلىق ۋە غەم - ئەندىشە كەلتۈرۈپ چىقارغان يامان ئاقىۋەتنى بايقىدىم . قارىسام يۈزۈمگە قورۇق چۈشۈپتۇ ، روھىممۇ چۈشكۈن ئىدى . بۇ چاغدا مەن ئۆز - ئۆزۈمگە دېدىم : 〈بۇنداق ئەھۋالىڭنى دەرھال ئۆزگەرتىشىڭ كېرەك ! سېنىڭ بىردىنبىر دەسمايەڭ ئاشۇ چىرايىڭ . ئەگەر داۋاملىق مۇشۇنداق غەمكىن يۈرىدىغان بولساڭ ، شۇنچىلىك نەرسەڭمۇ نابۇت قىلىۋېتىسەن !〉 »

تۇرمۇشتا ، ئاياللارنىڭ ھۆسن - جامالىنى بۇزۇپ ھەممىدىن بەك قېرىتىۋېتىدىغان ئامىللار ئىچىدە ئۇزاققا سوزۇلغان غەم - قايغۇنىڭ

ئالدىغا ئۆتىدىغىنى يوق. بۇنداق كەيپىيات ئادەمنى ئۇمىدسىزلەندۇ-رۇپ، كۆڭلى يېرىم، ئۆلۈك چىراي قىلىپ قويىدۇ، يۈزدىكى قو-رۇقنى كۆپەيتىۋېتىدۇ، چاچنىمۇ ئاقارتىۋېتىدۇ. بەزى ئەھۋاللاردا چاچنى چۈشۈرۈۋېتىشىمۇ مۇمكىن. غەم - غۇسسە ۋە بىئاراملىق ئاپپاق تېرە - مۇسكۇللىرىڭىزنى بۇزۇپ، بەدىنىڭىزدە يىرىڭلىق چاقا ۋە تۇگۇنچەك پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

بارلىق كېسەللىكلەر ئىچىدە، يۈرەك كېسىلى بىلەن ئۆلىدىغان-لارنىڭ نىسبىتى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا 300 مىڭدىن كۆپرەك ئەسكەر جەڭ مەيدانىدا قازا تاپقان؛ شۇ مەز-گىلدە 2 مىليون تىنچ شەھەر ئاھالىسى يۈرەك كېسىلى تۈپەيلى قازا تاپقان. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ تەڭدىن تولىسىنىڭ يۈرەك كېسىلىنى كۆڭۈل خاتىرجەم بولماسلىق ۋە تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى پەيدا قىلغان. شۇنداق، كارېلنىڭ بىز يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرگەن مەشھۇر سۆزى ھەقىقەتەن يۈرەك كېسىلىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەب ئىكەن: «ئىشنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ ئۆزىنى خاتىرجەم قىلىشنى بىلمەيدىغان ئادەمنىڭ ئۆمرى قىسقا.»

ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ھەرقايسى ئىشتاتلاردا ياشاۋات-قان نېگىرلار بىلەن جۇڭگولۇقلار ئىچىدە كۆڭۈل خاتىرجەمسىزلىكى تۈپەيلىدىن يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولىدىغانلار خېلى ئاز، ئۇلار بىرەر ئىشقا دۇچ كەلگەندە ئېغىر - بېسىقلىق ۋە تەمكىنلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىدۇ.

دوختۇرلار ئىچىدە يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولىدىغانلارنىڭ ئوتتۇرىچە سانى دېھقانلار ئىچىدىكىلەرنىڭ 20 ھەسسىسىگە تەڭ كېلى-دۇ. بۇنىڭدىن دوختۇرلارنىڭ ئۆزلىرى شۇغۇللىنىۋاتقان جىددىي كەسپى ئۇچۇن قانچىلىك زور بەدەل تۆلەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

«مېھىر - شەپقەتلىك ئاللاتائالا بىزنىڭ گۇناھىمىزنى مەغپىرەت قىلسا قىلىدۇكى، — دەيدۇ ۋېليام جېمېس، — نېرۋا سىستېمىمىز قىلچە رەھىم قىلمايدۇ.»

www.uyghurkitap.com

تېخىمۇ قورقۇنچلۇق ، ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان يەنە بىر پاكىت بار : ئامېرىكىدا ھەر كۈنى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدىغانلارنىڭ سانى كۆپ ئۇچرايدىغان بەش خىل يۇقۇملۇق كېسەللىككە گىرىپتار بولۇپ ئۆلۈپ كېتىدىغانلارنىڭ سانىدىن كۆپ ئارتۇق .

كىشىلەر نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ ؟ باش قېتىنچىلىق ۋە ھەسرەت چېكىشتىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ .

قەدىمكى جۇڭگودا ، غەزىپى چېكىدىن ئاشقان بىر جياڭجۈن قولغا چۈشكەن ئەسىرلەرنى قىيناقچى بولسا ، لىق سۇ توشتۇرۇلغان سوغىلارنى ئۆيىنىڭ تورۇسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ ، ئۇنىڭ تېگىگە پۇت-قولى باغلانغان ئەسىرلەرنى توختىتىپ ، بېشىغا سوغىدىكى سۇنى تامچىلىتىدىكەن . تامچىلىغان سۇ ئەسىرلەرنىڭ بېشىغا خۇددى بولقا بىلەن ئۇرغاندەك تېمىپ ئۇلارنى ساراڭ قىلىپ قويىدىكەن .

ئۇزاق داۋام قىلغان غەم - قايغۇ خۇددى كېچە - كۈندۈز توختىماي تېمىپ تۇرغان سۇ تامچىسىغا ئوخشايدۇ ، بىراق ئۇ ئادەمنىڭ قەلبىگە تېمىۋېرىپ ساراڭ قىلىپ قويىدىغان ، ھەتتا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا ئېلىپ بارىدىغان سۇ تامچىسىدىن ئىبارەت ، خالاس .

مەن بالىلىق دەۋرىمدە مىسسۇرى ئىشتاتىنىڭ سەھراسىدا تۇراتتىم . دىن تارقاتقۇچىنىڭ دوزاختىكى ئوت توغرىسىدا سۆزلىگەنلىرىنى ئاڭلىسام قورققىنىمدىن شۈركۈنۈپ كېتەتتىم . لېكىن ، ئۇ يەنە بىر خىل دوزاخنىڭ ئوتىنى ، يەنى پانىي دۇنيادا ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ غەم - قايغۇ تۈپەيلىدىن تارتىۋاتقان جىسمانىي ئازابىنى ئاغزىغىمۇ ئېلىپ قويمايتتى . كىمكى ئۈمىدسىزلىكتە ياشايدىكەن ، ھامان بىر كۈنى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قورقۇنچلۇق ئاپەتلىرىدىن بىرى — يۈرەك سانجىقىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ .

سىز ئۆزىڭىزنىڭ تۇرمۇشىنى سۆيەمسىز ؟ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشنى خالامسىز ؟ تېنىڭىزنىڭ ساغلام بولۇشىنىمۇ ئۈمىد قىلامسىز ؟ خالىسىڭىز دوكتور ئالېكسىس كارىلنىڭ بىزگە بەرگەن تەلىمى بويىچە ئىش كۆرۈڭ . ئۇ مۇنداق دەيدۇ : «كىمكى زامانىۋىلاشقان چوڭ شەھەرلەردىكى شاۋقۇن - سۈرەن ئىچىدە كۆڭلىنى خاتىرجەم تۇتالىسا

نېرۋا خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرگە قارشى ئىممۇنىتېت كۆچىگە ئىگە
بولغان بولىدۇ .»

سىزمۇ شاۋقۇن بىلەن قاپلانغان زامانىۋى چوڭ شەھەردە كۆڭلى-
ڭىزنى خاتىرجەم تۇتالامسىز ؟ بۇ سوئالغا ئادەتتىكى كىشىلەر : «تۇتا-
لايمەن ، جەزمەن تۇتالايمەن .» دەپ جاۋاب بېرىدۇ . ئارىمىزدىكى كۆپ
سانلىق كىشىلەر چوقۇم ئۆزى ئىشەنگەندىكىدىنمۇ قەيسەر كېلىدۇ .
بىزدە بار ئىچكى زاپاسلارغا بەلكىم تېخى سان تەگمىگەن بولسا كې-
رەك . بۇ پاكىت سورونىڭ ئۆلمەس ئەسىرى — «ۋاردېن» دا گەۋدى-
لەندۈرۈلگەن : «مېنىڭچە ، ئادەملەردىكى مەقسەتلىك تىرىشىش ئارقى-
لىق ئۆز تۇرمۇشىنى تېخىمۇ يېڭى مەنزىلگە يەتكۈزەلەيدىغان ئىقتىدار-
دىن ئالىيجاناب نەرسە يوق…… ئەگەر بىر ئادەم تولۇپ تاشقان ئىشەنچ
بىلەن بىرخىل غايىگە ئىنتىلىدىكەن ، ئۆزى ئارزۇ قىلغان تۇرمۇشنى
قەيسەرلىك بىلەن قولغا كەلتۈرىدىكەن ، ئۇنداقتا ئۇ ئادەتتىكى ئەھۋال-
دا يەڭگىللى بولمايدۇ دەپ قارىلىدىغان قاتمۇقات توسالغۇلارنى يېڭىپ ،
ئاخىرقى ھېسابتا مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ .»

بۇ كىتابىمىزنىڭ كىتابخانلىرى ئىچىدە قەيسەر شىجائەت ۋە
ئىچكى يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە نۇرغۇن كىشىلەر جەزمەن بار . ئۇلار
ئوھىئو ئىشتاتىدىكى ئورگاجېۋېي — ھەرقانداق ئەھۋالدىمۇ غەم -
قايغۇنى چىقىرىپ تاشلىيالايدىغان ئايالدىن قېلىشمايدۇ . بىز بۇ كى-
تابتا مىسال كەلتۈرگەن نۇرغۇن قەدىمكى پەلسەپىۋى قائىدىلەر بويىچە
ياشايدىغانلا بولساق ، چوڭقۇر ئىشىنىمەنكى ، بۇ ئايال قىلالىغان ئىش-
نى بىزمۇ ئوخشاشلا قىلالايمىز . تۆۋەندىكىسى ئورگاجېۋېينىڭ بىر
قىسىم كەچۈرمىشلىرى ، ئۇ بۇ كەچۈرمىشلىرىنى ماڭا شەخسەن ئۆزى
خەت يېزىپ سۆزلەپ بەرگەن : «بۇنىڭدىن سەككىز يېرىم يىل ئىلگى-
رى ، مەن ئۆلۈم جازاسى — راكقا ھۆكۈم قىلىندىم . بۇ ھۆكۈمنامى-
نى دۆلىتىمىز بويىچە ئەڭ نوپۇزلۇق داۋالاش ئورگانلىرىنىڭ بىرى
بولغان مېئو دوختۇرخانىسى چىقارغانىدى . ھاياتىم ئاخىرلىشاي دەپ
قالدى . كۆز ئالدىمدا چەكسىز چوڭقۇر ھاڭ ! مەن ئۈمىدسىزلىك
ئىچىدە ئەسلىدىكى ئائىلە دوختۇرىمىزغا تېلېفون بېرىپ ، ئۇنىڭغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يىغلاپ تۇرۇپ دەردىمنى تۆكتۇم : مەن تېخى ياش ، مەن ئۆلۈشنى خالىمايمەن ! بىراق ، ئۇ ھەيـران قالغان تەلەپپۇزىدا جاۋاب بەردى : 〈نېمە بولدۇڭ ئورگا ؟ سەندىكى جاسارەت نەگە كەتتى ؟ ئەگەر سەن مۇشۇ تەرىقىدە ھەسرەت چېكىشۋېرىدىغان بولساڭ ، تېزلا ئۆلۈپ كېتىدە سەن . شۇنداق ، سەن ئەڭ زور بەختسىزلىككە ئۇچرىدىڭ . لېكىن ، سەن ئۇنىڭغا بويسۇنۇشۇڭ كېرەك . ئەڭ مۇھىمى ، سەن ئۆزۈڭنى جىسمانىي جەھەتتىن ئازابلاشنى دەرھال توختات ، ئاندىن ئامال قىلىپ ئۇنىڭغا تاقابىل تۇر〉 ! مەن شۇ يەردىلا قەسەم قىلدىم ، ئىرادەم شۇنداق چىڭ بولدىكى ، ھەتتا قولۇمنى چىمدىپ قان چىقىرىۋېتىپتىمەن ، ئەمدى ئۆزۈمنى ھەرگىز ئازابلىمايمەن ! ھەرگىز يىغلىمايمەن ! ئەگەر ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى ھەقىقەتەن يوللۇق بولۇپ ، روھ كېسەللىكىنى بويسۇندۇرالايدىغان بولسا ، مەنمۇ نېمە ئۈچۈن سىناپ باقمايمەن ؟ مەن ياشاشنى خالايمەن ، چوقۇم ياشىيالايمەن ! »

49 كۈن رېنتگېن نۇرى بىلەن داۋالانغاندىن كېيىن ئورۇقلاپ بىر تېرە ، بىر سۆڭەك بولۇپ قالدىم . پۇتۇم تۇگمەن تېشىنى باغلاپ قويغاندەك ئېغىر ئىدى . شۇنداق بولسىمۇ قورقماي يۈرۈۋەردىم . بىر قېتىممۇ يىغلاپ باقمىدىم ! يەنىلا كۈلۈپ يۈردۈم ! شۇنداق ، بۇ ھەقىقەتەن زورىغا كۈلۈش ئىدى .

مەن تېخى زورمۇزور كۈلۈپ بەرسە راك شىپالىق تاپىدۇ دەپ قارىغۇدەك دەرىجىدە ئەخمەق بولۇپ قالغىنىم يوق ، ئەلۋەتتە . لېكىن ، مەن قەتئىي ئىشىنىمەنكى ، كۆڭۈلنى ئازادە تۇتۇش بەدەننىڭ كېسەللىك ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىغا پايدىلىق . بۇ ھال مېنىڭ ھېچبولمىغاندا راك ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىمدا كارامەت رول ئوينىدى . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەن جىسمانىي جەھەتتە ئەزەلدىن بۇنداق راھەتلىنىپ باقمىغانلىقىمنى ھېس قىلىۋاتىمەن . بۇ تۆھپە ئەسلىدىكى ئائىلە دوختۇرىمىزنىڭ : 〈سەن ئۇنىڭغا بويسۇنۇشۇڭ ، ئاندىن ئامال قىلىپ ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشۇڭ كېرەك !〉 دېگەن سۆزىگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك . »

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى ساھابىلىرى كۆپ ھاللاردا

قۇرئاندىكى بەزى ئايەتلەرنى كىشىلەرنىڭ كۆكرىكىگە چېكىپ قويىدى-
كەن ، مەنمۇ بۇ بابتىكى «ئىشنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ كۆڭلىنى
خاتىرجەم قىلىشنى بىلمەيدىغان ئادەمنىڭ ئۆمرى قىسقا» دېگەن سۆز-
نى كىتابخانلىرىمغا تەقدىم قىلاي . بۇ غەم - قايغۇنى تۈگىتىش توغرى-
سىدا سىلەرگە ئېيتىپ قويىدىغان ئۈچىنچى پىرىنسىپ .

www.uyghurkitap.com

# II ئەندىشىنى تەھلىل قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش لازىم

## 1 . تەھلىل قىلىش مەسىلە ھەل قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى

ئىككىنچى مەزمۇندا بىز كۆپچىلىككە ۋىللىس كارىلىنىڭ سىرلىق فورمۇلاسىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇق . بىز تۇرمۇشىمىزدا دۇچ كېلىش ئېھتىمالى بولغان ھەممە مەسىلىنى مۇشۇ فورمۇلادىن پايدىلىنىپ ھەل قىلىپ كېتەلەيمىز ، ئەلۋەتتە . بىز ھەرخىل مەسىلىلەرنى ھەل قىلماقچى ھەمدە ئۇلار كەلتۈرۈپ چىقارغان تۇرلۇك غەم ـ ئەندىشىلەر ـ نى تۈگەتمەكچى بولىدىكەنمىز ، ئالدى بىلەن مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز لازىم . مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ :

1 . ۋەقەنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش (ئەھۋال ئىگىلەش ) .

2 . ۋەقەنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئانالىز قىلىش .

3 . ئاخىرىدا قارار چىقىرىش ھەمدە ئەمەلدە كۆرسىتىش .

ئارىستوتېل بىزگە بۇرۇنلا تەلىم بەرگەن بۇ ماددىلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئوڭاي ئەمەس . لېكىن ، ئەگەر بىزنى غەم ـ قايغۇغا سالغان ۋە ئازابلىغان بۇ قىيىنچىلىقلارنى ھەقىقىي تۈردە تۈگەتمەكچى بولىدىكەنمىز ، قەتئىي ھالدا ئۇنىڭ تەلىماتى بويىچە ئىش كۆرمەكتىن باشقا چارە يوق .

ئالدى بىلەن ۋەقەنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ چىقىشىمىز شەرت . چۈنكى ، ئەگەر ھەقىقىي ئەھۋالنى ئىگىلىمەيدىغان

بولساق ، مەسىلە ئۈستىدە ئاقىلانىلىك بىلەن مۇلاھىزە يۈرگۈزەلمەي-مىز . ئەھۋال ئىگىلىمەي تۇرۇپ يۈرگۈزۈلگەن مۇلاھىزە كېرەكسىز ۋە مەقسەتسىز مۇلاھىزە بولىدۇ .

بۇ مېنىڭ شەخسىي چۈشەنچەم ئەمەس ، بەلكى مەرھۇم ھېبېرت كوكسىنىڭ ئۆز تەجرىبىلىرىدىن چىقارغان يەكۈنى . ئۇ كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەييارلىق سىنىپىغا 22 يىل مۇدىر بولغان . ئۇ ھاياتىدا نۇرغۇن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كونكرېت قىيىنچى-لىقلىرىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بەرگەن . ئۇ بىر قېتىم ماڭا : «مىڭىنىڭ قالايمىقانلىشىپ كېتىشى — ئادەمنى غەم - قايغۇغا سالى-دىغان ئاساسلىق ئاپەتنىڭ يىلتىزى» دېگەنىدى . ئۇ ئارقىدىنلا ماڭا چۈشەندۈرۈپ : «دۇنيادىكى غەم - قايغۇلارنىڭ تەڭدىن تولىسى ئەمە-لىيەتتە كىشىلەرنىڭ بىرەر ئىشنى ئايدىڭلاشتۇرماي تۇرۇپلا ئالدىراق-سانلىق بىلەن قارار چىقىرىشىدىن پەيدا بولىدۇ . مەسىلەن ، مېنى كېلەر سەيشەنبە كۈنى بىر قىيىن مەسىلە ئۈستىدە قارار چىقار دېسە ، مەن سەيشەنبىدىن ئىلگىرى ھەرگىز يەكۈنلۈك بىلەن بىر قارارغا كەلمەيمەن . مېنىڭ سەيشەنبىدىن ئىلگىرى قىلىدىغان ئىشىم ئاسا-سەن شۇ ئىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك باشقا ئەھۋاللارنى ئىگىلەش بولى-دۇ . مەن ئالدىراپمۇ كەتمەيمەن ، باش قاتۇرۇپمۇ كەتمەيمەن ، بۇ ئىشنى دەپ ئۇخلىمايمۇ قالمايمەن . پەقەت شۇ ئىشنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى نۇقتىلىق ئىگىلەيمەن . سەيشەنبە كۈنى بولغاندا ھەممە ئەھۋالنى پىششىق ئىگىلەپ بولىمەن ، ئادەتتە مەسىلىمۇ ئۆزلۈكىدىن ھەل بولغان بولىدۇ » دېگەنىدى .

مەن خوكستىن سىز ئەزەلدىن بىئاراملىق ۋە خاتىرجەمسىزلىك ھېس قىلىپ باقمىغانمۇ دەپ سورىسام ، «شۇنداق ، — دېدى ئۇ ئىسپاتلاپ ، — مەن بىئارام بولۇش ۋە خاتىرجەمسىزلىنىش دېگەنلەر-نى تۇرمۇشۇمدىن پاك - پاكىز تازىلاپ چىقىرىۋەتكەن . مېنىڭ نۇقتى-ئىنەزىرىم شۇكى : بىزدە ئەھۋالنى ئوبيېكتىپ ، ئادىل ئىگىلەش ۋە تەھلىل قىلىشقا يېتەرلىك ۋاقىت بولىدىغانلا بولسا ، ھەقىقىي ئەھۋال-نى تەدرىجىي ئايدىڭلاشتۇرۇپ چىقالايمىز ، بىئاراملىقمۇ شۇنىڭ بىلەن تۈگەيدۇ » .

توماس ئېدىسون كىشىلەرنى جىددىي ئاگاھلاندۇرۇپ : دۇنيادا پىكىر يۈرگۈزۈشتىن قېچىشتىنمۇ قورقۇنچلۇق باھانە يوق، دېگەندى . گەرچە ئارىمىزدىكى كۆپ سانلىق كىشىلەر پىكىر يۈرگۈزۈشتىن قاچمىسىمۇ ، لېكىن ئۇلار مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلغاندا ، ھامان ئۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى قاراشلىرىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدىغان پاكىتلارغا ئوۋ ئىتى ئولجىغا يېپىشىۋالغاندەك ئېسىلىۋالىدۇ - دە، باشقا ئەھۋاللار بىلەن كارى بولمايدۇ . ئۇلار پەقەت ئۆز ھەرىكىتىنىڭ توغرىلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان پاكىتلارغىلا قىزىقىدۇ . فىرانسىيەلىك مەشھۇر يازغۇچى مودىسىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا ، «ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي ئارزۇسى بىلەن بىردەك بولغانلىكى نەرسىنى توغرا دەپ بىلىدۇ ، ئەكسىچە بولسا خاپا بولىدۇ .»

ئۆزىمىزنىڭ سوئاللىرىغا كۆپ ھاللاردا ئاسانلىقچە جاۋاب تاپالماي قېلىشىمىز ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس . بۇنى بىر ماتېماتىكىلىق مەسىلىنى ئىشلەشكە ئوخشاتساق ، سىز ئالدى بىلەن $2\times2=5$ دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈۋالسىڭىز ، ئۇ مەسىلىنى ئىشلەشتە قانداقمۇ قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلمەي قالىسىز ؟ ئۆزىمۇ دوزاختا ياشىغاندەك ياشايدىغان ، باشقىلارنىمۇ دوزاختا ياشاشقا قىستايدىغان ئادەملەر تۇرمۇشتا ھەقىقەتەن ئاز ئەمەس ، بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب ، ئۇلار $2\times2=5$ دەپ تۇرۇۋالىدۇ ، بەزىدە ھەتتا 500 دەپ تۇرۇۋېلىشتىنمۇ يانمايدۇ !

ئۆزىنىڭ دەسلەپكى قاراشلىرىغا ئېسىلىۋالىدىغان پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى تۈگىتىشنىڭ چارىسى ھېسسىيات بىلەن ئەمەلىيەتنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈپ ، ئەھۋاللارنى خوكسقا ئوخشاش تىرىشىپ «ئوبىيېكتىپ ، ئادىل» تەھلىل قىلىشتىن ئىبارەت .

ئەگەر كۆڭلىمىز ئەسلىدىلا خاتىرجەم بولمىغان بولسا ، بۇ نۇقتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تولىمۇ قىيىن . چۈنكى ، بۇنداق پەيتتە ھېسسىياتىمىزنى خۇددى تىزگىنسىز ئاتتەك تۇتالماي قالىمىز . بىراق ، مەن ھەرقايسىڭلارغا بىر سىناق قىلىپ كۆرۈپ ، ئۇنۇملۇك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان ئىككى تەجرىبىنى تونۇشتۇرۇپ قوياي ، بۇ

تەجرىبىنى قوللانساڭلار ، ئۆزۈڭلار بىلەن مەسىلە ئوتتۇرىسىدا مۇئەي-
يەن ئارىلىق ساقلاپ قالالايسىلەر ، بۇ ئەھۋاللار ئۈستىدە سەگەكلىك
بىلەن ئاقىلانە تەھلىل يۈرگۈزۈش ۋە ھۆكۈم چىقىرىشقا پايدىلىق .

بىرىنچى ، ئەگەر مەن بىرەر ئىشنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئىگى-
لىمەكچى بولسام ، ئۆزۈمگە بۇ ئەھۋالنى ئىگىلىشىم ئۆزۈم ئۈچۈن
ئەمەس ، بەلكى باشقىلار ئۈچۈن دەپ تەسەللى بېرىمەن ، بۇنىڭ بىلەن
ئىزاھات ماتېرىياللىرى ئۈستىدە ئىغىر - بېسىقلىق بىلەن ئادىل
تەھلىل يۈرگۈزەلەيمەن ۋە باھا بېرەلەيمەن ، ئۆزۈمنىڭ دەسلەپكى
قاراشلىرىمغا ئېسىلىۋالىدىغان سۇبيېكتىپ ئىرادەممۇ شۇنىڭ بىلەن
چىقىپ كېتىدۇ .

ئىككىنچى ، ئەگەر مەن بېشىمنى قاتۇرۇۋاتقان بىرەر ئىشنىڭ
ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئايدىڭلاشتۇرماقچى بولسام ، بەزىدە ئۆزۈمنى قار-
شى تەرەپنىڭ ئادۋوكاتى ئورنىدا قويىمەن . مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاند-
دا ، چوقۇم ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىپ ، ماڭا قارشى ھەممە
پىكىرلەرنى ئاڭلىشىم شەرت . ئەگەر بۇ پىكىرلەر مېنىڭ ئويۇم بىلەن
تامامەن قارىمۇقارشى بولسا ، ئاڭلىغاندا كۆزۈمنىلا يۇمۇۋالىمەن .
ئاندىن ئۆزۈمنىڭ ۋە قارشى تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى ئايرىم - ئايرىم
يېزىۋالىمەن . ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ، يېزىپ - يېزىپ بىر يەرگە
كەلگەندە مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىمۇ تېپىلىپ قالىدۇ . كۆپ
ھاللاردا ئىككى تەرەپنىڭ نۇقتىئىنەزىرى چەكتىن ئاشقان بولىدۇ .
ۋەقەنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى بولسا ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا بولىدۇ .

مېنىڭ بۇنداق قىلىشىم تۆۋەندىكى ئويدىن بولغان : ھەرقانداق
ئادەم (جۇملىدىن سىزمۇ ، مەنمۇ ، تالانتلىق ئىدېسون ياكى ئامېرىكا
ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ نوپۇزلۇق سودىيەلىرىمۇ ) مۇناسىۋەتلىك
ئەھۋاللارنى ئالدىن ئىگىلىمەي تۇرۇپلا بىرەر مەسىلە ئۈستىدە ئاقىلانە
ھۆكۈم چىقىرىپ باققان ئەمەس . توماس ئىدېسون بۇ ئۇسۇلنى چۈشى-
نەتتى . ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندە 2500 دانە خاتىرە دەپتىرىنى قالدۇرۇپ
كەتكەن بولۇپ ، بۇ دەپتەرلەر ئۇ تەتقىق قىلغان ھەر خىل مەسىلىلەر
بىلەن تولغانىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەسىلە ھەل قىلىشنىڭ تۇنجى قەدىمى ئەمەلىي ئەھۋالنى ئىگىلەش. بارلىق ۋەقەنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى مۇدىر خوكسقا ئوخشاش ئوبيېكتىپ ۋە ئادىل ئۇسۇللار ئارقىلىق ئىگىلەپ چىقماي تۇرۇپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ھەرگىز قول تىقماسلىق لازىم. ھالبۇكى، ئەگەر بىز ۋەقەنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلمايدىغان بولساق، ئىگىلىگەن ئەھۋالىمىز ھەرقانچە كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ كارغا كەلمەيدۇ.

تەجرىبىلەر ئىسپاتلىدىكى، ۋەقەنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى يېزىق شەكلىدە تەھلىل قىلىش بىرقەدەر ئوڭاي. ھەرقايسى جەھەتلەردىكى ئەھۋاللارنى قەغەزگە ئېنىق خاتىرىلەپ ماڭساق، ئاقىلانە ھۆكۈم چىقىرىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ، چارلېز كاتلىن (ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر ئالىمى) بۇ ئۇسۇلغا باھا بېرىپ: «مەسىلىنى ئېنىق ئىپادىلەپ بېرىش — مەسىلىنىڭ يېرىمىنى ھەل قىلغانلىق» دېگەنىدى.

تۆۋەندە، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئۇسۇلنىڭ ئەمەلىيەتتە كارغا كەلگەن - كەلمىگەنلىكىگە قاراپ باقايلى. جۇڭگودا «بىر پارچە رەسىم مىڭ ئېغىز سۆزگە تېتىيدۇ» دەيدىغان گەپ بار. ھازىر مەن سىلەرگە بىر پارچە رەسىمنى كۆرسىتىپ قوياي، كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، بايا مەن سۆزلىگەن ئۇسۇلنىڭ راستتىنلا كارغا كەلگەنلىكىنى بىلىپ قالىسىلەر.

مەن دېمەكچى بولغان بۇ ئادەمنىڭ ئىسمى گالېن لېچفېلد، ئىككىمىزنىڭ تونۇشقىنىمىزغا كۆپ يىللار بولدى. ئۇ يىراق شەرق رايونىدا ھەممىدىن مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئامېرىكىلىق سودىگەر. 1942 - يىلى ياپونىيە ئارمىيەسى شاڭخەينى بېسىۋالغاندا ئۇ جۇڭگودا ئىدى. تۆۋەندە سۆزلەيدىغىنىم، مەن بىر قېتىم ئۇنى يوقلاپ بارغاندا، ئۇ ئۆز ئاغزى بىلەن سۆزلەپ بەرگەن ھېكايە:

«پېيورل - خاربور ۋەقەسى يۈز بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ياپونىيەلىكلەر شاڭخەيگە ئۇۋۇسى چۇۋۇلغان ھەرىدەك باستۇرۇپ كېلىشكە باشلىدى. ئەينى چاغدا مەن شاڭخەي ئاسىيا ئادەم ئۆمرىنى خەۋپسىزلەندۇرۇش شىركىتىنىڭ دىرېكتورى ئىدىم. ئۇلار بىر ھەربىي تەپ-

تىش ئەۋەتىپ بىزنى نازارەت قىلدى ھەمدە ماڭا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ، شىركىتىمىزنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئېنىقلىغاندا ئۇنىڭغا ياردەملىشىشىم شەرتلىكنى ئېيتتى . مەن مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدىم . بىر بولسا باش ئېگىپ خوش ـ خوش دەپ تۇرۇشۇم ، يەنە بىر بولسا ...... كېرەك ئىدى ، بىر بولسا مېنى ئۆلۈم كۈتۈپ تۇراتتى .

مەن ئۇلارنىڭ بۇيرۇقىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالىدىم . لېكىن ، ھېساب تۇرلىرىنى تىزىملىغاندا ، 750.000 دوللار قىممىتىدىكى بىر بولاق باھالىق ئاكسىيەنى قەستەن ئۆچۈرۈۋەتتىم ، چۈنكى ئۇ بىزنىڭ شاڭخەيدىكى شۆبە شىركىتىمىزگە تەئەللۇق مال ـ مۈلۈك بولۇپ ، شاڭخەيدىكى باش شىركەت بىلەن مۇناسىۋىتى يوق ئىدى . شۇنداق بولسىمۇ ، ياپونىيەلىكلەرنىڭ بۇ مەخپىيەتلىكنى بىلىپ قېلىشىدىن يەنىلا قورقۇپ يۈردۈم . ئويلىغىنىمدەك ، ئۇزاق ئۆتمەي راستىنلا چاتاق چىقتى .

ياپونىيەلىكلەر ھېساباتىكى بۇ يوچۇقنى بىلىپ قاپتۇ ، بۇ چاغدا مەن ئىشخانىدا يوق ئىدىم ، بىرىنچى باش بوغالتىرىملا بار ئىكەن . كېيىن ئۇنىڭ ماڭا سۆزلەپ بېرىشىچە ، ياپونىيەلىك ھېلىقى جياڭجۇن چىچاڭلاپ ، غەزەپتىن پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ ، مېنى ۋاپاسىز ئوغرى ، خائىن دەپ تىللاپتۇ ، مېنى پادشاھ ئارمىيەسى بىلەن قەستەن قارشىلاشتى ! دەپتۇ ، بۇ گەپلەرنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى ماڭا بەش قولدەك ئايان ئىدى . ئۇلارنىڭ مېنى 〈مېھمانخانا〉 سىغا 〈تەكلىپ〉 قىلىشى تۇرغان گەپ !

بۇ 〈مېھمانخانا〉 ئەمەلىيەتتە ياپونىيە مەخپىي ساقچىلىرىنىڭ سوراقخانىسى ئىدى . مېنىڭ نۇرغۇن دوستلىرىم ئۆلۈۋالسا ئۆلۈۋالغانكى ، ئۇ يەرگە بېرىشنى خالىمىغانىدى . نۇرغۇن دوستلىرىم ئۇ يەردە ئون نەچچە كۈنلۈك قىيىن ـ قىستاق ۋە سوراقتىلا ئۆلۈپ كەتكەنىدى . 〈مېھمانخانا〉 غا بېرىش نۆۋىتى ئەمدى ماڭا كەلگەن ئوخشايدۇ !

قانداق قىلىشىم كېرەك ؟ مەن بۇ خەۋەرنى يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇقتۇم . ئەگەر مەن مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ بىر خىل

پەۋقۇلئاددە ئۇسۇلىنى بىلمىگەن بولسام، شۇ چاغدىلا قورقىنىمدىن ئۆلۈپ قالغان بولاتتىم. كۆپ يىللاردىن بۇيان مەن بىر ئىشقا ئادەتلىنىپ قالغانىدىم، مېنى بىئارام قىلىدىغان ياكى قورقۇتىدىغان بىرەر ئىشقا دۇچ كەلسەملا ماشىنىكىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋېلىپ، ئۆزۈمگە ئۆزۈم ئىككى سوئال قوياتتىم:

بىرىنچى، مېنى بىئارام قىلىۋاتقان ئىش نېمە؟

ئىككىنچى، قانداق قىلىشىم كېرەك؟

ئىلگىرى بۇ ئىككى سوئالغا جاۋاب بەرگەندە، مەزمۇنىنى قەغەزگە يېزىپ چىقاتتىم. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ ئادىتىمنى ئۆزگەرتتىم. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، سوئال بىلەن جاۋابىنى قەغەزگە يېزىۋالسام ئىدىيەم تېخىمۇ روشەنلىشىپ، كاللام تېخىمۇ سەگەكلىشەتتى. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن دەرھال شاڭخەي ئاسىيا ئادەم ئۆمرىنى خەۋپسىزلەندۈرۈش شىركىتى بىناسىنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدىكى ئۆيۈمگە كىردىم ـ دە، ماشىنىكىنى ئېلىپ، ئالدى بىلەن بىرىنچى سوئالنى باستىم:

بىرىنچى، مېنى بىئارام قىلىۋاتقان ئىش نېمە؟

ئارقىدىنلا ئىككىنچى سوئالنى باستىم:

ئىككىنچى، قانداق تەدبىر قوللانسام بۇ خەۋپتىن قۇتۇلالايمەن؟

كېيىنكى بىرقانچە سائەتلىك ۋاقتىمنى جىددىي، كەسكىن تەپەككۇر قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدۈم. ئويلىسام، چىقىش يولۇم تۆت ئىكەن، ھەربىر چىقىش يولۇمنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكى ئاقىۋىتى بىر ـ بىرىگە ئوخشاش ئەمەس ئىكەن. مەن ئۇلارنىڭ جاۋابىنى ئىككىنچى سوئالنىڭ ئاخىرىغا بىر ـ بىرلەپ يېزىپ چىقتىم:

بىرىنچى، ياپونىيەلىك جياڭجۇنگە ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ بېقىش. بىراق، ئۇ چوقۇم مېنىڭ ئىنگلىزچە سۆزلىشىمگە يول قويمايدۇ. تەرجىمان تەكلىپ قىلىپ چۈشەندۈرۈپ باقاي دېسەم، جەزمەن ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويىمەن. ئەگەر ئۇنىڭ يەنە ئاچچىقى تۇتىدىغان بولسا، مەن بالاغا قالىمەن. چۈنكى، بۇ ئەبلەخ بەك رەھىمسىز، ئۇ مېنى 《مېھمانخانا》غا ئاپىرىپ بەرسە بېرىدۇكى، مېنىڭ

ئىزاھات بېرىشىمگە رۇخسەت قىلمايدۇ .

ئىككىنچى ، ئامال قىلىپ قېچىپ كېتىش . بۇ مۇمكىن ئەمەس . ئۇلار مېنىڭ ھەرىكىتىمنى ئىزچىل تۇردە قاتتىق كۆزىتىۋاتىدۇ . ئۇلار مېنىڭ ھەر قېتىم ئۆيگە كىرىپ ـ چىققان ۋاقتىمنى خاتىرىلەپ تۇرىدۇ . ئەگەر ئۇلار مېنىڭ قېچىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىمنى بايقاپ قالسا ، تۇتۇپ كېلىپ ئېتىپ تاشلايدۇ .

ئۈچىنچى ، ئىشخانىغا بارماي ، ئۆيدە تۇرۇش . بىراق ، بۇنداق قىلسام جياڭجۇنتى گۇمانلاندۇرۇپ قويىمەن . ئۇ چاغدا ئەسكەر ئەۋەتىپ مېنى تۇتۇپ 〈مېھمانخانا〉غا ئاپىرىپ بېرىشى مۇمكىن ، بۇنداق بولغاندا ماڭا ئۆزۈمنى ئاقلاش پۇرسىتى قالمايدۇ .

تۆتىنچى ، دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەندە بىرىنچى قەۋەتتىكى ئىشخانامغا چۈشۈپ ، ئادەتتىكىگە ئوخشاشلا خىزمەت قىلىش . جياڭجۇن ئالدىراش بولسا كېرەك ، ئېھتىمال مېنىڭ ئىشىمنى بۇرۇنلا ئۇنتۇپ كەتكەندۇ . ئۇنتۇلۇپ كەتمىگەن تەقدىردىمۇ بۇ چاغقىچە ئاچچىقى يېنىپ قالغاندۇ ، ئۇنچە قايناپمۇ كەتمەس . ئەگەر راستتىنلا شۇنداق بولسا ، قۇتۇلۇپ قېلىشىمدىن ئۈمىد بار . ئۇ ماڭا راستتىنلا ئاچچىقلاپ كەتسە ، ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ باقامدىمەن . دېمەك ، دۈشەنبە كۈنى بۇرۇنقىدەكلا ئىشخانىغا بېرىپ خىزمەتكە چۈشسەم ، 〈مېھمانخانا〉غا كىرىشتىن ساقلىنىپ قېلىشىم مۇمكىن .

چوڭقۇر ئويلىنىش ئارقىلىق ، تۆتىنچى لايىھە بويىچە ئىش كۆرۈش ، يەنى دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەندە ئىشخانىغا بېرىپ خىزمەتكە چۈشۈش قارارىغا كەلدىم . قارارغا كېلىشىم بىلەنلا كۆڭلۈم خاتىرجەم بولۇپ ، غەمدىن قۇتۇلدۇم .

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئىشخانامغا كىرىپلا ياپونىيەلىك جياڭجۇننىڭ تاماكا چىشلەپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم . ئۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشاش قادىلىپ قاراش نەزىرى بىلەن ماڭا بىر قاراپ قويىدى ، زۇۋان سۈرمىدى . خۇداغا شۈكۈر ، ئالتە ھەپتىدىن كېيىن ئۇ توكيوغا يۆتكەپ كېتىلدى . شۇنىڭ بىلەن گەجگەمدىن بېسىپ تۇرغان تاشمۇ چۈشۈپ كەتتى .

جېنىمنىڭ هازىرغىچە ئامان قېلىشى پۈتۈنلەي شۇ چاغدىكى تەدبىرىمنىڭ كەسكىن بولغانلىقىدىن بولدى . ئەگەر مەن دەل ۋاقتىدا شۇنداق قىلمىغان بولسام ، نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي ، ئىلاجىسىز قالاتتىم . ئالدىراشچىلىقتا تاپقان چارە كۆپ ھاللاردا ئىشنى بۇزۇپ قويىدۇ . مەن ئەينى چاغدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ئۈستىدە ئەتراپلىق ئويلانمىغان ھەمدە كەسكىن تەدبىر قوللانمىغان بولسام ، شۇ يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىنكى ۋاقتىمنى غەم - قايغۇدا ئۆتكۈزگەن ، كېچىسىمۇ چوقۇم ياخشى ئۇخلىيالمىغان بولاتتىم - دە ، ئەتىسى ئەتىگەندە خىزمەتكە چۈشكەندە سولغۇن ، پەرىشان كۆرۈنەتتىم ، بۇ ھالىتىم بىلەنمۇ ئوخشاشلا ياپونىيەلىك جياڭجۇننىڭ گۇمانىنى قوزغاپ ۋە غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قوياتتىم .

تەجرىبىلەر ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىشنىڭ مۇھىم قىممىتىنى قايتا - قايتا ئىسپاتلىدى . كىشىلەردە ئەقىلدىن ئېزىش ۋە ئازاب پەيدا قىلىدىغان مۇھىم نەرسە شۇكى ، ئۇلار مەسىلىنى كەسكىن بىرتەرەپ قىلىشنى ئۇقمايدۇ . تەكرار ، كىشىنى ساراڭ قىلىۋېتىدىغان تەپەككۇر دەۋرىيلىكىدىن قۇتۇلۇشنى بىلمەيدۇ . مەن شۇنداق ھېس قىلدىمكى ، ئېنىق ۋە مۇئەييەن قارارغا كېلىشىم بىلەن ئەندىشەمنىڭ يېرىمى چىقىپ كېتىدۇ ؛ بۇ قارارىمنى ئەمەلىيىتىمدە كۆرسىتىشكە كىرىشكەن ھامان قالغان 40 % ئەندىشەممۇ چىقىپ كېتىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، تەخمىنەن 90 % ئەندىشە ۋە خاتىرجەمسىزلىكتىن خالىي بولىمەن . دېمەك ، مېنىڭ غەم - قايغۇ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئۇسۇلۇم تۆۋەندىكى تۆت باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ :

1 . ئەندىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى توغرا يېزىپ چىقىش .
2 . قوللىنىشقا باب كېلىدىغان تەدبىرلەرنى يېزىپ چىقىش .
3 . دەرھال قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى بەلگىلەش .
4 . قارارنى دەرھال ئەمەلگە ئاشۇرۇش » .

گالېن لېچفېلد ھازىر نيۇ - يورك ك .فرېمان پۇل مۇئامىلە سۇغۇرتا شىركىتى يىراق شەرق بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ، ئاسىيا

بويىچە ئەڭ شۆھرەتلىك چوڭ سودىگەر ھېسابلىنىدۇ . ئۇ ماڭا ئۇچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ، مۇۋەپپەقىيەتلىرىمنىڭ تەڭدىن تولىسى قىيىن مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش ۋە كەسكىن ھەرىكەت قوللىنىشتىن كەلگەن دەپ سۆزلەپ بەرگەنىدى . ئۇنىڭ ئۇسۇلى ھەم كونكرېت ، ھەم كىشىنى قايىل قىلارلىق بولۇپ ، بىزنىڭ ئەينەك قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ . بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۈچىنچى ماددىسى ئىنتايىن مۇھىم . ئەگەر بىز ئەھۋالنى ئىگىلەپ ۋە تەھلىل قىلىپ قويۇپلا ھەرىكەت قوللانمايدىغان بولساق ، مەسىلىنى ھەرقانچە ئەتراپلىق ئويلاشقىنىمىز بىلەنمۇ بەرىبىر .

ۋېلىيام جامىس مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى : «بىر قارارغا كەلگەن ھامان ئىجرا قىلىش لازىم . بىر ئىشنى باشلاشتىن ئىلگىرى ، كىشىلەرنىڭ خىزمەتكە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە جىددىيچىلىكىنى ئۇنتۇپ ئارام ئېلىشى ۋاقىتلىق بولىدۇ» . جامىسنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنى شۇكى ، كىشىلەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن توغرا ھەل قىلغۇچ تەدبىرلەرنى تۈزەپ بولغان ھامان ، دەرھال ھەرىكەتكە كېلىشى كېرەك ، ئىشنى توختىتىپ قويۇپ يېڭىباشتىن ئويلىنىشقا ، ئارىسالدى بولۇشقا ، قورقۇشقا بولمايدۇ ، ئۆزىدىن گۇمانلىنىپ ، جاسارىتىنى يوقىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ ، ئالدىمدىن يولۋاس ، كەينىمدىن بۆرە چىقىپ قالارمىكىن دەپ قورقۇپ ، ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەسلىككىمۇ بولمايدۇ .

بىر قېتىم ، ئوكلاخوما ئىشتاتىدىن كەلگەن بىر نېفىت دوكارى بىلەن كۆرۈشۈپ قالدىم . ئۇنىڭ ئىسمى فېد فىنلىلىپس ئىكەن . مەن ئۇنىڭدىن قارارنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشقا قانداق ئادەتلەنگەنلىكىنى سورىسام ، ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى : «مېنىڭچە ، بىرەر مەسىلە ئۈستىدە مۇئەييەن ۋاقىت چەكلىمىسىدىن ئېشىپ كەتكەن ھالدا توختىماي ئويلىنىۋېرىش ئادەمنىڭ ئىدىيەسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ ، كۆڭلىنى بىئارام قىلىدۇ . مۇئەييەن ۋاقىتقا بارغاندىمۇ ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىۋېرىش ۋە ئويلىنىۋېرىش زىيانلىق . قارار چىقىرىش ۋە ھەرىكەت قوللىنىش ۋاقتى كەلگەندە قارار چىقىرىش ۋە ھەرىكەت قوللى-

ىنىش كىرەككى، يەنە باشقا ئىشلارنى ئويلاپ يۈرۈۋېرىشكە يول قويۇلمايدۇ.»

بىز قىيىن مەسىلىلەرگە يولۇققاندىمۇ گالىن لىچفېلد سۆزلەپ بەرگەن چارە بويىچە ئىش كۆرۈشىمىز لازىم. بۇ تۆت مەسىلىمۇ بۇ بابىمىزنىڭ ئاخىرقى سۆزى بولۇپ قالسۇن، ئۇنى ھەممىمىز ئېسىمىزدە تۇتايلى:

بىرىنچى، مېنى بىئارام قىلىۋاتقان ئىش نېمە؟ (جاۋابىنى يېزىپ چىقىڭ)

ئىككىنچى، قايسى تەدبىرلەرنى قوللانسام بولار؟ (جاۋابىنى يېزىپ چىقىڭ)

ئۈچىنچى، قانداق تەدبىر قوللىنىش قارارىغا كەلدىم؟

تۆتىنچى، ھەرىكەتنى قاچان باشلايمەن؟

## 2. خىزمەتتىكى قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشنىڭ مەخپىي رېتسېپى

ئەگەر سىز بىر كارخانىچى بولغان بولسىڭىز، بەلكىم: «بۇ بابنىڭ ماۋزۇسى بەك كۈلكىلىك ئىكەن! مەن نەچچە ئون يىل تىجارەت قىلدىم، تەجرىبە دېسە مېنىڭ تەجرىبەم ھەرقانداق ئادەمنىڭكىدىن كۆپ، بىراق خىزمەتتىكى قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشنىڭ مەخپىي رېتسېپى دېگەن نەرسىنىڭ بارلىقىنى ئەزەلدىن ئاڭلاپ باققىنىم يوق. سىز دەۋاتقان بۇ نەرسىلەر چوقۇم پو ئاتقانلىق» دېيىشىڭىز مۇمكىن.

دېمەكچى بولغانلىرىم ھەقىقەتەن راست. ئەگەر بۇنىڭدىن بىر قانچە يىل ئىلگىرى بۇنداق ماۋزۇنى كۆرسەم، مەنمۇ شۇنداق دېگەن بولاتتىم. خىزمەتتىكى باش قېتىنچىلىقنى تۈگىتىش دېگەننىڭمۇ ئېپى بولامدۇ؟

بىز يەنىلا سەممىيلىك بىلەن سۆزلىشەيلى. مەن سىزگە راستىنلا چوڭ ياردەم بېرەلمەسلىكىم مۇمكىن، لېكىن بەزىلەرنىڭ ھە-

قىقەتەن شۇنداق تەسىراتى بار . بۇنىڭغا يەنىلا پاكىت سۆزلىسۇن . ئۈچىنچى بابتا بىز دۇنياغا مەشھۇر دوختۇر ، دوكتور ئالېكسىس كالېرنىڭ «ئىشنى توغرا ھەل قىلىپ ئۆزىنى خاتىرجەم قىلىشنى بىلمەيدىغان ئادەمنىڭ ئۆمرى قىسقا» دېگەن مەشھۇر سۆزىنى نەقىل كەلتۈردۇق . ئەگەر غەم - ئەندىشە ۋە خاتىرجەمسىزلىكنىڭ ئاقىۋىتى ھەقىقەتەن ئاشۇنداق ئېغىر بولىدىغان بولسا ، ئۇنداقتا ، مەن سىزنىڭ ئون پىرسەنت ئەندىشىڭىزنى تۈگىتىشىڭىزگە ياردەم بېرەلىسەممۇ قانائەت قىلماسسىزمۇ ؟ مەن ھازىر سىلەرگە تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچى بولغان ئادەم ئورنى ئىنتايىن يۇقىرى بىر سودىگەر . ئىلگىرى ئۇ يىغىندا ھەل قىلىشقا ئامالسىز قالغان مەسىلىلەرنىڭ كۆپىنچىسى مەخپىي رېتسېپنى قوللانغاندىن كېيىن ، ئوڭايلا ھەل بولۇپ كەتكەن . ئۇنىڭ ئىسمى لىئون سىمېنگېن بولۇپ ، ئامېرىكىدا تەسىرى چوڭ سىمون شۇستېر نەشرىياتىنىڭ باشلىقى .

تۆۋەندىكىلەر ئۇنىڭ ماڭا سۆزلەپ بەرگەن كەچۈرمىشلىرى :

«15 يىلدىن بۇيان ۋاقتىمنىڭ يېرىمى دېگۈدەك يىغىن ئېچىش ۋە مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى . قانداق قىلىشىمىز كېرەك ؟ بۇ ئۇسۇل ياخشىمۇ ياكى ئۇ ئۇسۇلمۇ ؟ ھېچقايسىسىنى قىلماي تاشلاپلا قويايمۇ ، يا ؟ ئايىغى چىقمايدىغان يىغىنلار كاللىمىزنى قوچۇپ ، بىزنى ئىنتايىن زېرىكتۈرۈۋەتتى . كۈنىمىز ئايلانما ئورۇندۇقنىڭ چۆرىسىدىلا ئۆتەتتى ، ئىشخانىنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپلا يۈرەتتۇق ، كەسكىن مۇنازىرىلەر كۆپ ھاللاردا بىر مەسىلە ئۈستىدىلا بولاتتى . مەن ، بىز بۇ ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ئۆمرىمىز مۇشۇنداق جىددىيچىلىكتە ئۆتىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالاتتىم ، شۇڭا تېخىمۇ ياخشىراق ئۇسۇلدا ياشاش ھەققىدە ئەزەلدىن باش قاتۇرۇپ باقمىغانىدىم . ئەگەر شۇ چاغلاردا بىرەرسى ماڭا ئادەم قىينايدىغان بۇنداق مارافونچە يىغىنلىرىڭىزنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى قىسقارتىۋەتسىڭىز ، ئىدىيەۋى بوپىڭىزنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى تاشلىۋەتكەن بولسىڭىز دېسە ، مەن چوقۇم ئۇنى ساراڭ بولۇپ قاپتۇ ياكى بۇ كەسىپ ئەھلى بولمىغان بىرسىنىڭ كۆرسەتكەن ئەقلى دېگەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولاتتىم . بىراق ، كېيىن مەن راستتىنلا مۇشۇ چارىنى ئويلاپ تې-
چىپ ، يۇقىرىقى ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئاشۇردۇم . سەككىز يىلدىن
بۇيان مەن ئۆزۈم ئويلاپ تاپقان چارە بويىچە ئىش كۆرۈشنى قەتئىي
داۋاملاشتۇرۇپ كەلدىم ، ئۇنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى ، بۇنىڭ
بىلەن سالامەتلىكىم ياخشىلىنىپ ، خىزمەتتىكى نەتىجەم كۆرۈنەرلىك
بولۇپلا قالماستىن ، تۇرمۇشۇممۇ ئىلگىرىكىدىن كۆپ كۆڭۈللۈك ئۆ-
تىدىغان بولدى .

بۇ ئۇسۇل ئاڭلىماققا سىرلىقتەك تۇيۇلىدۇ ، ئەمەلىيەتتە ئىنتا-
يىن ئاددىي .

بىر كۈنى ، ئۆتكەن 15 يىلدىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن ، ئالدى
بىلەن ئەسلىدىلا ئالدىراپ پايپېتەك بولۇپ ئىشلەۋاتقان خىزمەتداشلى-
رىمغا كۆڭۈلگە ياقمايدىغان ھەممە ئىشلارنى سۆزلىتىپ ، ئاندىن
ئۇلارنى 〈بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك〉 دېگەن مەسىلە ئۈستىدە
مۇزاكىرىگە سالىدىغان يىغىن ئىستىلىمنى تۇيۇقسىز ئۆزگەرتىپ ،
ماڭا قىيىنچىلىق ئۈستىدە دەرد تۆككەنلەرگە ئالدى بىلەن بىر پارچە-
دىن ئەسلەتمە يازدۇرۇپ ، تۆۋەندىكى تۆت مەسىلىگە جاۋاب
بەرگۈزدۈم .

بىرىنچى : مەسىلە زادى قەيەردە ؟

(ئىلگىرى بىز بىر - ئىككى سائەت ۋاقىتنى ئۇزۇندىن - ئۇزۇن
بايانلارنى ئاڭلاش ، ئەمما مەسىلىنىڭ ئەجەللىك يېرىگە تولىمۇ پەرۋا-
سىز قاراشقا ئادەتلىنىپ قالغان ؛ كۆپ ھاللاردا تالاش - تارتىش
قىلىپ پوكاندەك قىزىرىشىپ كېتەتتۇق - يۇ ، مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنىڭ
قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتۇق . )

ئىككىنچى : مەسىلە چىقىشتىكى سەۋەب قەيەردە ؟

(ھازىر ، كەسكىن تالاش - تارتىش قىلىپ قىممەتلىك ۋاقتىمىز-
نى ئىسراپ قىلىۋەتكەن ئىلگىرىكى چاغلىرىمىزنى ئويلىسام تېنىم
جۇغۇلداپ كېتىدۇ . ئۇنداق ئورۇنسىز تالاش - تارتىشلار كۆپ ھاللار-
دا مەسىلىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئې-
چىپ بېرەلمەيتتى . )

ئۈچىنچى ، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ قانداق چارىسى بار ؟

(ئىلگىرىكى ئەھۋالدا ، يىغىندا بىر ئادەم بىرەر تەكلىپ بەرسە ، يەنە بىر ئادەم ئۇنىڭغا قارشى چىقاتتى - دە ، بۇنىڭ بىلەن كەسكىن تالاش - تارتىش باشلىنىپ كېتەتتى . بۇ تالاش - تارتىشلار كۆپ ھاللاردا مەسىلىدىن بارغانسېرى يىراقلاپ كېتەتتى - دە ، يىغىن ئاخىرلاشقاندىمۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ بىرەر چارىسىمۇ قوبۇل قىلىنمايتتى . )

تۆتىنچى ، سىز قايسى چارىلەرنى قوللىنىشقا تەكلىپ بېرىسىز ؟

(ئىلگىرى بىرقانچە سائەت ئۇدا يىغىن ئېچىلغاچقا ، كاللىمىز قېتىپ ، ئېچىمىز تىتىلداپ كېتەتتى - يۇ ، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى تاپالمايتتۇق . ھازىر ئۇلار ماڭا بىرەر مەسىلىنى ئىنكاس قىلماقچى بولسا ، چارە - تەدبىرىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويۇپ كېلىدۇ . ئۇلار مەن ئوتتۇرىغا قويغان تۆت سوئالغا ئوبدان جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئەھۋاللارنى ئوبدان ئىگىلىمىسە ، مەسىلىلەر ئۈستىدە تولۇق تەھلىل يۈرگۈزمىسە بولمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ . ئۇلار بۇنداق قىلغانىكەن ، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنىمۇ تەبىئىي ھالدا تاپالايدۇ . بەزى ئەھۋاللارنى ئورتاق مۇزاكىرە قىلىشقا توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ يىغىنىمىزنىڭ ۋاقتى ئىنتايىن قىسقا بولىدۇ . بۇنداق يىغىن ھەم قىسقا ، ساز ئېچىلىدۇ ، ھەم مەسىلە ھەقىقىي ھەل قىلىنىدۇ . )

ھازىر ، سىمون شۇستېر شىركىتىنىڭ يىغىن ۋاقتى ئىنتايىن ئاز ،لېكىن مەسىلە ھەل قىلىش ئۈنۈمى ئىلگىرىكىدىن كۆپ ياخشى . »

سىلەرگە يەنە بىر دوستۇم — فرانك بېتگېر ھەققىدە بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرەي . تۆۋەندە سۆزلەيدىغانلىرىم ئۇنىڭ مەن بىلەن ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق سۆھبىتىنىڭ خاتىرىسى :

«بۇنىڭدىن كۆپ يىللار ئىلگىرى ، مەن تۇنجى قېتىم خەۋپسىزلەندۈرۈش تالونى ساتقان چېغىمدا بۇ كەسىپنى تولىمۇ ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم . بىراق ، تىجارىتىم ئىنتايىن كاسات ئىدى . بۇ كەسىپتىن بارا - بارا رايىم يېنىپ ، ئۇنىڭدىن قول ئۈزۈشكە باشلىدىم . ئەگەر بىر يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە مەسىلىنىڭ سەۋەبىنى ئوبدان ئويلىنىپ

بىقىش ئىسىمگە كەلمىگەن بولسا ، چوقۇم بالدۇرلا كەسپىمنى ئۆز-گەرتىۋەتكەن بولاتتىم .

بىرىنچى ، مەن ئالدى بىلەن ئۆزۈمگە سوئال قويدۇم : 〈 مەسىلە زادى قەيەردە ؟〉 مەسىلە شۇ يەردىكى ، مېنىڭ خېرىدارلارنىڭ ئىشىكى-گە بېرىشىمنىڭ كۆپلۈكىگە قارىغاندا ، مەن ساتقان خەۋپسىزلەندۈ-رۈش تالونى ھەقىقەتەن بەك ئاز ئىدى . ئادەتتىكى چاغلاردا خېرىدار تېپىش ئانچە قىيىن ئەمەس ، قىيىنى ، قەرەللى توشۇپ قېلىش ئالدىدا تۇرغان ھالقىلىق پەيتتە خېرىدار تېپىش ئىدى . بۇنداق پەيتلەردە خېرىدارلار ھەمىشە : 〈 بولىدۇ بىتگىر ئەپەندى ، ئويدانراق ئويلىنىپ باقاي ، كېلەر قېتىم كېلەرسىز 〉 دەپ جاۋاب بېرەتتى . ئەجىرگە تۇشلۇق نەتىجە چىقمايدىغان بۇنداق دوقۇرۇۋېرىش نۇرغۇن ۋاقتىمنى ئېلىپ مېنى تولىمۇ بىئارام قىلىۋەتكەنىدى .

ئىككىنچى ، مەن ئۆزۈمگە يەنە سوئال قويدۇم : 〈 مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ قانداق چارىسى بار ؟〉 بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ، ئالدى بىلەن ئەھۋالنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىم كېرەك ئىدى . شۇنىڭ بى-لەن بىر يىلدىن بۇيانقى خاتىرە ۋە ھەر خىل سان - سىپىرلارنى ئاختۇرۇپ چىقتىم . تەكشۈرۈش نەتىجىسى مېنى ئىنتايىن ھەيران قالدۇردى . ئېنىقكى ، مەن قىلغان سودىنىڭ 70 پىرسەنتى خېرىدار-لارنىڭ ئالدىغا بىر قېتىم بېرىش بىلەنلا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان . خېرىدارلارنىڭ ئالدىغا ئىككى قېتىم بېرىپ قىلغان سودا 23 پىر-سەنتنى ئىگىلىگەن . پەقەت يەتتە پىرسەنت سودا خېرىدارلارنىڭ ئالدى-غا كۆپ قېتىم بېرىش ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان . ھالبۇكى ، دەل مۇشۇ ئاخىرقى ئەھۋاللا بىشىمنى قاتۇرۇپ ، نۇرغۇن ۋاقتىمنى ئىسراپ قىپتۇ .

ئۈچىنچى ، 〈 بۇلاردىن قانداق يەكۈن چىقىرىش كېرەك ؟〉 بۇنىڭ جاۋابى ناھايىتى ئاددىي . مەن چوقۇم ئالدىغا ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق بارغىلى سالىدىغان خېرىدارلاردىن دەرھال ۋاز كېچىپ ، تېجەپ قال-غان ۋاقتىمنى تېخىمۇ كۆپ سودا قىلىش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈ-رۈشكە قارىتىشىم كېرەك .

مەن شۇنداق قىلدىم. نەتىجەم ئىنتايىن كۆرۈنەرلىك بولدى. قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ھەر قېتىمدا پۇتۇشكەن سودىنىڭ سوممىسى ئەسلىدىكى ئىككى پۇتۇن ئوندىن سەككىز دوللاردىن تۆت پۇتۇن يۇزدىن يىگىرمە يەتتە دوللارغا كۆتۈرۈلدى.»

فرانك بېتگېر ھازىر ئامېرىكا بويىچە مەشھۇر خەۋپسىزلەندۈرۈش مۇتەخەسسىسى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ھەر يىلى ساتقان خەۋپسىزلەندۈرۈش تالونىنىڭ قىممىتى 1 مىليون دوللاردىن ئاشىدۇ. لېكىن، ئۇ مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان كۆرسەتكۈچنى تېپىشتىن ئىلگىرى، بىر مەھەل ئۆزىنى شۇنداق تاشلىۋەتكەنكى، كەسپىنى ئۆزگەرتىۋەتكىلى تاسلا قالغان.

ئەگەر سىلەرمۇ خىزمەتتە قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىپ، بۇ مەخپىي رېتسېپلارنى سىناپ باقماقچى بولساڭلار، سىلەر جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك بىرقانچە تېمىنى تەكرارلاپ ئۆتەي:

1. مەسىلە قەيەردە؟
2. مەسىلە چىقىشتىكى سەۋەب نېمە؟
3. مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ قانداق ئۇسۇللىرى بار؟
4. سىز قايسى ئۇسۇلنى قوللىنىش قارارىغا كەلدىڭىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# Ⅲ غەم ئۆزىڭىزنى نابۇت قىلىدۇ

## 1 . خىزمەت — غەمنى تۈگىتىشنىڭ شىپالىق رېتسېپى

مارىئون داۋگلاسنىڭ مەن ئاچقان چوڭلار كەچ كۇرسىدا بىر
كۈنى ئاخشىمى كۆپچىلىككە سۆزلەپ بەرگەن كەچۈرمىشلىرى مەڭگۈ
ئېسىمدىن چىقمايدۇ . ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇلار ئەر - خوتۇن ئىككى-
سى ئارقىمۇئارقا ئىككى قېتىم غايەت زور بەختسىزلىككە ئۇچراپتۇ .
بىرىنچى قېتىمدا ، ئۇلارنىڭ بەش ياشلىق ئارزۇلۇق قىزى ئۆلۈپ
كېتىپتۇ . ئۇلار هاياتىدىن ھەقىقەتەن ئۈمىد ئۈزۈشكەنىكەن . «ئون
ئايدىن كېيىن ئالىلاتائالا بىزگە يەنە بىر قىز پەرزەنت ئاتا قىلغان-
دى ، — دەيدۇ داۋگلاس ، — بىراق بەش كۈنلۈك بولماي تۇرۇپلا
بۇ بالىمىزمۇ ئۆلۈپ كەتتى» .

ئارقىمۇئارقا يۈز بەرگەن بۇ ئىككى قېتىملىق زەربە ئۇلارغا
ھەقىقەتەن بەك ئېغىر كەپتۇ . «مەن راستىنلا ھەسرەت چېكىپ ،
ئۆلۈۋالماقچىمۇ بولغانىدىم ، — دەيدۇ ئېغىر سىناقلارنى بېشىدىن
كەچۈرگەن بۇ ئاتا بىزگە ، — كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى ، گېلىمدىن
بىرنەرسە ئۆتمەيتتى ، كۆڭلۈم پەرىشان يۈرەتتىم ، ساراڭ بولايلا دەپ
قالغانىدىم . تۇرمۇشقا بولغان ئىشەنچىمنى يوقاتقانىدىم» . ئاخىر ئۇ
بېرىپ دوختۇرغا ئىلتىجا قىلغان . بەزى دوختۇرلار ئۇنىڭغا ئۇيقۇ
دورىسى يېيىش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەن ، بەزىلەر ئۇنىڭ سەيلە -
ساياھەتكە چىقىشىنى تەۋسىيە قىلغان . ئۇ ھەممە چارىلەرنى سىناپ
كۆرگەن ، لېكىن بىرسىمۇ كار قىلمىغان . داۋگلاس مۇنداق دەيدۇ :
«ماڭا پۈتۈن بەدىنىم ئامبۇردا قىسىۋاتقاندەك ، بۇ ھالەتتىن ئۆزۈمنى

ئۆزۈم قۇتۇلدۇرالمايدىغاندەك تۇيۇلاتتى .» بۇنداق كەچۈرمىشى بارلى-
كى كىشىلەر ئۇنىڭ دەردىنى چۈشىنىدۇ .

«بەختىمگە يارىشا خۇدايىم تۆت ياشلىق بىر ئوغلۇمنىڭ ئۆمرىنى بەردى ، ئۇ مېنى چوڭقۇر ئازابتىن قۇتۇلدۇردى . بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن قاتتىق ھەسرەت چېكىپ ئولتۇرسام ، ئوغلۇم يېنىمغا كېلىپ ، 〈دادا ، ماڭا بىر كىمە ياساپ بېرەلەمسىز〉 دېدى . ماڭا كۆڭۈل ئارامچىلىقى بولمىسا ، كېمە ياساشقا قانداقمۇ قولۇم بارسۇن ! بىراق ، ئوغلۇم بەك چىڭ تۇرۇۋالغاچقا ئىلاجسىز ماقۇل بولدۇم . بۇ ئويۇن-چۇق مېنىڭ تەخمىنەن ئۈچ سائەت ۋاقتىمنى ئالدى ، كېمە پۈتتى ، مەنمۇ بۇ ئۈچ سائەت ۋاقىتتىن نەچچە ئايدىن بۇيان ھېس قىلىپ باقمىغان روھىي لەززەت ئالدىم .

بۇ ئىجادىيەت مېنى ئىنتايىن ھەيران قالدۇردى . ئۇ مېنىڭ تەپەككۇرۇمنى قوزغىدى ، — بىرقانچە ئايدىن بۇيان بۇ تېخى تۇنجى قېتىم ئىدى . ئاخىر شۇنى چۈشەندىمكى ، باش قېتىنچىلىقتىن قۇتۇ-لۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى بىرەر ئىش تېپىپ قىلىش . بىرەر ئىش قىلىش ئۈچۈن پىلان تۈزۈشكە ، مېڭىنى ئىشقا سېلىشقا توغرا كېلى-دۇ - دە ، ئۆتكەنكى ئازابلىق ئىشلارنى ئەسلەشكە تەبىئىيكى ۋاقىت چىقمايدۇ . بالامغا كېمە ياساپ بەرگەن ئاشۇ بىرقانچە سائەتلىك ۋاقىت ئىچىدە غەم - قايغۇدىن غالىب كەلگەنلىكىمنى ھەقىقىي ھېس قىلدىم . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بىرەر ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا بەل باغلىدىم .

ئىككىنچى كۈندىن ئېتىبارەن ئائىلىدە ئىش تېپىپ قىلىشقا باشلىدىم . ئۇ ئۆيدىن - بۇ ئۆيگە قاتراپ يۈرۈپ ، قىلىدىغان ئىش ئىزدىدىم ھەمدە بۇ ئىشلارنى بىر - بىرلەپ تىزىملاپ چىقتىم . روشەن-كى ، كىتاب جازىسى ، پەلەمپەي ، دېرىزە تەكچىسى ، پەنجىرە ، ئى-شىكنىڭ تۇتقۇچى ، قۇلۇپ ، جۈمەك قاتارلىق نەچچە ئون خىل نەرسى-نى رېمونت قىلىشقا تېگىشلىك ئىكەن . بۇنداق دېسەم بەلكىم كىشى-لەر ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن ، ئىككى ھەپتە ئىچىدە ، جەددىي بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك 242 خىل ئىش بارلىقىنى بايقىدىم ! بۇ ئىككى يىلدىن بۇيان ، تىزىملىكتىكى ئىشلارنىڭ كۆپىنچىسىنى بىر-

بىرلەپ بېجىرىپ بولدۇم. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلدىم. تۇرمۇشۇم ئىنتايىن باياشات. ھەپتىدە ئىككى قې- تىم نيۇ - يوركقا بېرىپ چوڭلار كەچ كۇرسىغا قاتنىشىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىزنىڭ بۇ شەھىرىمىزدە ئۆتكۈزۈلگەن نۇرغۇن جامائەت پاراۋانلىقى پائالىيەتلىرىگىمۇ قاتنىشىمەن. مەن ھازىر مائا- رىپ جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، داۋاملىق ھەر خىل يىغىنلارغا قاتنى- شىپ تۇرىمەن. قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ پۇل توپلىشىغا يار- دەملىشىمەن، باشقا خەيرىيەت ئىشلىرى ئۈچۈنمۇ ئىئانە توپلايمەن. ئەمـدىلىكـتە غـەم قىلىشـقا ۋاقىتـىمۇ چىقىـرالمايـدىغان بولۇپ كەتتىم».

غەم قىلىشقا ۋاقىت چىقىرالماسلىق ۋىنىستون چېرچىلنىڭمۇ تەجرىبىسى! ئۇرۇش مەزگىلىدە ئۇ بەزىدە ھەر كۈنى 18 سائەت ئىشلەيتتى. بەزىلەر ئۇنىڭدىن، مەسئۇلىيىتىڭىزنىڭ چوڭلۇقىدىن بېسىم ھېس قىلامسىز دەپ سورىغاندا، ئۇ: «مەن بەك ئالدىراش، قايغۇرۇشقا قىلچە ۋاقتىم يوق» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

چارلىز كاتىرىنمۇ ئاشۇنىڭغا ئوخشاش مۇشكۈل شارائىتلارنى باشتىن كەچۈرگەن. بۇ كاتىرىن ئەپەندى ئاپتوموبىل موتورىنىڭ ئوت ئالدۇرۇش قۇرۇلمىسىنى كەشىپ قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالغان چاغلار ئىدى. ئۇ پېنسىيەگە چىقىشتىن ئىلگىرى ئىزچىل تۇردە دۇنياغا مەشھۇر بىر موتور باش زاۋۇتىدا تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەنىدى. بىراق، يېڭى ۋەزىپە تاپشۇرۇ- ۋالغان كۈنلەردە ئۇنىڭ ئائىلىسى ئىنتايىن نامرات ئىدى. ئۇ يەم- خەشەك ساقلايدىغان بىر لاپاسنى تەجرىبىخانا قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن ئايالى باشقىلارغا پىيانىنو ئۆگىتىپ تاپقان 150 دوللارنىمۇ پاك - پاكىز خەجلەپ كېتىدۇ. كېيىن ئادەم ئۆمرىنى خەۋپسىزلەندۈرۈش ھەققىنى تاپشۇ- رۇشتا باشقىلارغا 500 دوللار قەرزگە بوغۇلۇپ قالىدۇ. مەن ئۇنىڭ ئايالىدىن شۇ كۈنلەردە بىئاراملىق ھېس قىلدىڭىزمۇ دەپ سورىغىنىم- دا، «شۇنداق بولمامدىغان،— دېدى جاۋاب بېرىپ،— ئىچىم بەكلا

سىقىلاتتى ، كىچىلىرى كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى . لېكىن ، ئېرىم ئەكسىچە ھېچ ئىش بولمىغاندەك بەخىرامان يۈرۈۋېرەتتى . ئۇنىڭ كۆڭلىدە خىزمەتتىن باشقا نەرسە يوق ئىدى ، تەشۋىشلەنگۈدەك چول نەدە » !

ئۇلۇغ ئالىم پاستېئور ئەڭ تىنچ ئورۇن كۇتۇپخانا بىلەن تەجرى- بىخانا دېگەنىدى . نېمە ئۈچۈن ئۇ يەر ئەڭ تىنچ دېيىلىدۇ ؟ چۈنكى ، ئۇ يەردىكى كىشىلەر ھەسرەت چېكىدىغان ئىشلارنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆگىنىش ۋە خىزمەتكە بېرىلىدۇ . ئالىملار ئىچىدە ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار ئىنتا- يىن ئاز . چۈنكى ، ئۇلار بۇنداق «روھىي لەززەت» ئۈچۈن ھەقىقەتەن ۋاقىت چىقىرالمايدۇ .

خىزمەت ئىچ پۇشۇقى ۋە غەم - ئەندىشىنى تۈگىتىدۇ دېگەن گەپنىڭ ئىلمىي ئاساسى بار . بۇ ئاساس پىسخولوگىيەلىك بىر ئاسا- سىي پىرىنسىپتا : ھەرقانداق ئادەم (جۈملىدىن تالانتلىق شەخس )نىڭ كاللىسى بىرلا ۋاقىتتا بىردىن ئارتۇق ئىشقا ئىشلىمەيدۇ . سىلەر ئىشەنمەمسىلەر ؟ بوپتۇ ئەمىسە ، تۆۋەندە بىز ئاددىي بىر تەجرىبە ئىشلەپ كۆرەيلى : ئولتۇرغان ئورۇندۇقۇڭلارغا يۆلىنىپ ، كۆزۈڭلار- نى يۇمۇڭلار ، ئاندىن ئېففېل تۆمۈر مۇنارى ۋە ئەتە سەھەردە قىلىدى- غان ئىشىڭلار توغرىسىدا بىرلا ۋاقىتتا پىكىر يۈرگۈزۈپ بېقىڭلار (دىققەت ، بۇ پەقەت سىناق تەرىقىسىدە بولسۇن ! ) .

سىلەر بۇ ئىككى ئىش توغرىسىدا بىر ۋاقىتتا ئەمەس ، پەقەت نۆۋەتلىشىپلا پىكىر يۈرگۈزۈشكە بولىدىغانلىقىنى بايقىماي قالارسى- لەرمۇ ؟ ئادەمنىڭ ھېسسىياتىمۇ شۇنداق بولىدۇ . بىز قىزىقارلىق بىر ئىشقا تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ۋە ئىنتايىن روھلۇق ھالدا قاتنىشىش بىلەن بىر چاغدا ، يەنە بىر كۆڭۈلسىز ئىش تۈپەيلى باشتىن - ئاخىر بىئارام بولۇپ يۈرەلمەيمىز . ئادەمنىڭ كەيپىياتى بىر - بىرىنى چەتكە قاقىدۇ . بۇ ئاددىي داۋلى ئۇرۇش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرلىرىنى نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى يارىتىش ئىمكانى- يىتىگە ئىگە قىلىشى مۇمكىن . ئەگەر ئەسكەرلەر ئۇرۇش قىلىش

داۋامىدا ، كىشىلەر «پسىخولوگىيەلىك ھالەت ئۆزگىرىش كېسەللىكى» دەپ ئاتىۋالغان كېسەللىككە مۇپتىلا بولۇپ قالسا ، دوختۇرلار ئۇلارنىڭ كېسىلىنى «ھەرىكەت بىلەن داۋالاش ئۇسۇلى» ئارقىلىق داۋالاپ ساقايتىدۇ . نېرۋا خاراكتېرلىك شوك كېسىلىگە مۇپتىلا بولغان بىمارلار بىر مىنۇت بولسىمۇ بىرەر ئىش مەسىلەن ، بېلىق تۇتۇش ، ئوۋ ئوۋلاش ، توپ ئويناش ، رەسىم تارتىش ، گۆللۈك ياساش ياكى ئۇسسۇل ئويناش قاتارلىقلار بىلەن مەغۇل بولۇشى لازىم ، ئۇلارغا ئۆتكەنكى قورقۇنچلۇق مەنزىرىلەرنى ئەسلەشكە ۋاقىت چىقىرىپ بېرىشكە ھەرگىز بولمايدۇ .

«ھەرىكەت بىلەن داۋالاش ئۇسۇلى» نۆۋەتتە روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىلىرىدا كىلىنىكىلىق ئۇسۇل قوللىنىلماقتا ، ئۇ دورا ئىشلىتىلمەيدىغان بىر خىل رېتسېپ . ئەمەلىيەتتە بۇ قانداقتۇر بىر يېڭى ئۇسۇل ئەمەس . مىلادىيەدىن 500 يۇز يىل ئىلگىرىلا يۇنان دوختۇرلىرى بۇ ئۇسۇلنىڭ سىرلىق تەسىرىنى ماختاپ ئۆتكەن . بۇنداق داۋالاش ئۇسۇلى بېنجامىن فرانكلىن دەۋرىدە كۋاكېر جەمئىيىتىنىڭ مۇرىتلىرى تەرىپىدىن قوللىنىلغان . 1774- يىلى دىنىي جەمئىيەت ساناتورىيەسىنى زىيارەت قىلغان بىرەيلەن بالىنىستىتا ياتقان روھىي كېسەللەرنىڭ زىغىر تالاسىدىن رەخت توقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالغان ، تېخى ئۇ ئادەم ساناتورىيە بۇ بىچارە بىمارلارنى ئىشلىتىپ يىلىكىدە سۇ ئىچىدىكەن دەپ قالغانىكەن . كۋاكېر جەمئىيىتىنىڭ مۇرىتلىرى ئۇنىڭغا چۈشەنچە بېرىپ ، بۇ ئۇلار تاپقان ئەڭ ياخشى داۋالاش ئۇسۇلى ئىكەنلىكىنى ، بىمارلارنىڭ ئازدۇر - كۆپتۇر خىزمەت قىلىشىنىڭ ھېچ ئىش قىلمىغاندىن كۆپ ياخشى بولىدىغانلىقىنى ، خىزمەت نېرۋىنى تىنچلاندۇرىدىغانلىقىنى ئېيتقان .

خىزمەت ئەڭ ياخشى تىنچلاندۇرۇش دورىسى ، بۇ تېخى ئەنگلىيەلىك شائىر ھېنرى لوڭفېللوۋنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن تەجرىبە . بۇ ئۇنىڭ ئايالى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن بولغان ئىش . بىر كۈنى ئۇنىڭ ئايالى شامنىڭ ئىسسىقىدا سۇرغۇچ قورۇتۇۋاتقاندا ئېھتىياتسىزلىقتىن كىيىمىگە ئوت تۇتىشىپ كېتىدۇ ، لوڭفېللوۋ ئېچىنىش-

لىق چىرقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ دەرھال يۈگۈرۈپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن ئايالىنىڭ كۆيۈر يارىسى ئېغىر بولغاچقا، ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇ قورقۇنچلۇق مەنزىرە لوڭفېللوۋنىڭ كاللىسىدىن پەقەت چىقمىپ كەتمەيدۇ. غايەت زور ئازاب ئۇنى قىيناپ ئالجىتىپ قويىدۇ. بەختكە يارىشا ئۇنىڭ ئۈچ بالىسى بار ئىكەن، ئۇ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۈچ بالىغا ھەم ئاتا، ھەم ئانا بولىدۇ. بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كوچىلارنى ئايلىنىدۇ، ئۇلارغا ھېكايە سۆزلەپ بېرىدۇ، ئۇلار بىلەن بىللە ئوينايدۇ. ئۇ بالىلىرى بىلەن بولغان بۇنداق ـ قىل سىغماس مۇناسىۋەتنى «بالىلىرىمنىڭ كۈنلىرى» ناملىق شېئىرىدا ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە دانتى ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىدۇ. بۇ ئىشلار ئاخىر ئۇنىڭ ھەسرىتىنى تامامەن ئۇنتۇلدۇرۇپ، كۆڭلىنى يېڭىباشتىن تىنچلاندۇرىدۇ.

تاننىسونمۇ ئاشۇنداق كەچۈرمىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. ئۇ يېقىن دوستى ئارتور خالىمدىن ئايرىلىپ قالغاندا «روھىي ئۇمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، پۈتۈن زېھنىنى خىزمەتكە قارىتىشقا مەجبۇر بولغان».

ئارىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئاتايىن ئىش ئىزدەپ يۈرۈشى ھاجەتسىز، ھەر كۈنى قىلىۋاتقان خىزمىتىمىزمۇ بىزگە يېتىپ ئاشىدۇ. چاتاق كۆپ ھاللاردا خىزمەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى قىسقا مەزگىل ئىچىدە چىقىدۇ. بىز بىردەم ـ يېرىمدەم بىكار يۈرگۈدەك ۋاقىت چىقارساقلا، قورقۇنچلۇق غەم ـ ئەندىشە بىزگە خۇددى جىن-ئالۋاستىغا ئوخشاش ھۇجۇم باشلايدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئالاھىدە پەخەس بولۇشىمىز كېرەك. سەللا ئېھتىيات قىلمايدىغان بولساق، بېشىمىزنى قاتۇرىدىغان چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كېتىشىمىز مۇمكىن.

بىز سەل بىكار قالغان ھامان ئىدىيەمىزدە ئوڭايلا ۋاكۇئۇم شەكىللىنىدۇ. فىزىكىدىن ئەقەللىي ساۋاتقا ئىگە كىشىلەرگە مەلۇمكى، تەبىئەت دۇنياسى ۋاكۇئۇم ھادىسىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا يول قويمايدۇ. لامپۇچكا كۆپچىلىككە تونۇشلۇق بىر خىل ۋاكۇئۇم بولسا كېرەك. لامپۇچكىنىڭ پارتلىشى تەبىئىي ھاۋانىڭ نەزەرىيە جەھەتتى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كى بۇ بوشلۇقتا زورمۇزور كىرىپ ئۇنى ئىگىلىۋالغانلىقىدىن بولىدۇ.

تەبىئەت دۇنياسىمۇ قۇرۇق كۆڭۈلنى ئوخشاشلا ئىگىلىۋالىدۇ، ئۇنىڭ تولۇقلىغۇچىسى — كەيپىيات. تەپەككۇرىمىز مۇتلەق تىنچ ھالەتتە تۇرغاندا غەمكىنلىك، ۋەھىمە، نەپرەتلىنىش، ھەسەت قىلىش-قا ئوخشاش بەزى كەيپىياتلار قۇدرەتلىك كۈچ ۋە چەكسىز ھاياتىي كۈچ بىلەن زورمۇزور باستۇرۇپ كىرىدۇ. بۇنداق كەيپىيات شۇنداق زور كۈچكە ئىگىكى، ئۇ تىنچ ۋە ئازادە ئىدىيە، تۇيغۇلارنى كاللىمىز-دىن پاك - پاكىز سىقىپ چىقىرىۋېتىدۇ.

كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى مائارىپشۇناسلىق فاكۇلتېتىنىڭ پى-روفېسسورى جامېس مېرسېر ئەپەندى «بىئاراملىقنىڭ ئازابىغا ئەڭ ئاسان ئۇچرايدىغان ۋە ئۇنىڭغا قول بولىدىغان ۋاقىت كىشىلەرنىڭ خىزمەت ۋاقتى ئەمەس، بەلكى ئىشتىن چۈشكەن ۋاقىتتۇر» دەپ ياخشى ئېيتقان. ئىشتىن چۈشكەندە ئادەمنىڭ پىكرى خۇددى يۈگەن-سىز ئاتتەك بىردەم تاغقا، بىردەم باغقا كېتىپ، قۇرۇق خىياللارغا غەرق بولۇپ كېتىدۇ، سەللا مەيلىگە قويۇۋەتسە يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولماي قالىدۇ. «ئادەمنىڭ بۇ چاغدىكى ئىدىيەسى — دەيدۇ ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — يۈكسىز ئايلىنىۋاتقان موتورغا ئوخشاي-دۇ. ئۇ ئۇچقاندەك تېز ئايلىنىۋېرىپ، ئوق قازاننى ئۇپرىتىۋېتىشى ھەتتا ئۆزىنى كاردىن چىقىرىشى مۇمكىن. غەمكىنلىك كېسىلىنى داۋالاشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى ئىجادىي خىزمەت بىلەن قىزغىن شۇغۇللىنىشتىن ئىبارەت.»

بۇ ھەقىقەتنى بىلىش ۋە ئۇنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىش كىشىلەردىن ئۇنچە يۇقىرى بىلىم تەلەپ قىلمايدۇ. ئۇرۇش مەزگىلى-دە مەن چىكاگودىن كەلگەن بىر ئائىلە ئايالى بىلەن ئۇچراشقانىدىم، ئۇ ماڭا كېسەللىكنى خىزمەت بىلەن داۋالاشقا بولىدىغانلىقىنى باقا-غانلىقى ۋە قوللانغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. بىر قېتىم بۇ ئايال ۋە ئۇنىڭ ئېرى بىلەن تاسادىپىي تونۇشۇپ قالدىم، ئۇ چاغدا مەن نيۇ - يوركتىن مىسسۇرى ئىشتاتىدىكى قورۇقۇمغا كېتىۋاتقان پويىز-

نىڭ تاماقخانىسىدا ئولتۇراتتىم (ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. بىلىشىڭلار كېرەككى، مەن تارىخنىڭ ھەقىقىي خاتىرىسى سۈپىتىدە يازغان نەرسىلىرىمدە، ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئۆزۈم ياساپ چىققان پېرسوناژلارنىڭ ئىسمىنى قوللىنىشنى خالىمايمەن).

بۇ ئەر - خوتۇن ماڭا ئوغلىنىڭ بىر كۈنى پور پورتىغا كېتىپ ئەسكەرلىككە قاتناشقانلىقى ئۈستىدە سۆزلەپ بەردى. بۇ خوتۇننىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بۇ ئارزۇلۇق ئوغلىدىن چەكسىز قايغۇرۇپ، سالامەتلىكىنى نابۇت قىلىۋەتكىلى تاس قالغان. ئۇنىڭ كاللىسىغا ئوغلىمىز ھازىر قەيەردە يۈرىدىغاندۇ؟ بىرەر ھادىسىگە ئۇچراپمۇ قالارمۇ؟ ئالدىنقى سەپكە كەتكەنمىدۇ؟ يارىلانغانمىدۇ؟ ھەتتا ئۆلۈپمۇ كەتكەنمىدۇ؟...... دېگەن ئوي كىرىۋالغان.

مەن ئۇنىڭدىن بۇ ئەندىشىلەرنى قانداق بويسۇندۇرغانلىقىنى سورىسام، ئۇ: «مېنىڭ ئامالىم بىرەر ئىش بىلەن شۇغۇللىنىش.» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئالدى بىلەن ئايال خىزمەتچىسىنى قايتۇرۇۋېتىپ، ئۆي ئىشلىرىنى ئۆزىلا قىپتۇ. بۇنى ئازدەپ: «ئائىلە ئەمگىكى دېگەن كاللا ئىشلەتمەيدىغان مېخانىكىلىق ھەرىكەت، — دەيدۇ ئۇ ماڭا چۈشەنچە بېرىپ، — ئورۇن - كۆرپىلەرنى يىغقاچ ياكى قاچا - قۇچىلارنى يۇيۇۋېتىپ، باشقا بىر خىزمەت تېپىپ، جىسمىم بىلەن كاللامنى ئەتىگەندىن - كەچكىچە بىكار تۇرغۇزماسلىقىم لازىملىقىنى ئويلىدىم. شۇنىڭ بىلەن بىر چوڭ سودا سارىيىغا بېرىپ مال ساتقۇچى بولدۇم، — ئارقىدىنلا ئۇ ماڭا دېدى، — بۇ خىزمەت راستتىنلا ئۈنۈم بەردى. ئىشقا چۈشۈش بىلەن تەڭ ئالدىراشچىلىقتا تېپىرلاپ قالىمەن: خېرىدارلار ئەتراپىمغا ئولىشىۋېلىپ، باھاسى قانچە، ئۆلچىمى قانداق، رەڭگىچۇ دېگەندەك سوئاللارنى سوراپ تۇرىدۇ. ماڭا باشقا ئىشلارنى ئويلىغۇدەك بىردەملىكمۇ ۋاقىت چىقمايدۇ، كۆڭلۈمدە پەقەت كۆز ئالدىمدىكى مەسئۇلىيەتلا بار. بىر كۈنۈم ئالدىراش ئۆتكەنلىكتىن پۇت - قولۇم، بەللىرىم تېلىپ ئاغرىيتتى، باشقا ئىشلارنى خىيالىمغا كەلتۈرۈشكە رايىممۇ بارمايتتى. ئاخشىمى ئۆيۈمگە قايتىپ كېلىپ تامىقىمنى يەپ بولۇپلا كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلايتتىم - دە،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇيقۇغا كېتەتتىم . شۇنىڭدىن كېيىن ئوغلۇمنىڭ غېمىنى يېگۈدەك ۋاقتىمۇ چىقمىدى ، مادارىممۇ يەتمىدى » .

بۇ ئايالنىڭ بايقىغانلىرى جون كاۋپېر پوئىس «بىئاراملىقنى ئۇنتۇش سەنئىتى » دېگەن ئەسىرىدە شەرھلىگەن نەزەرىيە بىلەن تامامەن ئوخشاش . پوئىس مۇنداق دەپ يازىدۇ : «كىشىلەر ئۆزلىرى ئورۇنلاش شەرت بولغان ۋەزىپىگە تامامەن بېرىلىپ كەتكەندىلا ، ئۆزىگە ئىشىنىشتىن هاسىل بولغان مەمنۇنلۇق ۋە ئۆزىنى ئۇنتۇش روهى ئېلىپ كەلگەن شادلىقلار ئۇلارنىڭ نېرۋىسىنى تىنچلاندۇرالايدۇ » .

دۇنياغا مەشهۇر قارام ساياهەتچى ئاۋسا جونسونمۇ ماڭا ئۆزىنىڭ ئەندىشىسىنى تۈگىتىش ۋە ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش جەھەتتىكى كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى . سىلەر بەلكىم ئۇنىڭ تەرجىمىھال خاراكتېرلىك رومانى «مەن تەۋەككۈلچىلىككە ئىشتىياق باغلىدىم» دېگەن كىتابىنى ئوقۇغان بولۇشۇڭلار مۇمكىن . بىر ئايالنىڭ بۇنچە كۆپ تەۋەككۈلچىلىك كەچۈرمىشى بولۇش ھەقىقەتەن ئاز ئۇچرايدۇ . ئۇ 16 يېشىدا مادىن جونسون بىلەن توي قىلىدۇ . تويدىن كېيىن ئېرى ئۇنى كانزاس ئىشتاتىدىكى يۇرتى — چايوت شەھىرىدىن ئاسيانىڭ كالىمانتان ئارىلىدىكى ئېپتىدائىي ئورمانلىققا ئېلىپ كېلىدۇ . كانزاس ئىشتاتىدىن كەلگەن بۇ ئەر - خوتۇن 25 يىللىق ئۇزاق ۋاقىت داۋامىدا دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى كېزىپ ، نەسلى قۇرۇپ كېتەي دەپ قالغان نۇرغۇن ئاسىيا ، ئافرىقا ياۋايى هايۋانلىرى ھەققىدە كىنو ئىشلەپ چىقىدۇ . كېيىن ئۇلار ئامېرىكىغا قايتىپ كېلىپ ، تەرەپ - تەرەپكە بېرىپ سەييارە نۇتۇق سۆزلەيدۇ ھەمدە ئىشلىگەن كىنو فىلىمىنى نۇتۇق ئاڭلىغۇچىلارغا قويۇپ بېرىدۇ . ئۇلار دانۋېر شەھىرىدىن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ غەربىي دېڭىز قىرغىقىغا كېتىۋاتقاندا ئايروپىلان بەختكە قارشى تاغقا سوقۇلۇپ كېتىپ ، مادىن جونسون نەق مەيداندا قازا قىلىدۇ . ئاۋساچۇ ؟ دوختۇرلارنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا ، ئۇمۇ كارىۋاتقا مەڭگۈلۈك نەزەربەند قىلىناتتى . هالبۇكى ، دوختۇرلار ئاۋسانى خاتا مۆلچەرلىگەنىكەن . تۆت ئايدىن كېيىن ئاۋسا قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ يەنە

دوكلات بېرىشكە باشلايدۇ . ئۇ ھەر قېتىم نۇتۇق سۆزلىگەندە بىرمۇ ئورۇن بوش قالمايدۇ ، ئۇ ھېلىقى چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ، نەچچە يۈز قېتىملاپ نۇتۇق سۆزلەيدۇ . مەن ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن ئاشۇنداق قىلىدىغانلىقىنى سورىسام ، ئۇ : «بۇنداق قىلىشتىكى مەق- سىتىم ئۆزۈمگە ئازاب چېكىش ۋە قايغۇرۇشقا ۋاقىت بەرمەسلىك» دەپ جاۋاب بەردى .

ئاۋسا جونسوننىڭ تاپقان ھەقىقىتى تاننىسوننىڭكى بىلەن ئوخ- شاش . تاننىسون بۇنىڭدىن بىر ئەسىر بۇرۇنلا مۇنداق دەپ يازغان : «مەن چوقۇم ئۆز كەسپىمگە ئىشتىياق باغلىشىم كېرەك ، بولمىسا ئۈمىدسىزلىنىپ قالىمەن» .

دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ شاڭجياڭى بېردېنىڭمۇ مۇشۇنداق كەچۈر- مىشلىرى بولغان . ئۇ غايەت زور مۇز بىلەن قاپلانغان ئانتاراكتىكىدا ئۆزى يالغۇز بەش ئاي چېدىردا ياشىغان . دۇنيانىڭ ئەڭ قەدىمىي ۋە ئەڭ مەخپىي نەرسىلىرى ساقلىنىپ ياتقان ھەمدە يەر شارىنىڭ خېلى بىر قىسمىدەك كېلىدىغان بۇ مۇزلۇقنىڭ كۆلىمى ئامېرىكا بىلەن ياۋروپانىڭ ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ يىغىندىسىدىنمۇ چوڭ . بېردې جياڭجۇن چېدىر قۇرۇپ بەش ئاي تۇرغان بۇ جاينىڭ ئەتراپىدىكى نەچچە يۈز كىلومېتىر ئارىلىقتا باشقا جانلىقلار يوق ، قەھرىتان سو- غۇق بولۇپ تۇرىدۇ ، تامچىلاۋاتقان سۇمۇ يەرگە چۈشكۈچە مۇزغا ئايلىنىپ قالىدۇ . ئادەم نەپەسلەنگەندە چىققان ئىسسىق ھاۋا دەرھال توڭلاپ ، ئادەمنىڭ قاش - كىرپىك ، ساقال - بۇرۇنلىرىدا قىروۋ باغلاپ كېتىدۇ ؛ شامال ئەتراپىڭىزدىن ئۇشقىرتىپ ئۆتكەندە گاز كى- رىستاللاشقان چاغدىكىدەك ۋىژىلدىغان ئاۋازنى ئاڭلايسىز . بېردې «يالغۇزلۇق» دەپ نام قويغان كىتابىدا ئۆزىنىڭ چەكسىز ۋەھىمە باسقان ، ئادەم بۇرۇقتۇرما بولۇپ قالىدىغان زۇلمەتلىك دۇنيادا ئۆت- كۈزگەن ئۇزاق ۋاقىتلىرىنى تەپسىلىي تەسۋىرلەيدۇ . ئۇ يەردە كۈندۈز بولمىغاچقا ، ئۇ ئەقلىنى يوقىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن ، چوقۇم بىرەر ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشى كېرەك ئىدى .

ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ : «ھەركۈنى ئاخشىمى پەنەرنى ئۆچۈرۈش-

تىن ئىلگىرى ھامان ئەتىلىك ئىشلىرىمنى ئورۇنلاشتۇرىمەن . بۇ ئىشلار قار تازىلاش ، ئۆي يىغىشتۇرۇش ، سۇنۇپ كەتكەن چاتقا ئوقىنى رېمونت قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ . ۋاقتىنى ئۈنۈملۈك ئۆتكۈزۈشنىڭ بۇنىڭدىن ياخشى چارىسى يوق ئىدى ، شۇنداق قىلغاندىلا ھېسسىياتىمنى كونترول قىلالايدىغان كارامەت ئىقتىدارغا ئىگە بولالايتتىم » .

مۇبادا بىز غەمكىنلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالساق ، شۇنى ئېسىمىزگە كەلتۈرۈشىمىز كېرەككى ، خىزمەت ، پەقەت ئاشۇ ئاددىي ، ئەمما ئەھمىيەتلىك خىزمەتلا بۇ كېسەللىكنى داۋالاشنىڭ ئەڭ شىپالىق رېتسېپى .

ھاۋر ئۇنىۋېرسىتېتى مېدىتسىنا فاكۇلتېتىنىڭ پىروفېسسورى دوكتور رىچارد كابورتمۇ شۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان نوپۇزلۇق ھۆكۈم چىقارغان . ئۇ «ئادەم نېمىگە تايىنىپ ياشايدۇ » دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ : «مەندەك بىر دوختۇر ئۈچۈن ئېيتقاندا ، پەقەت ئۆز ئەمگىكىم ئارقىلىق ئاغرىقلارنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ياشاش پېشانەمگە پۈتۈلگەنىكەن . ئۇلار ئىچىدە نۇرغۇن كىشىلەر قورقۇش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ، بۇ كېسەللىككە غەمكىنلىك ، ئارىسالدىلىق ، يۈرەكسىزلىك ھەمراھ بولۇپ كېلىدۇ . ئۆزىمىزگە ئىشەنچ باغلاش — خىزمەت بىزگە ئاتا قىلغان باتۇرلۇق . 18-ئەسىردە ئامېرىكىدا ئۆتكەن مەشھۇر پەيلاسوپ ئېمېرسون بۇنىڭغا خېلى بۇرۇنلا ئىنتايىن يۇقىرى باھا بەرگەنىدى » .

ئەگەر بىز بىكارچىلىقتىن كۇنبويى لاغايلاپ يۈرسەك ، چوڭقۇر خىيال سۈرۈپلا ئولتۇرساق ، كاللىمىزغا نۇرغۇن بىمەنە ئىش ، بولمىغۇر خىياللار كىرىۋېلىشى مۇمكىن . بۇنداق ھالەتنى چارلىز دارۋىن «بىئارام بولۇش » دەپ ئاتەتلەنگەن . «بىئارام بولۇش » رىۋايەتلەردىكى «شەيتان ۋەسۋەسىسى »نىڭ ھازىرقى زاماندىكى نامايەندىسى . ئۇ قەلبىمىزنى بۇلغاپ ، ھاياتىي كۈچىمىز ۋە ئېتىقادىمىزنى بىخۇدلاشتۇرىدۇ .

مەن نيۇ - يوركلۇق بىر سودىگەرنى تونۇيمەن . «بىئارامىلىق»

بىلەن قاتتىق ئىپلىشىش ئۈچۈن ئۇ ئۇرغۇن خىزمەتلەرنى قىلغان . ئۇنىڭ ئىسمى تىرىپىر رانمان بولۇپ ، سىپىل كوچىسىدىكى 40-نومۇرلۇق قورۇدا تۇرىدۇ . بىر مەزگىل ئۇمۇ مەن ئاچقان كەچ كۇرسىنىڭ كۇرسانتى ئىدى . بىر قېتىم ئۇ بىزگە ئەندىشىنى قانداق تۈگىتىش ھەققىدە دوكلات بېرىپ ، تەسىرلىك سۆزلەپ بەرگەنىدى . دوكلات ئاخىرلاشقاندا مەن ئۇنى بىر رېستورانغا كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلدىم . ئۇ يەردە بىز تۈن يېرىمىغىچە پاراڭلاشتۇق . تۆۋەندىكىسى شۇ كۈنى كېچىسى ئۇنىڭ ماڭا سۆزلەپ بەرگەن كەچۈرمىشلىرى :

«بۇنىڭدىن 18 يىل ئىلگىرى مېنى غەم بېسىۋالغانىدى ، كېچىسى ئۇيقۇمۇ كەلمەيتتى ھەم قايغۇراتتىم ، ھەم ئاچچىقىم كېلەتتى . ھەقىقەتەن كۆڭلۇم بەك پاراكەندە ئىدى . نېرۋام كاردىن چىققاندەكلا ھېس قىلاتتىم . مېنىڭ قاتمۇقات غەمگە پېتىپ قېلىشىمنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ تەرەپلىمە ئىدى . ئۇ چاغدا مەن نيۇ - يورك «خان تاجى» مېۋە كونسېرۋاسى شىركىتىدە مالىيە باش تەپتىشى بولۇپ ئىشلەيتتىم . مەن 500 مىڭ دوللار مەبلەغ سېلىپ بۆلجۈرگەن تېرىتقاندىم ، بۇ بۆلجۈرگەنلەرنى يىغىۋالغاندىن كېيىن تۆت كىلوگراملىق تىن كونسېرۋا قۇتىسىغا قاچىلاپ ، ماروژنى ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتلارغا سېتىپ بېرەتتىم . 20 نەچچە يىلنى شۇ تەرىقىدە ئۆتكۈزۈپ ، قىلچە چاتاق چىقارمىغانىدۇق . بىراق ، كۈتۈلمىگەندە تىجارىتىمىزدىن چاتاق چىقتى . سەۋەب ، ماروژنى زاۋۇتىنىڭ تىجارىتى بارغانسېرى كېڭەيگەچكە ، ئۇلار ۋاقىت ۋە پۇلنى تېجەش ئۈچۈن تۇڭغا قاچىلانغان بۆلجۈرگەن سېتىۋالىدىغان بوپتۇ .

ئىش بىزنىڭ 500 مىڭ دوللار قىممىتىدىكى ساتالمايۋاتقان بۆلجۈرگەننى بىر تەرەپ قىلىشتا ئامالسىز قېلىشىمىز بىلەنلا تۈگىمەيتتى ، ئادەمنى تېخىمۇ قىينايدىغىنى شۇكى ، ئەگەر بىز كېلەر يىلى سېتىۋالىدىغان بۆلجۈرگەننىڭ مىقدارىنى ئازايتمىدىغان بولساق ، توختىماي ئاساسەن ، نەچچە مىليون دوللار زىياننى تۆلىشىمىزگە توغرا كېلەتتى . ھالبۇكى ، بۇ ئاي ، بۇ كۈنلەردە شىركىتىمىز 350 مىڭ دوللار قەرزگە بوغۇلۇپ بولغانىدى ، بۇنداق تۇرۇقلۇق بىزنىڭ ھەم

بۇ قەرزنى قايتۇرۇشقا چامىمىز يەتمەيتتى ، ھەم داۋاملىق نېسى سېتىۋېلىشقا ئامالسىز ئىدۇق . بۇ مەسىلىلەر مېنى جىلە قىلىپ يا كېچىسى ئارام بەرمەيتتى ، يا كۈندۈزى گېلىمدىن بىرنەرسە ئۆتكۈزمەيتتى .

مەن شىركىتىمىزنىڭ كالىفورنىيە ئىشتاتىدىكى زاۋۇتىغا دەرھال بېرىپ ، جىگىلىغا باشقا ئامال ئىزدەش توغرىسىدا كۈچۈمنىڭ بارىچە مەسلىھەت بەردىم ، چۈنكى ئەھۋال بىزگە ئىنتايىن پايدىسىز ئىدى ، شىركىتىمىز ۋەيران بولاي دەپلا قالغانىدى . بىراق ، شۇنچە قىلسامۇ جىگلى مېنىڭ سۆزلىرىمگە ئىشەنمىدى . ئەكسىچە ، كۆز ئالدىمىزدىكى قىيىن شارائىتنى نيۇ - يوركتا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورگانلىرىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىغا ئارتىپ قويدى ، تېخى بىزنى تىجارەت قىلىشنى ئۇقمايدىكەنسىلەر دېدى .

بىرقانچە كۈن زېرىكمەي مەسلىھەت بېرىش ئارقىلىق ، جىگلى ئاخىر مېۋە كونسېرۋاسى ئىشلەشنى توختىتىشقا ماقۇل بولدى ھەمدە ئېشىپ قالغان زاپاس مالنىڭ ھەممىسىنى سان - فىرانسىسكونىڭ ھۆل مېۋە بازىرىغا سېلىشنى قارار قىلدى . بۇنىڭ بىلەن مەسىلىلىرىمىزنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ھەل بولدى ، ئەمدىغۇ كۆڭلۈم ئارامىغا چۈشەر ؟ ئەمەلىيەتتە ، كۆڭلۈم يەنىلا ئارامىغا چۈشمىدى . غەم يەپلا يۈرۈش ماڭا ئادەت بولۇپ قالغانىكەن . شۇنچە قىلسامۇ ئۇنىڭدىن خالىي بولالمىدىم . نيۇ - يوركقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەنىلا كۈنبويى خاتىرجەمسىزلىكتە ئۆتتۈم ، بىردەم ئىتالىيەدىن ئىمپورت قىلغان ئالوچىدىن غەم قىلسام ، بىردەم ھاۋايدىن سېتىۋالغان بانانىدىن غەم قىلاتتىم . ئىچىم تىتىلداپ ، ئاسان ئاچچىقلىنىدىغان ، ئاغزىمغا تاماق تېتىمايدىغان ، غەمكىن بولۇپ قالغانىدىم ، ساراڭ بولۇپ قالغاندەكلا كۆرۈنەتتىم .

ئاخىر بۇنداق كېتىۋەرسەم بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ، ئۇمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆزۈمنىڭ تۇرمۇش شەكلىنى ئۆزۈل - كېسىل ئۆزگەرتىش قارارىغا كەلدىم ، بۇنداق يېڭى تۇرمۇش شەكلى كېيىن مېنىڭ ئۇيقۇسىزلىق كېسىلىمگە راستتىنلا شىپا بولدى ، شۇنىڭدىن

ئېتىبارەن بىئاراملىققا خاتىمە بەردىم . مەن تۇرمۇشۇمنىڭ شەكلىنى
قانداق ئۆزگەرتتىم؟ مەن ئىمكانقەدەر ئىش تېپىپ قىلىپ ، بىكار
تۇرمىدىم . ئىش بىلەنلا بەند بولۇپ ، ئۇنى - بۇنى ئويلاشقا ۋاقىت
چىقمايدىغان شارائىت ياراتتىم . بۇنىڭدىن ئىلگىرى ھەر كۈنى يەتتە
سائەتلا خىزمەت قىلاتتىم ، ھازىر ھەركۈنى 15 سائەت ، بەزىدە ھەتتا
16 سائەت خىزمەت قىلىدىغان بولدۇم . ھەركۈنى ئەتىگەن سائەت 8
دە ئىشقا چۈشۈپ ، تاكى يېرىم كېچىگىچە ئىشخانىدا بولدۇم . ئۈزلۈك-
سىز تۈردە يېڭى ۋەزىپىلەرنى تاپشۇرۇۋېلىپ ، پۈتۈن كۈچۈمنى تۈر-
لۈك يېڭى خىزمەتلەرگە قاراتتىم . ھېرىپ مادارىم قالمىغاندا ئۆيگە
قايتىپ كېلىپلا خاتىرجەم ئۇخلايدىغان بولدۇم .

بۇ كۈن تەرتىپنى ئۈچ ئايدىن كۆپرەك داۋاملاشتۇرۇپ ، غەم -
ئەندىشىدىن خالىي بولغاندىن كېيىن 7 — 8 سائەتلىك نورمال خىز-
مىتىمنى يېڭىباشتىن ئەسلىگە كەلتۈردۈم . يۇقىرىقىلار 18 يىلنىڭ
ئالدىدىكى ئىش . شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇيقۇسىزلىق كېسىلىگە قايتا
گىرىپتار بولۇپ باقمىغانىدىم ، غەمكىن يۈرىدىغان ئەھۋاللاردىن ئەم-
دى ئادا - جۇدا بولدۇم . »

گېئورگى شوبېر كىشىلەرنىڭ غەم - ئەندىشىنى يېڭىش جەھەتتە
قولغا كەلتۈرگەن تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلەپ چىقارغان يەكۈنىدە :
«دەرد - ئەلەم ۋە خاپىلىقنىڭ مەنبەسى تەلىيىڭىزنىڭ بار - يوقلۇقى
ئۈستىدە بىھۇدە باش قاتۇرىدىغان بىكار ۋاقتىڭىزنىڭ بولغانلىقىدا»
دەپ ياخشى ئېيتقان .

ئۇنداق بىمەنە خىياللاردا بولۇۋەرمەڭ ! دەرھال ھەرىكەتكە كې-
لىپ ، خىزمەتكە جىددىي ئاتلىنىڭ ! بۇنداق قىلسىڭىز روھىڭىز كۆ-
تۈرەڭگۈ بولىدۇ ، كاللىڭىز سەگەكلىشىدۇ ، ئۇرغۇپ تۇرغان ھاياتىي
كۈچىڭىز سىزنى غەم - ئەندىشىدىن خالىي قىلىدۇ . ئىشلەڭ ، بۇ
دۇنيا بويىچە ھەممىدىن ئەرزان ، شۇنداقلا ئۈنۈملۈك رېتسېپ .

غەمكىنلىك كېسىلىدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىرىنچى پرىنسىپى :

ئۆزىگە ئۆزى ئىش تېپىپ قىلىش ، خىزمەتنى بېرىلىپ ئىش-
لەش ، ھەرگىز ئۇمىدسىزلەنمەسلىك .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 2 . كىچىككىنە ئىشلارغا باش قاتۇرۇپ يۈرمەك

تۆۋەندىكى بۇ قىزىقارلىق ھېكايىنى مەڭگۇ ئۇنتۇمايمەن . ماڭا بۇ ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگەن كىشىنىڭ ئىسمى روبېرت مور بولۇپ ، جېرسى شەھىرىنىڭ زەرەڭ دەرىخى كوچىسىدىكى 14 - نومۇرلۇق قورۇدا تۇرىدۇ .

«1945 - يىل 3 - ئايدا ، — دەيدۇ ئۇ ، — تولىمۇ نورمال بولمىغان بىر كەچۈرمىش بېشىمدىن ئۆتتى ، ئۇ مېنىڭ تۇرمۇشۇمغا ئىنتايىن چوڭقۇر ئىلھام بەردى . ۋەقە ھىندونېزىيە دېڭىز تەۋەلىكىدىنىڭ 276 ئىنگلىز چىسى چوڭقۇرلۇقتىكى سۇ ئاستىدا يۈز بەردى . ئۇ چاغدا مەن ‹ بېئا — 318› ناملىق سۇ ئاستى پاراخوتىدا ماتروس ئىدىم . ئۇ چاغدا بۇ پاراخوتتا جەمئىي 88 ئادەم بار ئىدۇق . بىز رادار ئارقىلىق ياپونىيەنىڭ دېڭىز قاتنىشىنى قوغدىغۇچى بىر پاراخوت ئەترىتىنىڭ بىزگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى بايقىدۇق . تاڭ يورۇشقا ئاز قالغاندا بىز دېڭىز ئاستىغا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ ، دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلماقچى بولدۇق . بىز سۇ ئاستى دۇربۇنى ئارقىلىق ، دۈشمەن پاراخوت ئەترىتىنىڭ بىر قوغلىغۇچى پاراخوتى ، بىر ماي پاراخوتى ۋە بىر مېنا پاراخوتىدىن تەركىب تاپقانلىقىنى كۆزەتتۇق . بىز قوغلىغۇچى پاراخوتقا ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ مېنا قويۇپ بەردۇق ، بىراق بىرسىمۇ تەگمىدى . روشەنكى ، بۇ مېنالار چاتاق قوراشتۇرۇلغانىكەن . دۈشمەننىڭ قوغلىغۇچى پاراخوتى ئۆزىنىڭ ھۇجۇمغا ئۇچرىغانلىقىنى سەزمەي ، داۋاملىق ئىلگىرىلەپ كەلمەكتە ئىدى . ئارقىدا كېلىۋاتقان مېنا پاراخوتىغا ئوت ئاچماقچى بولۇپ تۇرغىنىمىزدا ، ئۇ توساتتىن نىشانىنى ئۆزگەرتىپ بىز تەرەپكە قاراپ ئۇدۇل كەلدى (ياپونىيەنىڭ بىر ئايروپىلانى بىزنىڭ 60 ئىنگلىز چىسى چوڭقۇرلۇقتا يوشۇرۇنۇۋالغانلىقىمىزنى بىلىپ قالغان ھەمدە سىمسىز رادىيو ئارقىلىق مېنا پاراخوتىغا بىزنىڭ تۇرغان ئورنىمىزنى خەۋەر قىلغانىـ

كەن ) . دۈشمەن پاراخوتىنىڭ ھۇجۇمىدىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇش ئۈچۈن ، بىز 150 ئىنگلىز چىسى چوڭقۇرلۇققا چۆكۈۋالدۇق ھەمدە سۇ ئاستى بومبىسىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىشىمىز مۇمكىن دېگەن تەييارلىقىمۇ قىلىپ قويدۇق . بىز پاراخوتنىڭ بارلىق بۆلۈمچىلىرىنىڭ كۆزنەكلىرىنى ھىملەش پۇرۇپكىسى بىلەن چىڭ ئېتىۋەتتۇق . دۈشمەنلەر پاراخوتىمىز يوشۇرۇنغان جايدى سېزىپ قالماسلىق ئۈچۈن ھاۋا ئۆتۈشۈش قۇرۇلمىسى ۋە تېمپېراتۇرىنى تۆۋەنلىتىش ئۈسكۈنىسىنى تاقىۋەتتۇق ، پاراخوتتىكى بارلىق يورۇتۇش ئۈسكۈنىلىرىنى ئۆچۈرۈۋەتتۇق .

ئۈچ مىنۇتتىن كېيىن كۈچسىز گۈلدۈرمامىنىڭ ئاۋازىدەك بىر خىل ئاۋاز بىرقانچە قېتىم ئاڭلىنىپ ، سۇ ئاستى بومبىسىدىن ئالتىسى ئەتراپىمىزدا پارتلىدى . پاراخوتىمىز يەنە چۆكۈشكە مەجبۇر بولدى ، ئاخىر 276 ئىنگلىز چىسى چوڭقۇرلۇقتىكى دېڭىز ئاستىغا چۆكتۇق . بىز چەكسىز ۋەھىمە ھېس قىلدۇق . بىلىش كېرەككى ، چوڭقۇرلۇقى 1000 ئىنگلىز چىسى كەلمەيدىغان سۇ ئاستىدا دۈشمەنىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراش خەتەرلىك . ئەقەللىي بىخەتەر چوڭقۇرلۇقمۇ 500 ئىنگلىزچىسى بولۇشى كېرەك ، ھالبۇكى ، ئەينى چاغدا بىز بۇ چوڭقۇرلۇقنىڭ يېرىمىدا تۇراتتۇق . بۇنىڭدىن دۈشمەننىڭ ھۇجۇمى بىز ئۈچۈن نەقەدەر قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى . ياپونىيەنىڭ مىنا پاراخوتى بىزگە قارىتىپ ئۇدا بەش سائەت سۇ ئاستى بومبىسى ئاتتى . پاراخوتىمىزدىن 17 ئىگلىزچىسى كېلىدىغان جايدا ھەربىر بومبا پارتلىغاندا ھاسىل بولغان كۈچلۈك سىلكىنىشتىن پاراخوتىمىزدا بىردىن يېرىق كۆپىيىپ باراتتى . پاراخوتىمىزدىن 50 ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان جايدىلا بۇنداق بومبىدىن نەچچە ئونى پارتلىدى . بىخەتەرلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ، بۇيرۇققا بىنائەن كارىۋاتتا جىم يېتىپ ئارام ئالدۇق . قورقىنىمدىن تىنىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتىم . كۆڭلۈمدە 〈تۈگەشتۇق ، ئۆلگىنىمىز ئۆلگەن〉 ! دەپ ئويلايتتىم . ھاۋا ئۆتۈشتۈرۈش قۇرۇلمىلىرى بىلەن تېمپېراتۇرىنى تۆۋەنلىتىش ئۈسكۈنىلىرى ئىشتىن توختىتىۋېتىل-

www.uyghurkitap.com

گەندىن كېيىن ، بۆلۈمنىڭ تېمپېراتۇرىسى تېزلا ئۆرلەپ 40 سېلسى-
يە گىرادۇسقا يەتكەنىدى . شۇنداق تۇرۇقلۇق قېلىن يۇڭ پوپايكا ۋە
خۇرۇم جىلىتكە كىيىۋالغان بولساممۇ ، لاغىلداپ تىترەپ تۇراتتىم ،
بەدىنىمدىن ئىختىيارسىز ھالدا سوغۇق تەر قۇيۇلۇپ تۇراتتى . ھۇجۇم
15 سائەت داۋاملىشىپ توساتتىن توختاپ قالدى . ئېنىقكى ، دۈشمەن
بومبىلىرىنى ئېتىپ تۈگىتىپ بولغاچقا ، پاراخوتمۇ ئىلاجسىز كېتىپ
قالغانىدى . بۇ 15 سائەت خۇددى 15 تۈمەن يىلدەك ئۇزاق تۇيۇلۇپ
كەتتى . بۇ جەرياندا پۈتۈن ئۆمرۈمنى ، قىلغان - ئەتكەن ياخشى -
يامان ئىشلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئەسلەپ ئۆتتۈم . قانچىلىغان ئەرزى-
مەس ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار تۇپەيلى بىئارام بولغانلىقىمنى
ئېسىمگە ئالدىم . ئەسكەرلىككە كىرىشتىن ئىلگىرى بىر بانكىدا ئىش
بېجىرگۈچى بولۇپ ئىشلەيتتىم . ئۇ چاغدا خىزمەت ۋاقتىم بەك ئۇ-
زاق ، ئىش ھەققىم بەك تۆۋەن ، ئۆسۈش پۇرستىم بەك ئاز دەپ
ئاغرىناتتىم . تۇرۇۋاتقان ئۆيۈمنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى مەندە ئەمەس-
لىكىدىن قايغۇراتتىم . ئاپتوموبىل سېتىۋېلىشقا قۇربىم يەتمىگەنلىكى
ئۈچۈن كۆڭلۈم يېرىم بولاتتى . ئايالىمغا بىرقانچە قۇر كۆڭلەك ئې-
لىپ بېرەلمىگەنلىكىمدىن خىجىل بولاتتىم . باشلىقىمنى باشقىلارنىڭ
ئىشىدىن پۈتاق چىقىرىشقا ئامراق ، باشقىلارغا تەنبىھ بېرىشكە خۇشتار
دەپ ئۆلگۈدەك ئۆچ كۆرەتتىم . ئېنىق ئېسىمدىكى ، ھەر كۈنى كەچتە
سەپرايىم ئۆرلەپ ، مىڭ تاغار قورساق كۆپۈكى بىلەن ئۆيگە قايتات-
تىم - دە ، قىلدەك ئىشنى پىلدەك كۆرۈپ ئايالىم بىلەن بىرقەپەس
ئېلىشىپ قالاتتىم . پېشانەمدىكى سەت تاتۇق ئېسىمگە كەلسىلا ھازىر-
غىچە غەزىپىم تاشىدۇ ، بۇ تاتۇق ئاشۇ قېتىملىق نەس باسقان ئاپتومو-
بىل ۋەقەسىدە مېنى ئۆمۈرلۈك ئارماندا قالدۇرغانىدى .

سۇ ئاستى پاراخوتىدا يېتىپ ئەزرائىلنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلى-
شىنى كۈتۈپ تۇرغان چاغلىرىمدا ، مېنى تۇرمۇشتا خاتىرجەم قىلمى-
غان ئاشۇ كونا غەم - قايغۇلار ئەمدىلىكتە ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلى-
نىپ قالغانىدى . كۆڭلۈمدە پەقەت بىرلا نىيەت بار ئىدى : پەقەت
يورۇقلۇقنى قايتا كۆرەلەيدىغانلا بولسام ، باشقىچە بىر خىل ئۇسۇلدا

ياشايمەن . ھەرگىزمۇ ئىلگىرىكىدەك پەرىشان ، بۇرۇقتۇرما بولۇپ يۈرمەي ، تۇرمۇشتىن پۇخادىن چىققۇچە لەززەت ئالىمەن ! ئادەمنىڭ جىنىنى ئېلىپ جاڭگالدا قويىدىغان بۇ 15 سائەت ۋاقىت ئىچىدە سۇ ئاستى پاراخوتىدا تۇرۇپ ئۆگەنگەن تۇرمۇش سەنئىتىم تۆت يىل ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇغىنىمدىنمۇ كۆپ بولدى . »

بىز تۇرمۇشتا دائىم تۇرلۇك ئېغىر سىناقلارغا باتۇرلارچە بەرداشلىق بېرەلەيمىز- يۇ ، بىراق كۆپ ھاللاردا كۇندىلىك ئۇششاق-چۇششەك ئىشلار ئالدىدا بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالىمىز . سامېل پېپىسنىڭ خاتىرە دەپتىرىدە ھاررېي ۋېن ئەپەندىنىڭ جازا مەيدانىغا باغلاپ ئاپىرىلغانلىقى تەسۋىرلەپ يېزىلغان بىر ئابزاس ھېكايە بار . ھاررېي ۋېن ئەپەندى دار ئالدىغا كەلگەندە ، — دەپ يازىدۇ پېپىس ، — ئۇ كەچۈرۈم قىلىش ياكى كەچۈرۈش قىلىشنى تىلىمەي ، ئەكسىچە جازا ئىجرا قىلغۇچى ئەمەلداردىن دارنىڭ تانىسىنى بوينىدىكى چاقا ئىزىغا سالماسلىقنى ئۆتۈنىدۇ !

بېردې جياڭجۇنمۇ قار - مۇزلار بىلەن قاپلانغان جەنۇبىي قۇتۇپنىڭ قاراڭغۇ كېچىلىرىدە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئەھۋالنى بايقىغان : ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى كىشىلەر ھايات - ماماتقا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشلار ئالدىدا بەخىرامان تۇرغان ، ئەمما «بوينىدىكى چاقا» دىن بولسا كۆپ ھاللاردا بىئارام بولۇپ يۈرگەن . ئۇلار تۇرلۇك ئازاب ۋە جاپا-مۇشەققەتكە بەرداشلىق بېرىپ دائىم سېلسىيە نۆلدىن تۆۋەن 20 گىرادۇسلۇق شارائىتتا ياشاپمۇ قىلچە ۋايسىمىغان ، «لېكىن ئۇلار — مېنىڭ بۇ ھەمسەپەرلىرىم ،— دەپ يازىدۇ بېردې جياڭجۇن ،— ئۆزئارا ئۆچلىشىپ ، بىر - بىرىگە گەپ قىلىشمايتتى ، چۈنكى ئۇلار كۆپ ھاللاردا باشقىلارنى ئۆزىنىڭ سايمانلىرىنى سەل مىدىرلىتىپ قويغانلىق تۈپەيلى ئەيىبلىنەتتى ، ھەتتا شۇنداقمۇ بىر ئادەم بار ئىدىكى ، ئۇ ئاشخانىغا كىرگەندە ، ئەگەر ئۆزى يامان كۆرىدىغان ئادەمنىڭ كۆزىدىن نېرىرىراق ئولتۇرغۇدەك مۇۋاپىق ئورۇن تاپالمىسا تاماقمۇ يېمەيتتى » . بېردې جياڭجۇن ئاخىرىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ : «جەنۇبىي قۇتۇپ لاگېرىمىزدىكى مۇنداق ئۇششاق - چۇششەك ئىشلار

ئادەتتە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بۇ سالاپەتلىك يىگىتلەر-
نىڭمۇ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ ساراڭ قىلىپ قوياتتى» .

ئەمەلىيەتتە بېردي جياڭجۇن شۇنىمۇ بىلىشى كېرەككى، ئائىلە تۇرمۇشىدا بولۇپ تۇرىدىغان ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنىڭ ئەر - خوتۇنلارنى مەجبۇرىي ساراڭ قىلىپ قويۇشى تېخىمۇ نورمال ئەھۋال . بۇ نۇقتىنى ھېچبولمىغاندا ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ماتېرىيالى ئارقىلىقمۇ ئىسپاتلاشقا بولىدۇ . مەسىلەن، چىكاگو شەھىرىنىڭ سودىيەسى جوسېف سابېرت بۇنداق ئىشلارنى ئىستاتىستىكىلاپ چىققان . ئۇ 4000 دىن كۆپرەك بەختسىز ئائىلىنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلوسىنى ئۆزى قاراپ چىققان . سابېرت مۇنداق دەيدۇ : «بۇ بەختسىز نىكاھلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنى تۇرمۇشتىكى بەزى ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار كەلتۈرۈپ چىقارغان» . نيۇ - يورك ئىشتاتىنىڭ رايونلۇق ئادۋوكاتى فرانك خوگ ئەپەندىمۇ مۇنداق دەيدۇ : «جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى تۈرمىسىگە قامالغان جىنايەتچىلەرنىڭ جىنايەت سادىر قىلىشتىكى سەۋەبلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى ئىنتايىن ئۇششاق ئىشلار . ھاراق ئىچكەندە سەت گەپ قىلىش، ئائىلىدە گەپ تالىشىپ قېلىش، قوپال گەپ قىلىش، بىر - بىرىگە قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىش ...... قا ئوخشاش تۈرلۈك ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار ئىككى تەرەپنىڭ بىر - بىرىگە كالتەك - چوماق كۆتۈرۈشىگە، قورال ئىشلىتىشىگە سەۋەب بولىدۇ...... ئازراق خورلۇق تارتساق، باشقىلار بىزنى بىرنەچچە ئېغىز تىللاپ قويسا ياكى بىزگە ھومىيىپ قويسا، ئۇنى ساختا شۆھرەتپەرەسلىكىمىزگە زىيان يەتكۈزگەنلىك دەپ ھېس قىلىمىز . دۇنيادىكى يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنىڭ كېسەللىك سەۋەبىمۇ ئەنە شۇنىڭدا» .

ئېلىئنو روزۋېلت نىكاھلىق بولغان چېغىدا تېخى ناھايىتى ياش ئىدى . ئۇ چاغدا ئۇ يېڭى ئاشپىزىنىڭ سەيىنى ياخشى قورۇيالمايدىغانلىقىدىن كۆنبويى رەنجىپ يۈرەتتى . روزۋېلت خانىم ئۆزىنىڭ شۇ چاغدىكى ئەسلىمىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ : «ئەگەر ھازىرقى ۋاقىت بولىدىغان بولسا، شىرەگە تىزىلغان سەيلەرگە قاراپ

مۇرەمنى قىسىپ قويۇپلا بىردەمدىن كېيىن ئۇنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولاتتىم» . شۇنداق ، يېتىلگەن بىر ئادەمنىڭ مەسىلىگە دۇچ كەلگەندىكى ئىپادىسى ئاشۇنداق بولۇشى كېرەك ! ھەتتا كاتالىپىنناغا ئوخشاش ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويىدىغان مۇستەبىت پادىشاھمۇ ئۆزى ياقتۇرمايدىغان زىياپەتنى كۆرگەندە كۆلۈپ قويۇپلا ئۆتكۈزۈۋېتكەن .

بىر قېتىم ، مەن چىكاگولۇق بىر دوستۇمنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن خوتۇنۇمنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا باردىم . ئېھتىمال ئەر خوجايىنىنىڭ گۆش توغراش يۆنىلىشى توغرا بولمىغان بولسا كېرەك — ئەمەلىيەتتە ، شۇ چاغدا مەن نېمىنىڭ توغرا بولماي قالغانلىقىغا دىققەتمۇ قىلمىغانىدىم ، ئەگەر مېنى گۆش توغراڭ دېگەن بولسا ، مەنمۇ ئاشۇنداق خاتا قىلىشىم مۇمكىن ئىدى ، ئۇنىڭ خوتۇنى بىزنىڭ ئالدىمىزدىلا ئۇنىڭغا كايىپ : «جون ، نېمە ئىش قىلىۋاتقىنىڭغا قاراپ باقە ! ئۆمۈر بويى ئۆگىنەلمەي ئۆتۈپ كېتەرسەنمۇ ؟ » دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى . ئارقىدىنلا بىز تەرەپكە ئۆرۈلۈپ : «ئۇ ھەمىشە ئاشۇنداق خاتا ئىش قىلىدۇ ، ھەمىشە كۆڭلىنى بىر جايدا قويمايدۇ» دېدى . بەلكىم گۆش توغرىغۇچە ئۇنىڭ راستتىنلا كۆڭلى بىر جايىدا بولمىغاندۇ ، بىراق مەن ھېچبولمىغاندا شۇنى بىلەتتىمكى ، ئۇ 20 نەچچە يىلدىن بۇيان خوتۇنى بىلەن ئۆي تۇتۇشقا جان كۆيدۈرۈپ كېلىۋاتىدىغۇ .

راست گەپنى قىلسام ، مەن ئارامخۇدا ئولتۇرۇپ قىچا تالقىنىغا كالباسا تۆگۈرۈپ يېيىشنى ياخشى كۆرىمەنكى ، خوتۇنۇمدىن دەشنام يەپ ئولتۇرۇپ بېيجىڭنىڭ ئۆردەك كاۋىپى بىلەن ئاكۇلا بېلىقىدىن تەييارلانغان نازۇنېمەتلەرنىڭ پەيزىنى سۈرۈشنى خالىمايمەن .

ئۇزاق ئۆتمەي ، ئەر - خوتۇن ئىككىمىز بەزى دوستلىرىمىزنى ئۆيىمىزگە چايغا تەكلىپ قىلدۇق . مېھمانلار كېلىشكە ئاز قالغاندا ، خوتۇنۇم ئۈچ دانە تاماق لۆڭگىسىنىڭ داستىخان بىلەن ماسلاشمىغانلىقىنى توساتتىن بايقاپ قاپتۇ . «ئاشخانىغا يۈگۈرۈپ كىردىم ، — دەيدۇ خوتۇنۇم مېھمانلار ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ، — ئايال ئاشپەزدىن سورىسام ، ھېلىقى ئۈچ دانە تاماق لۆڭگىسىنى كىيىم

يۈيۈش دۈكىنىغا ئاپىرىپ بەرگەنىكەن. مېھمانلار ئىشىك ئالدىغا كېلىپ بولغانىدى، قايتىدىن داستىخان سېلىشقا ئۈلگۈرگىلى بول. مايتتى. ئۇ چاغدا تازا ئاچچىقلىماقچى بولغانىدىم. بىراق، شۇنى ئويلىدىمكى، مۇشۇ بىردەملىك بىخەستەلىك ئۈچۈن بىر ئاخشام دوم. سىيىپ ئولتۇرىمەنمۇ؟ بۇنداق قىلسام بولمايدۇ! ئۆزۈمنى رۇسلىۋې. لىپ، مېھمانخانىغا كىرىپ دوستلىرىم بىلەن قىزغىن، تەبىئىي مۇڭدىشىپ ئولتۇردۇم. دوستلىرىمنىڭ مېنى ئائىلە ئىشلىرىغا ماھىر ئەمەسكەن دېيىشىدىگە رازىمەنكى، — دەيدۇ خوتۇنۇم ئىزاھات بېرىپ، — ئۇلارنىڭ مېنى چېچىلاڭغۇ، بېشەم خوتۇنكەن دېيىشىنى خالىمايمەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە شۇنىڭغا دىققەت قىلدىمكى، ئەمەلى. يەتتە ھېچكىم تاماق لەڭگىمىزنىڭ قاملاشمىغانلىقىنى سەزمىدى».

كۆپ ئەھۋاللاردا، بىز تەمكىن، ئېغىر - بېسىق بولۇپ، مەسىلىگە يولۇقـقاندا ياخشـى تەرەپىـى كۆپـرەك ئويلايدىغانلا بولساق، ئۇششاق - چۇششەك ئىشلار كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان باش قېتىنچىلىقـ. تىن ساقلىنىپ قېلىشىمىز تامامەن مۇمكىن. مېنىڭ ھام كىروي — «پارىژغا قايتا بېرىش» ناملىق رومان ۋە ئون نەچچە پارچە كىتابنىڭ ئاپتورى — ئىسىملىك بىر دوستۇم بار، ئۇ بۇ جەھەتتە بىزگە ياخشى ئۈلگە تىكلەپ بەردى. بۇنىڭدىن كۆپ يىللار ئىلگىرى ئۇ نيۇ - يوركتا كىتاب يېزىۋاتقاندا، ئۆيدىكى پارنۋايدىن چاتاق چىققان ئاۋازدىن كۆڭ. لى پاراكەندە بولىدۇ. پار تۇرۇبىدا غوڭۇلدىسا، ئۇ بىر چەتتە ئولتۇ. رۇپ غۇدۇڭشۇپ ئاچچىقلايدۇ.

«بىر قېتىم بىرقانچە دوستۇم بىلەن دالادا قونۇپ قالغاندىم، — دەيدۇ ھام كىروي، — قۇرۇق ئوتۇن كۆيگەندە چىققان ‹پاراس - پۇرۇس› ئاۋازنى ئاڭلاپ، ئۆيدە پارۋايدىن چىققان ‹غوڭ. غوڭ› ئاۋاز ئىختىيارسىز ئېسىمگە كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى شاۋ. قۇنغۇ، نېمە ئۈچۈن بىرسى ئىنتايىن يېقىملىق ئاڭلىنىپ، يەنە بىر. سى كىشىنىڭ جېنىغا تېگىدۇ؟ ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن پارۋاينىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۆزۈمگە ئۆزۈم: پار تۇرۇبىسىدىن چىققان ئاۋازمۇ گۈلخاندىن چىققان ‹پاراس - پۇرۇس› ئاۋاز بىلەن ئوخشاشلا يېقىملىق

ئىكەنغۇ ؟ دېدىم . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خاتىرجەم ئىشلىيەلەيدىغان ۋە ئۇخلىيالايدىغان بولدۇم . ئەمدى پار تۇرۇبىسىدىن چىققان ئاۋازنى دەپ چېچىلىپ يۈرمەيدىغان بولدۇم . ۋاقىت ئۆتكەنسېرى بۇنداق ئا- ۋازغىمۇ كۆنۈپ قالدىم » .

دىسرائېل (ئەنگلىيەلىك مەشھۇر يازغۇچى ) «ئۇششاق - چۈش- شەك ئىشلارغا ئاچچىقلايدىغان ئادەمنىڭ ئۆمرى قىسقا » دېگەندى . چوڭقۇر مەنىلىك بۇ ھېكمەتلىك سۆزگە فىرانسىيە يازغۇچىسى مورۇۋا تۆۋەندىكىدەك ئىزاھات بېرىدۇ : «بۇ سۆز بىزنىڭ نۇرغۇن كۆڭۈلسىز كەچۈرمىشلەرنى ئۇنتۇپ كېتىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ . بىز كۆپ ھاللاردا ئادەمنىڭ دىققىتىنى قوزغىمايدىغان ، شۇ تۇپەيلى تېز ئۇنتۇپ كېتىشكە تېگىشلىك بەزى ئۇششاق ئىشلارنىڭ كاساپىتى بىلەن ئەقلى- مىزنى يوقىتىپ قويىمىز . بىز بۇ دۇنيادا پەقەت نەچچە ئون يىللا ياشايمىز - يۇ ، لېكىن ئەرزىمەس ئۇششاق ئىشلارغا يېپىشىۋېلىپ نۇرغۇن قىممەتلىك ۋاقتىمىزنى بىكاردىن - بىكار ئىسراپ قىلىۋېتى- مىز . ۋاقتى ئۆتكەن بۇنداق ئۇششاق ئىشلارغا كىم قىزىقىدۇ ؟ ياق ، بىز بۇنداق ياشىساق بولمايدۇ . بىز ھاياتىمىزنى قىممەتلىك ئىشلار ۋە ئالىيجاناب ھېسسىياتقا بېغىشلىشىمىز لازىم . كېيىنكى ئەۋلادلى- رىمىز پەقەت مۇشۇنداق ئىشلار ۋە ھېسسىياتقىلا ئەۋلادمۇئەۋلاد ۋا- رىسلىق قىلالايدۇ . بىلىش كېرەككى ، ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارغا ئاچچىقلايدىغان ئادەمنىڭ ئۆمرى قىسقا » .

رۇدئېد كىپلىن (ئەنگلىيە يازغۇچىسى )دەك ئالاھىدە ئەربابلارمۇ بەزىدە دىسرائېلنىڭ يۇقىرىدىكى ھېكمەتلىك سۆزىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ . چۈنكى ، ئۇ قېيىنئاغىسى ئۇستىدىن ئەرز يېزىپ ، ئامېرىكىنىڭ ۋېر- مونت ئىشتاتى تارىخىدا بىر جەمەتتىكىلەر ئەپ ئۆتۈشەلمەسلىكتەك مەشھۇر دېلونى پەيدا قىلغان . بۇنى نېمىدىن كۆرگۈلۈك ؟ بەزىلەر كىشىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان بۇ دېلو توغرىسىدا كىتاب يېزىپ ، ئۇنىڭغا «ۋېرمونت ئىشتاتىدىكى كىپلىن جەمەتى ماجىراسى » دەپ نام قويغان .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ ئىشنىڭ جەريانى مۇنداق: كىپلىن ۋېرمونت ئىشتاتىدىكى كارورىن بارسېت ئىسىملىك بىر قىز بىلەن توي قىلىدۇ. تويدىن كېيىن كىپلىن بۇ ئىشتاتنىڭ بۇراتلپورو شەھىرىگە ئىنتايىن چىرايلىق بىر كورپۇس ئۆي سېلىپ كۆچۈپ كېلىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزىدۇ. ئۇنىڭ قېيىنئاغىسى بىت بارسېت ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن ئاغىنىسى بولۇپ، ئىككىيلەن خىزمەت ۋە ئۆگىنىشتە داۋاملىق بىللە يۈرىدۇ.

كېيىن كىپلىن بارسېتنىڭ بىر پارچە يېرىنى سېتىۋالىدۇ ھەمدە بۇ يەرنىڭ ئوت - چۆپلىرىنى ئوراش - يىغىش ھوقۇقى بارسېتتا بولىدۇ دەپ پۈتۈشىدۇ. بىراق، بىر كۈنى بارسېت كىپلىننىڭ بۇ يايلاقنى گۈللۈككە ئۆزگەرتىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، تازا ئاچچىقى كېلىدۇ - دە، شۇ يەردىلا ئۇنى قوپال گەپلەر بىلەن تىللايدۇ. كىپلىنمۇ بوش كەلمەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، ۋېرمونتتىكى بۇ بىر پارچە چۆپلۈك توغرىسىدىكى تالاش - تارتىش ئىككى دوست ئوتتۇرىسىغا ئۆچمەنلىك سېلىپ قويىدۇ.

بىرقانچە كۈندىن كېيىن كىپلىن ۋېلسىپىتكە مىنىپ كېتىۋېتىپ يولدا قېيىنئاغىسى بارسېت بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالىدۇ. بارسېت ئىككى ئاتلىق ھارۋىدا ئولتۇرۇۋېلىپ يولنى توسۇپ قويۇپ، كىپلىننى ۋېلسىپىتتىن چۈشۈپ ماڭا يول بەر دەپ تۇرۇۋالىدۇ. مۇشۇنچىلىك ئىش بىلەن كىپلىن ئەقلىدىن ئېزىپ، سوت مەھكىمىسىگە قېيىنئاغىسى ئۈستىدىن ئەرز قىلىمەن دەپ قەسەم قىلىدۇ. كىشىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان بىر دېلو ئەنە شۇنداق يۈز بېرىدۇ. ئاخبارات مۇخبىرلىرى ھەرقايسى چوڭ شەھەرلەردىن بۇراتلپوروغا يېغىپ كېتىدۇ. خەۋەر پۈتۈن دۇنياغا تارايدۇ. كىپلىن بۇ قېتىمقى دەۋادىن نېمىگە ئېرىشىدۇ؟ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئەكسىچە ئۇ تېخى سوتنىڭ ھۆكمى بويىچە خوتۇنىنى ئېلىپ ئامېرىكىدىكى بۇ داچىسىدىن مەڭگۈ ئايرىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. مۇشۇنچىلىك كىچىك ئىش، باغدىكى ئازغىنە ئوت - چۆپ شۇنچە كۆپ ئۆچمەنلىك ۋە ئازابنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بۇنىڭ نېمە ھاجىتى؟ «خەقنىڭ نېمە دېيىشى-

دىن قەتئىينەزەر ، ئۆپكەڭنى بېسىۋالغان بولساڭ بوپتىكەن !» دەپ يازىدۇ كىتابنىڭ ئاپتورى .

بۇنىڭدىن 2000 يىلدىن كۆپرەك ئىلگىرى ئۆتكەن ئافىنالىق سىياسەتچى پېرىكلېس : «دىققەت قىلايلى- ھە ، ئەپەندىلەر ، ئۇششاق- چۈششەك ئىشلارغا بەك يېپىشىۋېلىۋاتىمىز !» دېگەنىدى . بۇ ئۇرغۇ- لۇق جۈملە ھازىرقى كىشىلەرگىمۇ ئوخشاشلا ئۇيغۇن كېلىدۇ .

بۇ يەردە يەنە دوكتور ھارربي ئېمىېرسون سۆزلەپ بەرگەن ئىنتايىن قىزىقارلىق بىر ھېكايە — ئورمانلار پادىشاھىنىڭ غەلىبە قىلغانلىقى بىلەن مەغلۇپ بولغانلىقى ، باراقسان ئۆسكەنلىكى بىلەن قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بىر ھېكايە بار :

كولورادو دەريا ۋادىسىدىكى بىر تاغنىڭ باغرىدا بىر تۈپ قۇرۇپ قالغان چوڭ دەرەخ بار ئىكەن . بىيولوگلارنىڭ مۆلچەرلىشىچە ، بۇ دەرەخنىڭ بۇ يەردە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغىنىغا 400 يىلدىن ئېشىپتۇ . ئەينى چاغلاردا كولومبو سان - سالۋادور قۇرۇقلۇقىغا چىققاندا ھېلى- قى دەرەخ بار ئىكەن . ئۇزاق زامانلار داۋامىدا ئۇ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 14 قېتىم چاقماقنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپتۇ . تۆت ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان سانسىزلىغان قار كۆچۈش ۋە شىددەتلىك بوراندا مەغرۇر قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ . ئۇ بارلىق زوراۋانلىق ئالدىدا باش ئەگمەي تۇرۇپتۇ - يۇ ، نەزەرگە ئېلىنمايدىغان بىر توپ ھاشارات- نىڭ ھۇجۇمى بىلەن يىقىلىپ قاپتۇ ! بۇ ھاشاراتلار ئۇنىڭ قوۋزىقىنى تېشىپ ئۆتۈپ ، غولىنى يەپ كاۋاك قىلىپ ، ئۆزلىرىنىڭ ئاجىز ، لېكىن ئۈزلۈكسىز ھۇجۇمى ئارقىلىق ئاخىر ئۇنىڭ جەڭگىۋارلىق كۈچىنى ئۈزۈل - كېسىل پارچىلىۋېتىپتۇ . كۆككە تاقاشقان بىر تۈپ چوڭ دەرەخ ئاخىر ئىنتايىن كىچىك ، چىمچىلىقىمىز بىلەن سەللا چېكىپ قويساق مىجىقى چىقىپ كېتىدىغان بىر توپ قۇرتقا باش ئېگىپتۇ .

بىزمۇ بېشىدىن ئىسسىق - سوغۇق ئۆتكەن ئاشۇ ئورمانلار پادى- شاھىغا ئوخشاشقۇ ؟ بىزمۇ تۇرمۇشتىكى ھەر خىل بوران - چاپقۇن ، قار كۆچكۈنى ، چاقماقنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلەيمىز - يۇ ،

www.uyghurkitap.com

غەمدىن ئىبارەت بۇ «ھاشارات»نىڭ جىسمىمىزنى ، كەيپىياتىمىزنى تەدرىجىي غاجاپ يېيىشىگە يول قويۇپ ، ئاخىرىدا كۆچلۈك تېنىمىزدىن مەھرۇم قالىمىزغۇ؟ غەم دېگەن «ھاشارات»مۇ چىمچىلىقىمىز بىلەن سەل-سەلا چېكىپ قويساق مىجىقى چىقىپ كېتىدىغان كىچىك نەرسە .

بۇنىڭدىن كۆپ يىللار ئىلگىرى ، بىز ۋايومىڭ ئىشتاتى تاشيول قاتناش ھەيئىتىنىڭ رەئىسى چارلېز سېفرېت ۋە ئۇنىڭ بىرقانچە دوستلىرى بىلەن ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ ، بۇ ئىشتاتنىڭ تېدون دۆلەتلىك باغچىسىنى سەيلە قىلغانىدۇق . بىزنىڭ باغچىدا روكفېللېرنىڭ تەئەللۇقاتلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغۇمىز بار ئىدى . بىراق ، مەن ئولتۇرغان ئاپتوموبىل يېرىم يولغا كەلگەندە ، ئېزىپ قېلىپ باشقا يولغا كېتىپ قالغاچقا ، بىر سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىت ئايلىنىپ يۈرۈپ ئاندىن باغچىنىڭ ئىشىكىگە كەلدۇق . ۋەھالەنكى ، باشقا ئاپتوموبىللارنىڭ كىرىپ كەتكىنىگە خېلى ئۇزاق بوپتىكەن . بۇ خۇسۇسىي تاشيولغا كىرىش ئاغزىنىڭ ئاچقۇچى پەقەت سېفرېت ئەپەندىدىلا بار ئىكەن . شۇڭلاشقا ، ئۇ پىژ - پىژ ئىسسىق ، پاشىلىق بۇ ئورماندا بىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ . جانغا تېگىدىغان بۇ پاشىلار ئەۋلىيا - ئەنبىيالارنىمۇ چېقىپ ساراڭ قىلىپ قويىدۇ . لېكىن ، چارلېز سېفرېت ئەپەندى بۇنىڭغا پىسەنت قىلماي تۇرۇپتۇ . ئۇ بىزنى ساقلىغاچ ، تېرەكنىڭ بىر تال شېخىنى كېسىۋېلىپ غاڭزا ياساپتۇ . بىز ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگىنىمىزدە ئۇ بۇ پاشىلارنى تىللاۋاتامدىكىن؟ ياق! ئۆزى ياسىغان پۇشتەكنى پەيزى بىلەن چېلىۋاتقانىكەن! مەن بۇ پۇشتەكنى ئۇششاق ئىشلارغا قايغۇرۇپ يۈرمەيدىغان ئادەمنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە ھازىرغىچە ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كېلىۋاتىمەن .

غەم - قايغۇ ۋە باش قېتىنچىلىقنى تۈگىتىشنىڭ ئىككىنچى پىرىنسىپى : تۇرمۇشتىكى مۇھىممۇ ئەمەس ، كارى بولماي يۈرۈۋېرسىمۇ بولىدىغان ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارغا باش قاتۇرۇپ ئۆزىنى ئۇپراتماسلىق ، «ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارغا ئاچچىقلىنىدىغان ئادەمنىڭ ئۆمرى قىسقا» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى ئەستە ساقلاش .

## 3 . سىزنىلا نەس باسامدۇ ؟

مەن مىسسۇرى ئىشتاتىدىكى بىر قورۇقتا چوڭ بولغان . بىر قېتىم ئانامنىڭ ئالۇچا ئۇرۇقچىسى ئېلىشىغا ياردەملىشىۋېتىپ يىغلاپ تاشلىدىم . ئانام مەندىن «دىل ، نېمىشقا يىغلايسەن ؟» دەپ سورىدى . «كۈنلەرنىڭ بىرىدە مېنىڭمۇ تىرىك كۆمۈۋېتىلىشىمدىن قورقۇۋاتىمەن» دەپ جاۋاب بەردىم ئېسەدەپ تۇرۇپ .

بالىلىق دەۋرىمدە ھەددى - ھېسابسىز ۋەھىمە ۋە ئەندىشىلەردە بولغانىدىم . بوران - چاپقۇن يولغان ھامان چاقماق سوقۇۋېتىشتىن ئەنسىرەيتتىم ؛ تۇرمۇشتا ئازراق قىيىنچىلىق تارتساقلا قورسىقىم تويماي قېلىشتىن غەم قىلاتتىم ؛ ئۆلگەندە دوزاخقا كىرىشتىن قورقاتتىم ؛ سام ھايت ئىسىملىك بىر چوڭ بالىنىڭ قۇلىقىمنى كېسىۋېتىشىدىن تېخىمۇ قورقاتتىم — ئۇ ماڭا ئاشۇنداق دەپ تەھدىت سېلىپ قوياتتى ؛ قىزلارغا ئۇچراپ قالساملا بېشىمدىكى شەپكىنى قولۇمغا ئېلىۋالاتتىم ، لېكىن ئۇلارنىڭ مېنى ھە دېسىلا مەسخىرە قىلىشىدىن غەم قىلاتتىم ؛ كەلگۈسىدە مەن بىلەن توي قىلىشنى خالايدىغان قىز چىقماي قېلىشتىن ئەنسىرەيتتىم ؛ توي قىلغاندىن كېيىن خوتۇنۇمغا دەيدىغان تۇنجى گېپىم نېمە بولۇش كېرەكلىكى ئۈستىدە جىق باش قاتۇرۇپ كېتەتتىم . مەن مۇنداق پەرەز قىلاتتىم : مەلۇم كەنتنىڭ چېركاۋىسىدا توي مۇراسىمىمىز ئۆتكۈزۈلىدۇ ، ئاندىن سەھرانىڭ پۆپۈكلۈك ئات ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ قورۇققا قايتىپ كېلىمىز . لېكىن ، مەن ھارۋىدا ئولتۇرۇپ خوتۇنۇمغا نېمىلەرنى دېيىشىم كېرەك ؟ گەپنى قەيەردىن باشلىشىم كېرەك ؟ مەن دائىم يەر ھەيدىگەچ ، ھەممىدىن مۇھىم دەپ قارىغان بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە قاتتىق ئويلىناتتىم .

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ، كېيىنچە شۇنى سەزدىمكى ، مەن قاتتىق باش قاتۇرغان بۇ نۇرغۇن مەسىلىلەرنىڭ يۈزدىن توقسان توققۇز پىرسەنتى كېيىنكى تۇرمۇشۇمدا يۈز بەرمىدى .

مىنىڭ ئىلگىرى چاقماق سوقۇۋېتىشتىن قورقۇپ يۈرگەنلىكىمـ
نى مىسالغا ئالساق، ھازىر شۇنى بىلدىمكى، دۆلەت بىخەتەرلىك
ھەيئىتىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، بىر ئادەمنى چاقماق
سوقۇۋېتىش ئېھتىمالى ئاران 300 مىڭدىن بىر بولىدىكەن.

تىرىك كۆمۈۋېتىلىشتىن ئەنسىرەش تېخىمۇ بىمەنىلىك ئىكەن.
جەسەتكە چىرىتمەس دورا سۈرتىدىغان ئىش تېخى ئادەتكە ئايلانمىغان
ئەينى چاغدا، ئادەم ئۆلمەي تۇرۇپ دەپنە قىلىنىدىغان ئەھۋالمۇ ئاران
10 مىليوندىن بىر بولىدىكەن. ھالبۇكى، مەن ئۆزۈمنىڭ بۇنداق
تەقدىرگە قېلىشىمدىن ئەنسىرەپ يۈرۈپتىمەن. دۇنيادا سەككىزدىن
بىر ئادەم راك كېسىلى بىلەن ئۆلىدۇ. ھەقىقىي قورقۇشقا توغرا
كەلسە، راك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىشتىن قورقۇشنىڭ چاقـ
ماق سوقۇۋېتىش ۋە تىرىك كۆمۈۋېتىلىشتىن قورقۇشقا قارىغاندا كۆپ
داۋلىسى بار.

دەرۋەقە، يۇقىرىدا دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى بالىلارچە خىيال،
بىراق ئەمەلىيەتتە بارلىق چوڭلارنىڭ غەم ـ ئەندىشىلىرىمۇ ئوخشاشلا
ئاساسسىز. ئەگەر بۇ ئەندىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن
ياكى ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن تەھلىل قىلىپ
كۆرىدىغان بولساق، 10 ئەندىشىنىڭ 8 — 9 بىھۇدە بولۇپ چىقىدۇ.

دۇنياغا مەشھۇر لوندون لويدس سۇغۇرتا شىركىتى شۇنىڭ ئۇـ
چۇن كۆپ پۇل تاپالايدۇكى، ئۇلار كىشىلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە يۈز
بېرىشى ئىنتايىن قىيىن بولغان ۋەقەلەردىن ئەندىشە قىلىپ يۈرىدىغان
ئومۇمىي روھىي ھالىتىنى ئىگىلىۋالغان. بۇ سۇغۇرتا شىركىتى ئۆـ
زىنىڭ خېرىدارلىرى بىلەن ئۇلار كۆڭلەرنىڭ بىرىدە بېشىمغا كېلىپ
قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەپ يۈرگەن كۆلپەتلىك تەقدىرنىڭ ھەرگىز
كەلمەيدىغانلىقىغا قول باغلىشالايدۇ، ئۇلار «قول باغلىشىش» دېگەن
سۆزنى پەقەت ئىشلەتمەي، بەلكى «خەۋپسىزلەندۈرۈشنى ھۆددىگە ئېـ
لىش» دېگەن بۇ چىرايلىق سۆزنى ئىشلىتىدۇ، خالاس. ئەمەلىيەتتە
بۇ ھەقىقەتەن تولۇق نەزەرىيەۋى ئاساسقا ئىگە دو چىقىش ھېسابلىنىـ
دۇ. 200 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، بۇ سۇغۇرتا شىركىتىـ

نىڭ تىجارىتى ئىنزچىل تۈردە ياخشى بولۇپ كەلمەكتە . پەقەت كىشى-لەرنىڭ روھىي ھالىتىدە ئۆزگىرىش بولمىسىلا ، شۇنىڭغا ئىشىنىمەن-كى ، بۇ شىركەتنىڭ تىجارىتى يەنە بەش ئەسىرگىچىمۇ كاساتلاشماي-دۇ . بۇ شىركەت بىر تەرەپتىن ئاياغ كىيىمى ، پاراخوت ، سىر ۋە دۇنيادا بارلىكى تۈرلۈك تاۋار سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ، يەنە بىر تەرەپتىن ۋەقەدىن خەۋپسىزلەندۈرۈشنى ئۈستىگە ئالىدۇ ، بۇ ۋەقەلەر ئەمەلىيەتتە كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلغاندىكىدەك داۋاملىق يۈز بېرىۋەر-مەيدۇ . ئىنچىكە تەھلىل قىلىدىغان بولساق شۇنى بايقىۋالالايمىزكى ، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان بۇ ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى ئەمەلىيەتتە كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە تۆۋەن . ئالايلى ، مەن يېقىنقى بەش يىل ئىچىدە ئۇرۇشقا قاتنىشىدىغان بولاي ، بۇ ئۇرۇش ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىشىش باسقۇچىدىكى ئۇرۇشتەك كەسكىن ۋە پاجىئەلىك بولسۇن ، مەن مۇقەررەر ھالدا ئۇنىڭدىن قورقىمەن . بۇنىڭ بىلەن ئادەم ئۆمرىنى خەۋپسىزلەندۈرۈش پۇلى ھەرقانچە يۇقىرى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا قاتنىشىشنى خالاي-مەن . مەن چوقۇم ۋەسىيەت يېزىپ ، بىر كورپۇس ئۆي - ئىمارەت زاكاز قىلىمەن . «ئۇرۇشتىن چوقۇم تىرىك قايتىپ كېلەلەيمەن ، — دېدىم كۆڭلۈمدە ، — شۇڭا ، قالغان ئۆمرۈمدە ئىمكانقەدەر كۆپرەك پايدا ئېلىشىم كېرەك» . ئەمەلىيەتتە تىنچ مەزگىلدە كىمنىڭ شۇنداق قىلغۇسى كەلمەيدۇ ؟ كىمنىڭ خېيىم - خەتەرسىز ، ئۆلۈم - يېتىمسىز ياشىغۇسى كەلمەيدۇ ؟ بۇ دۇنيادىكى 50 — 55 ياشقىچە بولغان ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئۆلۈش كوئېففىتسېنتى بىر مەيدان ئەڭ پاجى-ئەلىك ئۇرۇشقا قاتناقانلارنىڭكىدىن پەرقلەنمەيدۇ . مەسىلەن ، تىنچ مەزگىلدە ياشىغان 50 — 55 ياشقىچە بولغان 1000 نەپەر ئامېرىكى-لىقنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى ئامېرىكىدا بولغان ئەڭ پاجىئەلىك ئىچكى ئۇرۇش — گېتسبورگ ئۇرۇشىدا ئۆلگەن 163 مىڭ ئادەمنىڭكى بىلەن تامامەن ئوخشاش .

بۇ كىتابىمنىڭ بىرمۇنچە بابلىرىنى كانادانىڭ تاغلىق رايونىغا جايلاشقان بوخو كۆلى بويىدا يازدىم . بىر يىلى يازدا ئۇ يەردە سان-

www.uyghurkitap.com

فىرانسىسكودىن كەلگەن سالىنگېر ئەر - خوتۇن بىلەن تونۇشۇپ قالدىم . سالىنگېر خانىم ئۇمىدۋار ئايال بولۇپ ، ھەممە ئىشقا پىسەنت قىلماي يۈرىدىكەن . قارىشىمچە ، ئۇ ھاياتىدا ئەزەلدىن قايغۇرۇپ باقـ ـمىغاندەك قىلىدۇ . بىر كۈنى ئاخشىمى بىز گۇرۇلدەپ ئوت كۆيۈۋاتـ ـقان تام مەش يېنىدا ئولتۇرۇپ مۇڭداشتۇق . مەن ئۇنىڭدىن ئۆمرىـ ـڭىزدە ھەسرەت دېگەن نەرسىنىمۇ بىلمەمسىز دەپ سوراپ باقتىم . «نېمىشقا بىلمەيدىكەنمەن ، — دېدى ئۇ جاۋاب بېرىپ ، — ھەسرەت چېكىپ يۈرۈپ جېنىمدىن ئايرىلغىلى تاس قالغانىدىم . غەم - ئەندىشىـ ـسىز ياشاشنى ئۆگىنىۋېلىشتىن ئىلگىرى 11 يىللىق ئۆمرۈمنى ئۆ- زۈمگە ئۆزۈم ياسىۋالغان دوزاختا ئۆتكۈزدۈم . مەن ئاسان ھاياجانلىـ ـناتتىم ، بىرەر ئىش بولار - بولماس ئاچچىقلايتتىم ، روھىي ھالىتىم ئىزچىل ھالدا ئىنتايىن جىددىيچىلىك ئىچىدە ئۆتەتتى . مەن ھەپتىدە بىر قېتىم بىز تۇرۇشلۇق سېنت - ماتتودىن ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ سان - فىرانسىسكوغا نەرسە - كېرەك سېتىۋالغىلى باراتتىم ، شۇ چاغدىمۇ غەم - ئەندىشىدىن خالىي بولالماي ، ئائىلىمىزدە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئىشلارنى ئويلاپلا يۈرەتتىم : توك دەزمىلىنىڭ توكـ ـچاتقۇسىنى تارتىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قالغاندىمەنمۇ ؟ ئۆيۈمگە ئوت كېتەرـ ـمۇ ؟ ئايال خىزمەتچى بالىنى تاشلاپ قويۇپ قېچىپ كېتەرمۇ ؟ ئۇلار ۋېلىسىپىتكە مىنىپ ئىشىكتىن چىقىپلا ئاپتوموبىلغا سوقۇلۇپ كەتـ ـكەن بولسا ھازىر ئۆلۈپ بولغاندۇ ! مەن نەرسە - كېرەك سېتىۋالغاچ مۇشۇنداق قورقۇنچلۇق ئىشلارنى ئويلاپ يۈرۈپ ، كۆپ ھاللاردا ئىـ ـچىمگە قورقۇنچ كىرىۋېلىپ سوغۇق تەرگە چۈمۈلۈپ كېتەتتىم . سودا سارىيىدىن ئالدىراپ - تېنەپ يۈگۈرۈپ چىقىپ ، ئۆيۈم تەرەپكە قاتـ ـنايدىغان ئاپتوموبىلـغا ئولتۇراتـتىم - دە ، ئائىلىدە زادى مۇشۇنداق ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەن - بەرمىگەنلىكىنـى كۆرۈشكە ئالدىرايتـتىم . تەبىئىيـكى ، مېنىڭ تۇنجـى توي ئىشىم شۇ تۈپەيلـى بۇزۇلۇپ كەتكەنىدى .

ئىككىنچى قېتىم تەگكەن ئېرىم ئادۋوكات بولۇپ ، كەم سۆز ، تەمكىن ، ئاسان ھاياجانلانمايدىغان ئادەم ئىدى . مەن ئاچچىقلانسام ەلا

ئۇ ماڭا تەسەللى بېرىپ : ‹ ئاچچىقلانماڭ ، بۇ ئىشنى يەنە بىر قېتىم ئىنچىكە تەتقىق قىلىپ باقامدۇق ؟ بۇنچىۋالا جىلە بولۇپ نېمە قىلىسىز ؟ بۇ ئىشنىڭ بۇنداق بولۇش - بولماسلىقىنى ئەڭ يامان ئېھتىماللىق بويىچە مۆلچەرلەپ كۆرەيلى› دەيتتى .

ئېسىمدە قېلىشىچە ، بىر قېتىم بىز ئاپتوموبىلنى ھەيدەپ سىرتقا چىققاندۇق . ئاپتوموبىل بىر توپىلىق يولدا كېتىۋاتقاندا تۇساتتىن قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى . ئاپتوموبىل توختىماي تېيىلاتتى ، رولنى باشقۇرۇشمۇ قىيىن ئىدى ، ماڭا ئاپتوموبىل ھېلىلا يول بويىدىكى ئازگالغا چۈشۈپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى . ئېرىم ماڭا توختىماي تەسەللى بېرىپ : ‹ ئاستا ھەيدەۋاتىمەنغۇ ؟ راستتىنلا ئازگالغا تېيىلىپ كەتسە نېمە بوپتۇ ؟› دەيتتى . ئۇنىڭ ئېغىر - بېسىق ۋە تەمكىن پوزىتسىيەسى مېنى خاتىرجەم قىلاتتى .

بىر يىلى يازدا ، كانادانىڭ روككى دېگەن يېرىگە ئارام ئالغىلى باردۇق . بىز چېدىرىمىزنى 2000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغ ئۈستىگە قۇردۇق . كېچىسى بوران چىقتى ، چېدىرىمىزنىڭ بوراندا يىرتىلىپ كېتىش خەۋپى بار ئىدى . بۇ چېدىر ياغاچ تاختايدىن ياسالغان سۇپىغا تانا بىلەن مۇقىم بېكىتىلگەنىدى . پۈتۈن چېدىر بوراندا توختىماي لەپپەڭشىيتتى ھەمدە ئۇشقىرتىپ قورقۇنلۇق ئاۋاز چىقىراتتى . ماڭا چېدىرىمىز بوراندا بوشاپ كېتىپ ، بوشلۇقتا ئۇچۇپ يۈرگەندەك تۇيۇلاتتى ، مەن ئۆلگۈدەك قورقاتتىم . بىراق : ‹ ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ سۆيۈملۈكۈم ، — دەيتتى ئېرىم ماڭا توختىماي ، — بىزنىڭ بۇ قېتىمقى ساياھىتىمىزنى بىرۇست ساياھەت جەمئىيىتى تەشكىللىگەن ، قانداق قىلىش لازىملىقىنى ئۇلار بىلىدۇ . ئۇلار بۇ چوققىدا 60 نەچچە يىل چېدىر قۇراشتۇرغان ، بۇ چېدىرنىڭ قانچە قېتىملىق بوران - چاپقۇنغا بەرداشلىق بەرگەنلىكىنى بىلىپ بولمايدۇ . شۇنچە كۆپ يىللاردىن بۇيان ئۇنىڭدىن چاتاق چىقمىغانىكەن ، بەلكىم بۈگۈن ئاخشاممۇ بوران ئۇچۇرۇپ كېتىش ئېھتىمالى يوق . راستتىنلا ئۇچۇرۇپ كەتكەن ھالەتتىمۇ بىز ھامان باشقا چېدىر تېپىپ قونالايمىز . قورقۇشىمىزنىڭ نېمە ھاجىتى› . ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ، شۇ كېچىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاخىرقى بىرقانچە سائەتنى شۇنداق بەخىرامان ۋە شېرىن ئۇخلاپ ئۆتكۈزۈپتىمەن .

بۇنىڭدىن كۆپ يىللار ئىلگىرى ، رايونىمىزدا بىر مەھەل بالىلار پالەچ كېسىلى تارقىلىپ كەتكەنىدى . دەسلەپكى بىرقانچە كۈندە ئىنتايىن قورقۇپ يۈردۈم . ئېرىم ماڭا ئۆزۈڭنى بېسىۋال دەپ نەسىھەت قىلاتتى . بىز ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بارلىق مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى قوللاندۇق : بالىمىزنى باشقىلار بىلەن ئۇچراشتۇرمىدۇق ، مەكتەپكە ۋە كىنوخانىغا بارغۇزمىدۇق . سەھىيە ئىدارىسىگە بېرىپ سوراش ئارقىلىق خەۋەر تاپتۇقكى ، بۇ كېسەل كالىفورنىيە ئىشتاتىدا ئەڭ قاتتىق تارقالغان بىر قېتىمدىمۇ پۈتۈن ئىشتات بويىچە ئاران 1835 بالىغا يۇقۇپتىكەن . ھالبۇكى ، ئادەتتىكى ئەھۋالدا بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولىدىغان بالىلار ئىككى - ئۈچ يۈز بولىدىكەن . گەرچە بۇ ئادەمنىڭ تېنىنى جۇغۇلدىتىدىغان سان بولسىمۇ ، لېكىن شۇنىڭغا ئىشەندۇقكى ، بۇ كېسەلنىڭ ئۆتۈپ - تېشىپ بىزنىڭ بالىمىزغا تېگىش ئېھتىمالى ئىنتايىن ئاز ، ئىنتايىن ئاز بولىدىكەن .

〈خەۋپ يۈز بېرىش ئېھتىمالى ئىنتايىن ئاز〉 دېگەن بۇ سۆز تۇرمۇشۇمىدىكى % 90 غەم - ئەندىشىنى تۈگىتىپ ، كېيىنكى 20 يىللىق ھاياتىمنى ھەم بەختلىك ، ھەم خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى ، بۇنداق بولۇشى ئىلگىرى ئۇخلاپ چۈشۈمەگىمۇ كىرمىگەنىدى .»

ئامېرىكا تارىخىدا ھىندىيانلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ قوماندانى گېئورگى كرۇك جياڭجۈن ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ : «ھىندىيانلارنىڭ بارلىق باش قېتىنچىلىقى ۋە بەختسىزلىكى ئوبيېكتىپ چىنلىقتىن ئەمەس ، بەلكى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۇلارنىڭ پەرىزىدىن كەلگەن» . ئۆتكەن نەچچە ئون يىللىق ھاياتىمنى ئەسلەپ باقسام ، غەم - قايغۇلىرىمىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى دەل مۇشۇ ئەھۋالغا ياتىدىكەن .

جىم گرانتمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ھېسسىياتتا بولغانىكەن . نيۇ - يوركتىكى بىر مېۋە - چېۋە توپ تارقىتىش شىركىتىنىڭ خوجايىنى

بولغان گىرانت كۆپ هاللاردا فلورىدا ئىشتاتىدىن بىر قېتىمدىلا 10 — 15 ۋاگون ئاپېلسىن ۋە ئۈزۈم ، تكتون زاكاز قىلىپ سېتىۋالاتتى . ئۇنىڭ ماڭا ئېيتىشىچە ، ئەينى چاغدا ئۇنىڭ كاللىسىغا مۇنداق گۇمان كىرىۋالغانىكەن : «ئەگەر پويىز ۋەقەسى يۈز بېرىپ قالسا قانداق قىلارمەن ؟ مېۋىلىرىم تۆكۈلۈپ كەتمەسمۇ ؟ پويىز كۆۋرۈككە كەلگەندە كۆۋرۈك چۇشۇپ كەتسە قانداق قىلارمەن ؟ » ئۇ ھەتتا ئەگەر پويىز نيۇ - يوركقا ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمىسە ، مېۋىلىرىنى ساتالماي قېلىشتىنمۇ غەم يېگەن .

ئۇ كۈنبويى دەككە - دۈككىدە يۈرۈپ ، تەقەتسىزلىنىپلا ئۆتكەچكە ، ھەتتا ئۆزىنى ئاشقازان يارىسىغا گىرىپتار بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلغان . ئۇ دوختۇرغا كۆرۈنگەندە ، دوختۇر ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئورگانىق كېسەللىك ئۆزگىرىشى يوقلۇقىنى ، ئۇنى پەقەت نېرۋىسى كولدۇرلىتىۋاتقانلىقىنى ئېيتقان . «بۇ سۆز بىلەن كۆڭلۈم بىردىنلا يورۇپ كەتتى ، — دەيدۇ جىم ماڭا ، — ئەقىل - ھوشۇم ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى . ئۆز - ئۆزۈمگە : 〈جىم ، دەپ باققىنا ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قولۇڭدىن ئۆتكەن مېۋە قانچىلىك ؟〉 دەپ سوئال قويدۇم ، ئاندىن كۆڭلۈمدە جاۋاب بەردىم : 〈تەخمىنەن 25 مىڭ ۋاگون〉 .〈بۇ ۋاگونلاردىكى مېۋىدىن قانچىلىك زىيان بولدى ؟〉 ئۆز-ئۆزۈمدىن سورىدىم . ئاندىن يەنە جاۋاب بەردىم : 〈تەخمىنەن بەش ۋاگون〉 . شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمگە ئۆزۈم ئېيتتىم : 〈20 مىڭ ۋاگون مېۋىدىن بەش ۋاگون مېۋە زىيانغا ئۇچراپتۇ ، سەن بۇنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلەمسەن ؟ بۇ بەش مىڭدىن بىرى زىيانغا ئۇچرىدى دېگەن گەپ . دېمەك ، تەجرىبىگە ئاساسلانغاندا ، چاتاق چىقىش نىسبىتى ئاران بەش مىڭدىن بىر بولغان . بۇنىڭ غەم يېگۈدەك نېمىسى بار〉 ؟ ئۇنىڭدىن كېيىنلا يەنە ئۆزۈمگە ياندۇرۇپ سوئال قويدۇم : 〈مۇبادا كۆۋرۈك چۇشۇپ كەتسە قانداق قىلاتتىڭ ؟〉 ئۇنىڭغا شۇنداق جاۋاب بەردىمكى : 〈بۇگۈنكى كۈنگە كەلگۈچە سەن كۆۋرۈك چۇشۇپ كېتىش ۋەقەسىدىن نەچچىنى كۆردۈڭ ؟ بۇ تۇپەيلى يەنە قانچە ۋاگون مېۋەڭ زىيانغا ئۇچرىدى〉 ؟ 〈بىر ۋاگون مېۋەمۇ زىيانغا

ئۇچرىمىدى» . شۇنىڭ بىلەن ئۆز - ئۆزۈمگە دېدىم : «سەن ئاشقازان يارىسىغا گىرىپتار بولۇش خەۋپىگە قارىماي ، ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان دېگۈدەك كۆۋرۈك چۈشۈپ كېتىش ۋەقەسى ۋە تەجرىبە بويىچە بولغاندا ئاران بەش مىڭدىن بىر پىرسەنت كۆرۈلىدىغان ۋاگون ئۆرۈلۈپ كېتىش ۋەقەسىنى دەپ قايغۇرۇپ يۈرۈپسەن ، بۇ سېنىڭ ساراڭ بولۇپ قالغانلىقىڭ ئەمەسمۇ» ؟

ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ ، ئۆزۈمنى ھەقىقەتەن ئەخمەق ئىكەنمەن دېدىم ، — دەيدۇ جىم گېپىنى تۈگىتىپ ، — ئەمدى ئۇنداق ئەرزىمەس ئەندىشىلەردە بولماي ، ئۆزۈمنىڭ سالامەتلىكىمنى كۆپرەك ئويلىشىم كېرەك دېگەن قارارغا كەلدىم . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ، ئاشقازىنىمنى يەنە ئاغرىتۋاتقاندەك ھېس قىلمايدىغان بولدۇم » .

نيۇ - يوركقا يەرلىك ئەمەلدار بولغان ئامىل سېمپسىنىڭ مۇنداق بىر ئادىتى بار ئىكەن : ئۇنىڭ رەقىبى ھەر قېتىم ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلغاندا ، ئۇ دائىم : «ھەقىقىي ئەھۋالنىڭ زادى قانداقلىقىغا قاراپ باقايلى» دېيىشنى ياخشى كۆرىدىكەن . ئارقىدىنلا پاكىتلارنى بىر - بىرلەپ كۆرسىتىپ ئۆتىدىكەن . ئەگەر بىز مەلۇم بىر ۋەقەنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىمالى بارلىقىدىن ئەندىشە قىلىدىغان بولساق ، بىزمۇ ئۇنىڭغا ئەقىللىق سېمپس ئەپەندىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە مۇئامىلە قىلىپ ، ئالدى بىلەن ئەندىشە قىلىش ئاساسىمىزنىڭ تولۇق ياكى تولۇق ئەمەسلىكىنى ئېنىق بەلگىلەپ چىقىشىمىز كېرەك ، بۇمۇ فرېدرىخ مارسدېت قوللانغان ئۇسۇل . تۆۋەندىكى ھېكايە ئۇنىڭ نيۇ - يوركتىكى چوڭلار كەچ كۇرسىدا بەرگەن دوكلاتى :

«1944 - يىل 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا مەن 999 - خەۋەرلىشىش ليەنىدە ھەربىي خىزمەت ئۆتەيتتىم . بىزنىڭ ليەن فىرانسىيەنىڭ نورماندىيە رايونىدا ئالدىنقى سەپكە يېقىن مەلۇم جايغا يوشۇرۇنغانىدى . مەن ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش خەندىكى — تۆت چاسا ئورەككە كىرىپلا گۆرگە كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم . ئۇخلاي دەپ ياتسام ، خۇددى گۆردە ياتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى . مەن ئۆزۈمنى بۇنىڭ پەقەت خىيالىي تۇيغۇم ئىكەنلىكىگە ئىشەندۇرۇشكە ئامالسىز ئىدىم . ئېھتىـ

ماال بۇ راستىنلا گۆر بولسا كېرەك . سائەت 11 ئەتراپىدا گېرمانىيە ئايروپىلانلىرى بومباردىمان قىلىشقا باشلىدى ، بومبا ئەتراپىمىزغىلا چۈشەتتى ، مەن قورقۇپ ھوشۇمىدىن كېتىشكە تاسلا قالدىم . ئۇدا 2 — 3 كېچە كۆز يۇمىمۇدۇم ، 4 — 5 كېچە ئۆتكەندىن كېيىن نېرۋام بەرداشلىق بېرەلمەيلا قالدى . ئەگەر مەن دەرھال ئامال قىلمايدىغان بولسام ، راستىنلا ساراڭ بولۇپ قالىدىغانلىقىمنى بىلدىم . شۇنىڭ بىلەن دەرھال ئۆزۈمنى ئاگاھلاندۇردۇم : بەش كۈن بولدى ، باشقا سەپداشلىرىمغا ئوخشاش ھايات تۇرۋاتىمەنغۇ ؟ گەرچە ئىككى سەپدىشىم يارىلانغانلىقتىن قايتۇرۇپ كېتىلگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار دۈشمەننىڭ بومبىسىدا يارىلانمىغان ، بەلكى ئۆزىمىزنىڭ زېنىت توپ ئوقىنىڭ پارچىسى تېگىپ كېتىپ يارىلانغان . ئۆزۈمدىكى قورقۇنچنى ئىمكانقەدەر تېز تۈگىتىش ئۈچۈن ، ئازراق ئىجابىي خاراكتېرلىك ئىشلارنى قىلىش قارارىغا كەلدىم . شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم تۇرىدىغان خەندەككە ياغاچتا قېلىن چېدىر ياسىدىم ، شۇنداق قىلسام زېنىت توپ ئوقىنىڭ پارچىسى تېگىپ كېتىپ يارىلىنىشتىن ساقلىنىپ قالاتتىم . مەن ئۆزۈمگە ، بىزنىڭ لىيەننىڭ بۇ رايوندىكى جايلىشىش ئەھۋالىنى سۈرەتلەپ بەردىم ، كۆڭلۈمدە ، بومبا دەل مەن تۇرغان بۇ ئورەككە چۈشۈپ قالسىغۇ بىر گەپ ، بولمىسا جېنىمدىن ئايرىلىپ قالمايمەن دەپ ئويلىدىم . ھېسابلاپ كۆرسەم ، نەس باسىدىغان بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىمالى ئاران مىڭدىن بىر بولىدىكەن . ئويلاپ بۇ يەرگە كەلگەندە ، كۆڭلۈم ئىزىغا چۈشتى . بىرنەچچە كېچىنى كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزۈپ ، ئاخىر زەمبىرەك ئاۋازى قاپلاپ تۇرغان جەڭ مەيدانىدا بەخىرامان ئۇخلىيالايدىغان بولدۇم » .

ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسى ئىستاتىستىكىلىق سانلارنى ئېلان قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق جەڭچىلەرنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى ئاشۇردۇ . بىر قېتىم بىر ماتروس ماڭا مۇنداق دەپ سۆزلەپ بەردى : ئۇ ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى ئېغىر ئوكتان قاچىلانغان بىر ماي پاراخوتىغا ۋەزىپە ئىجرا قىلىشقا ئەۋەتىلگەندە ، ئۇلار قورقۇپ رەڭگىدە قان دىدارى قالماپتۇ . ئۇلارغا شۇنىسى ئېنىق ئىكەنكى ، ئەگەر ئېغىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوكتان قاچىلانغان بۇ ماي پاراخوتىغا بىرەر سۇ مىناسى تېگىپ كېتىدىغان بولسا، دەرھال پارتلاپ، ئاسمان - پەلەك ئوت ئۆلارنى ئەرشكە ئاچىقىپ قويىدىكەن. ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسى قوماندانلىق ئىشتابى ئەھۋالنى ئەلۋەتتە بەش قولدەك بىلىدۇ - دە، شۇڭا ئېنىق سان - سىپىرلارنى ئېلان قىلىدۇ. بۇ سان - سىپىرلاردىن مەلۇم بولغانكى، سۇ مىناسىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان 100 دانە ماي پاراخوتى ئىچىدە 60 پاراخوتتىن ھازىرغىچە چاتاق چىقمىغان، قالغان 40 پاراخوت چۆكۈپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق 10 مىنۇت ئىچىدە چۆكۈپ كەتكىنى ئاران بەش ئىكەن. دېمەك، مۇشۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەن ھالەتتىمۇ پاراخوتتىن قېچىپ چىقىشقا يېتەرلىك ۋاقىت بولىدىكەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئادەم ئۆلۈش ئەھۋالى كەمدىن - كەم بولىدىكەن. بۇ ئىستاتىستىكىلىق سانلار ماتروسلارنىڭ كەيپىياتىنى ئۆزگەرتىشتە تازا رول ئوينىغان. «ۋەقە چىقىش ئېھتىمالىنىڭ ئىنتايىن ئاز بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، يەنە قورقۇپ يۈرمەيدىغان بولدۇق. بارلىق پاراخوت خادىملىرى جاسارەتكە كەلدۇق. چۈنكى، بىز ئەڭ يامان ئەھۋال يۈز بەرگەن تەقدىردىمۇ يەنىلا قۇتۇلۇپ قېلىش ئۈمىدى بارلىقىنى بىلگەنىدۇق». بۇ ۋەقەنى ماڭا سان - بور شەھىرلىك ماتروس كلېد ماس سۆزلەپ بەرگەنىدى.

ۋەھىمە ۋە ئەندىشىنى تۈگىتىشنىڭ ئۈچىنچى پرىنسىپى:

سىز يۈز بېرىپ قالارمىكىن دەپ قورققان ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىمالى زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئېھتىماللىق بويىچە مۆلچەرلەپ بېقىڭ.

## 4. ئۆزىنى قاچۇرۇشقا بولمايدىغان ۋەقەگە تەن بېرىش كېرەك

كىچىك چېغىم ئىدى، بىر قېتىم بىرقانچە كىچىك دوستلىرىم بىلەن مىسسۇرى ئىشتاتىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئادەم ئولتۇرمايدىغان بىر راۋاققا چىقىپ ئوينىدۇق. مەن دېرىزىدىن بىر سەكرىۋىدىم،

سول قولۇمنىڭ بىگىز بارمىقىغا سىلىنىۋالغان ئۈزۈك بىر مىخقا ئىلىنىپ قېلىپ ، بارمىقىم چىقىپ كەتتى . قولۇم ئاغرىپ ھوشۇمدىن كېتىشكە تاس - تاس قالدىم ، تېخى ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن دەپمۇ ئويلاپ قاپتىمەن . بىراق ، قولۇم ساقايغاندىن كېيىن ، بۇ ئىشنى تېزلا ئۇنتۇپ كەتتىم . نېمە ئۈچۈن ئۇنداق بولىدۇ ؟ چۈنكى ، ئۇ ساقلانغىلى بولمايدىغان ۋەقە ئىدى ، ئۇنىڭغا تەن بېرىشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى . ھازىر سول قولۇمدا بىر بارمىقىمنىڭ يوقلۇقى خىيالىمغا ئانچە كۆپ كەلمەيدۇ .

بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل ئىلگىرى ، نيۇ - يوركتىكى بىر شىركەتتە مال توشۇش لىفتىنى باشقۇرىدىغان بىر ئادەم بىلەن تونۇشۇپ قالدىم . مەن ئۇنىڭ چولاق ئىكەنلىكىنى بايقاپ ، بىر قولىڭىز بولمىسا بىئەپ بولامدىكەن دەپ سوراپ باقسام ، «يوقتىن ياخشىراق بولىدىكەن ، — دېدى ئۇ ، — ئەمەلىيەتتە مەن ئۇنىڭغا پىسەنت قىلىپ كەتمەيمەن . پەقەت بىر قېتىم يىڭنىگە يىپ ئۆتكۈزىدىغان چاغدىلا بىرلا قولۇم بارلىقى ئېسىمگە كەلدى . سىزدىن يوشۇرمايمەن ، مەن تېخى ئۆيلەنمىدىم» .

ھەقىقەتەن كارامەت ئىش ، بىز ئادەملەرنىڭ ماسلىشىش ئىقتىدارىمىز شۇنچە چوڭ بولىدىكەن ! ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولۇپ ، نائىلاج بىر خىل يېڭى ئەھۋالغا ماسلىشىشقا مەجبۇر بولغىنىمىزدا ، ئۆتكەنكى ئىشلارنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىدىكەنمىز .

ئامىستېردامدىكى ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋرگە تەۋە بىر چېركاۋنىڭ خارابىسىگە ئويۇلغان «پەقەت شۇنداق بولىدۇ ، باشقىچە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس» دېگەن سۆزنى پات - پات يادىمغا ئالىمەن .

كىشىلىك ھاياتىنىڭ ئۇزاق مۇساپىسىدە نۇرغۇن كۆڭۈلسىز ئەھۋاللارغا يولۇقۇپ تۇرىمىز . بۇ ئەھۋاللارمۇ «پەقەت شۇنداق بولىدۇ» كى ، «باشقىچە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس» . بۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە يا ئۇنى رەت قىلىمىز ، يا ئۇنىڭغا ماسلىشىمىز ، ياكى كۆڭلىمىزدىكى قارشى كەيپىياتىمىز ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ نېرۋىسىنى زەھەرلەپ ، ئاخىرىدا روھىي جەھەتتىكى نورماللىقنى يوقىتىمىز .

پەيلاسوپ ۋىليام جامۇسنىڭ مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىنتا-يىن ئاقىلانە بىر نەسىھەتى بار . ئۇ كىشىلەرنى مۇنداق دەپ ئاگاھلان-دۇرىدۇ : ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە تەن بېرىڭلار ! ھازىرقى ھالەتنى ئېتىراپ قىلىش — بەختسىزلىكتىن ساقلىنىشنىڭ تۇنجى قەدىمى .

پورتلېند شەھىرىدىن كەلگەن ئېلىزابېت كونرى بۇ ھەقىقەتنى بىلىش ئۈچۈن ئىنتايىن يۇقىرى بەدەل تۆلىگەن . مەن ئۇنىڭ ماڭا ئەۋەتكەن بىر پارچە خېتىنى ساقلاپ كېلىۋاتىمەن . «مەملىكىتىمىز-نىڭ ھەممىلا يېرىدە ئامېرىكا قوشۇنلىرىنىڭ شىمالىي ئافرىقىدا قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىسى ئۈچۈن تەنتەنە قىلىنىۋاتقان كۈنى ، — دەپ يازىدۇ خېتىدە ، — مەن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىدىن كەلگەن بىرپارچە تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالدىم . تېلېگراممىدا جىيەن ئوغلۇم — مېنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمىمنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكى يېزىلغا-نىكەن . ئارقىدىنلا يەنە بىر پارچە تېلېگرامما كەلدى . بۇ ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى ئىكەن .

شۇم خەۋەر يېتىپ كېلىش بىلەنلا قاتتىق ھەسرەت چەكتىم . بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆزۈمنى ئىزچىل تۇردە ئىنتايىن بەختلىك ئادەم ھېسابلايتتىم ، خىزمىتىم ئوبدان ئىدى . جىيەن ئوغلۇمنى مەن پۇل تۆلەپ ئوقۇتقان . كۆڭلۈمدە بارلىق ياشلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە گۈ-زەل ئەخلاقى ئۇنىڭغا مۇجەسسەملەشكەندەك ئىدى . ماڭا ئېرىشكەنلى-رىم يوقاتقانلىرىمدىن كۆپتەك تۇيۇلاتتى . بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە جىيەن ئوغلۇمنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كەلدى ، بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ پۈتۈن دۇنيا ۋەيران بولۇپ كەتكەندەك ، مەن ئۈچۈن ياشاشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمىغاندەك تۇيۇلدى . چۈشكۈنلىشىشكە باشلىدىم . باش-قىلار بىلەن بېرىش - كېلىشنى ئۈزدۈم ، كۈنۈم ئۆتسىلا بولدى دەيدىغان بولدۇم ، قەلبىم ئازاب ۋە غەزەپ بىلەن تولغانىدى . نېمە ئۈچۈن ئەزرائىلنىڭ كۆزى دەل مەن جېنىمدىنمۇ ياخشى كۆرىدىغان جىيەن ئوغلۇمنى كۆرىدۇ ؟ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق بىر ياخشى ياشنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ ؟ ئۇنىڭ ھاياتلىق يولى ئەمدىلا باشلانغان ئىدى-

غۇ! مەن ئازابتىن ئۆزۈمنى تۇتالمىدىم ـ دە، خىزمەتنى تاشلاپ كۆزۈممۇ كۆرمەيدىغان، قۇلىقىممۇ ئاڭلىمايدىغان يەرگە كېتىپ، ئىچىمدىكى ھەسرەت ـ نادامەتلىرىمنى كۆز يېشىم بىلەن يۇيۇۋېتىشنى نىيەت قىلدىم.

سەپەرگە تەرەددۇت قىلىمەن دەپ يېزىق شىرەسىنى يىغىشتۇرۇۋاتقىنىمدا، بۇرۇنلا ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بىر پارچە خەت — رەھمەتلىك جىيەن ئوغلۇم بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل ئىلگىرى ئانام ئالەمدىن ئۆتكەندە ماڭا يازغان خەت قولۇمغا چىقتى. خەتتە مۇنداق دېيىلگەن: 〈ئەلۋەتتە، بىز ھەممەيلەن ئۇنى ياد ئېتىپ كەلدۇق، بولۇپمۇ سىز بەك ياد ئەتتىڭىز. لېكىن، مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بۇ تۇپەيلى سىز ھەرگىز چۈشكۈنلىشىپ كەتمەيسىز. سىزنىڭ ھاياتلىق قارىشىڭىز ئۇنداق قىلىشىڭىزغا يول قويمايدۇ، مەن سىزنىڭ ماڭا بەرگەن سەمىمىي تەلىمىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇپ كېتەلمەيمەن. مەيلى قەيەردە بولاي، مەيلى ئىككىمىزنىڭ ئارىلىقى قانچىلىك يىراق بولسۇن، سىزنىڭ ماڭا: ئاسمان كۆمتۈرۈلۈپ چۈشسىمۇ قورقماسلىق، مەڭگۈ ئۈمىدۋار بولۇش دېگەن تەلىمىڭىزنى ئېسىمدە مەڭگۈ ساقلايمەن〉.

خەتنى قايتا ـ قايتا ئوقۇپ چىقىپ، جىيەن ئوغلۇم يېنىمدا تۇرۇپ ماڭا خەتتىكى گەپلەرنى ئۆزى دەۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. ئۇ ماڭا: 〈نېمە ئۈچۈن ماڭا بەرگەن تەلىملىرىڭىزنى ئۆزىڭىز ئىشقا ئاشۇرالمايسىز؟ سىز مەيلى قانداق ئىش يۈز بېرىشتىن قەتئىينەزەر، غەيرەتنى بوشاشتۇرماسلىق كېرەك دېگەن ئەمەسمىدىڭىز؟ شەخسىي ئازابىڭىزنى كۆلۈپ قويۇپ ئۆتكۈزۈۋېتىڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ!〉 دەۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

شۇنىڭ بىلەن يەنە خىزمەت ئورنۇمغا قايتىپ كەلدىم، يەنە ئاھ ـ ۋاھ دەپ ھەسرەت چېكىپ يۈرمەيدىغان بولدۇم. ئۆز ـ ئۆزۈمگە: 〈بولغۇلۇق بولدى، ئۇنىڭغا ئىلاجىم يوق. ئەمدى جىيەن ئوغلۇم ئۈمىد قىلغاندەك باتۇرلارچە ياشىشىم لازىم.〉 دەپ چېكىلەپ تۇرىدىغان بولدۇم. بارلىقىمنى خىزمەتكە بېغىشلىدىم، جەڭچىلەرگە

خەت يازدىم — ئۇلار خەقنىڭ بالىسى . يېڭى خۇشاللىق ۋە دوستلۇق ئىزدەپ چوڭلار كەچ كۇرسىغا قاتناشتىم . ئۆزۈمدە بولغان ئۆزگىرىشلەرنى ھەتتا ئۆزۈممۇ تۇيماي قاپتىمەن . ئۆتكەنكى قايغۇ - ھەسرەتلەرنى تامامەن ئۇنتۇپ كەتتىم — ئۆتكەن ئىشلارغا سالاۋات . مەن ھەركۈنى جىيەن ئوغلۇم ئۇمىد قىلغاندەك ئىنتايىن خۇشال ياشىدىم . تەقدىرگە ئەلھۇكمىلىللا دەپ بويسۇندۇم ، شۇنىڭ ئۈچۈن تۇرمۇشۇم ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن مەنىلىك ئۆتتى » .

ئېلزابېت كونرى ئۆگىنىۋالغان نەرسىلەرنى بىز كۆپچىلىكمۇ بەرىبىر ئۆگىنىۋېلىشىمىز لازىم . ئۇ بولسىمۇ ، ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان تەقدىرگە بويسۇن دېگەندىن ئىبارەت . «ئىشلار مانا شۇنداق بولىدۇ ، باشقىچە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس » . بىراق ، بۇ نۇقتىنى ئۆگىنىۋېلىشمۇ ئۇنچە ئاسان ئەمەس . تەڭرىقۇتنىڭ تالىپلىرى بولغان ھالەتتىمۇ داۋاملىق تەكرارلاپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ . ئەنگلىيەنىڭ مەرھۇم پادىشاھى گېئورگىي V ئاشۇنداق ئۇرغۇلۇق جۈملىلەرنى رامكىغا ئالدۇرۇپ ، بۇككىنگىھا سارىيىدىكى كۇتۇپخانىسىغا ئاستۇرۇپ قويغان . بۇ ئۇرغۇلۇق جۈملە مۇنداق ئىكەن : «ئاسماندىكى ئاينى ئۈزىمەن دەپ خىيال قىلما ، ئۆتكەن كۈنۈڭگە ئەپسۇسلانما .» 18 - ئەسىردە گېرمانىيەدە ئۆتكەن مەشھۇر پەيلاسوپ شوپېنخوئېرمۇ ئاشۇنداق گەپنى قىلغان : ئادەتتە نەپسىنى يىغىش سەكراتقا چۈشكەندە ئىچكەن دېمىدىدىن ئەلا .

تۇرمۇشىمىزنىڭ بەختلىك بولۇش - بولماسلىقى تامامەن تۇرمۇش مۇھىتىمىزنىڭ ياخشى - يامانلىقىغا باغلىقمۇ ئەمەس ، بەخت تۇيغۇسى كۆپ ھاللاردا ئەتراپتىكى مۇھىتقا بولغان سۇبيېكتىپ ئىنكاسىمىزنىڭ كونتىرول‍لۇقىدا بولىدۇ . ئەيسا ئەلەيھىسسالام : «جەننەت قەلبىمىزدە» دېگەندى . بىزمۇ : «دوزاخ قەلبىمىزدە» دېسەك بولۇۋېرىدۇ .

بىز تۇرلۇك بەختسىزلىك ۋە قورقۇنچلۇق ئازابلارغا بەرداشلىق بېرەلەيمىز ، بىز ئۆز تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدىن كۆپ قەيسەر .

مەرھۇم يازغۇچى بوئىن تاگېنتو «ئەما بولۇپ قېلىشتىن باشقا ،

پېشانەمگە پۈتۈلگەن ھەرقانداق بەختسىزلىككە بەرداشلىق بېرەلەيمەن . ئەما بولۇپ قېلىش ھەممىدىن بەك قورقۇنچلۇق » دېگەن گەپنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى . لېكىن ، ئۇ 60 ياشقا كىرگەندە ، بىر كۈنى ئۆزى دەسسەپ تۇرغان گىلەمگە قارىغانىكەن ، گىلەمنىڭ رەڭدار گۈللىرى توساتتىن بەك تۇتۇق كۆرۈنۈپتۇ . ئۇ دەرھال كۆز دوختۇرىغا كۆرۈنگەنىكەن ، دوختۇر ئۇنىڭغا ئىككىلى كۆزىڭىز تۇتۇلۇپ قالىدىكەن ، بىر كۆزىڭىز تۇتۇلۇپ قالايلا دەپ قاپتۇ ، يەنە بىرسىمۇ ئۇزاققا بارماي تۇتۇلۇپ قالىدىكەن دېگەن قورقۇنچلۇق ئىشنى ئېيتىپتۇ . ئۇ دۇنيا بويىچە ھەممىدىن قورقۇنچلۇق دەپ قارىغان ئىش بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۆزىنىڭ بېشىغا كەپتۇ .

مۇنداق قورقۇنچلۇق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن تاگېنتو ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلغاندۇ ؟ ئازاب تارتىپ ھەسرەت چەككەنمۇ ؟ ياق ، ئۇنىڭ ئۆزىنىمۇ ھەيران قالدۇرغىنى شۇكى ، ئۇ بۇ ئىشقا پىسەنت قىلماپتۇ ! ھەتتا ئىنتايىن قىزىقچى ، كەڭ قورساق بولۇپ قاپتۇ . گەرچە كۆزىدە پەيدا بولغان داغ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ ئۇنى بارغانسېرى ئازابلاۋاتقان بولسىمۇ ، بىراق ئۇ كۆزىدە ھەر قېتىم چوڭ داغ پەيدا بولغاندا ، دائىم قىزىقچىلىق قىلىپ : «ئېھە ، چوڭ دادام يەنە پەيدا بولدى ! بۇنداق گۈزەل سەھەردە ئۇنىڭ پىكىرخىيالى قەيەرلەرگە كەتكەندۇ ؟ » دېيىشكە ئادەتلىنىپ قاپتۇ .

تەقدىر بۇنداق كەڭ قورساق ئادەملەرنى يېڭەلمەيدۇ ، تاگېنتونىڭ كۆزى پۈتۈنلەي تۇتۇلۇپ قالغاندا ، ئۇ مۇنداق دېگەن : «كىشىلەر باشقا بالايىئاپەتلەرگە بەرداشلىق بېرەلىگەن يەردە ، مەنمۇ ئەمالىقنىڭ ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلەيمەن . بەش خىل سەزگۈنىڭ ھەممىسىدىن مەھرۇم قالغان تەقدىردىمۇ داۋاملىق ئۈمىدۋار ياشىيالايدىغانلىقىمغا قەتئىي ئىشىنىمەن . ئۈمىدۋارلىق ماڭا پارلاق نۇر بەخش ئەتتى . شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا يەنە ياشاش ئۈچۈن غەيرەت ئاتا قىلدى » .

كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ، تاگېنتو بىر يىلدا 12 قېتىم كۆز ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرغان . بۇ ئوپېراتسىيەلەرنىڭ ھەممىسى يەرلىك سەزمەس قىلىش ئۇسۇلىدا ئىشلەنگەن دەڭە !

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇ ئوپېراتسىيەنى رەت قىلغانمۇ؟ ياق، تېخى چوقۇم شۇنداق بولۇشى كېرەك دەپ قارىغان. ئۇ بۇنىڭ ئازابنى يەڭگىللىتىشنىڭ بىردىنبىر يولى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى، شۇڭا ئوپېراتسىيەنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلغان. دوختۇرخانىدا، ئۇ بىر كىشىلىك ياتاقتا ياتماي، كوللېكتىپ ياتاقتا يېتىشنى تەلەپ قىلغان، بۇنداق قىلغاندا، ئۇ ھەر خىل ئازابلارغا بەرداشلىق بېرىۋاتقان باشقا بىمارلار بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرەلەيتتى. ئۇ ئامال قىلىپ كۆڭلىنى ئېچىشقا تىرىشقان. ئۇ ھەر قېتىملىق ئوپېراتسىيەگە چۈشكەندە — بۇ ئوپېراتسىيەنىڭ ئاپەت ياكى ئامەت كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى — دائىم كۈچىنىڭ بارىچە ئۆزىنى تەمكىن تۇتاتتى. ئۇ خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغان ھالدا: «ھەقىقەتەن قالتىس ئىش، ئىلىم - پەن ئىشلىرىمىز مۇشۇنداق يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىپتۇ! ئادەمنىڭ كۆزىگە ئوخشاش بۇنداق يۇمران توقۇلمىلارنىمۇ ئوپېراتسىيە قىلغىلى بولىدىكەن!» دېگەن.

ئەگەر ئادەتتىكى كىشىلەر ئەما بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە 12 قېتىمدىن ئارتۇق ئوپېراتسىيە قىلىنسا، ئۇلار چوقۇم روھىي جەھەتتە ئۆزىنى تاشلىۋېتىدۇ. لېكىن، تاگېنتو ئۇنداق قىلمىغان، ئۇ: «ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرىمنى ھۆزۈر- ھالاۋىتىمگە تېگىشكۈم يوق» دېگەن. ئۇ تەقدىرگە تەن بېرىشنى، بەرداشلىق بېرىش كۈچىنىڭ ھەرقانداق ئازابنى بېسىپ چۈشەلەيدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. ئۇ ئەنگلىيە شائىرى مىلتوننىڭ مۇنۇ سۆزىنى چۈشىنىپ يەتكەندى: «ئەمالىق بەختسىزلىك ئەمەس، بەلكى ئەمالىقنىڭ ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمەسلىك بەختسىزلىك».

ئەگەر بىز بالا - قازاغا تەن بەرمەي كۈنبويى پەرىشان يۈرسەك، ئۆزگەرتىش قولىمىزدىن كەلمەيدىغان ئىشلارنى ئۆزگەرتەلمەيلا قالماستىن، ۋاقتى كەلگەندە ئۆزىمىزنى بالاغا قويىمىز. بۇ قائىدىنى مەن ئوبدان چۈشىنىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈممۇ ئۇنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆرگەن.

مەن ئۆزگەرتىش قولۇمدىن كەلمەيدىغان ئەھۋاللارغا تەن بەر-

مەسلىك پوزىتسىيەسىنى تۇتۇپ باققانىدىم. ھەرقانچە قىلىپ بىلمەسلىككە سالسامۇ كېچىسى يەنىلا ئۇيقۇم كەلمەيتتى؛ بىرەر چاتاق چىقىپ قالمىغىيدى دەپ خىيالىمغا كەلتۈرۈپ بولغۇچە، چاتاق چىقىپلا تۇراتتى. شۇ تەرىقىدە بىر يىل جان قىينىغاندىن كېيىن، يېڭىلگىنىمگە نائىلاج تەن بەردىم. چۈنكى، ئۆزگەرتىش قولۇمدىن كەلمەيدىغان بۇ ئەھۋالنى ئۆزگەرتىشنىڭ قىلچە مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىپ يەتكەنىدىم. بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل ئىلگىرى، ۋىتمانىنىڭ بىر پارچە شېئىرىدىن زور ئىلھام ئالغانىدىم. بۇ شېئىرنىڭ بىر كۇپلېتىدا مۇنداق دېيىلگەن:

مەيلى بولسۇن تۈن كېچە، چىقسا شىددەتلىك بوران،
قىينىسۇن ئاچلىق ئازابى، تىل - ھاقارەت، مەسخىرە.
ئۇچرىسام بالا - قازا، دەككە - دەشنام...... لارغا مەن،
قارىغايدەك قەد كېرىپ تۇرىمەن مەزمۇت يەنە.

مەن سەھرادا 12 يىل دېھقانچىلىق قىلغانىدىم، يازنىڭ سەھرادىكى ئىسسىقى ۋە قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقىدا ئېنەكلەرنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ قالغان ئىشنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ئىكەنمەن. ھايۋانلار قاراڭغۇ كېچە، بوران - چاپقۇن، ئاچارچىلىق ۋە دەھشەتلىك سوغۇقتىن ئىبارەت ئۆزى ئۆزگەرتەلمەيدىغان بۇ ئەھۋاللارغا پەرۋا قىلمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۆزىنىڭ نېرۋىسىنى ئازابلىشى ھاجەتسىز، ئاشقازان يارىسىغا گىرىپتار بولۇپ قېلىش خەۋپىگىمۇ دۇچ كەلمەيدۇ، ئۇلار ئەزەلدىن نېرۋا كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ باقمىغان.

مەن سىلەرگە ھەممە بەختسىزلىككە تەن بېرىڭلار دەۋاتامدىمەن؟ ياق! ئەگەر شۇنداق دەيدىغان بولسام، ئۇ پۈتۈنلەي تەقدىرچىلىك بولىدۇ. ئەھۋالىمىزنى ئۆزگەرتىش يولىدا كىچىككىنە بولسىمۇ ئۈمىد بولىدىكەن، بارلىق كۈچىمىز بىلەن ئامال قىلىپ كۆرۈشىمىز كېرەك؛ ۋەھالەنكى، ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت ئىشنىڭ ئەپلەشمىگەنلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىمنى ، ئۇنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن بولسا ، ئۇنداقتا ئۆزىمىزنىڭ سالامەتلىكىنى نەزەردە تۇتۇشىمىز ، يەنە دېلىغۇل بولۇپ يۈرمەي ، بېشىمىزغا كەلگەننى كۆرۈشىمىز لازىم . بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ھەسرەت چېكىش ۋە ئازابلىنىش ھېچنېمىگە يارىمايدۇ . قارشىلىق كۆرسىتىشمۇ ئاقمايدۇ .

كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فاكۇلتېت مۇدىرى ، مەرھۇم خاۋكېس ماڭا مۇنداق بىر كۇپلېت بالىلار ناخشىسىنى ئۆزىگە تۇرمۇش ئەقىدىسى قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى :

بېشىمىزغا كەلگەن كۆرمىڭ جاپانىڭ ،
بەزىدە بار ، بەزىدە يوق ئامالى .
تاپالىساڭ ئامالىنى قىلىپ كۆر ،
تاپالمىساڭ تەن بەر ئەمدى بىر يولى .

مەن نۇرغۇن ئامېرىكىلىق مەشھۇر كارخانىچىلارنى زىيارەت قىلدىم ، ئۇلارنىڭ ماڭا بەرگەن تەسىرى شۇ بولدىكى ، گەرچە ئۇلار ساقلانغىلى بولمايدىغان بەختسىزلىك بىلەن كۈنبويى ھەپىلىشىپ تۇرسىمۇ ، لېكىن غەم - قايغۇسىز يۈرۈۋېرىدىكەن . ئەگەر باشقىلار ئاشۇنداق زور روھىي بوپىغا دۇچ كېلىدىغان بولسا ، بۇرۇنلا كاردىن چىققان بولاتتى . تۆۋەندە سىلەرگە بىرقانچە مىسالنى سۆزلەپ بەرگۈم كېلىۋاتىدۇ .

ي .پ .پېننېل — ئامېرىكىنىڭ ھەممىلا يېرىگە تارقالغان پېننېل تۈرلۈك ماللار سودا سارىيىنىڭ ئاساسچىسى — ماڭا مۇنداق دېگەنىدى : «مەن بارلىق تەئەللۇقاتىمنى پاك - پاكىز ئۇتتۇرۇۋەتسەممۇ ھەسرەت چەكمەيمەن . چۈنكى ، ھەسرەت چېكىشتىن ھېچقانداق پايدا چىقمايدىغانلىقىغا كۆزۈم يېتىدۇ . مەن تىجارىتىمنى ئىمكانقەدەر ياخشى قىلىمەن ؛ ئۇنىڭدىن چاتاق چىقىش - چىقماسلىقى كەلسەك ، بۇ پۈتۈنلەي تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق» .

فوردنىڭ نۇقتىئىنەزىرى ئۇنىڭ نۇقتىئىنەزىرى بىلەن بىر يەر-

دىن چىقىدۇ: «ئەگەر بىر ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشىنى توسۇشقا چامىم يەتمىسە، ئۇنى مەيلىگە قويۇۋېتىمەن».

«كېنىسلېر» ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى ك. تكايلوردىن ئۇنىڭ باش قېتىنچىلىقتىن قانداق ساقلىنىدىغانلىقىنى سورىغىنىمدا، ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى؛ «مەن بىرەر قېيىن ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە، ئەگەر ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالى بولمىسا، ئۇنى خىيالىمغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايمەن. مەن ئەزەلدىن كەلگۈسى ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ باققىنىم يوق. چۈنكى، كەلگۈسى دېگەننىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقىنى ھېچكىممۇ ئۇقمايدۇ. كەلگۈسىگە تەسىر كۆرسەتمەكچى بولۇۋاتقان نۇرغۇن غالىبلار بارغۇ؟ لېكىن، بۇ غالىبلارنىڭ كەينىدە يەنە يېڭى غالىبلارنىڭ بار-يوقلۇقىنى كىم بىلىدۇ؟». ئەگەر بىرەيلەن كايلورغا، سىز پەيلاسوپقا ئوخشايدىكەنسىز دېسە، ئۇ چوقۇم گاڭگىراپ قالىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ كىشىلىك ھاياتىنىڭ پەلسەپىۋى قائىدىلىرى توغرىسىدىكى بۇ سۆزى بۇنىڭدىن 2000 يىل ئىلگىرى ئۆتكەن رىملىق پەيلاسوپ ئېپىكتىتوسنىڭ رىملىقلارغا بەرگەن تەلىماتى بىلەن ئوپمۇئوخشاش: «بەختكە ئېرىشىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى ئۆز ئىرادىسى ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان ئىشلارغا باش قاتۇرۇپ يۈرمەسلىك».

كىشىلەر «پەرىشتە سارا» دەپ ئاتىۋالغان سارا بېئىنخاد بىزگە ئۆزىنى چەتكە ئالغىلى بولمايدىغان ئىشلارغا تەن بېرىشتە ياخشى ئۈلگە تىكلەپ بەردى. ئۇ سەھنىسىدىكى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان بۇ چولپان تۆت قىتئەدە يېرىم ئەسىر داڭ چىقارغانىدى. لېكىن، ئۇ 71 ياشقا كىرگەندە كاردىن چىقتى. دەل شۇ پەيتتە، پارىژلىق دوختۇر پوزېر ئۇنىڭغا بىر پۇتىنى كېسىۋېتىش لازىملىقىنى ئېيتقان. ئۇ پاراخوتتا ئولتۇرۇپ ئۇلۇغ ئوكياندا كېتىۋاتقاندا بوران چىقىپ كېتىپ، پالوبادا يىقىلىپ چۈشۈپ پۇتى زەخىملەنگەنىكەن. ئۇ ۋېنا ياللۇغىغا مۇپتىلا بولغان، زەخىملەنگەن پۇتىمۇ بارا-بارا يىگىلەپ قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاتتىق ئاغرىپ ئارام بەرمىگەن. دوختۇر ئاخىر ئۇنىڭ پۇتىنى كېسىۋېتىش قارارىغا كەلگەن. يۇ، يەنە ئارىسال-

دى بولۇپ قالغان. ئەگەر ئۇ بۇ قورقۇنچلۇق خەۋەرنى مىجەزى چۇس، ئاسان ھاياجانلىنىدىغان «پەرىشتە سارا» غا دەيدىغان بولسا، ئۇنىڭ ھېستېرىيە كېسەللىكىنىڭ قوزغىلىپ قېلىشىدىن قورققان. بىراق، دوختۇر خاتا مۆلچەرلىگەنىكەن. سارا دوختۇرنىڭ سۆزىنى لام-جىم دېمەي ئاڭلاپ بولۇپ، ئۇنىڭغا بىرقاراپ قويۇپ كەسكىن ھالدا: «ئەگەر كېسىۋەتمىسە بولمايدىغان بولسا، مەرھەممەت، كېسىۋېرىڭ!» دېگەن.

ئۇ ئوپېراتسىيە ئۆيىگە كىرىدىغان چاغدا ئۇنىڭ ئوغلى بىر چەتتە يىغلاپ تۇرغان. لېكىن، ئۇ خۇشال ھالدا ئوغلىغا قول ئىشارىسى قىلىپ، «سەن كەتمەي تۇر، بىردەمدىلا قايتىپ چىقىمەن» دېگەن كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئوپېراتسىيە قىلىنىپ ساقايغاندىن كېيىن، سارابېرنھاد دۇنيانى يەنە بىر قېتىم ساياھەت قىلىپ، كىشىلەرگە نۇرغۇن تەسىرلىك دوكلاتلارنى بېرىپ، يەتتە يىلدىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرگەن.

«ئوڭۇشلۇق بولمايدىغان ئەھۋالغا بولغان قارشىلىقىمىزنى توختاتقان ھامان، — دەپ يازىدۇ ئېللىس ماكاۋمىك ‹ كىتابخانىلار ئۈچۈن تەرمىلەر› دېگەن ئەسىرىدە، — قايتىدىن يېڭى تۇرمۇش ئورنىتىش كۈچىگە ئىگە بولىمىز».

دۇنيادىكى ھەرقانداق ئادەمدە بىر تەرەپتىن ئوڭۇشلۇق بولمايدىغان ئەھۋالغا قارشى كۈرەش قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن قالدۇق كۈچىدىن پايدىلىنىپ يېڭى كەلگۈسىنى يارىتىدىغان بۇنداق تولۇپ تاشقان زېھنىي قۇۋۋەت بولۇۋەرمەيدۇ. سىلەر بۇنىڭدىن پەقەت بىرىنىلا تاللىيالايسىلەر: يا تۇرمۇشتىكى ساقلانغىلى بولمايدىغان بالايىئاپەتكە باش ئېگىسىلەر، يا ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ ئاخىر مەغلۇپ بولۇپ تۈگەيسىلەر.

مىسسۇرى ئىشتاتىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىمدا مېنىڭ بېشىمدىنمۇ ئاشۇنداق ئىشلار ئۆتكەن. بىر قېتىم مەن بىر رەت كۆچەت تىكتىم، ئۇ تەخمىنەن 20 توپ كېلەتتى. دەسلەپتە بۇ كۆچەتلەر ئىنتايىن باراقسان ئۆستى. بىر كۈنى توساتتىن مۆلدۈر يېغىپ كې-

تىپ، كۆچەتلىرىمنىڭ شاخلىرىنى بىر قەۋەت قېلىن قار - مۇز قاپلاپ كەتتى. بۇ كۆچەتلىرىم ئېگىلىپ يول قويۇشنى بىلمەي، قەد كېرىپ تۇرۇۋەردى - دە، نەتىجىدە قارنى كۆتۈرەلمەي سۇنۇپ كەتتى، ئاخىر ئىلاج قىلالماي يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ تاشلىۋەتتىم. ئۇلار شىمالىي رايونلاردا ياشايدىغان دەرەخلەرنىڭ سىرىنى چۈشەنمەيتتى. مەن كانادانىڭ بىرقانچە يۈز كىلومېتىر دائىرىنى قاپلىغان ياپپېشىل ئورمان بەلبېغىدا قارنىڭ بېسىمىدىن سۇنۇپ كەتكەن بىر تۈپ قارىغاينىمۇ كۆرۈپ باقمىغانىدىم. دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان بۇ دەرەخلەر باش ئېگىشنى بىلەتتى. تەبىئەت دۇنياسىدىكى ساقلانغىلى بولمايدىغان ھادىسىلەر بىلەن كۆرەش قىلماسلىق ئۈچۈن، ئۇلار ۋاقتىنچە شاخلىرىنى ئېگىپ تۇرۇشقا رازى ئىدى.

ياپونىيەلىك رۇداۋچە چېلىشىش تىرېنېرلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلاردىن «شەمشادقا ئوخشاش تىك تۇرۇۋالماي، سۆگەتكە ئوخشاش ئېگىلىپ تۇرۇش»نى تەلەپ قىلىشتىكى قائىدىسىمۇ ئەنە شۇ ئىدى.

ئاپتوموبىلىڭلارنىڭ چاقى نېمە ئۈچۈن يەر يۈزىنىڭ تەۋرىنىشىگە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ؟ دەسلەپتە، زاۋۇت خوجايىنلىرى قاتتىق، يەرنىڭ تەۋرىنىشىگە قارشى تۇرالايدىغان چاق ئىشلەپچىقارماقچى بولۇشقان. لېكىن، بۇنداق چاق ئىشلەتكەن ھامان بۇزۇلۇپ كەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇلار يەل بېرىلىدىغان ئىچ كامېر ئىشلەپچىقىرىشنى سىناق قىلغان. ئېلاستىكلىققا ئىگە بۇنداق ئىچ كامېر ئوڭغۇل-دوڭغۇل يەر يۈزىنىڭ سىلكىنىشىنى تۈگىتىدۇ. مۇشۇنداق چاقلا ئەمەلىي ئىشلىتىلىش قىممىتىگە ئىگە. ئەگەر بىزمۇ تۇرمۇشنىڭ ئەگرى - توقاي يوللىرىدا كۆرۈلگەن سىلكىنىش ۋە تەۋرىنىشلەرنى تۈگىتىشنى بىلىدىغان بولساق، ئۇنداقتا بىزمۇ قەيسەر بولالايمىز، تۇرمۇشتىمۇ ھەممە ئىشىمىز كۆڭۈلدىكىدەك بولىدۇ.

ئەگەر بىز تۇرمۇشتا كۆرۈلگەن «سىلكىنىش» ۋە «تەۋرىنىش» بىلەن زورمۇزور تېرىكىشىدىغان بولساق، «سۆگەتكە ئوخشاش ئېگىلىپ تۇرماي»، «شەمشادقا ئوخشاش تىك تۇرۇش»تا چىڭ تۇرۇۋالىدىغان بولساق، ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى ئىنتايىن

ئاددىي . ئۆزىمىزگە بىر قاتار ئىچكى زىددىيەت تېپىۋالىمىز ؛ ئۆزد-مىزنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىمىز ، ھەسرەت - نادامەت چېكىپ ، چارە - ئامالسىز قالىمىز ۋە ئېلىشىپ قالىمىز . ئاخىرىدا ئەقىل - ھوشىمىزنى يوقىتىمىز . ئۇرۇش مەزگىلىدە ، ۋەھىمە ئىچىدە قالغان مىليونلىغان ئەسكەرلەر يا تەقدىرگە تەن بېرىش ، يا ئېغىر روھىي بېسىم تۈپەيلى ئۆز - ئۆزىنى ھالاك قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى چىقىش يولىغا دۇچ كېلىدۇ . ۋېليام كاسىر ئېسىنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭغا گەۋدى-لىك مىسال بولالايدۇ ، ئۇنىڭ نيۇ - يوركتىكى چوڭلار كەچ كۇرسى-مىزدا بەرگەن ھېلىقى دوكلاتى مەندە ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قال-دۇرغانىدى : «دېڭىز قىرغىقى مۇھاپىزەت ئەترىتىگە بېرىشىمغىلا مېنى ئاتلانتىك ئوكياننىڭ قىرغىقىدىكى ئەڭ خەتەرلىك بىر ئۇچاستى-كىغا دىجورنىلىققا ئەۋەتىشتى . مېنىڭ كونكرېت ۋەزىپەم ئوق - دورا ئىسكىلاتىنى ساقلاش ئىدى . مەندەك بىر پوجاڭزا سودىگىرىنى ئوق-دورا ئىسكىلاتىنىڭ قاراۋۇلى قىلىپ ئەۋەتىپ قويۇشتى ، يېنىمدا نەچچە ئون مىڭ توننا پارتلاتقۇچ دورا بارلىقى يادىمغا كەلسە قورقما-دىمەن ؟ مەن ئىككى كۈن ئىچىدىلا ئەھۋال بىلەن تونۇشۇپ چىقتىم . ئۇقۇشۇپ كۆرگەن ئەھۋاللار تەسەۋۋۇرۇمدىكىدىنمۇ قورقۇنچلۇق ئى-دى . ھاۋا تۇتۇق ھەم سوغۇق بىر ئەتىگەندە نيۇ - جىرسى ئىشتاتىدى-كى بايونا پورتىغا بېرىپ ۋەزىپە ئىجرا قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالدىم .

پاراخوتنىڭ بەشىنچى نومۇرلۇق يۈك بۆلۈمچىسىگە چىقىپ ، بەش نەپەر قاچىلاش - چۈشۈرۈش ئىشچىسى بىلەن ئىشلىدىم . ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەمبەل يىگىتلەردىن ئىدى ، لېكىن پارتلايدىغان بۇيۇملار-دىن خەۋەرسىز ئىدى . ئۇلارنىڭ قاچىلايدىغان - چۈشۈرىدىغانلىرى پۈتۈنلەي ئېغىر تىپلىق بومبا بولۇپ ، ھەربىر بومبىدا بىر توننا تىرى نىترو تولۇئىن (TNT) بار ئىدى . ئەگەر بۇ چوڭ پاراخوتنى كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىشكە توغرا كەلسە ، بۇ بومبىلاردىن بىرسى بولسىلا كۇپايە قىلاتتى . بومبا ئىككى تال پولات ئارغامچىغا ئېسىپ چۈشۈرۈلەتتى . ئەگەر بۇ ئىككى تال پولات ئارغام-

چىنىڭ چىگىكى بوشاپ كېتىدىغان ياكى بىرەرسى ئۈزۈلۈپ كېتىدىغان بولسا ، يائاللا ، هايات قالامدىغان دەيسىز ؟ بۇنى ئويلىسامغۇ ، قورققىنىمدىن بەزگەكتەك لاغىلداپ تىترەپ كېتىمەن ، ئاغزىم قۇرۇپ ، تىلىم كالۋالىشىپ ، پۇت - قولۇمدا ماغدۇر قالمايدۇ . يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەكلا قىلىدۇ . بىراق ، مەن قېچىپ كەتسەم بولمايتتى . جەڭدىن قاچىدىغان بۇنداق قىلمىش نام - شەرىپىمگە نۇقسان يەتكۈزۈپلا قالماستىن ، بەلكى ئاتا - ئانامغىمۇ ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرەتتى ؛ مەن ھەتتا قاچقۇن دېگەن جىنايەت بىلەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىناتتىم . ياق ، بۇ يەردىن كېتىش مۇمكىن ئەمەس ، بۇ يەرنى جەزمەن ساقلىشىم كېرەك . مەن دەككە - دۈككە ئىچىدە بىر چەتتە تۇرۇپ ، ئەزايىنى تۈك بېسىپ كەتكەن بۇ ئادەملەرنىڭ ئېغىر بومبىلارنى ئۇياق - بۇياق قىلىشىغا نائىلاج قاراپ تۇراتتىم . بىر سائەت ، ئىككى سائەت ۋاقىت ئۆتەتتى . ئەنسىزلىكتىن تەدرىجىي هوشۇمغا كېلىپ ، ئىچىمدە ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئەيىبلىدىم : ‹ناھايىتى كەلسە ئۆلىدىغان گەپقۇ ؟ ئۆلۈم دېگەننىڭ قورققۇدەك نېمىسى بار ؟ بېشىڭغا ئۆلۈم كەلگەندە قورقساڭ - قورقمىساڭ ھەممىسى بەرىبىر . ئەمەلىيەتتە ، بۇنداق ئۆلۈش راك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ئۆلگەندىن كۆپ ئاسان . سەن مەڭگۈ ئۆلمەي جاھانغا تۈۋرۈك بولىمەن دەپ ئويلامسەن ؟ سەن بۇيرۇقنى ئىجرا قىلماقچىمۇ ياكى قاچقۇن بولۇپ ، تۇتۇپ كېلىنگەندىن كېيىن مىشەك ماتىنىسى يېمەكچىمۇ ؟ سەن ئۇنداق هاماقەت بولما ، يەنىلا مەجبۇرىيىتىڭنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلغىنىڭ تۈزۈك !›

شۇ تەرىقىدە كاللامدا بىرقانچە سائەت كۈرەش بولغاندىن كېيىن ، كۆپ راھەتلىنىپ قالغانلىقىمنى ئاستا - ئاستا ھېس قىلىشقا باشلىدىم . ئاخىر ئۆزۈمنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان بۇنداق ئەھۋالغا ماسلىشىشقا زورلىدىم ، قورقۇنچ ۋە غەم - ئەندىشىلىرىممۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ چىقىپ كەتتى .

بۇ تۇرمۇشۇمدىكى ئۇنتۇلغۇسىز بىر دەرس بولدى . هازىر مەن كۆڭلۈمگە ياقمايدىغان ، لېكىن ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان ئىشلارغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يولۇقۇپ قالسام، يەلكەمنى قېقىپ قويۇپ، ئۆز - ئۆزۈمگە ‹ئۇنى خىيالىمغا كەلتۈرمە!› دەيدىغان بولدۇم. بۇ چارە تازا ئوبدان كارغا كېلىدۇ، ھېچبولمىغاندا، مەندەك پوجاڭزا سېتىقچىسىغا شۇنداق بولىدۇ».

ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كىرىستقا مىخلانغانلىقىدىن باشقا، ئىنسانىيەت تارىخىدا يەنە سوقراتنىڭ ئۆلۈمى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغاندى. 10 مىڭ يىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ كىشىلەر يەنىلا پلاتوننىڭ بۇ ۋەقە تەسۋىرلەنگەن مەشھۇر ئەسىرىنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇ پۈتكۈل ئەدەبىيات خەزىنىسىدىكى ئەڭ گۈزەل، كىشىنى ھەممىدىن تەسىرلەندۈرىدىغان ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. بىرقانچە ئافىنالىق سوقرات دېگەن بۇ يالاڭئاياغ ئاقساقالغا ھەسەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئادالەتسىزلىك بىلەن ئەرز - شىكايەت قىلىدۇ ھەمدە ھەر خىل ۋاستىلەر ئارقىلىق ئۇنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلدۇرۇش مەقسىتىگە يېتىدۇ. تۈرمىنىڭ ئاق كۆڭۈل گۇندىپايى زەھەرلىك سۇيۇقلۇق قۇيۇلغان ئىستاكاننى سوقراتقا سۇنۇپ بېرىۋېتىپ، بۇ پەيلاسوپقا: «بېشىڭىزغا كەلگەن بۇ بالا - قازانى ئاسانراق ئۇسۇل بىلەن قوبۇل قىلغايسىز!» دەيدۇ. سوقرات بۇ ئۇسۇلنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ.

«بېشىڭىزغا كەلگەن بالا - قازانى ئاسانراق ئۇسۇل بىلەن قوبۇل قىلغايسىز!» ئەيسا ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كېلىشتىن 399 يىل ئىلگىرى ئېيتىلغان بۇ سۆز ھازىرقى كىشىلىرىمىز ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ.

قورقۇنچنى تۈگىتىشنىڭ تۆتىنچى پرىنسىپى: قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان رېئاللىققا تەن بېرىش.

## 5. ھەرقانداق ئىشتا چەك بولۇش كېرەك

سودا بازىرىدا قانداق قىلىپ پايدا ئېلىشنى بىلىۋالغۇڭلار كېلەمدۇ؟ كېسىپ ئېيتىمەنكى، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بىلىۋالغۇسى كېلىد-

دۇ . ئەگەر مەن سىلەرگە پايدا ئېلىشنىڭ بىر خىل ئېپىنى ئېيتىپ بېرەلىسەم ، بۇ كىتابنىڭ قىممىتى چوقۇم مىڭ ھەسسە ئېشىپ كەتكەن بولاتتى . بىراق ، ھەقىقىي يولغا قويۇشقا بولىدىغان بىر خىل ئۇسۇل ھەقىقەتەن مەۋجۇت ، بەزىلەر بۇ ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان . تۆۋەندە چارلېز روبېرت ئىسىملىك سودا - سېتىق ۋاستىچىسىنىڭ تەجرىبىلىرىنى سۆزلەپ بېرىمەن ، بۇ ئادەم نيۇ - يورك شەرقىي كوچا 19 - قورۇدا تۇرىدۇ .

چارلېز روبېرت ئۆز ئەھۋالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ : «مەن نيۇ - يوركقا تېكساس ئىشتاتىدىن كەلگەنىدىم . دوستلىرىم ماڭا 20 مىڭ دوللار بېرىپ ، بۇ پۇلغا پاي چېكى سودىسى قىل دېيىشكەنىدى . مەن ئۆزۈمنى پاي چېكى بازىرىدىكى ئېلىم - سېتىم ئىشلىرىغا كامىل ئادەم دەپ چاغلايتتىم . دەسلەپتە خېلى كۆپ پايدا ئالغانمۇ بولدۇم . بىراق ، كېيىن ئۇتتۇرۇپ دەسمىي غالتەككە چىقتى .

ئۆزۈمنىڭ پۇلىنى زىيان تارتقان بولسامغۇ كاشكى ، لېكىن مېنىڭ يوقاتقىنىم دوستلىرىمنىڭ پۇلى - دە ! شۇڭا ، ئىنتايىن بىئارام بولدۇم ، قايسى يۈزۈم بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارارمەن دەپ غەم قىلدىم . مېنى ھەيران قالدۇرغىنى شۇ بولدىكى ، گەرچە تەۋەككۇلچىلىك قىلىپ مەغلۇپ بولغان بولساممۇ ، لېكىن دوستلىرىمدىن ھېچكىم مېنى ئەيىبلىمىدى ، ئەكسىچە ماڭا ئىنتايىن كەڭ قورساقلىق قىلدى .

ماڭا شۇنىسى ئايانكى ، مەغلۇم بولۇشۇمدىكى تۈپ سەۋەب 〈تەلەي〉 ۋە باشقىلارنىڭ پىكرىگە زىيادە ئىشىنىپ كەتكەنلىكىم ئىدى ، خۇددى خ .ي . فىللىپس ئېيتقاندەك ، مەن بازاردا 〈ئالدام خالتىغا چۈشۈپ كەتكەن〉 ئىكەنمەن .

مەن تەجرىبە - ساۋاقلىرىمنى يەكۈنلەشكە كىرىشتىم . پاي چېكى بازىرىغا قايتا كىرىشتىن ئىلگىرى ، ئۇ يەردە يۈز بەرگەن بارلىق ئىشلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ چىقماقچى بولدۇم . بۇنىڭ ئۈچۈن ، تۇرلۇك ئۇسۇل - چارىلەرنى قوللىنىپ ، ئەڭ مەشھۇر ھايانكەش س . كاستلېز بىلەن تونۇشتۇم . مەن ئۇنىڭدىن چوقۇم نۇرغۇن نەرسىلەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆگىنىۋالىمەن دەپ ئويلىدىم . ئۇ ئۇزاقتىن بۇيان ناھايىتى شۆھرەت قازانغانىدى ، داۋاملىق تەلىيى ئوڭ كېلەتتى ، مېنىڭچە ئۇ ھەرگىز تەلەي سىناشقا ، 〈 ئامەتى ئوڭ 〉 كېلىشكە تايىنىپ غەلىبە قىلغان ئەمەس ئىدى .

ئۇ مەندىن پاي چېكى سېتىۋېلىشقا ئائىت ئەھۋاللىرىمنى سورى-غاندىن كېيىن ، ماڭا پاي چېكى ھايانكەشلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر پىرىنسىپىنى ئېيتىپ بەردى ، بۇ پىرىنسىپنى تا بۈگۈنگىچە قوللىنىپ كېلىۋاتىمەن . ئۇنىڭ ئاتالمىش ئاساسىي پىرىنسىپى مۇنداق ئىدى : 〈 مەن ھەر قېتىملىق سودىدا ئۆزۈمگە بىر چەك بەلگىلەپ چىقىمەن . ئەگەر 50 دوللارلىق پاي چېكى سېتىۋال-ماقچى بولسام ، سېتىش باھاسىنى 45 دوللاردا چەكلەيمەن . ناۋادا سېتىلىش باھاسى 45 دوللارغا چۈشۈپ قالسا ، قولۇمدىكى پاي چېكى-نى دەرھال بازارغا سالىمەن . بۇنداق بولغاندا ، ھەر ۋاراق پاي چېكىدە ئەڭ كۆپ بولغاندا بەش دوللار زىيان تارتىمەن ؛ ھالبۇكى ، ئەگەر پاي چېكىنىڭ باھاسى باشتىلا يۇقىرى بولسا ، ھەر ۋاراق پاي چېكىدە 10 دوللار ، 25 دوللار ھەتتا 50 دوللار پايدا ئالىمەن ، بۇ دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئىش . بۇنداق بولغاندا ، ئەڭ زور زىيانىنى بەش دوللار ئىچىدە چەكلەيمەن ، سودىنىڭ يېرىمىدا زىيان تارتتىم دېگەندى-مۇ ، ئۇنىڭ خەتىرى چوڭ بولمايدۇ ؛ ھالبۇكى ، سودىنىڭ قالغان يېرىمىدا چۆنتىكىمگە پۇل كىرىدۇ 〉 .

مەن بۇ پىرىنسىپنى ئېسىمدە چىڭ تۇتتۇم ھەمدە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن داۋاملىق قوللىنىپ كەلدىم . ئۇ مېنى ھايت - ھۇيت دېگۈچە نەچچە مىڭ دوللارغا ئىگە قىلدى .

كېيىنچە شۇنى بايقىدىمكى ، بۇنداق چەك قويۇش پىرىنسىپى پاي چېكى سودىسىغا باب كېلىپلا قالماستىن ، كۈندىلىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقىمۇ ئىنتايىن پايدىلىق ئىكەن . بۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتىكى غەم - قايغۇغا چەك قويۇپلا قالماي ، ئاچچىقىمنى كەلتۈرى-دىغان ياكى بېشىمنى قاتۇرىدىغان باشقا ھەرقانداق ئىشقىمۇ چەك قويىدىغان بولدۇم . بۇ ئۇسۇل ھەقىقەتەن قالتىس رول ئوينىدى .

مەسىلەن، بىر دوستۇمنى پات - پات چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلىپ تۇراتتىم. بىراق، ئۇ دائىم كېچىكىپ كېلەتتى، مەن بولسام ئۇنى ئۇزاققىچە كۈتۈپ تۇراتتىم. كېيىن مەن ئۇنىڭغا دېدىم: 〈بېئېر، سېنى كۈتۈپ تۇرىدىغان ۋاقتىمنى 15 مىنۇت ئىچىدە چەكلەيمەن. ئەگەر 15 مىنۇت ئۆتكەندىمۇ يېتىپ كېلەلمىسەڭ، پۈتۈشۈپ قويغان چۈشلۈك تامىقىمىز ئەمەلدىن قالىدۇ، مەنمۇ سېنى يەنە كۈتۈپ ئولتۇرمايمەن.〉»

ئاھ تەڭرىم! ئالدىراڭغۇلۇق قىلىش، يامان كۆرۈش، تەرسالىق قىلىش، پۇشايمان قىلىش قاتارلىق خۇيلىرىمنى، روھىي ۋە پىسخىك جەھەتتە يۈك پەيدا قىلىدىغان باشقا ھەممە يامان كەيپىياتلىرىمنى چەكلەشنى ئىلگىرى نېمىشقا بىلمىگەن بولغىيتتىم؟ كۆڭۈل ئارامىمىغا تەھدىت سالىدىغان تۈرلۈك ئىشلارنى دەڭسەپ كۆرۈشنى نېمىشقىمۇ بىلمىگەندىمەن؟ يەنە ئۆز - ئۆزۈمگە دېدىم: «دالې كارنېگ، بۇ ئىش سېنىڭ شۇنچىۋالا باش قاتۇرۇپ كېتىشىڭگە ئەرزىمدۇ؟» نېمە ئۈچۈن ئىلگىرى شۇنچە دۆتلۈك قىلغان بولغىيتتىم؟

بىراق، ھېچبولمىغاندا مۇنۇ بىر ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشنى يەنىلا ئاقىلانىلىك دېيىشكە بولاتتى. ئۇ ئىنتايىن مۇھىم ئىش بولۇپ، مېنىڭ غايەم، ئىستىكىم ۋە ئىستىقبالىم بىلەن، كۆپ يىل جاپا چېكىپ ئىشلىگەن خىزمەتلىرىمنىڭ جەۋھىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇ مۇنداق ئىش ئىدى: كىچىكىمدە يازغۇچى بولۇشنى، ھېچبولمىغاندا چېك لوندون ياكى توماس خاردىيغا ئوخشاش يازغۇچى بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم. بۇ غايەمنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش يولىدا ياۋروپاغا بېرىپ ئىككى يىل تۇرۇپ كەلدىم. ئۇ دەل بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ ئانچە ئۇزاق بولمىغان ۋاقىت بولۇپ، پۇل پاخاللىقى ئىنتايىن يۇقىرى ئىدى. ئۇ يەردە مەن ئامېرىكا دوللىرى خەجلىگەچكە بەك ئەرزانچىلىق ئىدى. ياۋروپادا ئىككى يىل تۇرۇپ، «شىۋىرغان» ناملىق نادىر ئەسىرىمنى پۈتكۈزدۈم. كېيىنچە نەشرىياتنىڭ بۇ كىتابقا تۇتقان ئىنتايىن سوغۇق پوزىتسىيەسى ۋە ماڭا كەلگەن دەرد - ئەلەمدىن قارىغاندا، بۇ رومانىنىڭ نامىنى ھەقىقەتەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

جايىدا قويغان ئىكەنمەن . ماۋا ۋاستىچى بولغان كىشىنىڭ بۇ كىتاب بىر تىيىنگىمۇ ئەرزىمەيدىكەن ، زادى يېزىقچىلىق ئىقتىدارىڭىز يوق ئىكەن ، دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغىنىمدا يۈرىكىم سوقۇشتىن توختاپ قالغاندەك بولدى ، ئۇنىڭ ئىشخانىسىدىن قانداق قايتىپ چىققانلىقىمنى بىلمەيمەن . ناۋادا بىراۋ بېشىمغا كالتەك بىلەن تازا ئۇرغان بولسا بەلكىم ئۇنىڭدىن ياخشىراق ھېس قىلغان بولاتتىم . مەن شۇ چاغدا ھەقىقەتەن تۈگىشىپ كەتكەنىدىم . مەن «تۆت كوچا» ئاغزىدا تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدىم . قانداق قىلىشىم كېرەك ؟ نەگە بېرىشىم كېرەك ؟ بىرقانچە ھەپتىدىن كېيىن ، باش قېتىنچىلىقتىن ئاخىر قۇتۇلدۇم . ئۇ چاغدا مەن تېخى «غەم ـ ئەندىشىگە چەك قويۇش» دەيدىغان بۇنداق گەپنى ئاڭلاپ باقمىغان ئىكەنمەن . بىراق ، ھازىر ئەسلەپ باقسام ، مېنىڭ ئەينى چاغدىكى ئۇسۇلۇم بۇنىڭدىن كۆپ پەرقلەنمەيدىكەن . يۈرەك ـ باغرىمنى سەرپ قىلىپ ، ساپساق ئىككى يىل بېشىمنى قاتۇرۇپ يېزىپ چىققان بۇ رومانىم بىر خىل قىممەتلىك ئىزدىنىشىم بولۇپ قالسۇن ، ئەمدى ئاچچىقىمغا ھاي بېرەي . شۇنداق قىلىپ ، يەنە يېڭى تۇرمۇش يولىغا قەدەم قويدۇم . زېھنىمنى ئاساسەن چوڭلار كەچكۈرسى ئېچىشقا قاراتتىم ، بىكار قالغان چاغلىرىمدا تەرجىمىھال خاراكتېرلىك رومان ياكى سىلەر ھازىر ئوقۇۋاتقاندەك كىتابلارنى يازدىم .

دەسلەپكى تاللىشىم ئاقىلانە بولغانمىدۇ ؟ ئۇنىڭدا گەپ يوق ! بۇ ئىش ئېسىمگە كەلسىلا ، خۇشاللىقىمدىن ئۆزۈمنى باسالماي قالىمەن . كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتسام ، شۇنىڭدىن كېيىن ھەسرەت چېكىپ باقمىدىم . بۇنىڭ سەۋەبى بەختىمگە يارىشا ئىككىنچى توماس خاردىي بولۇپ قالمىغانلىقىمدا ئىدى .

بۇنىڭدىن يۈز نەچچە يىل ئىلگىرىكى بىر كۈنى كەچتە ، كۆل ئەتراپىدىكى ئورمانلىقتا بۇلبۇللار يېقىملىق سايراۋاتقاندا ھېنرى سىېرو پەي قەلەمنى ئۆزى ياسىۋالغان سىياھقا تۆگۈرۈپ خاتىرە دەپتىرىگە مۇنداق دەپ يازىدۇ : «ھايات دەپ ئاتىلىدىغان بۇ نەرسىنى ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارغا چىقىم قىلىش ھەقىقەتەن گۇناھ كۆتۈرمەيدۇ . بۇ

نۆۋقتىنى ھامان بىر كۈنى بىلىپ قالىمىز» . بۇ سۆزدىن كارى چاغلىق ئۇششاق ئىشلارغا كۆپلەپ بەدەل تۆلەش ، ھەتتا ھاياتىنى قۇربان قىلىش تولىمۇ ئەرزىمەيدىغان ئىش دېگەن مەنە چىقىدۇ .

مەسىلەن ، گىلبېرت بىلەن سارۋىن گەرچە ھاياتىنى قۇربان قىلىش دەرىجىسىگە يەتمىگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئاشۇنداق ئەخمىقانە ئىشنى قىلغان . ئۇلارنىڭ بىرسى ناخشا تېكىستى ئىجاد قىلىپ ، بىرسى بۇ تېكىستلەرنى نوتىغا سېلىپ ، ئىككىسى يەڭ ئىچىدە كېلىشىپ ، بىر - بىرىگە ماسلىشىپ ، كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان نۇرغۇن كىچىك ئوپېرالارنى بىللە ئىجاد قىلغان ، «ياپونىيەنىڭ ساماۋى خانى» دېگەن داڭلىق ئەسەر ئۇلارنىڭ نادىر ئەسەرلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ . ئۇلار يېقىملىق ناخشا تېكىستى ۋە شوخ كۈيلەرنى قەغەزگە يېزىشنى بىلگەن بىلەن ئۆزلىرىنىڭ كۆڭۈللۈك ھاياتىنى قانداق يارىتىشنى بىلمىگەن . بىر قېتىم سارۋىن ئۇلار ئورتاق ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان تىياتىرخانىغا بىر پارچە گىلەم سېتىۋالغان . گىلبېرت تالوننى كۆرۈپلا چىچاڭشىغان ، نەتىجىدە ئىككىسى ئۇرۇشۇپ قالغان . ئۇلار ھەتتا سوتقا بېرىپ بىر - بىرىنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلغان . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھېچكىم ھېچكىمگە گەپ قىلمىغان . گىلبېرت بىر يېڭى سەھنە ئەسىرى پۈتكەن ھامان پوچتا ئارقىلىق سارۋىنغا ئەۋەتىپ بەرگەن ، سارۋىنمۇ بۇ تېكىستلەرنى نوتىغا سېلىپ بولۇپ پوچتا ئارقىلىق ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەرگەن . ئەگەر تاماشىبىنلار بۇ ئىككىيلەننى بىرلا ۋاقىتتا پەردىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ سالام بېرىشكە تەكلىپ قىلسا ، ئۇلار سەھنىنىڭ ئىككى چېتىدە تۇرۇپ ، ئوخشاش بولمىغان تەرەپكە قاراپ تاماشىبىنلارغا تەزىم قىلىپ تەشەككۇر بىلدۈرگەنۇ ، بىر - بىرىگە كۆز قىرىنى سېلىپمۇ قويمىغان . ئۇلار كۆڭلىدە ساقلاپ كېلىۋاتقان ئاداۋەتكە بەلگىلىك چەك قويۇشنى بىلمىگەن — خۇددى لىنكولىن ئەينى يىللىرى قىلغاندەك .

ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە ، لىنكولىن زوڭتۇڭنىڭ بىرقانچە دوستى زۇڭتۇڭغا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلغان سىياسىي دۈشمەنلەرنى ھەدەپ تىللاۋاتقاندا ، لىنكولىن ئۇلارغا مۇنداق دېگەن :

«سىلەرنىڭ ئاچچىقىڭلار مېنىڭكىدىنمۇ يامان ئىكەنغۇ؟ دۇرۇس، مېنىڭ شەخسىي ئاداۋىتىم ئۇنچە كۆپ ئەمەس، چۈنكى مەن بۇنداق ئاداۋەت ساقلاشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قارايمەن. بىز ھاياتىمىزنىڭ يېرىمىنى ئاچچىقلىنىش بىلەنلا ئۆتكۈزسەك بولمايدۇ. خەق ماڭا ھۇ- جۇم قىلىشنى توختاتقان ھامان، مەنمۇ ئۇنى خاتا قىلدى دەپ ئەيىبلەپ يۈرمەيمەن».

ياشىنىپ قالغان ھامام ئېدىسمۇ لىنكولنغا ئوخشاش كەڭ قورساق بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى. ھە! ھامام ئېرى فرانك بىلەن ئىجارە ھەققى ئىنتايىن يۇقىرى بىر قورۇقتا تۇراتتى، ئۇلار- نىڭ يەرلىرى ياۋا ئوت - چۆپ بېسىپ كەتكەن، جىلغا بىلەن ساي گىرەلىشىپ كەتكەن، ھېچقانداق زىرائەت ئۇنمەيدىغان يەر ئىدى. ئۇلارنىڭ كۈن ئالمىقى ھەقىقەتەن تەس ئىدى، ئۇلار بىر تىيىننىمۇ يىپىدىن يىڭنىسىگىچە ھېسابلاپ ئاندىن خەجلەيتتى. ھامام ئېدىس مۇنداق بىر ئىشقا خۇشتار ئىدى: ئۇ پات - پات يېڭى دېرىزە پەردىسى ياكى كىچىك ئويۇنچۇقلارنى سېتىۋېلىپ، ئۆيىنى بېزەشكە ئامراق ئىدى. بۇ ئۇششاق زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى دان ئېۋىرسورنىڭ دۇكىنىدىن نېسى سېتىۋالاتتى. چوڭ ئاتام فرانك بۇن- داق ئارتۇقچە چىقىملارغا رازى ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئۇ دېھقان بولغاچقا، قەرزدار بولۇپ قېلىشنى نۇزەمبىللا خالىمايتتى. شۇڭا، ئۇ دان ئېۋىرسورغا بۇنىڭدىن كېيىن ئايالىمغا نېسى مال سېتىپ بەرمەڭ دەپ قويۇپتۇ. ھامـمام بۇ ئىشـنـى ئۇقۇپ قېلىپ تۇرال- ماي قاپتۇ — تاكى 50 يىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ بۇ توغرىدا گەپ بولۇپ قالسا چىچاڭشىپ كېتىدۇ. ئۇ بۇ ئىش توغرىسىدا ماڭا نەچچە قېتىم كوتۇلداپ بەرگەنىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشكەندە، ئۇ 70 ياشقا كىرىپ قالغانىدى. مەن ئۇنىڭغا مۇنداق دېدىم: «سۆيۈملۈك ھامما، چوڭ ئاتام ھەقىقەتەن توغرا قىلماپتۇ، ئۇ غۇرۇرىڭىزغا تېگىپتۇ. بىراق، كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلسام، 50 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ بۇ ئىشنى تېخىچە كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىۋەتمەيسىز، بۇ بەك ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولماسمۇ»؟ مېنىڭ بۇ

گەپلىرىم ئۇنىڭ ئۇ قۇلىقىدىن كىرىپ ، بۇ قۇلىقىدىن چىقىپ كېتەتتى ، ئەلۋەتتە .

ھاممام ئېدىسىنىڭ ئۆزى ياقتۇرمايدىغان ئىشلار ئۈچۈن تارتقان چىقىمى ناھايىتى كۆپ ، ئۇ بۇنىڭغا نەچچە ئون يىللىق كۆڭۈل ئازادىلىكىنى سەرپ قىلدى !

بېنجامىن فرانكلىن يەتتە ياشقا كىرگەندە 70 يىلدىن كېيىنمۇ ھازىرقىدەكلا ئەستە قالغۇدەك بىر خاتالىق سادىر قىلغانىدى . ئۇ ئەينى چاغدا ئېغىز گارمونىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى . ئۇ بىر ئويۇنچۇق ماگىزىنىغا كىرىپ ، نېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەي ، ھەتتا باھاسىنىمۇ سورىماي ، بارى - يوق پۇلىغا بىر ئېغىز گارمونى سېتىۋالغان . 70 يىلدىن كېيىن فرانكلىن بىر دوستىغا ئەۋەتكەن خېتىدە مۇنداق دەپ يازغان : «ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ھېلىقى قىممەتلىك ئېغىز گارمونۇمنى چېلىپ ، خۇشلۇقتىن ئاغزىم قۇلىقىمغا يەتكەندەك بولدى» ، بىراق ئۇنىڭ ھەدىلىرى فرانكلىن تۆلىگەن پۇلنىڭ بۇ ئېغىز گارمونىنىڭ ئەمەلىي باھاسىدىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ قېلىپ ، ئۇنى مەسخىرە قىلىپ يىغلىتىۋەتكەن .

ئارىدىن نەچچە ئون يىل ئۆتۈپ ، بېنجامىن فرانكلىن دۇنياغا تونۇلۇپ ، ئامېرىكىنىڭ فرانسىيەدە تۇرۇشلۇق ئەلچىسى بولغاندىن كېيىن ، ئەينى چاغدىكى كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلىگەندە ، بۇ ئېغىز گارمونى ئۈچۈن ھەقىقەتەن بەك يۇقىرى بەدەل تۆلىگەنلىكىنى ئېيتىپ : «بۇ ئېغىز گارمونىنى دەپ تارتقان خاپىلىقىم ئۇنىڭدىن ئېرىشكەن شادلىقىمدىن كۆپ ئارتۇق» دېگەن .

لېكىن ، فرانكلىن بۇ ئىشتىن ھەقىقەتەن قىممەتلىك ساۋاق ئالغان . ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ : «چوڭ بولۇپ قاتارغا قوشۇلغاندىن كېيىن ، دۇنيا سەھنىسىگە چىقىپ ھەر خىل ئادەملەر بىلەن ئۇچراشتىم . بۇ كىشىلەرنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىدىن ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىسىنىڭ ماڭا ئوخشاش ئۆزلىرىنىڭ 〈ئېغىز گارمونى〉 ئۈچۈن يۇقىرى بەدەل تۆلىگەنلىكىنى بايقىدىم . ئوچۇقىنى ئېيتسام ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز بەختىگە ئۆزى ئولتۇرغانلار ئىكەن . چۈنكى ، ئۇلار ئىش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى توغرا مۆلچەرلىيەلمىگەن ، شۇ سەۋەبتىن ئۆزلىرىنىڭ 〈ئېغىز گارمونى〉 ئۇچۇن بەك يۇقىرى بەدەل تۆلىگەنىكەن » .

گىلبېرت بىلەن سارۋىن ، ھامىمام ئېدىس بىلەن مەن — دالىي كارنېگمۇ تۇرمۇشتىكى «ئېغىز گارمونى» ئۈچۈن ئىنتايىن يۇقىرى بەدەل تۆلىگەنىدۇق ، ھەتتا ئۇلۇغ يازغۇچى ، دۇنيا بويىچە ئۆچمەس نادىر ئەسەر «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» ، «ئاننا كارىنىنا» نىڭ ئاپتورى لېۋ .تولىستويمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس . «بۈيۈك بېرىتانىيە ئېنسىكلوپېدىيەسى» دە خاتىرىلىنىشىچە ، تولىستوي ئاخىرقى 20 يىللىق ھاياتىدا «دۇنيا بويىچە ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئۇلۇغ زات» ھېسابلانغاندى . ئۇ ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرىكى توپتوغرا 20 يىل (1890 — 1910) ئىچىدە كىشىلەر ئۇنىڭ تۇرار جايىغا خۇددى ھەجگە ماڭغاندەك ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرۇشتى ، ئۇنىڭ دىدارىنى كۆرۈشكە ، سۆزىنى ئاڭلاشقا ، پەلتوسىنىڭ پېشىنى تۇتۇشقا مۇيەسسەر بولالىغانلىقىدىن چەكسىز خۇشال بولۇشتى ۋە پەخىرلىنىشتى . ئۇنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزىنى ئاللادىن كەلگەن ۋەھىيدەك خاتىرىلىۋېلىشتى . ھالبۇكى ، تۇرمۇشتا ، ئاجايىپ - غارايىپ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بار ئادەتتىكى تۇرمۇشقا كەلگەندە ، تولىستويدا يەتتە ياشلىق بېنجامىن فرانكلىنغا ئوخشاش ئەقىل - ئىدراك كەم ئىدى .

مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم مۇنداق بىر ئىش : تولىستوي چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرىدىغان بىر قىز بىلەن توي قىلىدۇ . توي بولغان دەسلەپكى كۈنلەر ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ئۆتىدۇ . ئۇلار بىر - بىرىگە شۇنداق ئامراق بولۇپ كېتىدۇ ، ھەتتا داۋاملىق يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئاللاغا دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ ، ئاللادىن ئۆزلىرىنىڭ بۇنداق بەختلىك تۇرمۇشىغا مەڭگۈ ئامان - ئېسەنلىك بېرىشنى تىلەيدۇ . ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى ، تولىستوينىڭ ياش خوتۇنى كۈنلۈكى يامان ئايال ئىدى ، ئۇ دائىم سەھرالىق ئاياللاردەك ياسىنىۋېلىپ ، تولىستوينىڭ يۇرۇش - تۇرۇشىنى نازارەت قىلاتتى ، ھەتتا تولىستوينىڭ ئورمانلىقتا ئايلىنىپ يۈرۈشىنىمۇ قولدىن بەرمەيتتى . مۇشۇ ئىشلار تۈپەيلى ئۇلار

ئوتتۇرىسىدا دائىم قورقۇنچلۇق ئۇرۇش - تالاش بولۇپ تۇراتتى. كېيىنچە ئۇ ھەتتا ئۆز بالىلىرىنىمۇ كۆنلەيدىغان بولۇپ قالىدۇ، بىر قېتىم ئۇ قىزىنىڭ سۈرىتىنى ئوۋ مىلتىقىدا ئېتىپ تېشىۋېتىدۇ؛ يەنە بىر قېتىم ئەپيۇن سېلىنغان چىلىمنى شوراپ تۇرۇپ، يەردە دومىلاپ يۈرۈپ، ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالىمەن دەپ تەھدىت سالىدۇ، بالىلىرى بولسا قورققىنىدىن ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىغا تىقىلىپ تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇۋالىدۇ.

تولستوي بۇ خوتۇنغا قانداق مۇئامىلە قىلغان؟ ئەگەر ئاچچىقىدا ئۆيىدىكى ھەممە بىساتلىرىنى ئۇرۇپ - چېقىپ ۋەيران قىلىۋەتكەن تەقدىردىمۇ، مەن ئۇنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتتى دېمىگەن بولاتتىم. چۈنكى، ئۇ ھەقىقەتەن چىداپ تۇرالمىغانىدى. ھالبۇكى، ئۇ ئۆزگىچە ئىش كۆرگەن. ئۇ خۇپىيانە ھالدا كۈندىلىك خاتىرە — شۇنداق بىر مەخپىي خاتىرە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا خوتۇنىنىڭ بىر تالاي گۇناھلىرىنى يېزىپ چىققان. مانا بۇ ئۇنىڭ «ئېغىز گارمونى» ئىدى! ئۇ ئۆزىنى كېيىنكى كىشىلەرگە ئاقلاتقۇزماقچى، ئائىلىدىكى ئىناقسىزلىقنىڭ سەۋەبىنى پۈتۈنلەي خوتۇنغا ئارتماقچى بولغان. ھالبۇكى، ئۇنىڭ خوتۇنى نېمە ئىش قىلغاندۇ دېسەك، ئۇ بۇ خاتىرىنىڭ ۋارىقىنى بىر-بىرلەپ يىرتىپ كۆيدۈرۈۋەتكەن — ئەمەلىيەتتە بۇنداق بولۇشىمۇ مۇقەررەردىكى ئىش ئىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇنىڭ خوتۇنىمۇ كۈندىلىك خاتىرە يېزىشقا باشلىغان، ئۇنىڭ خاتىرىسىدە تولستوي مۇتتەھەمنىڭ رولىنى ئالغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە «كىم ئەيىبلىك» ناملىق بىر رومان يېزىپ، تولستوينى ئائىلىنىڭ زالىم پادىشاھى، ئۆزىنى بولسا بىچارە ھەمىدەپ قىلىنىدىغۇچى قىلىپ تەسۋىرلىگەن.

ئۇلار قانداق بولۇپ بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغان؟ بۇ ئىككىيلەن قانداق قىلىپ بىر ئوبدان ئائىلىنى تولستوي ئۆزى ئېيتقان «ساراڭلار ساناتورىيەسى»گە ئايلاندۇرۇپ قويغان؟ بۇنىڭ كۆپ تەرەپلىمە سەۋەبلىرى بار، بۇنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم سەۋەب شۇكى، ئەر - خوتۇن ھەر ئىككىسىدە ئۆزىنىڭ ئوقتىسىنەزىرىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا قال-

www.uyghurkitap.com

دۇرىمەن دەيدىغان بىر خىل تەقەززالىق بار ئىدى . شۇنداق ، ئۇلار
بىزدىن ئەنسىرەيتتى ، بىز مۇشۇ ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ئۇلاردىن كىمە-
نىڭ ھەق ، كىمنىڭ ناھەق ئىكەنلىكىنى بىلمەي قېلىشىمىزدىن ئەن-
سىرەيتتى . لېكىن ، ئارىمىزدىن كىم ئۇلارنىڭ ئائىلە ماجىراسىغا
قىزىقىدۇ دەيسىز ؟ ئۆزىمىزنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىمىز شۇنچە كۆپ
تۇرسا ، بىر مىنۇت ۋاقتىمىزنىمۇ تولىستوينىڭ ئىشىنى دەپ باش
قاتۇرۇشقا سەرپ قىلىشنى خالىمايمىز - دە . بۇ ئىككى بىتەلەيىنىڭ
ئۆزلىرىنىڭ «ئېغىز گارمونى» ئۈچۈن تۆلىگەن بەدىلى ھەقىقەتەن
بەك يۇقىرى بولۇپ كەتكەن . ئۇلار دوزاختەك ئائىلىدە 50 يىل بىللە
ياشىغان ، بىراق ئۇلاردىن بىرەرسىمۇ ئاقىلانىرەك بولۇپ : «بەس ،
ئەمدى بولدى قىلايلى !» دەپ باقمىغان ، بىرەرسىمۇ تۇرمۇشنىڭ
ھەقىقىي قىممىتىگە نىسبەتەن يېتەرلىك ھۆكۈم چىقىرىش ئىقتىدارىغا
ئىگە بولالمىغان ، «ھەرقانداق ئىشنىڭ چېكى بولىدۇ ، ئەمدى ۋاقتى-
مىزنى زايە قىلىۋەتمەيلى !» دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىغان .

شۇنداق ، ھەقىقىي كۆڭۈل خاتىرجەملىكىگە ئېرىشىشنىڭ ئەڭ
مۇھىم سىرى تۇرمۇشنىڭ قىممىتىنى ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن پەرق-
لەندۈرۈش ئىقتىدارىنىڭ بولۇشىدا . شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى ،
ھەركىمدە بىردىن ئۆلچەم — بىردىن مىزان بولسا ، ئۇنىڭدىن پايدىلى-
نىپ تۇرمۇشىمىزغا ئالاقىدار تۈرلۈك شەيئىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك
قىممەتنىڭ ۋەزنىنى ئۆلچەيدىغان بولساق ، ئۇنداقتا بارلىق غەم -
قايغۇمىزنىڭ يېرىمىنى دەرھال تۈگىتەلەيمىز .

غەم - ئەندىشىنىڭ ئۆزۈڭلارنى نابۇت قىلىۋېتىشىدىن ساقلىنىش
ئۈچۈن ، ئۆز - ئۆزىنى ئازابلاشنى تۈگىتىشنىڭ بەشىنچى پرىنسىپى-
نى ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇشۇڭلار كېرەك :

بىرەر يامان ئىش ئۈچۈن تۇرمۇشتا يۇقىرى بەدەل تۆلەش ئېھتى-
مالى بارلىقىنى سەزگەندە ، ئۆزۈڭلارغا دەرھال تۆۋەندىكىدەك ئۈچ
سوئال قويۇشنى ئۇنتۇماڭلار :

1 . بېشىمنى قاتۇرۇۋاتقان ئىشنىڭ ماڭا زادى قانچىلىك قىممە-
تى بار ؟

2 . باش قېتىنچىلىقىمنى قايسى دائىرىدە چەكلىسەم ئۇنتۇپ كېتەلەيمەن ؟

3 . بۇ «ئېغىز گارمونى»نى سېتىۋېلىشقا ئەڭ كۆپ بولغاندا قانچىلىك پۇل خەجلىسەم بولار ؟ خەجلىگەن پۇلۇم بەك كۆپ بولۇپ كەتتىمۇ قانداق ؟

## 6 . ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات

يېزىق شىرەسىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ، دېرىزىدىن سىرتقا كۆز تاشلىسام ، هويلامدا بىر پارچە شىبەن تاش كۆرۈنىدۇ . ئۇنىڭدا دىنو-زاۋېرنىڭ ئاياغ ئىزلىرى بار ، بۇ شىبەن تاشنى يالې ئۇنىۋېرسىتېتى-نىڭ پىبود مۇزېيخانىسىدىن سېتىۋالغانىدىم . مۇزېيخانىنىڭ باشلىقى تېخى ماڭا ئۆزى خەت يېزىپ ، بۇ ئاياغ ئىزلىرى 180 مىليون يىللىق تارىخقا ئىگە دېگەنىدى . ئۇچىغا چىققان ساراڭمۇ 180 مىليون يىل ئارقىغا چېكىنىپ ، بۇ ئىزلارنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىش خىيالىدا بولمايدۇ ، ئوخشاشلا ، ئاللىقاچان يۈز بېرىپ بولغان ئىشنى 180 سېكۇنت ئارقىغا چېكىنىپ تۈزەتمەكچى بولۇشمۇ ئەخمەقلىق . بىراق ، ئارىمىزدا دەل ئاشۇنداق قىلىشقا خۇشتار نۇرغۇن كىشىلەر بار . دۇرۇس ، بۇنىڭدىن 180 سېكۇنت ئىلگىرى يۈز بەرگەن ۋەقەنىڭ ئاقىۋىتىنى يېنىكلىتىش يولىدا بارلىق تەدبىرلەرنى قوللانساقمۇ ، لېكىن ئاللىقاچان تارىخقا ئايلىنىپ بولغان پاكىتنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇش ھەرقانداق قىلغان بىلەنمۇ ئىشقا ئاشمايدۇ .

تارىخىي پاكىتنىڭ پەقەت بىر خىللا رولى بار : بىز سادىر قىلغان خاتالىقىمىزنى تارىخىي پاكىتنى ئەينەك قىلىپ ، ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن تەھلىل قىلالايمىز ھەمدە ئۇنىڭدىن ساۋاق ئالالايمىز ، ئاندىن ئۇنى كاللىمىزدىن چىقىرىۋېتىشىمىز لازىم .

بۇ جەھەتتە مېنىڭمۇ تەسىراتىم بار . مەن ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار-نى ئۇنتۇپ كېتىشنى تۇغۇلۇشۇمدىنلا بىلىدىغان ئادەم ئەمەس ئىدىم ، بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل ئىلگىرى مەن نەچچە يۈز مىڭ دوللار خەج-

www.uyghurkitap.com

لەپ ، ئاخىر ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمىگەنىدىم . بۇ ئىشنىڭ جەريانى
مۇنداق : مەن كۆلىمى چوڭ بىر ئامىمۋى مائارىپ شىركىتى قۇردۇم
ھەمدە نۇرغۇن شەھەرلەردە شۆبە ئورگان تەسىس قىلدىم . ئىشخانا
خىراجىتى ۋە ئېلان خىراجىتى ئۇچۇن جىق پۇل خەجلىدىم . كۇرس-
نىڭ ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ ، شىركەتنىڭ مالىيە
جەھەتتىكى ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا چولام تەگمەي قالدى .
ئەينى چاغدا مەن چىقىملىرىمنى كونترول قىلىشقا ئىقتىدارلىق دى-
رېكتوردىن بىرنى تېپىش لازىملىقىنى خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىمەن .
بىر يىلدىن كېيىن ئاندىن ھوشۇمنى تاپتىم . مەن چۆچۈگەن ھالدا
شۇنى سەزدىمكى ، گەرچە كىرىمىم خېلى يېتەرلىك بولسىمۇ ، لېكىن
پايدا يوق دېگۈدەك ئىدى . ئەمدى مەن مۇنۇ ئىككى ئىشنى جىددىي
بېجىرىشىم كېرەك . بىرىنچىدىن ، ئاقىلانە بولۇشۇم كېرەك ، يەنى
نېگىر ئالىم گېئورگى ۋاشىنگتون كاف بانكىنىڭ تاقىلىپ كېتىشى
سەۋەبىدىن ئۆمۈر بويى توپلىغان 40 مىڭ دوللارنى زىيان تارتقاندىن
كېيىن ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ئىش كۆرگەنگە ئوخشاش ، مەنمۇ
ئاقىلانىلىك بىلەن ئىش كۆرۈشۈم كېرەك . بەزىلەر كافتىن ئۆزىنىڭ
ۋەيران بولغانلىقىنى بىلىدىغان - بىلمەيدىغانلىقىنى سورىغاندا ، كاف :
«شۇنداق ، خەۋىرىم بار» دەپ جاۋاب بەرگەن . جاۋاب بېرىپ بولۇپلا
يەنە دەرس ئۆتۈشكە كەتكەن . ئۇ بۇ زىياننى ئېسىدىن ئۇزۇل - كېسىل
چىقىرىۋېتىپ ، ئىككىنچىلەپ ئاغزىغا ئالمىغان ؛ ئىككىنچىدىن ، خاتا-
لىق ئۆتكۈزۈشۈمدىكى سەۋەبلەرنى تەھلىل قىلىپ بېقىشىم ھەمدە
ئۇنىڭدىن ساۋاق ئېلىشىم كېرەك .

لېكىن ، مەن زادىلا ئۇنداق قىلالمىدىم . يا ئۇنى كاللامدىن
چىقىرىۋېتەلمىدىم ، يا خاتالىق ئۆتكۈزۈشۈمدىكى سەۋەبلەرنى تەھلىل
قىلالمىدىم ، ئولتۇرسام - قوپسام غەم - ئەندىشە بىلەنلا بولۇپ كەت-
تىم . بىرقانچە ئاينى ئېسەنگىرەش ئىچىدىلا ئۆتكۈزدۇم ، كۆزۈمگە
ئۇيقۇ كەلمىدى ، گېلىمدىن تاماق ئۆتمىدى ، كۈندىن - كۈنگە ئورۇق-
لاپ كەتتىم . مەن خاتالىقتىن ساۋاق ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن ، ئەكسى-
چە روھىي جەھەتتىكى بوپامنى ئېغىرلاشتۇرۇۋالدىم ، ئىقتىسادىي

جەھەتتە تارتقان زىيىنىمۇ ھېچقانچە ئازايمىدى.

مەن ھازىر ئەينى چاغدىكى ئەخمىقانە ئىشلىرىمدىن راستتىنلا خىجىلمەن. لېكىن، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بىر ھەقىقەتنى بىلىۋالدىم: قانداق ياشاش ھەققىدە 20 ئادەمگە تەربىيە بېرىش ئاشۇ 20 ئادەمنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەشتىن كۆپ ئاسان ئىكەن.

مېنىڭ نيۇ - يوركتىكى ئورمانزارلىق كوچىسى 999 - قورۇدا تۇرۇشلۇق ئاللان سۇندېرسقا ئوخشاش، نيۇ - يوركتىكى گېئورگى ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئوقۇپ، براتۋېينېي ئەپەندىنىڭ تەلىمىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلاش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولغۇم كېلىدۇ.

سۇندېرىس ئەپەندىنىڭ ماڭا سۆزلەپ بېرىشىچە، ئۇ پسىخولوگىيە ئوقۇتقۇچىسى براتۋېينېي ئۆگەتكەن نەرسىلەرنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايدىكەن. «ئۇ چاغدا مەن تېخى 20 ياشقىمۇ كىرمىگەنىدىم، — دەيدۇ ئاللان سۇندېرىس، — مۇشتتەك تۇرۇپ مېنىڭمۇ تارتمىغان دەرد - ئەلەملىرىم قالمىدى. مەن ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىمنى دائىم كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قوياتتىم. ھەر قېتىم ئىمتىھان قەغىزىنى تاپشۇرۇپ بولۇپلا، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قالارمەنمۇ دەپ ئەنسىرەپ، كېچىچە ئۇخلىماي چىقاتتىم. ھەرقانداق بىر سۆز ۋە ھەرىكىتىمنى قايتىدىن دەڭسەپ كۆرۈپ، كۆڭلۈمدە، ئەگەر ئاشۇنداق دېمىگەن ياكى ئاشۇنداق قىلمىغان بولسام ياخشى بوپتىكەن دەپ قالاتتىم.

بىر كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى پسىخولوگىيە دەرسى ئۆتۈلدى. بىز تەبىئىي پەن تەجرىبىخانىسىغا كىرىپلا مۇئەللىمىمىز براتۋېينېينىڭ بىزدىن بۇرۇن تەجرىبىخانىغا كىرىپ بولغانلىقىنى بايقىدۇق. دەرس مۇنبىرىدە بىر بوتۇلكا كالا سۈتى تۇراتتى. بىز ئورۇنلىرىمىزدا ئولتۇرۇۋېلىپ، ھېلىقى بوتۇلكىدىكى كالا سۈتىگە قىزىقسىنىپ قاراشتۇق ۋە تولىمۇ دىققەت بولدۇق، كۆڭلىمىزدە بۇ نەرسىنىڭ پسىخولوگىيە دەرسىمىز بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى باردۇ دەپ قېلىشتۇق. بۇ چاغدا براتۋېينېي ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، سۈت بوتۇلكىسىنى ئوقۇرغا

تاشلىدى ـ دە ، ‹سۈتنى تۆكۈۋەتتۈق› دېدى ئۇنلۇك قىلىپ .

ئۇ بىزگە ئوقۇرنىڭ يېنىغا كېلىپ سۈنغان سۈت بوتۇلكىسىنى كۆرۈشىنى ئېيتتى . ‹زىغىرلاپ كۆرۈپ بېقىڭلار ، — دېدى ئۇ بىزگە ، — هازىر بوتۇلكا چېقىلدى ، سۈت ئېقىپ كەتتى . مەيلى سىلەر هۆركىرەپ يىغلاڭلار ياكى ئۆزۈڭلارنى قىيما ـ چىيما قىلىۋېتىڭلار ، بەرىبىر بىر تامچە سۈتنىمۇ ئېلىۋالالمايسىلەر . ناۋادا ، باشتا ئاۋايلىغان ، ئېهتىيات قىلغان بولساق ، بەلكى بۇنداق ئەهۋالنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىشىمىز مۇمكىن ئىدى ؛ ئەمدى هەرقانچە پۇشايمان قىلساقمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ . هازىر بىزنىڭ قولىمىزدىن پەقەت ئۇنى چۆرۈپ تاشلاش ، خىيالىمىزغا كەلتۈرمەسلىك ، قىلىشقا تېگىشلىك خىزمىتىمىزنى داۋاملاشتۇرۇشلا كېلىدۇ ، خالاس .› »

«راست گەپنى قىلسام ، — دېدى سۇندېرس سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ، — مەن گېئومېترىيەنى ، لاتىن تىلىنى پۇتۇنلەي ئۇنتۇپ كەتتىم . لېكىن ، شۇ قېتىملىق ئۇلگە كۆرستىش مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ . ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇغان تۆت يىلدا ئۆگەنگەنلىرىم ، كىشىلىك هاياتىمدا هەممىدىن قىممەتلىك نەرسە بۇنىڭدىن ئارتۇق بولماس . مەن ئالدى بىلەن ئامال قىلىپ سۈت تۆكۈلۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ؛ مۇبادا سۈت تۆكۈلۈپ كەتسە ئۇنى خىيالىمغا كەلتۈرمەسلىك لازىملىقىنى چۈشىنىۋالدىم» .

بەلكىم بەزى كىتابخانلار مېنى مەسخىرە قىلىپ ، ئىنگلىز تىلىدىكى «كالا سۈتىنى تۆكۈۋېتىش» دېگەن بۇ تۇراقلىق ئىبارىنى زىيادە كۆپتۈرۈۋېتىپتۇ دېيىشى مۇمكىن . شۇنداق ، بۇ تۇراقلىق ئىبارىنىڭ هەممە ئادەم بىلىدىغان «كونا مۇقام» ئىكەنلىكىگە مەنمۇ ئىشىنىمەن . كىتابخانلار بەلكىم بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاۋېرىپ قۇلىقى پاك بولۇپ كەتكەندۇ . شۇنداقتىمۇ بۇنداق «كونا چۈشەنچە» گە ، كىشىلەر ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان ، ئادەمنى پۇشايمانغا قويىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىق هەققىدە پەند ـ نەسىهەت قىلىدىغان بۇنداق تەمسىلگە ئىنسانىيەت ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى سىڭگەن . ئۇ ئىنسانلارنىڭ بىۋاستە تەجرىبىسىدىن كەلگەن ، شۇنداقلا ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقىچە

داۋاملىشىپ كەلگەن . تارىختا ئۆتكەن دانىشمەنلەرنىڭ بىھۇدە قايغۇر-
ماسلىق ھەققىدىكى تۈرلۈك بايانلىرىدىن ، «ئورۇنسىز غەم قىلماس-
لىق» ، «ئۆلگەندىن كېيىن ياسىن ئوقۇماسلىق» دېگەندەك كونا
مۇقاملاردىنمۇ مۇپەسسەل ، كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان نەرسە
بولماس . ئەگەر بىز بۇ ماقال - تەمسىللەرگە سەل قارىماي ، ئۇلاردا
ئېيتىلغان مەزمۇنلار بويىچە ئەستايىدىل ئىش كۆرگەن بولساق ، مەن-
مۇ قەغەز بىلەن سىياھنى ئىسراپ قىلىپ بۇ كىتابنى يازىمەن دەپ
ئاۋارە بولمىغان بولاتتىم . ئىشلەتمىگەن بىلىم نۆلگە تەڭ . چوڭ -
چوڭ قائىدىلەرنى بىلگەن بىلەن ئەمەلىيەتتە كۆرسىتەلمىسە ، ئۇنداق
قائىدە ھەرقانچە ياخشى بولغان بىلەنمۇ بىكار . مېنىڭ بۇ كىتابنى
يېزىشتىكى مەقسىتىم كىتابخانلارغا نۇرغۇن يېڭى نەرسىلەرنى ئېيتىپ
بېرىش ئەمەس ؛ پەقەت ئۆزلىرى بىلىدىغان قائىدىلەرگە ئەھمىيەت
بېرىشنى ئۇلارنىڭ سەمىگە سېلىپ قويۇش ، زۆرۈر تېپىلغاندا ، ئۇلار-
نى روھىنى ئۇرغۇتۇپ ، قولىقىغا كىرىپ تۇرسىمۇ پىسەنت قىلماي
كېلىۋاتقان كونا پىرىنسىپلارنى ئۆز تۇرمۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدى-
غان ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش ھەققىدە قاتتىقراق نوقۇپ قو-
يۇشتىن ئىبارەت .

مەن فرېد فۇللېرشتتەك ئادەملەرگە ھەقىقەتەن قايىلمەن ، ئۇلار
ھەممىگە ئايان كونا پەلسەپىۋى قائىدىلەرنى ئۆزگىچە ئۇسلۇب ، مول
شېئىرىي ھېسسىيات بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان تۇغما تالانتقا ئى-
گە . فرېد «فىلادېلفىيە يېڭى خەۋەرلەر گېزىتى» نىڭ مۇھەررىرى .
ئۇ بىر توپ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن سۆھبەتلەشكەندە :
«ئاراڭلاردا ياغاچ ھەرىدەپ باققانلار بارمۇ ؟ بولسا قولۇڭلارنى كۆتۈ-
رۈڭلار !» دەپ توساتتىن سورىغان ، ئۇ يەردە تۇرغانلارنىڭ كۆپىنچە-
سى ياغاچ ھەرىدەپ باققانلار بولغاچقا ، بىرمۇنچەيلەن قولىنى كۆتۈر-
گەن ، ئاندىن فرېد يەنە ئۇلاردىن «قانچىڭلار ياغاچ پۇزىكىنى ھەرىدەپ
باققان ؟» دەپ سورىغان . كۆپچىلىك بىر - بىرىگە قارىشىپ ، ھېچكىم
جاۋاب بەرمىگەن . بۇ چاغدا «بۇنىڭدىن مەلۇمكى ، پۇزەكنى يەنە ھەرى-
دىگىلى بولمايدۇ ، — دېگەن فرېد ئەپەندى ئىزاھات بېرىپ ، —

ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارغىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلىش لازىم . ئەگەر سىلەر ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنى دەپ باش قاتۇرساڭلار ۋە پەرىشان بولساڭلار ، يۈزەكنى ھەرىدىگەندەك بولىسىلەر » .

مەشھۇر ۋاسكېتبول ماھىرى كوننى مېك 81 ياشقا كىرگەن چاغدا ، مەن ئۇنىڭدىن ھاياتىڭىزدا توپ مۇسابىقىسىدە ئۇتتۇرۇپ قويۇپ قايغۇرۇپ باققانمۇ دەپ سورىسام ، ئۇ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەنىدى : «شۇنداق ، بىر - ئىككى قېتىم قايغۇرۇپ باققان ، بىراق كېيىن ئۇنداق ئەخمەقلىق قىلمايدىغان بولدۇم . مېنىڭچە قايغۇرۇشنىڭ قىلچە پايدىسى يوق ، ئاتقان ئوقنى قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ - دە !»

شۇنداق ئەمەسمۇ ! سىلەر ئاتقان ئوق ، ئاققان سۇنى كەينىگە قايتۇرماقچى بولىدىكەنسىلەر ، يۇزۇۋڭلارنى قورۇق بېسىپ ، چېچىڭلارغا ئاق كىرىپ ، ئاشقازان يارىسىغا گىرىپتار بولۇپ ، ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلار ھالاك قىلىۋېتىسىلەركى ، مەقسىتىڭلارغا يېتەلمەيسىلەر .

شاپائەت بايرىمىدا جېك دونبوش ئىككىمىز كەچلىك تاماقتا بىللە بولدۇق . ئاپېلسىن شەربىتىدە پىشۇرۇلغان كۇركە گۆشى يېگەچ ، ئۇ ماڭا بىر قېتىملىق بوكس مۇسابىقىسى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى . بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە ئۇنىڭ بەدەن ئېغىرلىقى دەرىجىسى بويىچە ساقلاپ كېلىۋاتقان بوكس چېمپىيونلۇقىنى باشقىلار تارتىۋالغان . تەبىئىيكى ، بۇ ئۇنىڭغا ئېغىر زەربە بولغان . «مۇسابىقە داۋامىدا ئۆزۈمنىڭ قېرىپ قالغانلىقىمنى ، جىسمانىي جەھەتتە بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتقانلىقىمنى توساتتىن ھېس قىلدىم ، — دېدى جېك دونبوش ، — دەسلەپكى 10 قېتىملىق ئېلىشىشتا لېۋىمنى چىشلەپ ئاران بەرداشلىق بەردىم ، بىراق ئاخىرىغا كەلگەنسېرى چىديالماي قالدىم . مۇشت يەپ يۈز - كۆزلىرىم قۇلۇپتەك ئىششىپ ، كۆكىرىپ چىقتى ، كۆزۈمدىن ئوت چاقناپ كەتتى . رېپېرىنىڭ گىناتاللىسىنىڭ قولىنى كۆتۈرۈپ ، ئۇنىڭ ئۇتقانلىقىنى تەبرىكلەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم . مەن ئەمدى چېمپىيون ئەمەس ئىدىم . مۇسابىقە مەيدانىدىن تېزلا چىقىپ كەتتىم . كېيىم يەڭگۈشلەش ئۆيىگە كېتىۋېتىپ كىشىلەر ئارىسىدىن

ئۆتكىنىمدە، نۇرغۇن تاماشىبىنلار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، مەن ئۇلارنىڭ كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالغانلىقىنى كۆردۈم.

بىر يىلدىن كېيىن تاللىس بىلەن يەنە بىر قېتىم ئېلىشقانىدىم، نەتىجەم ئالدىنقى قېتىمدىكىدىنمۇ ناچار بولدى. مەن ئۇزۇل - كېسىل يېڭىلگەنىدىم. بىراق، مەن ھەسرەت چېكىپ كەتمىدىم. مەن ئۆزئۆزۈمگە دېدىم: «مەن ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنى تەگەپ يۇرۇپ ياشاشنى خالىمايمەن، ئۆلگەندىن كېيىن ياسىن ئوقۇشنى خالىمايمەن، مۇسابىقىدە مەغلۇپ بولغانلىقىم تۇرمۇشتا مەغلۇپ بولغانلىقىم ئەمەس، تۇرمۇشتا يەنىلا غالىبلاردىن بولالايمەن».

كېيىن جېك دونبوش ۋەدىسىنى راستىنلا ئەمەلگە ئاشۇردى. ئۇ دەۋىسىنى قانداق قىلىپ ئەمەلگە ئاشۇردى؟ ئەسلىدە ئۇ ئۆزىگە «ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنى دەپ قايغۇرۇپ يۇرسەم بولمايدۇ» دېمەگەن، بەلكى ئۆتۈپ كەتكەن ھەممە نەرسىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ، يېڭى تۇرمۇش يولىنى ئېچىش ئۈچۈن تىرىشقان.

ئۇ ئالدى بىلەن مەغلۇبىيەتكە رازىمەنلىك بىلەن تەن بەرگەن ھەمدە ئۇنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان پاكىت دەپ قارىغان، ئاندىن دەرھال يېڭى پىلان تۈزۈشكە تۇتۇش قىلىپ، ئۆزىنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشىغا ئالاقىدار يېڭى ھەرىكەت لايىھەسىنى تۈزۈپ چىققان. ئۇ پۇل چىقىرىپ، بروئادۋاي كوچىسىدا ئۆزىنىڭ ئىسمى بىلەن نام بېرىلگەن بىر رېستوران ئاچقان ھەمدە بۇ كوچىنىڭ 57 - قورۇسىدىكى مېھمانخانىنى سېتىۋېلىپ، رېستوران بىلەن مېھمانخانىغا ئۆزى دىرېكتور بولغان. ئۇ بىر تەرەپتىن تىجارەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن بوكس مۇسابىقىسىگە داۋاملىق قاتناشقان ياكى بوكس بويىچە ماھارەت كۆرسىتىشنى ئۆيۈشتۇرغان. ئۇ ھەر كۈنى رېستوران ۋە مېھمانخانىنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولغاچقا، ئىلگىرىكى مەغلۇبىيەتتىن قايغۇرۇپ ئولتۇرغۇدەك ۋاقىت چىقىرالمىغان. دونبوش ئاخىرىدا مۇنداق دەيدۇ: «مەن يېقىنقى 10 يىلنى دۇنيا چېمپىيونى بولغان ۋاقتىمدىكىدىنمۇ كۆپبەختلىك ئۆتكۈزدۈم.»

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

دۇنيا تارىخى ۋە مەشھۇر شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالىنى ۋاراقلاپ باقىدىغان ياكى ناچار شارائىتتا تۇرۇۋاتقان بەزى كىشىلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىدىغان بولساق ، ئىنسانلارنىڭ غەم - قايغۇ ۋە ئەندىشىدىن خالىي بولۇپ ، يېڭىباشتىن بەختلىك تۇرمۇش قۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىدىن ھەيران قالىمىز ۋە پەخىرلىنىمىز .

مەن نيۇ - يوركتىكى سىن - سىن تۈرمىسىنى زىيارەت قىلغانىدىم . مەن ئۇ يەردىكى مەھبۇسلارنىڭ سىرتتىكى ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئوخشاشلا ئەركىن ۋە بەخىرامان يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئىنتايىن ھەيران قالدىم . شۇڭا ، سىن - سىن تۈرمىسىنىڭ ئەينى چاغدىكى باشلىقى ئېي .لىئۇئىستىن ئالاھىدە ئەھۋال ئوقۇپ كۆردۈم . ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى ، بۇ جىنايەتچىلەر تۈرمىگە كىرگەن دەسلەپكى مەزگىلدە ئادەتتە ئازابلىنىش ھەمدە كۈچلۈك ئۆچ ئېلىش كەيپىياتىدا بولىدۇ ؛ بىرقانچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەقىل - ھوشى سەل جايىدىراقلىرى ئۆزىنىڭ كۈلپەتلىك تەقدىرىگە پىسەنت قىلماي ، تۈرمىدىن ئىبارەت بۇ يېڭى مۇھىتقا ماسلىشىشقا باشلايدۇ . ئۇلار بۇ يەردىكى بارلىق ئىشلارغا پىسەنت قىلماي يۈرۈۋېرىدىغان بولىدۇ ، بەزىلىرى تېخى ئامال قىلىپ كۆڭۈل ئېچىش كويىدا بولىدۇ . ئېي . لىئۇئىس ئىلگىرى باغۋەنچىلىك قىلغان بىر جىنايەتچىنى ئالاھىدە ئېغىزغا ئېلىپ ئۆتتى ، ئۇ جىنايەتچى تۈرمىنىڭ قورۇسىغا سەي - كۆكتات ۋە گۈل - گىياھ تېرىپتۇ ، ئەمگەك قىلغاندا تېخى خەلق ناخشىلىرىنى دىمىغىدا ئوقۇپ قويىدىكەن . تۈرمىگە گۈل - گىياھ تېرىۋېتىپ دىمىغىدا ناخشا ئېيتىدىغان بۇ مەھبۇسنىڭ نېرۋىسى ئېھتىمال ئارىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭكىدىن ساغلام بولسا كېرەك .

خاتالاشمايدىغان ئادەم يوق . بىخەستەلىك قىلىش ، سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويۇش ھەممە ئادەمدە بولىدۇ . ناپولېئونمۇ ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىشتا سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويۇپ ، چوڭ جەڭلەرنىڭ ئۈچتىن بىرىدە يېڭىلىپ قالغان . بەلكىم بىزنىڭ ئوتتۇرىچە ئىقتىدارىمىز ناپولېئوننىڭكىدىن تۆۋەن بولمىسا كېرەك .

مەيلى نېمىلا دېمەيلى ، ئىشنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنى كەتكەن ، ھەر-قانداق ئادەم ياكى ھەرقانداق كۈچ ئۇنى قايتۇرۇۋالالمايدۇ . غەم-قايغۇنى تۈگىتەي دېسىڭىز ، مۇنۇ ئالتىنچى پرىنسىپنى ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇڭ :

ئۆلگەندىن كېيىن ياسىن ئوقۇماڭ !

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# IV كۆڭۈل ئارامىنى ساقلاش ئۇسۇللىرى

## 1 . ئادەمنىڭ كەيپىياتىغا ھەممىدىن بەك تەسىر كۆرسىتىدىغان نەرسە — ئىدىيە

بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل ئىلگىرى ، مەن تەكلىپكە بىنائەن رادىيو ئىستانسىسىغا بېرىپ «كەيپىياتقا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەڭ چوڭ ئامىل نېمە ؟ » دېگەن سوئالغا جاۋاب بەردىم . مەن بۇ سوئالغا كەيپىياتقا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەڭ چوڭ ئامىل — ئىدىيە دەپ جاۋاب بەردىم . مەن سىزنىڭ نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىڭىزنى بىلەلىسەملا سىزنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى بىلەلەيمەن . ئىدىيەمىز ئوبرازىمىزنى يارىتىدۇ ، تەقدىرىمىزنىمۇ مەلۇم دەرىجىدە بەلگىلەيدۇ ، خۇددى ئېمىرسون ئېيتقاندەك : «ئادەم — ئۇنىڭ كۈندىلىك ئىدىيەسىدۇر » .

شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى ، تۇرمۇشىمىزدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ھەممىدىن مۇھىم مەسىلە — توغرا پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى تاللاش . بىز مەسىلىلەر ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈشنىڭ توغرا ئۇسۇلىنى ئىگىلىۋالساقلا ، نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ كېتەلەيمىز . رىم ئىمپېرىيەسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئۇلۇغ پەيلاسوپ ، ئىمپېراتور ماركوس ئاۋرېل : «ھايات پىكىردىن يارىتىلىدۇ» دەپ ياخشى ئېيتقان . ئەھۋال دەل شۇنداق . ئەگەر سىزنىڭ ئوي - پىكرىڭىز ياخشى بولسا ، ئۆزىڭىزنى كۆڭۈللۈك ھېس قىلىسىز ؛ ئەگەر

ھەسرەت ـ نادامەت چېكىش بىلەنلا ئۆتمەكچى بولىدىكەنسىز ، ئۆزىڭىزنى بىتەلەي ھېس قىلىسىز ؛ ئەگەر ئوقيادىن ئۈركۈگەن قۇشتەك ئالاقزادە يۈرسىڭىز ، تۇگىمەس تەشۋىشكە قالىسىز ؛ ئىدىيە جەھەتتە كېسەللىكنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالماي ، راستتىنلا كېسەل بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلىسىز ؛ ئەگەر مەغلۇپ بولۇشتىن قورقسىڭىز ، دائىم مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايسىز ؛ ئەگەر ئۆزىڭىزنى بىچارە ھېس قىلىدىكەنسىز ، باشقىلارمۇ سىزدىن يىراقلىشىۋالىدۇ...... شۇڭا ، نورمان ۋېنسىنت پېر : «سىز ھەرگىز ئۆزىڭىز ئويلىغاندەك سىز ئەمەس ، بەلكى ئىدىيەڭىزدىكىدەك سىز » دېگەنىدى .

مەن كۆپچىلىكنى قارىغۇلارچە ئۈمىدۋار بولۇشقا ئۈندەۋاتامدىمەن؟ ئۇنداق ئەمەس . تۇرمۇشتىكى ھەرقانداق ئىش كىشىنى خۇشال قىلىۋەرمەيدۇ . مەن سىلەردىن تۇرمۇشتىكى مەسىلىلەرگە پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتماي ئاكتىپ پوزىتسىيە تۇتۇشنى ئۈمىد قىلىمەن . دېمەكچىمەنكى ، قىيىنچىلىققا جىددىي مۇئامىلە قىلىشىڭلار لازىم ، بىراق قىيىنچىلىقنى دەپ پەرىشان بولساڭلار بولمايدۇ . بۇ ئىككى خىل پوزىتسىيەنىڭ پەرقى نەدە ؟ مۇنداق بىر ئوبرازلىق مىسال كەلتۈرەيلى . مەسىلەن ، مەن نيۇ ـ يوركنىڭ قاتنىشى بېسىق كوچىلىرىدىن ئۆتكەندە ئالاھىدە دىققەت قىلىمەن — بۇ قىيىنچىلىققا جىددىي مۇئامىلە قىلغانلىق ، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن توخۇ يۈرەكلىك قىلمايمەن — بۇ ، قىيىنچىلىقنى دەپ پەرىشان بولماسلىق . جىددىي مۇئامىلە قىلىش دېگىنىمىز ، كۆز ئالدىدىكى قىيىنچىلىقنىڭ زادى قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى ئەستايىدىل ئايدىڭلاشتۇرۇپ ، ئاندىن ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن تۈزۈپ چىقىش دېگەنلىكتۇر ؛ قايغۇرۇش كىشىنى قورقۇپ ئالغا باسالمايدىغان ، ھېچقانداق چارە ـ ئامال قىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ ، ئاخىرىدا گالۋاڭلاشتۇرۇپ ، كاللىسىنى ئېلىشتۇرۇپ ساراڭ قىلىۋېتىدۇ .

قىيىنچىلىققا جىددىي قاراشنى بىلىدىغان ، ئەمما قىيىنچىلىقنى دەپ قايغۇرۇپ يۈرمەيدىغان ئادەم رەھىمسىز رېئاللىققا دۇچ كەلگەندە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلالايدۇ .

www.uyghurkitap.com

مەن بۇنداق قىممەتلىك پەزىلەتنى لوۋېل توماستا كۆرگەنىدىم . مەن ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىشنى بىر خىل لەززەت ھېس قىلىمەن . ئۇ ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە نۇرغۇن ئۇرۇش سەپلىرىگە بېرىپ ، جەڭ مەيدانلىرىنى زىيارەت قىلغان . ئۇنىڭ ئەڭ زور تۆھپىسى شۇكى ، ئۇ ت .ئې .لاۋرېنس ۋە ئۇنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق ئەرەب ئارمىيەسى بىلەن ئالۇنبايىنىڭ مۇقەددەس زېمىن پەلەستىننى ئىشغال قىلغانلىقى قاتارلىقلارنى ئەي-نەن ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدىغان نۇرغۇن مول تارىخىي ھۆججەت خاراكتېرلىك ھۆججەتلىك كىنو فىلىملەرنى نەق مەيداندا سۈرەتكە ئالغان . ئۇنىڭ «ئالۇنباي بىلەن بىللە مۇقەددەس جايغا يۈرۈش قى-لىش» ۋە «لاۋرېنس بىلەن بىللە ئەرەبكە يۈرۈش قىلىش» ناملىق ئىككى كىنو فىلىمى لوندون ۋە دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى بىر مەھەل زىلزىلىگە كەلتۇرگەن . ئۇنى ئۆزىنىڭ تەۋەككۇلچىلىك كە-چۈرمىشلىرىنى تېخىمۇ كۆپرەك ئاممىغا سۆزلەپ بېرىش ئىمكانىيىتى-گە ئىگە قىلىش ، ئۇ ئىشلىگەن كىنو فىلىملىرىنىڭ كوۋېنت باغچى-سىدىكى پادىشاھ تىياتىرخانىسىدا قويۇلۇشىغا شارائىت يارىتىپ بې-رىش ئۈچۈن لوندوننىڭ ئوپېرا بايرىمى توپتوغرا ئالتە ھەپتە كېچىك-تۈرۈلگەن . ئۇ لوندوندا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كې-يىن ، نۇرغۇن دۆلەتلەرگە بېرىپ ساياھەت قىلىپ ، ئۇ يەرلەردىمۇ ئوخشاش ئۇنۇمگە ئېرىشكەن . ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە ئىككى يىل ئىچىدە ھىندىستان ۋە پاكىستاننىڭ تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۇرۇلىدىغان نۇرغۇن ھۆججەتلىك فىلىملارنى سۈرەتكە ئالغان . كېيىن ئۇ قارا باسقاندەكلا ئىنتايىن قورقۇنچلۇق بىر پېشكەللىككە ئۇچراپ ، لوندون كوچىلىرىدا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن . مەن دەل مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانىدىم . ئېسىمدە شۇنداق ئېنىق تۇرۇپتۇكى ، شۇ چاغدا بىز تامىقى ئەڭ ئەرزان بىر ئاشخانىغا كىر-دۇق . ئەگەر توماس ئەپەندى شوتلاندىيەلىك مەشھۇر رەسسام جېمىس مېكبېيدىن ئازراق پۇل قەرز ئالمىغان بولسا ، ھەتتا مۇشۇنچىلىك ئاشخانىغىمۇ كىرەلمىگەن بولاتتۇق . ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى .

لوۋىل توماس بۇ چاغدا ئىنتايىن نامرات بولۇپلا قالماي، بەلكى قاتمۇقات قەرزگە بوغۇلۇپ قېلىپ، بىھېساب ئازاب چەككەن ۋە ئۇ-مىدسىزلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن قىيىنچىلىقتا جىددىي مۇئامىلە قىل-غان، قىيىنچىلىقتىن قورقۇپ كەتمىگەن. ئۇنىڭغا شۇ نەرسە ئايان ئىدىكى، ئەگەر ئۇ ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىدىم دەپ ئۆزىنى تاشلىۋەت-سە، باشقىلارنىڭ — جۈملىدىن ئۇنىڭغا چوقۇنغۇچىلارنىڭ نەزىرىدە كەم - كوتىسىز كېرەكسىز ئادەم بولۇپ قالاتتى. شۇڭلاشقا، ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئىشىكتىن چىقىشتىن ئىلگىرى، ئادىتى بويىچە بىر تال يېڭى گۈل سېتىۋېلىپ مەيدىسىگە تاقىۋېلىپ، ئاندىن ئوكسفورد كوچىسىدىن مەردانە قەدەم تاشلاپ ئۆتكەن. ئۇ پائال تۇردە ئالغا ئىنتىلىش روھىنى باشتىن - ئاخىر ساقلاپ، كۆلپەتلىك تەقدىرگە قارشى تىغمۇتىغ كۆرەش قىلغان. ئۇ كۆز ئالدىدىكى بەختسىزلىكنى ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىدىكى كىچىككىنە قىستۇرما دەپ قارىغان. ئۆزى-نى ئۇلۇغ شەخس قىلىپ چىقىش ئۈچۈن، ئۇ مۇشۇنداق پايدىلىق چېنىقىشنى بېشىدىن كەچۈرۈشى شەرت ئىدى.

روھىي ھالىتىمىز ھەتتا جىسمانىي كۈچىمىزگىمۇ ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭغا ئەنگلىيەلىك روھىي كېسەللىكلەر دوخ-تۇرى ي.ئا.ھادفېلدنىڭ «پسىخولوگىيەلىك كۈچ» دېگەن مەشھۇر كىتابىدىن كىشىنى قايىل قىلارلىق ئىسپات تاپقىلى بولىدۇ. ئۇ كىتابىدا مۇنداق دەپ يازغان: «مەن پسىخولوگىيەلىك تەسىرنىڭ جىسمانىي كۈچكە كۆرسىتىدىغان تەسىرى توغرىسىدا ئۈچ ئادەم ئۈس-تىدە تەجرىبە ئىشلىدىم، تەجرىبىدە دىنامومېتىردىن پايدىلاندىم». بۇ خىل دىنامومېتىر سىناق قىلىنغۇچىنىڭ ئۈچ خىل ئەھۋال ئاستى-دىكى جىسمانىي كۈچىنى ئۆلچەشتە قوللىنىلىدىكەن.

بۇ ئۈچ ئادەم ئادەتتە سەگەك ھالەتتە سىناقنى قوبۇل قىلغان چاغدا، ئۇلارنىڭ جىسمانىي كۈچى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 101 قاداق بولغان؛ كېيىن ھادفېلد ئۇلارغا روھىي جەھەتتىن تەسىر كۆرسى-تىپ، ئۇلارنىڭ تېنىم ئاجىز، ماغدۇرۇم يوق دېگەن ئويغا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ئاندىن ئۇلارنىڭ جىسمانىي كۈچىنى يەنە بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قېتىم ئۆلچەپ كۆرگەن، بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ جىسمانىي كۈچى ئاران 29 قاداق كەلگەن (نورمال جىسمانىي كۈچىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ئازىيىپ كەتكەن). سىناق قىلىنغۇچىلار ئىچىدە بىر كەسپىي بوكسيورچى بولۇپ، ئۇ تېنىم ئاجىزلىشىپ، ماغدۇرسىزلىنىپ كەتتىم دېگەن ئويغا كەلگەندىن كېيىن، بىلەكلىرىنىڭ ئورۇقلاپ، «باللارنىڭ بىلىكىدەك كىچىكلەپ» كەتكەنلىكىنى ھېس قىلغان.

دوكتور ھادفېلد ئۇلار ئۇستىدە ئۈچىنچى قېتىم تەجرىبە ئىشلىگەندە، ئۇلارنى ئۆزىگە ئىشىنىشكە يېتەكلەپ، ئۇلارنى كۈچيۈم تەڭداشسىز دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرگەن. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ جىسمانىي كۈچى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 142 قاداققا يەتكەن. دېمەك، ئۇلارنىڭ كەيپىياتى ئۇستۈن، روھى كۆتۈرەڭگۈ بولسىلا، جىسمانىي كۈچى تۆت ھەسسە ئاشقان.

ئىدىيەۋى ھالىتىمىزنىڭ ھەقىقەتەن ئاشۇنداق سىرلىق قۇدرىتى بار!

ئىدىيەمىزنىڭ غايەت زور كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ جانلىق چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، كۆپچىلىككە ئامېرىكا تارىخىدا كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىغان بىر ئىش ھەققىدە سۆزلەپ بېرەي. بۇ تارىخىي پاكىت توغرىسىدا بىرەر پارچە كىتاب يېزىشىم مۇمكىن! بىراق، بۇ يەردە يەنىلا ئىخچاملاپ بايان قىلىپ ئۆتكىنىم تۈزۈك.

جەنۇبىي ئامېرىكا بىلەن شىمالىي ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ ئۇزاق ئۆتمىگەن ئۆكتەبىرنىڭ بىر سوغۇق كېچىسى، ئىگە - چاقىسىز بىر سەرگەردان ئايال ماسساچوسېتس ئىشتاتىنىڭ ئاموسبېر بازىرىدا ئولتۇرۇشلۇق ۋېيىبىست خانىمنىڭ ئىشىكىنى چەككەن. ۋېيىبېت خانىم — مەرھۇم شاڭۋېينىڭ رەپىقىسى ئىشىكنى ئېچىپ قارىسا، جۇدەپ قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ قالغان بىر ئايال ئىكەن. گلوۋېر ئىسىملىك بۇ ناتونۇش ئايال ئۆزىنىڭ قونغۇدەك بىر جاي ئىزدەيدىغانلىقىنى ئېيتقان — بۇ ئۇنىڭ ئەينى چاغدىكى جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ زور قىيىنچىلىقى ئىدى.

«بىزنىڭ ئۆيدە قونۇپ قېلىڭ ، — ۋېيبىست خانىم ، — بەربىر مەن بۇ چوڭ ئۆيدە يالغۇز يېتىپ . قوپسامۇ بەك زېرىكىپ قالىدىكەنمەن » .

ئەگەر ۋېيبىست خانىمنىڭ كۆيئوغلى بېئېر ئېللىس نيۇ - يوركتىن ئارام ئېلىشقا كېلىپ ، گلوۋېر خانىمنىڭ بۇ ئۆيدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالمىغان بولسا ، ئۇ بۇ يەردە تۇرۇۋەرگەن بولاتتى . بېئېر ئېللىس تەكەللۇپسىزلا ۋارقىراپ : «بۇ ئۆيدە سەرگەردان ئايالنىڭ تۇرۇشىنى خالىمايمەن ! » دېگەن ھەمدە بۇ ماكانسىز ئايالنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتكەن . بۇ چاغدا سىرتتا شارقىراپ يامغۇر يېغىۋاتقانىكەن . بۇ بىچارە ئايال كوچىدا بىردەم دۇگدەرەپ تۇرغاندىن كېيىن ، ئېغىر قەدىمىنى سۆرەپ يېقىن پاناھ جاي ئىزدەپ كېتىپ قالغان .

ئەمما ، كېيىن تارىختا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر ئىش يۈز بەرگەن : ئەينى يىللىرى بېئېر ئېللېس ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتكەن بۇ «سەرگەردان ئايال» بىردىنلا پۈتۈن دۇنياغا تونۇلغان مۇھىم شەخسكە ئايلىنىپ قالغان . ھەرقانداق ئايال ئىنسانلارنىڭ ئىدىيەسىگە ئۇنىڭدەك زور تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ . كېيىن ئۇ ئىسمىنى مارىيە بېككېر ئېددي دەپ ئۆزگەرتىپ ، خىرىستىيان دىنىدىكى ئىلىم تەرەپدارلىرىغا ئاساس سالغۇچىغا ئايلانغان ، ئۇنىڭ سادىق ئەگەشكۈچىلىرى نەچچە مىليونغا يەتكەن .

ھالبۇكى ، ئەينى چاغلاردا ئۇ كېسەللىك ئازابىنى يەتكۈچە تارتقانىكەن ، بەختسىزلىككە ئۇچرىغان ۋە جىق كۈلپەت تارتقانىكەن . تۇنجى ئېرى ئۇلار توي قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆلۈپ كەتكەن . كېيىنكى ئېرى ئۇنىڭ بىلەن بىرتەرەپ بولماي تۇرۇپلا ، ئېرى بار بىر ئايال بىلەن قېچىپ كەتكەن ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، كېيىن ئۇ ئادەم يېتىم- يېسىرلار ساناتورىيەسىدە ئۆلۈپ كەتكەن . ئېددي خانىمنىڭ بىرلا ئوغلى بار ئىكەن . لېكىن نامراتچىلىق ۋە كېسەللىك ، شۇنداقلا ئۆزىنى تاشلاپ كەتكەن ئېرىگە بولغان غەزىپى تۈپەيلى ، ئۇ تۆت ياشقا كىرگەن بالىسىنى باشقىلارغا بېرىۋەتكەن . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوغلىنىڭ دىدارىنى كۆرەلمىگەن، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئانا ـ بالا ئىككىيلەن 35 يىلدىن كېيىن ئۇچرىشىپتىمىش.

ئېددىي خانىم ئاجىز، كېسەلمەن بولغاچقا، ئۆزى «روھىي ئېتىقاد ئارقىلىق داۋالاش ئۇسۇلى» دەپ ئاتىۋالغان داۋالاش ئۇسۇلىغا كۆپ يىللاردىن بۇيان قىزىقىپ كەلگەن. ئۇ ماساچۇسېتس ئىشتاتىنىڭ رون شەھىرىگە كەلگەندىن كېيىن تۇرمۇشىدا توساتتىن كومېدىيە خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش بولغان. قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇق بىر كۈنى، ئۇ شەھەرنىڭ مۇزلاپ كەتكەن كوچىسىدا تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشۈپ ھوشىدىن كەتكەن، ھوشىغا كەلگەندە دۈمبىسىنىڭ قاتتىق ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزگەن، ئەسلىدە ئۇنىڭ ئومۇرتقا تۇۋرۇكى ئېغىر زەخىملەنگەنىكەن. دوختۇرلار ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىدا شەك يوقلۇقى، مۇبادا مۆجىزە كەبى ھايات قالدى دېگەندىمۇ يول ماڭالمايدىغانلىقىنى ئېيتقان.

مارىيە بېككېر ئېددىي كېسەل كارىۋىتىدا يېتىپ، تەۋراتنى ئېچىپ، «ماركوس ئىنجىلى» دىن ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پالەچنى داۋالىغانلىقى توغرىسىدىكى بىر ئابزاس سۆزنى ئوقۇغان: ئەيسا ئەلەيھىسسالام كۆلدىن كېمىگە ئولتۇرۇپ ئۆتۈپ يۇرتىغا قايتىپ كەلدى. شۇ ئەسنادا، كىشىلەر پالەچ بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان بىر بىمارنى ئۇنىڭ ئالدىغا كۆتۈرۈپ كېلىشتى، ئەيسا ئەلەيھىسسالام بىمارغا قاراپ: «بالام، خاتىرجەم بول، گۇناھىڭ ساقىت قىلىندى. ئورنۇڭدىن دەس تۇرۇپ، كارىۋىتىڭنى ئېلىپ ئۆيۈڭگە قايت!» دېدى. بۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيىگە قايتىپ كەتتى......

ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزى ئۇنىڭغا چەكسىز كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلغان، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن غايەت زور ئىچكى داۋالاش كۈچى دەرھال ئۇرغۇپ چىققان. ئۇ «توساتتىن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ماڭالايدىغان بولغان».

«خۇشاللىنارلىق بۇ سەرگۈزەشتىدىن شۇنى بىلىپ يەتتىمكى، مەن بىر خىل يېڭى ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ ئۆزۈمنىڭ، ھەتتا باشقى-

لارنىڭ كېسىلىنى داۋالىيالايمەن . بۇ ئۇسۇلنىڭ ئىلمىيلىكى شۇ يەردىكى : بارلىق بىمار روھىي ئامىل بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ، داۋالاشنىڭ ئۈنۈمىمۇ خېلى زور مەنىدىن ئېيتقاندا مەنىۋى كۈچكە باغلىق بولىدۇ » .

شۇنىڭ بىلەن مارىيە بېككېر ئېددې بىر يېڭى دىنىي ئېقىم — ئېتىقاد ئارقىلىق داۋالاشنى تەشەببۇس قىلىدىغان خىرىستىيان دىنى ئىلىم تەرەپدارى ئېقىمىنى بەرپا قىلغان . ئۇ تەشەببۇس قىلغان ھەمدە ئۇنى ئەڭ ئالىي دىنىي داھىي قىلغان بۇ ئېقىمنىڭ مۇرىتلىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بار .

سىلەر ئېھتىمال : «قارا سېنى ، ئەسلىدە سەن خىرىستىيان دىنى ئىلىم تەرەپدارلىرى ئېقىمىنى تەشۋىق قىلىۋېتىپسەن دېگىنە ! » دەپ قېلىشىڭلارمۇ مۇمكىن . ياق ، مەن بۇنداق قىلىۋاتقىنىم يوق ، مەن بۇ ئېقىمنىڭ ئەزاسىمۇ ئەمەس . لېكىن ، يېشىمنىڭ چوڭىيىشى ، سەرگۈزەشتىلىرىمنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ، ئىدىيەنىڭ غايەت زور كۈچ - قۇدرىتىگە بارغانسېرى قەتئىي ئىشىنىدىغان بولۇپ قالدىم . چوڭلار مائارىپى بىلەن شۇغۇللانغان 35 يىل داۋامىدا توپلىغان تەجرىبەمدىن شۇنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىمكى ، ۋەھىمە ، غەم - ئەندىشە ۋە تۈرلۈك كېسەللىكلەردىن خالىي بولماقچى بولىدىكەنمىز ، ئۆزىمىزدە بىر خىل يېڭى ئىدىيە يېتىشتۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ . مەن كىشىلەردە بولغان ئاجايىپ ئۆزگىرىشلەرنى نەچچە يۈز قېتىملاپ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن . بۇنداق ئىشلارغا ئادەتلىنىپ قالغانلىقىمدىن ، بۇنداق ئۆزگىرىشلەرگە ۋاي دەپ كەتمەيدىغان بولۇپ قالدىم .

ئىدىيەۋى كۈچنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ھاسىل بولغان ، ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمىگۈدەك بۇنداق غايەت زور ئۆزگىرىشنى بىر ئوقۇغۇچۇمنىڭ ئەمەلىيىتى ئارقىلىقمۇ ئىسپاتلاش مۇمكىن . ئۇ نېرۋا كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانىدى . تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان ئۆز - ئۆزىدىن ھەسرەتلىنىش ئۇنىڭ كېسەللىك سەۋەبى ئىدى . «ھەرقانداق ئىش كۆڭلۈمگە ياقمايدۇ ، — دەيتتى ئۇ ماڭا دەرد تۆكۈپ ، — چېچىم چۈشۈپ كەتسە قانداق قىلارمەن دەپ ئەنسىرەيتتىم ؛ توي قىلىشقا

يېتەرلىك پۇل تاپالماسلىقىمدىن قورقاتتىم؛ ئۆزۈمنى ياخشى دادا بولالماسمەنمىكىن دەپ قارايتتىم؛ ياخشى كۆرگەن قىزىمدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقاتتىم؛ تۇرمۇش مىزانىم دېگۈدەك ئالىيجاناب ئەمەسمىكىن دەيتتىم؛ كىشىلەردە ياخشى تەسىرات قالدۇرالماسلىقىمدىن ئەنسىرەيتتىم؛ ئاشقازان يارىسىغا گىرىپتار بولۇپ قالدىمىكىن دەپ قاتتىق بىئارام بولاتتىم...... خىزمەت ئىقتىدارىمدىن قالدىم، خىزمەت ئورنۇمدىن ۋاز كەچتىم. كەيپىياتىم بارغانسېرى جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى، ئاخىر بېرىپ خۇددى بىخەتەر كىلاپانى يوق پار قازىنىغا ئوخشاپ قالدىم: بېسىم ئاشقانسېرى، مەلۇم جايدىن چوقۇم چاتاق چىقاتتى، دېگەندەك چاتاق چىقتى. ئەس - ھوشىڭىز جايىدا بولسا دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ، ئاللادىن سىزگە بۇنداق بالايىئاپەتنى بەرمەسلىكىنى تىلەڭ: چۈنكى، ھەرقانداق جىسمانىي ئازابمۇ قورقۇنچلۇق روھىي ئازابتەك چىدىغۇسىز بولمايدىكەن.

روھىي كېسەللىم شۇنداق ئېغىرلىشىپ كەتتىكى، ئۆيدىكىلەر بىلەن بىرەر ئېغىز گەپ - سۆزمۇ قىلىشالمايدىغان ھالغا قالغانىدىم. ئوي - پىكرىمنى پەقەت تىزگىنلىيەلمەيتتىم. كۈنبويى دەككە - دۈككىدە يۈرەتتىم، سەل - پەل شەپە بولسىلا ھودۇقۇپ كېتەتتىم. ئادەمدىن قورقاتتىم. ھېچ گەپتىن - ھېچ گەپ يوقلا بېشىمنى ئىچىمگە تىقىپ قاتتىق يىغلاپ كېتەتتىم. ھەربىر كۈننى ئۆتكۈزۈش ماڭا بىر خىل ئازاب تۇيۇلاتتى. ھەممە ئادەم، جۈملىدىن تەڭرىمۇ مېنى تاشلىۋەتكەندەك ئىدى. بۇلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، يېقىن ئەتراپتىكى دەرياغا ئۆزۈمنى تاشلاپ ئۆلۈۋالماقچىمۇ بولغانىدىم.

تەلىيىمگە فلورىداغا بېرىپ ساياھەت قىلىپ كېلىشنى نىيەت قىلدىم. مۇھىتتىكى ئۆزگىرىشنىڭ روھىي كېسەللىمگە شىپا بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. مەن پويىزغا چىققاندىن كېيىن دادام ماڭا بىر پارچە خەت بېرىپ، فلورىداغا بارغاندىن كېيىن ئېچىپ ئوقۇشۇمنى ئېيتتى. بۇ فلورىدادا ساياھەت قىزىپ كېتىدىغان مەزگىل ئىدى. مەن ئۇ يەرگە بېرىپ مېھمانخانىدىن ياتاق تاپالماي، ئىلاجسىزلىقتىن بىر ئېغىز ماشىنا ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ، ئەپلەپ - سەپلەپ بىر

كېچىنى ئۆتكۈزۈۋالدىم . مەن مىسىرنىڭ شەھىرىدە يۈك پاراخوتلىرىدىن بىرەر خىزمەت تېپىشنى ئويلىغانىدىم ، بىراق ئۇمۇ ئاقمىدى . شۇنىڭ بىلەن نائىلاج كۈنبويى قولۇقتا يېتىپ كۈنۈمنى بىكار ئۆتكۈزدۈم . مەن فلورىدادا ئۆتۈۋاتقان كۈنۈمنىڭ ئائىلەمدىكىدىنمۇ تەس بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم . بۇ چاغدا دادام بەرگەن ھېلىقى خەتنى ئاچتىم . خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى : 《 سۆيۈملۈك ئوغلۇم ، سەن ھازىر ئائىلىمىزدىن 1500 ئىنگلىز لىسى يىراقلىقتا تۇرۇۋاتىسەن . بىراق ، ھېس - تۇيغۇڭدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدىغۇ دەيمەن ، شۇنداقمۇ ؟ بۇنى مەن تامامەن ئالدىن مۆلچەرلىگەنىدىم . چۈنكى ، سەن ھەسرەت - نادامەتلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى — جۈملىدىن كېسىلىڭنى ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ تاپقان . سەن بەدىنىمدە كېسىلىم بار دېگەندىن كۆرە ، ئىدىيەمدە كېسىلىم بار دېگىنىڭ تۈزۈك . ماڭا كۈنبويى ئارام بەرمەي بىئارام قىلىۋاتقان نەرسە سەن تۇرۇۋاتقان مۇھىت ئەمەس ، بەلكى سېنىڭ مۇھىتقا مۇئامىلە قىلىش ئۇسۇلۇڭنىڭ توغرا بولماسلىقى . مەسىلىلەر ئۇستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزەلەيدىغان ئادەمنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدۇ دېگەن تەمسىل ياخشى ئېيتىلغان . بۇ سۆزنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەنگەن ھامان قايتىپ كەل ئوغلۇم ! كېسىلىڭمۇ چوقۇم ساقىيىپ كېتىدۇ 》 .

دادامنىڭ بۇ خېتى تېخىمۇ زىتىمغا تەگدى . مەن ھازىر ۋەز - نەسىھەتكە ئەمەس ، تەسەللىگە موھتاج ! مەن ئۆمۈر بويى ئۆيگە قايتماسلىققا بەل باغلىدىم . شۇ كۈنى ئاخشىمى مىئامىنىڭ كوچىلىرىنى تەنھا ئايلاندىم . بىر چېركاۋنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسام ، چېركاۋدا ئىبادەت بولۇۋېتىپتۇ . ئىشىم بولمىغاندىكىن ، مەنمۇ باشقىلارغا ئەگىشىپ كىرىپ ئاڭلىدىم . 《 روھ ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلار شەھەر ئالغانلاردىنمۇ كۈچلۈك 》 دېگەن ۋەز - نەسىھەتنى ئاڭلاپ ، ئىختىيارسىز چۆچۈپ كەتتىم . بۇ مۇقەددەس چېركاۋدا ئاڭلىغانلىرىم دادامنىڭ خېتىدە يېزىلغانلىرى بىلەن ئوخشاش تۇرامدۇ ؟ دىلىم بىردىنلا يورۇپ ، كۈچلۈمدىكى بارلىق غەم - ئەندىشە تۇمانلىرى كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە تارقىلىپ كەتكەندەك بولدى .

ئۆمرۈمگە كەلگەندىن بۇيان مەسىلىلەر ئۈستىدە تۇنجى قېتىم ئېنىق، تەمكىن ۋە ئاقىلانە مۇلاھىزە يۈرگۈزدۈم. ئىلگىرى ئۆتۈپ كەتكەن ئەخمەق ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم، ئىلگىرىكى سەرگۈزەشتىلىرىمنى ئەسلەپ ھەقىقەتەن قورقۇپ كەتتىم. ئىلگىرى مەن پۈتكۈل دۇنيانى ھەمدە بۇ دۇنيادىكى بارلىق ئادەملەرنى ئۆزگەرتىشنى ئۈمىد قىلاتتىم، ھالبۇكى، ئەمەلىيەتتە ھەممىدىن بەك ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىكى مەندىن ئىبارەت بۇ فوتو ئاپپاراتىنىڭ كادرى (جىڭتۇسى) يەنى مەندىكى ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە بولغان قاراش ئىكەن.

ئەتىسى ئەتىگەندە يۇك - تاقلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ، قايتىش سەپىرىگە ئاتلاندىم. بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن يەنە ئىشقا چۈشۈپ كەتتىم. تۆت ھەپتىدىن كېيىن، ئىلىگىرى قولۇمدىن كەتكۈزۈپ قويارمەنمىكىن دەپ ئەنسىرىگەن ھېلىقى قىز بىلەن توي قىلىۋالدىم〉. ھازىر بەش بالىغا ئاتا بولۇپ قالدىم. مەيلى ئائىلىدە ياكى سىرتتا بولسۇن، كىشىلەر بىلەن ئىنتايىن ئىناق ئۆتۈۋاتىمەن. ئەس - ھوشۇمنى يوقىتىپ قويغان چاغلىرىمدا، مەن ئاران 18 ئادەم ئىشلەيدىغان بىر كىچىك زاۋۇتتا كېچىلىك ئىسمېنا باشلىقى ئىدىم؛ ئەمدىلىكتە بولسا قەغەز پەنەركە زاۋۇتىنىڭ باش نازارەتچىسىمەن، قول ئاستىمدا 450 ئىشچى ئىشلەيدۇ. تۇرمۇشۇم ئىلگىرىكىدىن كۆڭۈللۈك ۋە باياشات ئۆتمەكتە. ھاياتنىڭ مەنىسىنى ئەمدى ھەقىقىي چۈشەنگەنلىكىمگە ئىشىنىمەن. ئەگەر كۆڭۈلۈمگە ياقمايدىغان بىرەر ئىشقا يولۇقۇپ قالىدىغان بولسام — بۇنداق ئىش ھەرقانداق ئادەمنىڭ ھاياتىدا دائىم بولۇپ تۇرىدۇ — ئۆزۈمگە: 〈كۆزۈڭنى يوغىنىراق ئاچ!〉 دەيمەن - دە، ھەممە مەسىلەم بىر يولىلا ھەل بولۇپ كېتىدۇ.

راست گەپنى قىلسام، نېرۋىسىدىن ئېزىش كېسىلىگە رەھمەت ئېيتىشىم كېرەك. چۈنكى، بۇ رەھىمسىز كېسەل ماڭا ئىدىيەنىڭ روھقا ۋە جىسمانىي جەھەتكە كۆرسىتىدىغان غايەت زور تەسىرىنى تونۇتتى. ھازىر مەن ئىدىيەم ئارقىلىق تەن سالامەتلىكىمگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەي، بەلكى ئۆزۈمگە پايدىلىق ئىش قىلىشنى بىلىپ يەتتىم. دادام يازغان خەتنىڭ تېگى - تەكتىنى چۈشەندىم: مېنىڭ

ئازابىمنى ئوبيېكتىپ مۇھىت كەلتۈرۈپ چىقارماي ، بەلكى ئىدىيەمنىڭ بۇنداق مۇھىتقا ماسلىشالماسلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغانىكەن . بۇ قائىدىنى چۈشەندىم ، كېسىلىممۇ تەبىئىي ھالدا ساقىيىپ كەتتى .»
مانا بۇ مېنىڭ ئىلگىرىكى بىر ئوقۇغۇچۇمنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن تەجرىبىلىرى ھەققىدە ئېيتقانلىرى .

مەن شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىمەنكى ، بىزنىڭ تۇرمۇشتا خاتىرجەملىك ۋە خۇشاللىققا ئېرىشىشىمىز قانداق جايدا ياشىغانلىقىمىز ، قانچىلىك بايلىقىمىز بارلىقى ياكى جەمئىيەتتىكى ئورنىمىزنىڭ قانچىلىك يۇقىرىلىقىغا باغلىق ئەمەس ، بەلكى روھىي ھالىتىمىزگىلا باغلىق . تاشقى مۇھىت ھېچقانچە چوڭ رول ئوينىيالمايدۇ . مىللىي قەھرىمانىمىز جون برووننى ئېلىپ ئېيتساق ، ئۇ ئامېرىكىنىڭ خاپاس كېچىكىگە جايلاشقان دۆلەتلىك تۇرمىنى ئىشغال قىلىۋالغانلىقى ھەمدە قۇللارنى ئىسيان كۆتۈرۈشكە دەۋەت قىلغانلىقى ئۈچۈن دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈش جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانىدى . جاللاتلار ئۇنى مېيىت ساندۇقىنىڭ ئۈستىدە تۇرغۇزۇپ جازا مەيدانىغا يالاپ ئېلىپ ماڭغاندا ، بىر چەتتە ئۇنى پايلاپ ئولتۇرغان پايلاقچى قورققىنىدىن غالغال تىترەپ ، ساراسىمىگە چۈشكەن ، لېكىن قەھرىمانىمىز جون براون ۋىرگىنىيەنىڭ ياپيېشىل تاغ تىزمىلىرىغا قاراپ تۇرۇپ ، چەكسىز چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن : «دۆلىتىمىز نېمىدېگەن گۈزەل - ھە ! لېكىن ، مەن ئىلگىرى ئۇنىڭ مەنزىرىلىرىنى بۈگۈنكىدەك قېنىپ كۆرۈشكە ئەجەبمۇ پۇرسەت چىقىرالماپتىكەنمەنا !» دېگەن .

بىز يەنە روبېرت فوركون سكوت ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى — جەنۇبىي قۇتۇپقا تۇنجى تۇركۇمدە بارغان بۇ ئەنگلىيەلىكلەرنى مىسالغا ئالساقمۇ بولىدۇ . ئۇلارنىڭ قايتىش سەپىرى بەلكىم ئىنسانلارنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئەڭ قورقۇنچلۇق سەپەر بولسا كېرەك . ئۇلارنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى تۈگەپ كېتىپ ، ئىسسىنىدىغان نەرسىلىرىمۇ قالمىغان . توپتوغرا 11 كېچە - كۈندۈز قاتتىق شىۋىرغان چىققان . ئۇلارنىڭ يولى قار - مۇزلار بىلەن توسۇلۇپ قالغان ، سكوت ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى چوقۇم ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇق دېيىشكەن . كۆتۈلمى-

گەن ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلار ئازراق ئەپيۇن ئىلىشقا باشلىغانىكەن، ئەسلىدە بۇ ئەپيۇن بارلىق خادىملارنىڭ شىرىن خىيال سۈرۈپ بۇ دۇنيا بىلەن بەھۇزۇر ۋىدالىشىشىغا يېتىدىكەن. لېكىن، ئۇلار بۇ ناركوزلاش بۇيۇمىنى ئىشلەتمەي، بەلكى «شوخ ناخشا»لارنى ئېيتىپ تۇرۇپ، ئاستا - ئاستا جان ئۈزگەن. بۇ ئەھۋال ئارىدىن سەككىز ئاي ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ جەسىتىنى ئىزدىگەن بىر چارلاش ئەترىتى ئۇلارنىڭ توڭلاپ قالغان جەسىتىدىن تاپقان بىر پارچە ۋىدالىشىش خېتىدىن مەلۇم بولغان.

شۇنداق، ئەگەر بىزدە قەيسەر ئىرادە بولسا ھەمدە سالماق بولۇپ ئۆزىمىزنى بېسىۋالالىساق، مەھبۇس تۇشۇيدىغان ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ جازا مەيدانىغا بارساقمۇ تەبىئەتنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرىدىن ئوخشاشلا لەززەت ئالالايمىز؛ سوغۇق، ئاچلىق تۈپەيلىدىن ھازىرلا ئۆلۈپ قېلىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالساقمۇ «شوخ ناخشا» ئېيتىپ، چېدىرنى بېشىمىزغا كىيىمىز. بۇنىڭدىن 300 يىل ئىلگىرى، مىلتون ئىككى كۆزى كور بولۇپ قالغاندىمۇ ئاشۇنىڭغا ئوخشاش ھەقىقەتنى تاپقان: ئادەمنىڭ روھىي ھالىتى دوزاخنى جەننەتكە ئايلاندۇرالايدۇ، ياكى ئۇنىڭ ئەكسىچە جەننەتنى دوزاخقا ئايلاندۇرالايدۇ.

ناپولېئون بىلەن خېلىن كەلىيور مىلتوننىڭ نۇقتىئىنەزىرىگە كىشىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە روشەن سېلىشتۇرما بولالايدۇ. ناپولېئون ئومۇمەن كىشىلەر ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدىغان نام - شۆھرەت، ھوقۇق، بايلىق...... دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىگە بولغان ئادەم، لېكىن ئۇ مۇقەددەس ھېلېنا ئارىلىدا ئىلگىرىكى ئىشلارنى ئەسلىگىنىدە: «ھاياتىمدا بىر ھەپتە بولسىمۇ خۇشال - خۇرام ياشاپ باققان ئادەم ئەمەسمەن» دېگەن. ھالبۇكى، گاس ۋە ئەما خېلون كەيلور: «مەن تۇرمۇشۇمنى ھەقىقەتەن لەززەتلىك ھېس قىلىمەن» دېگەن.

ناۋادا، تۇرمۇش مەندەك يېشى 50 تىن ھالقىغان ئادەمگە بىرەر تەربىيە بەردى دېيىلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا، مەن ئالغان تەربىيە شۇكى: كۆڭۈلنىڭ خاتىرجەملىكى پۈتۈنلەي ئۆزىمىزگە باغلىق.

مەن بۇ يەردە ئېمىرسوننىڭ «ئۆزىگە ئىشىنىش توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىنىڭ ئاخىرقى سۆزىدە ئېيتىلغان بىر ئابزاس چىرايلىق سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتمەكچىمەن: «سىياسىي جەھەتتىكى غەلىبە، بايلىقنىڭ كۆپىيىشى، كېسەللىكنىڭ ساقىيىشى، ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-ئاغىنىلەرنىڭ جەم بولۇشى قاتارلىق ھەممە سىرتقى ئەھۋاللار كەيپىياتىڭىزنى ياخشىلىشى، سىزگە ياخشى كۈنلەر ئالدىمدا ئىكەن دېگەن تۇيغۇنى بېرىشى مۇمكىن. بىراق، سىز خاتالاشتىڭىز. ئەمەلىيەت كۆپ ھاللاردا بۇنداق بولمايدۇ. كۆڭلىڭىزنىڭ خاتىرجەم بولۇشى ئۆزىڭىزگىلا باغلىق».

ستوكوي ئېقىمىدىكى مەشھۇر پەيلاسوپ ئېپىكتېتوس كىشىلەرنى بولمىغۇر خىياللارنى ئىدىيەسىدىن چىقىرىۋېتىشكە تېخىمۇ كۆپ ئەھمىيەت بېرىش توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇپ كېلىپ، بۇ «ئۇلارنىڭ بەدىنىدىكى يارىسى ۋە يىرىڭلىق جاراھىتى»نى داۋالاشتىنمۇ مۇھىم دېگەنىدى.

ئېپىكتېتوسنىڭ بۇنىڭدىن 2000 يىل ئىلگىرى ئېيتقان بۇ سۆزىنىڭ ئىلمىيلىكى بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ھازىرقى زامان تېببىي پېنى تەرىپىدىن ئىسپاتلاندى. گ.كانىبېر روبىنسون مۇنداق دەيدۇ: جونس ھوپكىنس دوختۇرخانىسىغا قوبۇل قىلىنغان بىمارلاردىن بەشتىن تۆت قىسىم ئادەمنىڭ روھىي جەھەتتىكى يۈكى زىيادە ئېشىپ كەتكەن. بۇ ئورگان خاراكتېرلىك كېسەللىك ئۆزگىرىشى بولغان ئاغرىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب، — دەيدۇ دوكتور روبىنسون، — ئۇلار تۇرمۇشقا ماسلىشىشنى بىلمەيدۇ، مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشنى بىلمەيدۇ».

فىرانسىيەلىك ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر مونتاينې: «كىشىلەرنىڭ بالايىئاپەتكە ئۇچرىشى ئاساسەن يۈز بەرگەن ۋەقەگە تاقابىل تۇرۇشنى بىلمىگەنلىكىدىندۇر» دېگەن سۆزنى ئۆز تۇرمۇشىغا ئەگكۈشتەر قىلىۋالغان.

سىلەر بەلكىم مۇنۇ ئىشقا تولىمۇ ئېتىبارسىز قارىساڭلار كېرەك. سىلەرنى تازا غەم بېسىپ، قاتتىق قايغۇ دەستىدىن يۈرىكىڭلار

پارە - پارە بولۇۋاتقان چاغدا ، نېرۋاڭلار ئىنتايىن جىددىيلىشىپ تۇرغان پەيتتە ، مەن سىلەردىن غەيرىتىڭلارنى ئاشۇرۇشۇڭلارنى ، روھىي ھالىتىڭلارنى ئۆزگەرتىشىڭلارنى تەلەپ قىلسام ، سىلەرگە بەك ئەدەپسىزلىك قىلغان بولماسمەن؟ مەن ئۇنداق بولماس دەپ ئويلايمەن . مەن سىلەرگە تەلەپ قويۇپلا قالماي ، كونكرېت ئۇسۇلىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىمەن . ئەمەلىيەتتە ، بۇمۇ سىلەرنىڭ ھېچقانچە كۆپ ۋاقتىڭلارنى ئالمايدۇ ، چۈنكى بۇ ئۇسۇل ئىنتايىن ئاددىي .

ئەمەلىي پىسخولوگىيەنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى ۋىلىيام جېمىس مۇنداق چۈشەنچىدە بولغان : «ھەرىكەت تۇيغۇدىن كېيىن بارلىققا كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ ، ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇلار ۋاقىت جەھەتتە ئوخشاشلىققا ئىگە ؛ ئىرادىنىڭ بىۋاستە كونتروللۇقىدا بولمىغان تۇيغۇنى تەڭشەش مەقسىتىگە بىرلا ۋاقىتتا ۋاستىلىك ھالدا يەتكىلى بولىدۇ» .

دېمەك ، ۋىلىيام جېمىس بىزگە شۇنى دېمەكچىكى ، گەرچە بىز تۇيغۇمىزنى دەرھال ئۆزگەرتەلمىسەكمۇ ، لېكىن ھەرىكىتىمىزنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا دەرھال بىر قارارغا كېلەلەيمىز . ھەرىكىتىمىز ئۆزگەرگەن ھامان ، تۇيغۇمىزمۇ تەبىئىي ھالدا ھەرىكىتىمىزگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ .

ۋىلىيام جېمىس چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ : «ئەگەر بىز خۇشاللىقتىن مەھرۇم قالغان بولساق ، ئۇنىڭغا قايتا ئېرىشىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى خۇشال ھەرىكەت قوللىنىپ ، ھەربىر ئېغىز سۆز ، ھەربىر ھەرىكىتىمىزدە خۇشاللىققا قايتا ئېرىشكەندەك قىياپىتىمىزنى ئىپادىلەشتىن ئىبارەت» .

بۇ ئۇسۇل كارغا كېلەرمۇ؟ ئۇ خۇددى ھۆسن تۈزەش ئوپېراتسىيەسىگە ئوخشاش دەرھال ئۈنۈم بېرىدۇ! ئىشەنمىسىڭىز دەرھال سىناپ بېقىڭ . كۈلۈپ تۇرۇڭ — بىرنەرسىنى چۈشەنگەندەك كۈلۈمسىرەپ تۇرۇڭ ؛ ئارقىڭىزغا ئادىيىپ تۇرۇپ چوڭقۇر نەپەس ئېلىڭ؟ كۆڭلىڭىزنى كۆتۈرگۈدەك ناخشىدىن بىرنى ئېيتىپ (ئەگەر ناخشا ئېيتالمىسىڭىز ئىسقىرتسىڭىزمۇ ، دىمىغىڭىزدا ئېيتسىڭىزمۇ بولىدۇ) . شۇنداق قىلسىڭىز ۋىلىيام جېمىسنىڭ يۇقىرىدىكى سۆزىنىڭ

كونكرېت مەنىسىنى هايال يوق هېس قىلالايسىز . سىز روھلۇق ، خۇشال قىياپەتتە تۇرغىنىڭىزدا ، جىسمىڭىز ھەرقانداق قىلىپمۇ پەرى-شان ، غەمكىن ھالەتتە تۇرالمايدۇ .

بۇ تەبىئەت دۇنياسىدىكى بىر ئاساسىي قائىدە ، ئۇ ھاياتىمىزدا خاسىيەتلىك رول ئوينايدۇ . مەن كالىفورنىيەلىك بىر ئايال بىلەن تونۇشىمەن (ئۇنىڭ ئىسمىنى يوشۇرغانلىقىمنى كەچۈرۈڭ) ، ئەگەر ئۇ بۇ مەخپىي رېتسېپنى بىلىپ قالىدىغان بولسا ، بارلىق دەرد - ئەلەملىرىدىن 24 سائەت ئىچىدە پاك - پاكىز ئادا - جۇدا بولىدۇ . ئۇ ياشىنىپ قالغاندا ئېرىدىن تۇل قالغان — بۇمۇ كىشىنى ھەسرەتكە سالىدىغان ئىش ، ئەلۋەتتە . لېكىن ، ئۇ ئۆزىنى خۇشال تۇتۇشنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باققانمۇ ؟ ھەرگىز ئۇنداق قىلمىغان . ئەگەر بىراۋ ئۇنىڭدىن ھال - كۇنىڭىز قانداقراق دەپ سورىسا ، ئۇ بەلكىم : «ھە ، قەدىر ئەھۋال» دېيىشى مۇمكىن . ھالبۇكى ، ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسى ۋە يىغلامسىرىغان ئاۋازىدىن : «ئاھ خۇدا ، قانچىلىك ئازاب چېكىۋاتى-قانلىقىمنى بىلسەڭ ئىدىڭ !» دېگەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ ، كىمكى ئۇنىڭ ئالدىدا ئاز - تولا خۇشاللىقىنى ئىپادىلەپ قويىدىغان بولسا ، چوقۇم ئۇنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدۇ . ئەمەلىيەتتە مىڭلىغان ، تۇمەن-لىگەن ئاياللارنىڭ ھال - كۇنى ئۇنىڭدىن كۆپ ناچار . ئۇنىڭ ئېرى ئۇنىڭغا بىر ئۆلۈش خەۋپسىزلەندۈرۈش پۇلى قالدۇرۇپ كەتكەن ، بۇ پۇل ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ ، باللىرىمۇ ئۇنىڭغا بىر يۇرۇش تۇرار جاي جابدۇپ بەردى . ھالبۇكى ، ئۇنىڭ خۇشال يۈرگەنلىكىنى كەمدىن -كەم كۆرىمەن . ئۇ ئۇچ كۇيئوغلىدىن بەك بېخىل ، شەخسىيەتچى دەپ ئاغرىنىدۇ — ئەمەلىيەتتە داۋاملىق ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ مېھمان بولۇپ تۇرىدۇ ، ھەر قېتىم بارغاندا بىرقانچە ئاي تۇرۇپ كېلىدۇ ؛ ئۆزىنىڭ قىزلىرىدىنمۇ ، ماڭا سوۋغا بەرمىدى دەپ ئاغرىنىدۇ — گەرچە ئۆزى بىر تىيىن خەجلەشكە چىدىمىسىمۇ . ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇ پۇل يىغىپ ، «ئاخىرقى ئۆمرى-نى ئوبدان ئۆتكۈزمەكچى» ئىكەن . ئۇ بۇ ئېچىنىشلىق ئائىلىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ بەختىگە ئولتۇردى . ئۇ قانداق بولۇپ بۇنداق ئېچىنىشلىق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاقىۋەتكە قالدى؟ بۇنداق تىراگېدىيەنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى تۈپ سەۋەب شۇكى، ئۇ ئۆزىنى ئۆزگەرتىشنى خالىمايدۇ. ئۇ ئېچىنىشلىق دەرد - ئەلەم تارتىپ، جاھاندىن جاق تويغان تۇرمۇشتىن تامامەن قۇتۇلۇپ، پۈتۈن ئائىلىنىڭ ئەڭ ئىززەتلىك ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بىر ئەزاسى بولالايتتى. بۇنداق ئۆزگىرىش ياساش ئۇچۇن، ئۇ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، خۇشال قىياپەتكە كىرىۋالسىلا كۇپايە قىلاتتى. ئۆزىنىڭ بىتەلەيلىكى ۋە دەرد - ئەلەملىك تۇيغۇسىنى ئەۋلادلىرىغا ئارتىپ قويماي، بەلكى بالا - چاقىلىرىغا ئىنتايىن ئامراق قىياپەتكە كىرىۋالسىلا بولاتتى.

مەن ھىندىيانا ئىشتاتىدا خ.ي.ئېنلېرت ئىسىملىك بىر ئادەم بىلەن تونۇشقانىدىم. ئۇ تۇرمۇشنىڭ سىرىنى بىلىۋالغاچقا ھازىرغىچە ھايات ياشاۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن 20 نەچچە يىل ئىلگىرى ئۇ ئىسكارلاتىنا كېسىلىگە گىرىپتار بولغان. كېسىلى تەدرىجىي ياخشىلىنىپ تۇرۇشىغا يەنە بۆرەك ياللۇغىغا گىرىپتار بولغانلىقى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان. ئۇ ھەر خىل دوختۇرلارغا ھەتتا ئەل كېزەر تېۋىپلارغا كۆرۈنگەن. ھېچقانداق ئادەم ئۇنىڭ كېسىلىگە قىلچە ئامال قىلالمىغان. كېيىنچە ئۇ يەنە بەزى ئەگەشمە كېسەللىكلەرگىمۇ گىرىپتار بولغان. ئۇنىڭ قان بېسىمى ئىنتايىن ئۆرلەپ كەتكەن. دوختۇرلار ئۇنىڭغا قان بېسىمىنىڭ ئۆرلەپ ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەھۋالىنىڭ داۋاملىق يامانلىشىۋاتقانلىقىنى، ئاخىرەتلىك ئىشلىرى ئۈستىدە ئويلىنىپ قويۇشىنى ئېيتقان.

«ئۆيۈمگە قايتىپ كېلىپ خەۋپسىزلەندۇرۇش پۇلى تاپشۇرغانلىق ئەھۋالىمنى سۈرۈشتە قىلدىم، — دەيدۇ ئېنلېرت، — دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ، تەڭرىدىن ھاياتىمدىكى گۇناھلىرىمدىن ئۆتۈشنى تىلىگەندىن كېيىن، پېشانەمگە پۈتۈلگەننى كۆرۈش نىيىتىگە كەلدىم. مىجەزىم تېخىمۇ ئوساللىشىپ كەتتى. ئەتراپىمدىكى كىشىلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا خاتىرجەملىك بەرمىدىم، خوتۇنۇم، ئوغۇل - قىزلىرىم يېنىمغا كېلىشتىن قورقىدىغان بولۇپ كەتتى، ئۆزۈڭنىڭمۇ دېمىم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى. بىر ھەپتە ئۆزۈمگە ئۆزۈم ئېچىنغاندىن كېيىن ئۆز-

ئۆزۈمگە دېدىم: 〈سەن ھەقىقەتەن ساراڭ بولۇپ قاپسەن! يەنە بىر يىل — يېرىم يىل ئۆمۈر كۆرسەڭ ئەجەب ئەمەس، نېمىشقا بىردەم بولسىمۇ خۇشالراق ياشاشنىڭ ئامالىنى قىلمايسەن〉؟

قەددىمنى رۇسلاپ، چىرايىمغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ئىمكانقەدەر ئۇنىڭ بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ساق ئادەمدەك يۈردۈم. شۇنى ئېتىراپ قىلىشىم كېرەككى، باشتا بۇ ئىشلارمۇ ئاسانغا چۈشمىدى. ئۆزۈمنى ئائىلىمىزدىكىلەر بىلەن ئىناق ئۆتۈشكە مەجبۇرلىدىم. بۇنداق قىلىشىم پۈتۈن ئائىلىمىزگە پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، ئۆزۈمگىمۇ پايدىلىق ئىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي كۆپ ياخشىلىنىپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. بۇ گېپىم يالغان ئەمەس. مەن ھەقىقەتەن كۆپ ياخشىلىنىپ قالدىم. تەن سالامەتلىكىممۇ بارا - بارا ئەسلىگە كەلمەكتە ئىدى. بىرقانچە ئايدىن كېيىن مېيىت ساندۇقىغا كىرمەيلا قالماي، ئەكسىچە تۇرمۇشۇمنىڭ ئىنتايىن بەختلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم، قان بېسىمىممۇ تۆۋەنلىگەنىدى. شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشەندىمكى، ئەگەر مەن ھەر ۋاقىت يەلكەمدىن بېسىپ تۇرۇۋاتقان شەكسىز ئۆلىدىغان بولدۇم دەيدىغان ئىدىيەۋى بوپىنى چۆرۈپ تاشلىمىغان بولسام، دوختۇرلارنىڭ ھۆكمى چوقۇم رېئاللىققا ئايلانغان بولاتتى».

بۇ يەردە مەن كىتابخانلىرىمغا مۇنداق بىر سوئال قويماقچىمەن: مۇبادا ئېنىلېرتىنىڭ دېگەنلىرىدەك، ئۇنىڭ ھاياتى ئۆزىنى زورمۇزور خۇشال تۇتۇپ، تىرىشىپ غەم - ئەندىشىنى تۈگىتىش بەدىلىگە كەلگەن بولسا، بىزنىڭ ئورۇنسىز قايغۇرۇش ۋە روھىي چۈشكۈنلۈكنىڭ كاللىمىزنى چىرمىۋېلىشىغا بىردەم بولسىمۇ، يول قويۇشقا نېمە ئاساسىمىز بار؟ خۇشاللىقىمىزنى ئىپادىلەش ئارقىلىق بىر خىل بەختلىك مۇھىت يارىتىشقا چامىمىز يەتكەنىكەن، ئۆزىمىزنىڭ، ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈشىمىز ۋە كۆڭلىنى رەنجىتىشىمىزنىڭ نېمە ھاجىتى؟

بۇنىڭدىن كۆپ يىللار ئىلگىرى مەن بىر كىتاب ئوقۇغانىدىم. ئۇ كىتاب ماڭا چوڭقۇر ۋە ئۇزاققىچە تەسىر كۆرسەتكەنىدى. بۇ

«كىشىلەرنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى» دېگەن كىتاب بولۇپ، جېمس لاھىي ئاللان دېگەن كىشى يازغانىكەن. كىتابتا مۇنداق دەپ يېزىلـغان: «ئەگەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى ئادەم ۋە شەيئىلەرگە بولغان ئوي - پىكرىنى ئۆزگەرتىدىكەن، ئۇ ئەتراپىدىكى ئادەم ۋە شەيئىلەرنىڭمۇ ئۆزىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىش ياساۋاتقانلىقىنى بايقايـدۇ؛ ئەگەر ئۇ ئادەم ئوي - پىكرىنى ئۇزۇل - كېسىل ئۆزگەرتسە، ئۇ ھەتتا ئەتراپىدىكى مۇھىتتا يۈز بەرگەن جىددىي ئۆزگىرىشلەردىن ھەيران قالىدۇ. بىز دۇئا - تىلاۋەت قىلىدىغان خۇدا ئۆزىمىزنىڭ قەلبىدە. خۇدا — ئۆزىمىز. ئادەمنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئىدىيەسىنىڭ بىۋاسىتە نەتىجىسىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىدىيەسىگە يۈكسەك مەزمۇن بەرگەن ھامان روھىنى ئۇرغۇتۇپ، قەيسەرلىكىنى يېتىلدۈرۈپ، قىلغان ئىشىدىن نەتىجە يارىتالايدۇ. بىراق، ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ ئىدىيەسىنى مۇئەييەن يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈشنى رەت قىلىدىكەن، ئۇنداقتا، ئۇ مەڭگۈ ئاجىزلىق، ئازاب ۋە بەختسىزلىك ھېس قىلىدۇ».

موشىس مۇنداق دەيدۇ: ئاللاتائالا بۇ چەكسىز دۇنيانى باشقۇرۇشنى بىز ئىنسانلارغا تاپشۇرغان، لېكىن مەن كەڭ قورساقلىق بىلەن قىلىنغان بۇ ئىلتىپاتنى خان - پادىشاھلاردەك ئىمتىياز قىلىۋالمايمەن: مېنىڭ تىلەيدىغىنىم پەقەت ئۆزۈمگە — ئۆزۈمنىڭ ئىدىيەسىگە ھۆمۈمرانلىق قىلىش. مەن پەقەت ئۆزۈمنىڭ خۇشلۇقۇم، خاپىلىقىم، قايغۇ - ھەسرىتىم، روھىي ھالىتىم ۋە ئەقىل - ئىدراكىمغىلا يېتەكچىلىك قىلىمەن. مەن قىلغان - ئەتكەنلىرىمنى ھەر ۋاقىت ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تۈرىدىغانلا بولسام، بۇنداق ھوقۇقۇمنى ئەڭ زور دەرىجىدە رېئاللىققا ئايلاندۇرالايمەن.

ۋېلىيام جېمىسنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتايلى: «قورقۇپ ئالغا باسمايدىغان روھىي كەيپىياتىمىزنى چۆرۈپ تاشلاپ، باتۇرلارچە ئالغا باسىدىغانلا بولساق، بىزنى بىزار قىلغان نۇرغۇن نەرسىلەر، ئەمەلىيەتتە بىزنى روھلاندۇرىدىغان، بىزگە پايدىلىق بولغان ياخشى ئىشقا ئايلىنىدۇ».

ئۆزىمىزنىڭ بەختى ئۈچۈن باتۇرلارچە ئالغا باسايلى! كۈندىلىك تۇرمۇشىمىز شاد - خۇراملىق ۋە مول ئىجابىي روھ بىلەن تولۇپ تاشسۇن! تەقلىد قىلىشقىلار ئۈچۈن، تۆۋەندە بىر ئۈلگە بىلەن تەمىن ئېتىمەن. ئۇ «مەن دەرھال ھەرىكەتكە كېلىشىم كېرەك» دېگەن تېمىدىكى بىر پارچە قىسقا ماقالە بولۇپ، ئۇنى مەرھۇم ئايال يازغۇچى شىېر پارتىرىدگې بۇنىڭدىن نەچچە ئون يىل ئىلگىرى يازغان، ئۇ ئىنتايىن رىغبەتلەندۇرۇش خاراكتېرىگە ئىگە ماقالە. بىز مۇشۇ مىزاز- لارغا ئەمەل قىلىدىغانلا بولساق، نۇرغۇن غەم - ئەندىشە ۋە قايغۇ- ھەسرەتلەرنى تۈگىتىپ، كىشىلىك دۇنياسىدىكى لەززەتتىن يۈخادىن چىققۇچە بەھرىمەن بولالايمىز.

مەن دەرھال ھەرىكەتكە كېلىشىم كېرەك.

1. مەن دەرھال بەختكە ئېرىشىشىم كېرەك. مېنىڭچە، ئابراھام لىنكولىننىڭ سۆزى ئىنتايىن يوللۇق. ئۇ: «كىشىلەر بەختلىك بولۇشنى ئارزۇ قىلسا بەختلىك بولالايدۇ» دېگەنىدى، بەخت — پىكىر قىلىشتىن كېلىدۇ، ئۇنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن مۇناسىۋىتى يوق.

2. مەن دەرھال ئۆزۈمنى ھەممىگە ماسلاشتۇرۇشۇم لازىمكى، ھەممىنى سۇبيېكتىپ مۇددىئايىمغا ماسلاشتۇرىمەن دېمەسلىكىم لازىم. ئۆزۈمنى ئائىلەمگە، تىجارىتىمگە ۋە تەقدىرىمگە بويسۇندۇرۇ- شۇم كېرەك.

3. مەن دەرھال سالامەتلىكىمنى ئاسرىشىم لازىم. مەن ھەرى- كەت قىلىشىم، يەپ - ئىچىشىم كېرەك؛ مەن ئۇنى دەپسەندە قىلماي، بەلكى كۆپرەك مۇھاپىزەت قىلىشىم لازىم، چۈنكى ئۇ ئوي - پىكرىم- نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى قورالىم.

4. مەن دەرھال روھىمنى ئۇرغۇتۇشۇم لازىم. ئاز - تولا پايدى- لىق ئىشلارنى قىلىشنى ئۆگىنىشىم ۋە قىلىشىم لازىم؛ ئىدىيە جە- ھەتتە ھورۇن بولۇشنى ئەمدى خالىمايمەن، مېنى ئالغا ئىلگىرىلىتە- دىغان، تەپەككۇر قىلدۇرىدىغان ۋە ئىدىيەمنى يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرىدىغان نەرسىلەرنى ئوقۇشۇم لازىم.

5. مەن دەرھال تۆۋەندىكى ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ ئىرادەمنى

تاۋلىشىم كېرەك : مەن مەلۇم كىشىگە بىر ياخشى ئىش قىلىپ بېرەي ، لېكىن ئۇنى باشقىلار بىلىپ قالمىسۇن ؛ بۇ ئىشلىرىم كۆڭ-لۇمگە ياقمىسىمۇ ، ۋېليام جېمىسىنىڭ نەسىھەتى بويىچە قىلىۋېرەي .

6 . مەن دەرھال باشقىلارنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈشۈم لازىم ، ئىمكانقەدەر ياخشى كىيىنىپ ، ئۆزۈمنى تۈزەشتۈرۈپ يۈرۈ-شۈم كېرەك ؛ مەن سىلىق سۆزلىشىم ، باشقىلارغا ئەدەپ بىلەن مۇئا-مىلە قىلىشىم لازىم ؛ مەن باشقىلارنى كۆپرەك ماختاپ ، ئاز تەنقىد قىلىشىم ، ئەيىبلىمەسلىكىم ، باشقىلارغا قول شىلتىپ ، بۇيرۇق چۇ-شۈرمەسلىكىم لازىم .

7 . مەن دەرھال بۈگۈنكى كۈنۈمنى ياخشى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشىشىم لازىم . تۇرمۇشۇمدا كۆرۈلگەن ھەممە مەسىلىنى بىراقلا ھەل قىلىشىم ھاجەتسىز . دائىم بېشىمنى قاتۇرىدىغان ئىشلاردىن بىر كۈندە بىرقانچىنى كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن ياخشى بىر تەرەپ قىلىۋا-لالىسام تولۇق قانائەت ھاسىل قىلىشىم كېرەك .

8 . مەن دەرھال ئۆزۈمگە بىر پىلان تۈزۈپ چىقىشىم لازىم . بۈگۈن قايسى ۋاقىتتا نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىمنى يېزىپ مېڭىشىپ كېرەك . بەلكىم ئۇنى دېگەندەك توغرا ئىگىلەپ كېتەلمەسلىكىم مۇم-كىن ، لېكىن قانداقلا بولمىسۇن پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشىم لازىم . شۇنداق قىلسامىلا ئارسالدىلىق ۋە قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتەلەيمەن .

9 . مەن دەرھال ھەركۈنى يېرىم سائەت ۋاقىت چىقىرىپ كاللام-نى ئارام ئالدۇرۇشۇم لازىم . ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىرىشىم لازىم .

10 . مەن دەرھال غەم ـ قايغۇسىز ئادەم بولۇشۇم ، بولۇپمۇ قورقماسلىقىم ، ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ قالماسلىقىم لازىم . تۇرمۇشتىن بەھۇزۇر لەززەت ئېلىشىم ، مېنى ياخشى كۆرگەنلەرنى ياخشى كۆرۈ-شۈم كېرەك . بىلىشىم كېرەككى ، مەن ياخشىلىق قىلغانلار ماڭىمۇ ياخشىلىق قىلىدۇ .

كۆڭۈل خاتىرجەم ، تۇرمۇش ئازادە بولۇشنىڭ پىرىنسىپلىرىدىن بىرى شۇكى :

ئەگەر سىز خۇشال - خۇرام پىكىر قىلسىڭىز ۋە ئىش بېجىرسىڭىز كۆڭلىڭىزمۇ تەبىئىي ھالدا خۇش بولىدۇ .

## 2 . ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن يۇقىرى بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ

بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل ئىلگىرى ، ئامېرىكىنىڭ ئاتاقلىق مۇھىت ئاسراش رايونى — دۆلەتلىك سېرىق تاش باغچىسىغا ساياھەتكە بارغانىدىم . ئاخشىمى ساياھەتچىلەر بىلەن بىللە سىرتتا ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتۇق . ئۇدۇلىمىزدا تۇتاش كەتكەن باراقسان يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمان بار ئىدى . ئۇزاق ئۆتمەي ، چىراغ يوپيورۇق يورۇتۇپ تۇرغان ئالدىمىزدىكى بىكار يەردە قورقۇنچلۇق بىر ھايۋان — قوڭۇر ئېيىق پەيدا بولدى . ئۇ باغچا رېستورانىنىڭ ئاشخانىسىدىن تۆكۈۋېتىلگەن نەرسىلەرنى ئوغرىلىقچە يەۋاتاتتى . بۇ چاغدا ، باغچىنىڭ باشقۇرغۇچى خادىمى مارتېدال ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ بىزگە — لاغىلداپ تىترەپ تۇرغان ساياھەتچىلەرگە — بۇنداق ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تۇرلۇك تۇرمۇش ئادەتلىرىنى سۆزلەپ بەردى . ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، قوڭۇر ئېيىق غەربىي يېرىم شاردىكى ئەڭ يامان ھايۋان ھېسابلىنىدىكەن . بىراق ، مەن شۇ چاغدا يەنە بايقىدىمكى ، بۇ قوڭۇر ئېيىق يەنە بىر كىچىك ھايۋان — پەرىزىمچە سېسىق كۆزەننىڭ ئورماندىن چىقىپ ، مەززىلىك تائامدىن چىراغنىڭ يورۇقىدا ئۆزى بىلەن بىللە لەززەتلىنىشىگە يول قويدى . ئەمەلىيەتتە ، قوڭۇر ئېيىق بۇ سېسىق كۆزەننى كۈچلۈك ئالدى پۇتىنىڭ تىرنىقىدا بوشراق نوقۇپ قويسىلا ئۆلەتتى . ئۇ نېمىشقا ئۇنداق قىلمىدى ؟ چۈنكى ، قوڭۇر ئېيىق بۇنداق قىلىشنى ئەرزىمەس ئىش دەپ ھېسابلىغانىدى .

مېنىڭمۇ ئاشۇنداق تەجرىبىلىرىم بولغان . بالىلىق دەۋرىم ئىدى ، مىسسۇرى ئىشتاتىنىڭ سەھراسىدىكى يايلاقنىڭ چىغىر يوللىرىدا تۆت پۇتلۇق سېسىق كۆزەننى داۋاملىق ئۇچرىتىپ تۇراتتىم . چوڭ بولغاندىن كېيىن نيۇ - يورك كوچىلىرىدا ئىككى پۇتلۇق «سېسىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆزەن»نى داۋاملىق ئۇچرىتىدىغان بولدۇم. مەيلى قايسى خىلدىكى «سېسىق كۆزەن» بولسۇن، مېنىڭچە ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشۇش ئەرزىمەيدىغان ئىش.

رەقىبلىرىمىزگە نەپرەتلىنىش كۆپ ھاللاردا ئۆزىمىزنى زىيانغا ئىتتىرىپ قويىدۇ. سىز ئۆچمەنلىكىڭىز بولغاچقا ئۇنىڭغا غەزەپلىنىپ، خاتىرجەم بولالمايسىز، لېكىن رەقىبىڭىز بىمالال گىدىيىپ يۈرۈۋېرىدۇ. سىزنىڭ غەزىپىڭىز ئۇنىڭ بىر تال مويىنى زىيانغا ئۇچرىتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۆزىڭىزگە كېچە - كۈندۈز ئارام بەرمەيدۇ.

سىز تۆۋەندىكى ھېكمەتلىك سۆزنى ئوقۇغانمۇ؟ ئۇنى جانابىڭىزغا تەقدىم قىلاي: «ئەگەر پايدا دېسە جان بېرىدىغان مۇتتەھەمدىن بىرسى چىشىڭىزغا تېگىپ قويسا ئۇنىڭ بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن؛ ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشۇپ قالسىڭىز ئۆزىڭىزنى نەس باسىدۇ». بۇ سۆز سان - ساناقسىز پاكىتلار ئاساسىدا ئېيتىلغان، چۈنكى ئۇ سۆز ئامېرىكىدىكى مىلۋئوكى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ بىر پارچە دوكلاتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

سىلەر بەلكىم ئىنتىقام ئېلىش پسىخىكىسىنىڭ زادى نېمە زىيىنى بار دەپ سورىشىڭلار مۇمكىن، «تۇرمۇش» ژۇرنىلىنىڭ قارىشىچە، ئۇ ئادەمنىڭ تەن سالامەتلىكىنى نابۇت قىلىدۇ. «قان بېسىمى يۇقىرىلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلاردا كۆرۈلىدىغان بىر روشەن ئالامەت — ئىنتىقام ئېلىش كەيپىياتىدا بولۇش، — دەپ يازىدۇ بۇ ماقالىنىڭ ئاپتورى، — بۇنداق كەيپىيات داۋاملىشىۋېرىشنىڭ ئاقىۋىتى ئۇلاردا قان بېسىمى يۇقىرى بولۇش ۋە يۈرەك كېسىلىنى پەيدا قىلىدۇ».

يېقىندا، بىر تونۇشۇمنىڭ يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ قالغانىدى. دوختۇر ئۇنىڭغا يېتىپ ئارام ئېلىشنى، ھەرگىز ئاچچىقلانماسلىق ۋە ھاياجانلانماسلىقنى، كۆڭۈلگە ياقمايدىغان ئىشلار بىلەن كارى بولماسلىقنى ئېيتتى. دوختۇرلارغا ئايانكى، ئاچچىقلىنىش يۈرەك كېسىلى بارلارنى ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدۇ. ئەھۋال ھەقىقەتەن شۇنداق

ئېغىرمۇ؟ بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل ئىلگىرى، ۋاشىنگتون ئىشتاتىنىڭ سپوكان دېگەن يېرىدىكى بىر قەھۋەخانىنىڭ غوجايىنى ئاچچىقلانغانلىقى ئۈچۈن راستىنلا ئۆلۈپ كەتتى. مەن ئۇ تورۇشلۇق رايونلۇق ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جېللىي سىۋانتوتنىڭ بىر پارچە خېتىنى ساقلاپ كېلىۋاتىمەن. خەتتە مۇنداق دەپ يېزىلغانىدى: «سپوكاندىكى بىر قەھۋەخانىنىڭ غوجايىنى، 66 ياشلىق ۋىليام فىرگا بىلىنىڭ بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل ئىلگىرى ئۆلۈپ كېتىشىگە ئۇنىڭ ئۆز ئاشپىزىگە ئاچچىقلانغانلىقى سەۋەب بولغان. بۇ ئاشپەز تەخسىدە قەھۋە ئىچىدىغان يامان ئادىتىنى ئۆزگەرتەلمەپتۇ. غوجايىن قاتتىق ئاچچىقلانغان ھالدا تاپانچىسىنى چىقىرىپ ئاشپەزگە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ ـ دە، ئىككى قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا دۈم چۈشۈپتۇ. ئۆلگەندىن كېيىنمۇ تاپانچىسىنى چىڭ سىقىمداپ تۇرۇپتۇ. قانۇن دوختۇرىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن مەلۇم بولۇپتۇكى، بۇ ئۆلۈم ۋەقەسى ھەقىقەتەن قاتتىق ئاچچىقلىنىش كەلتۈرۈپ چىقارغان يۈرەك كېسىلىنىڭ قوزغىلىشىدىن بولغان».

ئۆچمەنلىك كەيپىياتى ئادەمنىڭ تەن سالامەتلىكىنى نابۇت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ھۆسنىگىمۇ زىيان يەتكۈزىدۇ. بىز تونۇيدىغان بەزى ئاياللارنىڭ يۈزىدە قورۇق كۆپ، چىرايى سولغۇن بولۇشىدىكى چوڭ سەۋەب، ئۇلار داۋاملىق باشقىلارغا ئۆچمەنلىك قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئەپۇ قىلىش، ۋاپا ۋە ئىناقلىقنى بىلىدىغان بولسا، دۇنيادىكى ھۆسن تۈزەش دۇكانلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى تاقىلىپ كەتكەن بولاتتى.

گەرچە بىز ئىنجىلدا ئېيتىلغاندەك، دۈشمەنلىرىمىزگە ۋاپادارلىق قىلالمىساقمۇ، ھېچبولمىغاندا ئۆزىمىزنى قەدىرلىشىمىز لازىم. دۈشمەنلىرىمىزنىڭ تەقدىرىمىزنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىشىغا، تېنىمىزنى خالىغانچە نابۇت قىلىشىغا، ھۆسن ـ جامالىمىزغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشىگە يول قويماسلىقىمىز لازىم. شېكسپىر مۇنداق دەپ ياخشى ئېيتقان:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۈشمىنىڭگە مىھىر ئەيلەپ بەرمە قول ،
قىزىتىپ مەش كۆيدۈرۈشكە قويما يول .

شىۋىتسىيەنىڭ ئوبسالا دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان جورج لورا ۋېنادا كۆپ يىل ئادۋوكاتلىق قىلغان . ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئۇ نائىلاج شىۋىتسىيەگە قېچىپ كەتكەن . ئۇنىڭ خىزمىتى بولمىغاچقا ، يانچۇقىدا بىر تىيىنمۇ پۇل قالمىغان . ئۇ كۆپ خىل تىل بىلگەچكە ، بىرەر ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتىدىن كاتىپلىق خىزمىتى تېپىشنى ئۈمىد قىلغان . كۆپ ساندىكى شىركەتلەر ئۇنىڭغا جاۋاب خەت يېزىپ : ئۇرۇش مەزگىلى بولغاچقا ، سىزگە بۇنداق ئورۇن بېرەلمەيمىز ، بىراق كېيىنچە ئويلىشىپ كۆرۈشنى خالايمىز دېگەندەك چىرايلىق گەپلەرنى قىلغان . بۇ ئەڭ ئاددىي باھانە ئىدى . بىراق ، بىر شىركەتنىڭ غوجايىنى قىلچە تەكەللۇپ قىلمايلا جورج لوراغا مۇنداق دەپ خەت يازغان : «سىز تېخى شىركىتىمىزگە كېلىپ ئىشلىمەكچىمۇ ؟ مۇمكىن ئەمەس ! بىزگە ھەرگىز كاتىپنىڭ لازىمى يوق ، لازىم دېگەندىمۇ سىزدەك ئادەمنىڭ لازىمى يوق . يازغان خېتىڭىزدە خاتالىق دېگەن ساماندىن كۆپ ئىكەن ، سىزنى شىۋىتسىيە يېزىقىدىن ئېلىپنىڭ سۇنۇقىنى بىلمەيدىكەنسىز دېسە بولىدىكەن ! »

جورج لورا بۇ خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن دەرغەزەپكە كەلگەن . بۇ ئەبلەخنىڭ مېنى ئەيىبلەشكە نېمە ھەققى . ئۆزىنىڭ يازغان خېتىدىمۇ خاتالىق دېگەن قۇمدەك تولىمامدۇ ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر پارچە جاۋاب خەتنىڭ لايىھەسىنى يېزىپ چىقىپ ، ئۇ ئەبلەخنى تازا مەسخىرە قىلغان . خەتنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن ، ئۇ توساتتىن بىر ئويغا كەلگەن : «ئالدىرىماي تۇراي ، بۇ ئادەمنىڭ ئېيتقانلىرى يوللۇق بولۇپ قالمىسۇن يەنە . گەرچە مەن شىۋىتسىيە تىلىنى ئوقۇغان بولسامۇ ، لېكىن ئۇ بەرىبىر ئانا تىلىم ئەمەس . خېتىمدە بەلكىم راستتىنلا رەددىيە بەرگىلى بولمايدىغان بىرمۇنچە خاتالىقلار باردۇ . مەن تىلنى ئوبدان ئۆگىنىشىم لازىم ، بولمىسا خىزمەت تېپىشىم تەسكە چۈشىدۇ . ئۇ ئادەم ماڭا ياردەم قىلغان بولمىسۇن يەنە ، گەرچە

بۇ ئادەمنىڭ ئۇنداق نىيىتى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ ئىشلەتكەن تىللىرى شەپقەتسىز بولسىمۇ، مەن ئۇنىڭغا ئادەمگەرچىلىك جەھەتتە قەرزدار. شۇڭلاشقا، ئۇنىڭغا كېلىشتۈرۈپ بىر پارچە خەت يېزىپ مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرسەم بولغۇدەك».

شۇنىڭ بىلەن جورج لورا ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن يازغان خېتىنى يىرتىپ تاشلاپ، قايتىدىن بىر پارچە مىننەتدارلىق خېتى يازغان. خەتتە مۇنداق دەپ يېزىلغان: «شىركىتىڭلارغا كاتىپ لازىم بولمىسىمۇ، ماڭا جاۋاب خەت يازغانلىقىڭىزدىن ئىنتايىن مىننەتدار بولدۇم. سىزگە خەت يېزىشىم ئۇقۇشماسلىقتىن بولغان بولۇشى مۇمكىن، بىراق مەن شىركىتىڭلارنىڭ شۇ كەسىپتە بىرىنچىلىكنى ئالغانلىقىنى، مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى ئۇققانىدىم. خېتىمدە كۆرۈلگەن گىراماتىكىلىق خاتالىقلارغا كەلسەك، مەن ئۇنى ئالدىن سېزەلمەپتىمەن، بۇ ئىشتىن ئىنتايىن ئەپسۇسلاندىم ۋە خىجىل بولدۇم. بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق خاتالىق كۆرۈلۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، هازىردىن باشلاپ، شىۋېتسىيە تىلىنى تىرىشىپ ئۆگىنىشكە بەل باغلىدىم. تەلىم بەرگىنىڭىزگە چىن كۆڭلۈمدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن.»

بىرقانچە كۈندىن كېيىن، لورا ھېلىقى شىۋېتسىيەلىكنىڭ ئۇنى شىركەتكە چاقىرىپ يازغان ئىككىنچى پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالغان ۋە ئۇ شىركەتكە بېرىپ كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت تاپقان. شۇنداق قىلىپ، جورج لورا «مۇلايىملىق بىلەن يېزىلغان بىر پارچە جاۋاب خەت ئارقىلىق نەپرىتىنى باسقان».

بىز خىرىستىيان دىنىنىڭ تەقۋادار مۇرىتلىرىدىن بولمىساقمۇ، ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ روھى بويىچە دۈشمەنلىرىمىزگە كۆيۈنمىسەكمۇ، لېكىن ئۆزىمىزنىڭ تەن سالامەتلىكى ۋە تۇرمۇشىمىزنىڭ بەختلىك بولۇشىنى دەپ بولسىمۇ ئۇلارنى ئەپۇ قىلايلى ياكى ئۇلار بىلەن كارىمىز بولمىسۇن.

بىر قېتىم مەن جياڭجۇن ئېزىنخائوۋېرنىڭ ئوغلىدىن دادىسىنىڭ ئۆچ ساقلايدىغان - ساقلىمايدىغانلىقىنى سورىدىم. «ئۆچ ساقلىمايدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ، — دادامنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرمەي-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىغان ئادەملەرنى خىيالىغا كەلتۈرۈشكە چولىسى تەگمەيدۇ» .

ئاچچىقلىنىشنى بىلمەيدىغان ئادەم كالۋا ، ئاچچىقلىنىشنى خالىمايدىغان ئادەم ئەقىللىق دېگەن مەنىدە ئېيتىلغان بىر قەدىمىي ماقال بار .

بۇ ماقالنى ئەينى يىللاردىكى نيۇ - يورك شەھىرىنىڭ باشلىقى ۋىلىيام گايلورمۇ ئىش بېجىرىشتە ئەقىدە قىلغان . بىر قېتىم نېرۋا كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىرەيلەن ئۇنى سۇيىقەست قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغان ، ئۇ تاپانچا ئوقى تېگىپ ئېغىر يارىلانغان . ئۇ دوختۇرخانىدا يېتىپ ئۆلۈم بىلەن ئېلىشىۋېتىپمۇ يەنىلا : «مەن ھەركۈنى ئاخشىمى دۇئا - تىلاۋەت قىلغاندا ئاللادىن ھەممە ئادەمنىڭ گۇناھىنى تىلەيمەن» دېگەن . ئاڭلىماققا بۇ گەپ بەك غايىۋى ياكى بەك يۇمشاق بولۇپ كەتمىگەندۇ؟ ئەمەلىيەتتە ، گېرمانىيەلىك ئۇلۇغ پەيلاسوپ شوپېنخوۋېر بۇرۇنلا ئاشۇنداق چۈشەنچىدە بولغان . ئۇ تۇرمۇشنى ئازاب - ئوقۇبەت بىلەن تولغان بىھۇدە تەۋەككۈلچىلىك دەپ قاراپ ، دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنى ئىنتايىن تۇتۇق قىلىپ تەسۋىرلەگەن . ھالبۇكى ، ئۇ چەكسىز ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە تۇرۇپمۇ : «ئىمكانىيەتلا بولىدىكەن ، كىشىلەر بىر - بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىپ يۈرمەسلىكى كېرەك» دەپ ئۇنلۇك خىتاب قىلغان .

مەن ئامېرىكىنىڭ ئالتە نۆۋەتلىك زوڭتۇڭى (ۋىلسون ، خاردىڭ ، كۇلىج ، خوۋېر ، روزۋېلت ۋە ترومېن) غا ئالىي مەسلىھەتچى بولغان بۇخارد بارۇك بىلەن كۆرۈشكەندە ، دۈشمەنىنىڭ ھۇجۇمىدىن بىئاراملىق ھېس قىلامسىز دەپ سورىسام ، ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەنىدى : «ھېچكىم ماڭا چېقىلىپ باققىنى يوق ياكى كۆڭلۈمنىڭ ئارامىنى بۇزۇپ باققىنى يوق . چۈنكى ، مەن ئەزەلدىن ئاچچىقلانمايمەن» .

بىز كۆپچىلىكمۇ ئوخشاش ، پەقەت ئۆزىمىز ئاچچىقلانمىساقلا ھەرقانداق ئادەم چىشىمىزغا تەگمەكچى ياكى كۆڭلىمىزنىڭ ئارامىنى بۇزماقچى بولىدىكەن ، مەقسىتى ئەمەلگە ئاشمايدۇ .

تاش - توقماق يەتكۈزەر جىسمىمغا جەبىر ،
تىل - دەشنام يەل كەبى قىلمايدۇ تەسىر .

مەن كانادانىڭ دۆلەتلىك جاسپىر باغچىسىغا داۋاملىق بېرىپ ، ئۇ يەردە غەربىي يېرىم شار بويىچە ھەممىدىن گۈزەل ئېدىزكاۋېر تاغلىرىنىڭ پەيزىنى سۈرىمەن . بۇ تاغقا ئەنگلىيەلىك بىر سېستىرانىڭ نامى بېرىلگەنىكەن . 1915 - يىل 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى بۇ سېستىرانى نېمىسلار جاسۇس ئىكەن دەپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن . ئۇ ئىنتايىن باتۇرلۇق كۆرسىتىپ جان بەرگەن . ئۇنىڭ «جىنايىتى» نېمە ؟ ئەسلىدە ئۇ بىلگىيەدىكى خىزمەت ئورنىغا بىرقانچە نەپەر فىرانسىيە ۋە ئەنگلىيە ئەسكەرلىرىنى يوشۇرۇپ قويغان . بۇ قىز ئۇلارغا تاماق بەرگەن ، ئۇلارنىڭ جاراھىتىنى داۋالىغان ، ئاخىرىدا يەنە ئۇلارنىڭ گوللاندىيەگە قېچىپ كېتىشىگە ياردەم بەرگەن . ئۆكتەبىرنىڭ مەلۇم بىر كۈنى سەھەردە ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى بىر پوپ بىريۇسسېل ھەربىي تۈرمىسىگە بېرىپ ئېدىزكاۋېرنىڭ ياتىقىغا كىرگەندە ، ئۇ ئاران ئىككى ئېغىزلا سۆز قىلالىغان . بۇگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ «مېنىڭچە ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلمايدۇ . مېنىڭ ھېچكىمدە ئۆچۈم يوق» دېگەن ئىككى ئېغىز سۆزى گىرانىتتىن قوپۇرۇلغان خاتىرە مۇنارىنىڭ تۈچ تاختىسىغا ئويۇپ قويۇلغان . تۆت يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ جەسىتى ئەنگلىيەگە ئېلىپ كېتىلگەن . ئۇنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ، كىشىلەر ۋېستمىنستېر چېركاۋىدا تەنتەنىلىك ھالدا ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرگەن . ھازىر دۆلەتلىك لوندون گۈزەل سەنئەت سارىيىنىڭ ئۇدۇلىدا بىر ھەيكەل قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ . ئۇ ئەنگلىيەلىك بۇ ئايالنىڭ ئۆچمەس سىمۋولىدۇر .

قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ يېپىشقۇلىشىدىن قۇتۇلۇش ، رەقىبلەر پەيدا قىلغان بىئاراملىقنى ئۇنتۇپ كېتىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى ئۆزىمىزگە پايدىلىق بىرەر ئىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇشتىن ئىبارەت . ئۆزىمىزنىڭ ئىشىغا بېرىلىپ كەتكەن ھامان ، بىز دۇچ كەلگەن بىئاراملىق ۋە دۈشمەنلىكمۇ چاغلىق نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ . بۇ يەردە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەن كۆپچىلىككە 1818 ـ يىلى مىسسىسىپى ۋادىسىدىكى پىرىن تاغلىق رايونىدا يۈز بەرگەن كومېدىيەلىك بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بېرەي . لاۋ-رېنس جونېس ئىسىملىك بىر نېگىر ئوقۇتقۇچى ، قوشۇمچە دىن تار-قاتقۇچىنى جازالاش ئۈچۈن ، كىشىلەر پىرىندا ھۆكۈمسىز جازالاش سوتى ئاچقان . بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل ئىلگىرى مەن لاۋرېنس جونېس قۇرغان بۇ مەكتەپنى مەخسۇس زىيارەت قىلدىم ھەمدە بارلىق ئوقۇغۇ-چىلارغا سۆز قىلدىم . ھازىر بۇ مەكتەپنىڭ ئامېرىكىدا خېلى نام-ئاتىقى بار ، لېكىن ئەينى چاغلاردا پۈتۈنلەي بۇنداق ئەمەس ئىدى . مەكتەپكە ئاساس سالغۇچى لاۋرېنس جونېس بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى كىشىنى ساراڭ قىلىپ ، ۋەسۋەسىگە سېلىپ قويىدىغان ئاشۇ كۈنلەردە پاجىئەلىك ھالدا ئۆلۈپ كەتكىلى تاس قالغان . ئەينى چاغدا مىسسىسىپى ۋادىسىدا ، فىرانسۇزلار نېگىرلارنى توپىلاڭ كۆتۈ-رۈشكە مەخپىي قۇترىتىۋېتىپتۇ دەيدىغان بىر خىل ئىغۋا تارقالغان . بىز تىلغا ئالغان لاۋرېنس جونېس دېگەن كىشى نېگىرلارنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى قوللىدى دەپ ئەيىبلىنىپ ، مەخپىي ئۆلتۈرۈلۈشكە تاس قالغان . بىر كۈنى لاۋرېنس جونېس يىزا خەلقىغە ۋەز - نەسىھەت قىلغان ، چېركاۋنىڭ سىرتىدا تۇرغان بەزى ئاق تەنلىكلەر ئۇنىڭ : «تۇرمۇش — كۈرەش دېمەكتۇر . ھەربىر نېگىر قولىغا قورال ئېلىپ ھاياتلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى ، ئۆزلىرىنىڭ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى لازىم» دېگەن ياڭراق ئاۋازىنى ئاڭلىغان .

«قورال ! كۈرەش !» بۇ توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە ئوچۇق - ئاشكارا چاقىرغانلىق ئەمەسمۇ ؟ دەرغەزەپكە كەلگەن ئاق تەنلىك ياشلار شۇ كۈنى كەچتىلا قوشۇن توپلاپ ، بۇ چېركاۋنى قورشىۋالغان . ئۇلار لاۋرېنس جونېسنىڭ بوينىغا سىرتماق سېلىپ ، بىر ئىنگلىز چاقىرىم يىراقلىققا سۆرەپ ئاپىرىپ ، دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈپ ، ئاندىن كۆيدۈ-ۋاتقان ئوتۇن - چاۋار ئۈستىگە تاشلاپ كۆيدۈرۈۋەتمەكچى بولغان . بۇ چاغدا ئادەملەر توپىدىن بەزىلەر : «بۇ ھارامزادىنى كۆيدۈرۈۋېتىشتىن ئىلگىرى ئۇ بىزگە يەنە بىر قېتىم ۋەز ئېيتىپ بەرسۇن ! ئېيتە !

سۆزلىيە !» دەپ ۋارقىرىغان . شۇنداق قىلىپ ، لاۋرېنس ئوتتۇن - چاۋار دۆۋىسىدە بويىنغا سىرتماق سېلىنغان ھالەتتە تۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ ئوتتۇشسىزلىق ئىچىدە ئۆتكەن ھاياتى ۋە شۇغۇللانغان ئىشلىرىنى بىمالال سۆزلەپ بەرگەن . 1907 - يىلى ئۇ ئاروزىنا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇپ دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن . ئۇنىڭ سادىدا مىجەزى ، مول بىلىمى ۋە مۇزىكا جەھەتتىكى كۆرۈنەرلىك تالانتى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى قايىل قىلغان ۋە پىروفېسسورلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان . ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن ، بەزى كارخانىچىلار ئۇنى تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەكلىپ قىلسا ، ئۇ رەت قىلغان ؛ بەزى بايلار ئۇنىڭ مۇزىكا ئۆگىنىشىگە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرسە ، ئۇ قوبۇل قىلمىغان . نېمە ئۇچۇن ؟ ئۇ ئۆز غايىسىگە مەپتۇن بولۇپ قالغان . ئۇ كەچۈرمىشلىرى ئۆزىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولغان بوكېر .ت .ۋاشىنگتوننىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ، ئۆز ھاياتىنى نامراتلىق تۇپەيلى مەدەنىيەتتىمۇ ئىنتايىن ئارقىدا قالغان نېگىرلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا بېغىشلاشنى قىزغىن ئارزۇ قىلغان . ئۇ جەنۇبتىكى ھەممىدىن قالاق بىر رايوننى تاللىغان . ئۇ يەر مىسسىسىپى ئىشتاتىدىكى جېكسون شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىن 25 ئىنگلىز چاقىرىم يىراقلىقتا جايلاشقان يەر ئىدى . ئۇ يانچۇق سائىتىنى 165 دوللارغا سېتىپ ، ئورمانلىقتا ئۆزىنىڭ مەكتىپىنى قۇرغان ، دەرەخ كۆتىكى ئۇنىڭغا دەرس مۇنبىرى بولغان . ئۆزىنى ھازىرلا ئۆلتۈرۈۋېتىمىز دەپ دېۋەيلەپ تۇرغان بۇ بىر توپ ياۋۇز كىشىلەر ئالدىدا ، لاۋرېنس جونېس ئۆزىنىڭ غايىسى ۋە ئىستەكلىرىنى ، بۇ نادان ۋە كەپسىز باللارنى تەربىيەلەش يولىدا كۆرسەتكەن جاپالىق ۋە كۆرۈنەرلىك تىرىشچانلىقلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن . بىلىشىڭلار كېرەككى ، بۇ نادان باللار كەلگۈسىدە قورۇق ئىگىسى ، مېخانىك ، ئاشپەز ، ئايال ئائىلە خوجايىنى بولۇشى مۇمكىن ! ئۇ ئۆز ئىشىغا قىزغىن يار - يۆلەك بولۇپ ، بۇ «ئورمانلىق مەكتىپى»نى قۇرۇشقا ياردەملەشكەن ئاق تەنلىكلەرنىمۇ ئېغىزغا ئالغان . ئۇنىڭ مائارىپ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا

ياردەم بېرىش ئۈچۈن ، بۇ ئاق تەنلىكلەر ئۇنىڭغا يەر ـ زېمىن ، ئوتۇن ، چارۋا ۋە مەبلەغ بەرگەنىدى .

ۋەقەدىن كېيىن بەزىلەر لاۋرېنس جونېستىن : «بۇ ياشلار سىزنى شۇنچە يىراقتىن سۆرەپ كەپتۇ ، سىزنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈپ ئاندىن كۆيدۈرۈۋەتمەكچى بوپتۇ ،سىز ئۇلارنى يامان كۆرمەمسىز ؟ » دەپ سورىغاندا ئۇ : «مەن مەپتۇن بولغان ئىش مەندىن كۆپ مۇھىم . مېنىڭ ئۇلار بىلەن تالاش ـ تارتىش قىلغۇدەك ۋاقتىم يوق ، شۇنداقلا ئۇلاردىن ئاغرىنغۇدەك ۋاقتىممۇ يوق ، ھەرقانداق ئادەم مېنى ئۇلار بىلەن مەجبۇرىي ئۆچەكەشتۇرەلمەيدۇ » دېگەن .

شۇنداق قىلىپ ، لاۋرېنس جونېس قۇرۇق ئوتۇن دۆۋىسىدە تۇ-رۇپ ، ئۆزىگە ئەمەس ، بەلكى قىلغان ئىشىغا ھەدەپ مەدھىيە ئوقۇ-غان . ئۇ شۇنچە مەردانىلىك بىلەن سۆزلەپ كىشىلەرنى ھەقىقىي تەسىرلەندۈرگەچكە ، بارا ـ بارا ئۇلارنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشكەن . ئاخىرىدا ئۇلار ئارىسىدىن ئىچكى ئۇرۇشقا قاتناشقان بىر پېشقەدەم ئەسكەر ئوتتۇرىغا چىقىپ : «مەن بۇ ياشنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن . ئۇ بايا ئېغىزغا ئالغان ھېلىقى ئاق تەنلىك-لەرنىمۇ تونۇيمەن . ئۇ ياخشى ئىش قىپتۇ ، بىز ئۇنى خاتا چۈشىنىپ قاپتۇق ، بىز ئۇنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈۋەتمەي ، بەلكى ئۇنىڭ ئىشى-نى قوللىشىمىز لازىم» دېگەن . بۇ پېشقەدەم ئەسكەر گېپىنى دەپ بولۇپلا ، قولىغا قالپىقىنى ئېلىپ مەيدانىنى بىر ئايلىنىپ ، بۇ نېگىر ئوقۇتقۇچىغا 52 دوللار ئىئانە توپلاپ بەرگەن . بايا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەت-مەكچى بولغانلار ئەمدى ئۇنىڭ مەكتەپ ئېچىشىنى قوللاپ پۇل ئىئانە قىلغان .

بۇنىڭدىن تەخمىنەن 2000 يىل ئىلگىرى ، گىرېتسىيەلىك پەيلا-سوپ ئېپىكتىتوس : «قوغۇن تېرىساڭ قوغۇن ئالىسەن ، پۇرچاق تېرى-ساڭ پۇرچاق ئالىسەن ، تەقدىر ئەسكىلىكلىرىمىزدىن ھامان ھېساب ئالماي قويمايدۇ » دېگەن . «ۋاقتى كەلگەندە ئەسكىلىك ھامان ئۆزى-ڭىزگە يانىدۇ ، — دەيدۇ ئېپىكتىتوس ، — بۇ ھەقىقەتنى ئېسىڭىزدە تۇتسىڭىز باشقىلارغا ئاچچىقلىنىپ ۋە غەزەپلىنىپ يۈرمەيسىز . باش-

قىلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئەيىبلەپ، رەنجىتىپ، ئۇلار بىلەن ئۆچەكىشىپ يۈرمەيسىز».

ئامېرىكا تارىخىدا، لىنكولىندەك كۆپ ئالدانغان، ئەيىبلەنگەن ۋە ئۆچمەنلىك قىلىنغان ئىككىنچى ئادەم بولمىسا كېرەك. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇ خۇددى كىلاسسىك تەرجىمىھال يازغۇچىسى ھېئىندوس ئېيتقاندەك، بىر ئادەمگە باھا بېرىشتە ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان - كۆرمەيدىغانلىقىنى ئاساس قىلمىغان. بىر ئادەم بىر ئىشنى ياخشى قىلغان بولسا، ئۆزىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنى ماختىغان. بىرەر ئادەم ئۇنى تىللىغان ياكى ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويغان بولسا، لېكىن بۇ ئادەم مەلۇم بىر خىزمەت ئورنىغا نىسبەتەن ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئادەم بولغان بولسا، لىنكولىن ئۇنى شۇ ئورۇنغا قىلچە ئىككىلەنمەي قويغانكى، ئۆزىنىڭ دوستىنى قويمىغان، شۇنداقلا ئۇ ئەزەلدىن دۈشمىنىم ياكى ياخشى كۆرمەيدىغان ئادىمىم دەپ باشقىلارنى خىزمىتىدىن قالدۇرۇۋەتمىگەن. ئۆزىگە ئەڭ قاتتىق ھۇجۇم قىلغان، تۆھمەت چاپلىغان نۇرغۇن كىشىلەرنى مۇھىم ئورۇنغا قويغان. لىنكولىن: «بىر ئادەمنى ماڭا پايدىلىق ئىش قىلدى دەپ كۆچەپ ماختاپ كەتمەيمەن، ماڭا پايدىسىز ئىش قىلدى دەپ قاتتىق ئەيىبلەپمۇ يۈرمەيمەن». چۈنكى، «بىز تۇرۇۋاتقان مۇھىت ئوخشاش ئەمەس، شەرت - شارائىتىمىزدا پەرق بار، ئالغان تەربىيەمىزمۇ ئوخشاش ئەمەس؛ ھەرقايسىمىزنىڭ ئادىتى، تەبىئىي خۇسۇسىيىتىمىز ئوخشاش ئەمەس. بىز ھەممە ئادەمدىن ئوخشاش بولۇشنى زورمۇزور تەلەپ قىلساق بولمايدۇ. ئادەم بولغاندىكەن، بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ھەر خىل ئادەم بولۇشى كېرەك» دېگەن گەپتە باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرغان.

بەلكىم لىنكولىننىڭ ئېيتقانلىرى توغرىدۇ. ناۋادا بىزنىڭ گەۋدىمىزمۇ رەقىبلىرىمىزنىڭكىگە ئوخشاش بولسا، ئىدىيە ۋە ھېسسىياتىمىز، تۇرمۇش سەرگۈزەشتلىرىمىزمۇ رەقىبلىرىمىزنىڭكىگە ئوخشاش بولسا، ئۇنداقتا بىزمۇ ئۇلار دېگەن گەپنى قىلىمىز، ئۇلار قىلغان ئىشنى ئىشلەيمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز رەقىبلىرىمىزنى ئۆچ

كۆرمەيلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىشىمىز لازىم؛ ئاللاغا ھەمدۇ ئېيتىشىمىز، ئاللانىڭ بىزنىمۇ رەقىبلىرىمىزدەك قىلىپ يارىتىپ قويمىغانلىقىغا تەشەككۇر ئېيتىشىمىز لازىم. رەقىبلىرىمىزنى كەمسىتمەسلىكىمىز، پۇرسەت تېپىپ ئۇلاردىن تېخىمۇ ئىنتىقام ئالماسلىقىمىز، بەلكى ئۇلار بىلەن چۈشىنىش ھاسىل قىلىپ، بىر-بىرىمىزگە ھېسداشلىق قىلىشىمىز، بىر-بىرىمىزگە يار-يۆلەك بولۇشىمىز، بىر-بىرىمىزنى ئەپۇ قىلىشىمىز لازىم.

روھىڭلارنى كونترول قىلىپ، كۆڭلۈڭلەرنىڭ خاتىرجەم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئىككىنچى پرىنسىپنى ئېسىڭلاردا تۇتۇشۇڭلار كېرەك:

رەقىبلىرىمىزنى ئۆچ كۆرسەك، كۆپ ھاللاردا ئۆزىمىز زىيان تارتىمىز. ئۆزىمىز ياخشى كۆرمەيدىغان كىشىلەر بىلەن سەن-پەن دېيىشمەن دەپ ۋاقتىمىزنى ئىسراپ قىلىۋەتمەسلىكىمىز كېرەك.

## 3. باشقىلارغا ۋاپا قىلسام، ئۇ ماڭا جاپا قىلدى دەپ ھەسرەت چەكمەڭ

يېقىندا تېكساس ئىشتاتىدا بىر سودىگەر بىلەن تونۇشۇپ قالدىم، شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ تازا ئوغىسى قايناپ يۈرگەنىكەن. بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى بىرەيلەن ماڭا، بىز بۇ سودىگەر بىلەن كۆرۈشۈپ 15 مىنۇت ئىچىدە ئۇ چوقۇم ئۆزىنىڭ ئاچچىقلىنىش سەۋەبلىرىنى بىزگە سۆزلەپ بېرىدۇ دېگەنىدى. دېگەندەك، ئۇنىڭ ئوغىسىنى قايناتقان ئىشنىڭ بولغىنىغا ئەمەلىيەتتە 11 ئاي بولغانىكەن، بىراق ئۇ بۇ ئىشنى يەنىلا كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرۈپتۇ. ئۇ ئۇچراشقانلىكى ئادەمگە بۇ ئىش توغرىسىدا دەرد تۆكۈپ بېرىدىكەن. ئۇ روژدېستۋو بايرىمىدا قول ئاستىدىكى 34 نەپەر ياللانما خادىمغا مۇكاپات سوممىسى سۈپىتىدە 10 مىڭ دوللار تارقىتىپ بەرگەن — ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەربىر ئادەمگە 300 دوللاردىن تېگىدۇ — بىراق، بىرمۇ ئادەم ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولمىغان. «ھەقىقەتەن پۇشايمان قىلىمەن، — دەيدۇ ئۇ ئاغرى-

نىپ ، — ئۇلارغا بىر تىيىنمۇ بەرمىسەم بوپتىكەن» .

كۇڭفۇزى ، دەرغەزەپكە كەلگەن ئادەمنىڭ ئىچىدە زەھەر قاينايدۇ دېگەنىدى ، مېنىڭچە بۇ ئادەم دەل ئەنە شۇنداق ئادەملەردىن ئىكەن . مېنىڭ راستىنىلا ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى . ئۇ يېشى 60 تىن ئاشقان ئادەم ئىدى . ئادەم ئۆمرىنى خەۋپسىزلەندۈرۈش شىركىتىنىڭ مۆلچەرلىشىچە ، ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى ئۇلارنىڭ ئەمەلىي يېشى 80 گە كىرگۈچە بولغان ئارىلىقتىكى ئومۇمىي ياش سانىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىغا تەڭ بولىدىكەن . دېمەك ، ئەگەر كۈتۈلمىگەن ۋەقە يۈز بېرىپ قالمىسا ، بۇ سودىگەر تەخمىنەن يەنە 14 — 15 بەش يىل ئۆمۈر كۆرىدىكەن . قارىشىمچە ، ئۇ قالغان ئۆمرىنى ئاللىبۇرۇن قويرۇقىنى قوم باسقان بۇ ئىشتىن ئاغرىنىپلا ئۆتكۈزىدىغاندەك تۇرىدۇ . بۇنچە قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

ئەمەلىيەتتە ، ئۇ كونىبويى ئۆزىگە ئۆزى قېيىداپ ، ئاچچىقلىنىپ يۈرگەندىن كۆرە ، ئۆزىنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرى ئۈستىدە ئويلىنىپ كۆرسە ، مۇكاپاتنىڭ ياخشى ئۇنۇم بەرمەسلىكىدىكى سەۋەبلەرنى تەت- قىق قىلىپ باقسا بولاتتى . بەلكىم ئۇنىڭ ياللانما خادىملارغا بېرىدى- غان ئىش ھەققى ئاز ، سالىدىغان ئىشى بەك ئېغىردۇ ؛ بەلكىم ياللانما خادىملار بۇ مۇكاپات سوممىسىنى تارتۇق دەپ بىلمەي ، ئۆزلىرىنىڭ ئېلىشقا تېگىشلىك ھەققى دەپ قارىغاندۇ ؛ بەلكىم ئادەتتىكى چاغلاردا ئۇ بەك قوسۇرچى ، يېقىنلاشقىلى بولمايدىغان ئادەم بولغان بولسا ، ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشكە پېتىنىغۇدەك ئادەم چىقمىغاندۇ ؛ بەلكىم ياللانما خادىملار ، بۇ دېگەن شۇنداق بىر كېپىقالغان چاغلىق پۇل ، غوجايىن بەربىر ئۇنى يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان باجدىن تۇتۇپ قالىدۇ دەپ قارىغان بولۇشى مۇمكىن......

ئېھتىمال ياللانما خادىملارنىڭ قىلغىنى توغرا ئەمەستۇ . بەلكىم ئۇلار ئەسلىدىلا نەپسانىيەتچى ، نومۇسسىز كىشىلەر بولسا كېرەك . سەۋەب ئۇنداق بولۇشىمۇ ، بۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن ، بۇ ھەقتە ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمەيمەن . ئېنىقكى ، سىلەرمۇ بىر نەرسە دېيەل- مەيسىلەر . بىراق ، مەيلى نېمە دېمەيلى ، مېنىڭچە ، دوكتور سامىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جونسوننىڭ سۆزى تازا يوللۇق : «مىننەتدارلىق — كۆڭۈل قويۇپ يېتىشتۈرۈشكە توغرا كېلىدىغان مېۋە ، ۋاپاسىز كىشىلەر بۇنداق مېۋە يېتىشتۈرەلمەيدۇ » .

بۇ سودىگەردە كىشىلىك مۇناسىۋەت جەھەتتىكى بىر ئەقەللىي ساۋات كەم ئىكەن . باشقىلارغا قىلغان ھىممەت ـ شەپقىتىگە ئۇلارنىڭ ھەشقاللا ئېيتىشىنى تەمە قىلىش ئۇنىڭ ئەڭ زور خاتالىقى ئىكەن .

سىز بىرەر ئادەمنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇۋالغىنىڭىزدا ، قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى ئۇنىڭ كۆڭلىدە مەڭگۈ قالىدۇ دەپ ئويلامسىز ؟ ئۇنداق قىلماسىز . مەشھۇر ئادۋوكات سامېل رېبوۋتىز سودىيە بولۇشتىن ئىلگىرى 78 ئادەمنى ئۆلۈم جازاسىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالغان . ئۇلاردىن قانچە ئادەمنىڭ ۋاقىت چىقىرىپ ئۇنىڭغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرگەنلىكى ياكى ئۇنىڭغا روژدېستوۋو بايرىمى كارتوچكىسى ئەۋەتكەنلىكىنى بىلەمسىلەر ؟ بىرسىمۇ ئۇنداق قىلمىغان !

ئەيسا ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن 10 نەپەر ماخاۋ كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتقان . بىراق ، ئۇلاردىن ئەيسا ئەلەيھىسسالامغا مىننەتدارلىق بىلدۈرگەنلەر قانچە ؟ ئاران بىر . ئىشەنمەيدىغان بولساڭلار : «لوكاس ئىنجىلى»نى ئوقۇپ بېقىڭلار . ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ تالىپ ـ لىرىدىن : «قالغان توققۇزەيلەن نەگە كەتتى ؟» دەپ سورايدۇ . ئەسلىدە ئۇلار كېتىپ قالغان ، بىرەر ئېغىز مىننەتدارلىقمۇ بىلدۈرمەي تىكىۋەتكەن ! ئەيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن سېلىشتۇرغاندا ، مەن ۋە سىزنىڭ ، جۈملىدىن تېكساس ئىشتاتىدىكى ھېلىقى سودىگەرنىڭ ، باشقىلارغا قىلغان ئازغىنە شەپقىتىمىزگە ئۇلارنىڭ ھەشقاللا ئېيتىشىنى تەلەپ قىلىشقا ئەرزىگۈدەك نېمە ئاساسىمىز بولسۇن ؟

باشقىلارغا پۇل ياردەم قىلىش ئۈستىدە توختىلىدىغان بولساق ، خەققە بەرگەن ئاز ـ تولا پۇلىمىز ئۈچۈن ، ئۇلارنىڭ مىننەتدار بولۇپ كۆز يېشى قىلىشىنى ئۈمىد قىلىش تېخىمۇ ھاجەتسىز . چارلېز سىۋاب ماڭا ، ۋاپاغا جاپا قىلغانلىق توغرىسىدا بولغان بىر ئىشنى سۆزلەپ بەرگەنىدى . بانكىنىڭ بىر ئىش بېجىرگۈچىسى بانكىنىڭ پۇلىغا

پاي چېكى بازىرىدا هايانكەشلىك قىلىپ ، پايدا ئېلىش ئۇياقتا تۇر-
سۇن ، تۇرمىگە كىرىپ قالغىلى تاس قالغان . چارلېز سىۋاب ئۇنى
قۇتۇلدۇرۇپ قالغان ، زىياننى تولدۇرۇۋالسۇن دەپ ئۇنىڭغا بىر بۆ-
لۈك پۇل بەرگەن . بانكىنىڭ بۇ ئىش بېجىرگۈچىسى ئۇنىڭغا مىننەت-
دارلىق بىلدۈرگەنمۇ ؟ بىلدۈرۈشنىغۇ بىلدۈرگەن ، بىراق ئاغزىنىڭ
ئۇچىدىلا بىلدۈرگەن . كېيىن ئۇ يۈزسىزلىك قىلىپ چارلېزنى قارد-
لاپ ، نۇرغۇن كەلسە - كەلمەس سۆزلەرنى قىلغان . مانا بۇ چارلېز
سىۋاب تۈرمىگە كىرىپ قېلىشتىن پۇل خەجلەپ قۇتۇلدۇرۇپ قالغان
ئادەمنىڭ ئىشى !

تۇغقىنىڭىزغا 1 مىليون دوللار هەدىيە قىلغىنىڭىزدا ئۇنىڭ
مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشىنى ئۈمىد قىلامسىز ؟ ئاندرېۋ كارنېگىي دەل
ئاشۇنداق ئۈمىدتە بولغان . بىراق ، ئەگەر ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە
گۆردىن ئۆمىلەپ قوپۇپ ، بۇ تۇغقىنىنىڭ ئۆزىنى زەهەرخەندىلىك
بىلەن قارغاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىيالىسا ئىدى ، قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەن
بولاتتى . نېمە ئۈچۈن ؟ چۈنكى ، بۇ «بايۋەچچە» 3 مىليون 650 مىڭ
دوللار پۇلنى هەرخىل پاراۋانلىق ۋە خەير - ساخاۋەت ئورگانلىرىغا
قالدۇرۇپ قويۇپ ، تۇغقىنىنى «ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق» 1 مىل-
يون دوللار بىلەنلا يولغا سالغانىدى .

تۇرمۇش ئەزەلدىن شۇنداق بولۇپ كەلدى . مەيلى ئۆتمۈشتە بول-
سۇن ، هازىر بولسۇن ياكى كەلگۈسىدە بولسۇن ، ئىنسانلارنىڭ ماهى-
يىتى شۇنداق . شۇنىڭ ئۈچۈن ، تۇرمۇشتىكى مەسىلىلەرگە قارىتا
تەييارلىق بولۇش ، مەسىلىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا رېئاللىق بولۇش
كېرەك . رىمنىڭ خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان مارك ئاۋرۇل ئىنتايىن
ئەقىللىق ئادەم ئىدى . ئۇنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىگە مۇنداق دەپ
يېزىلغان : «بۈگۈن مەن ئاغزى بېسىلماي ۋاتىلداپ تۇرىدىغان ، ئاش
كەلسە ئىمانى قاچىدىغان هېلىقى ئادەملەر بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇپ
قالدىم . مەن ئۇنىڭغا هەيرانمۇ قالمىدىم ، ئاچچىقلىنىپمۇ كەتمىدىم ،
چۈنكى دۇنيادا ئۇنداق ئادەملەرنىڭ بولماسلىقى ئەقىلگە سىغمايدۇ» .
بۇ سۆز ئاڭلىماققا ئىنتايىن مەردلىك بىلەن ئېيتىلغانىدەك قىلى-

ـدۇ ، شۇنداق ئەمەسمۇ ؟ ئەگەر بىز ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان قىلمىشلارغا زەردىمىز قايناپ يۈرىدىغان بولساق ، بۇنى يەنە كىمدىن كۆرۈش كې‍ـ ـرەك ؟ ئېھتىمال بۇنى ئىنسانلارنىڭ ماھىيىتىدىن ياكى ئۆزىمىزنىڭ بۇنداق ماھىيەتتىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكىمىزدىن كۆرۈشىمىز مۇمـ ـكىن . مۇبادا بىز تۇرمۇشتا كۇتۇلمىگەن بىرەر شاپائەتچىگە يولۇقۇپ قالساق ، ئالاھىدە ھەيرانلىق ھېس قىلساق بولىدۇ ؛ بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان ئەھۋالدا غەزەپلىنىپ يۈرۈشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق .

كىشىلەر ۋاپاغا ۋاپا قىلىشنى بىلمەسلىكى تەبىئىي ئىش ؛ باشقىـ ـلاردىن ۋاپاغا ۋاپا قىلىشنى زورمۇزور ئۈمىد قىلىش ئۆزىنى ئۆزى بىئارام قىلغانلىق خالاس . بۇ مەن بۇ بابتا شەرھلەپ ئۆتمەكچى بولغان بىرىنچى نۇقتىئىنەزەر .

مەن نيۇ - يوركلۇق بىر ئايالنى تونۇيمەن . ئۇ دائىم ئۆزىنىڭ يالغۇزلۇقىدىن ئاغرىنىپلا يۈرىدۇ . ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى كىشىلەردىن بىرەرسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن يېقىن ئۆتۈشنى خالىمايدۇ . ئەمەلىيەتتە سۆزلەپ كەلسەك ، بۇ ھەيران قالارلىق ئىشمۇ ئەمەس . ئەگەر سىز ئۇنى يوقلاپ بارسىڭىز ، ئۇ سىزگە : جىيەن قىزلىرى كىچىك چېغىدا ئۆزىنىڭ ئۇلارغا نېمىلەرنى قىلىپ بەرگەنلىكى ؛ ئۇلارغا قىزىل چىـ ـقىپ قالغاندا ، ئۇلار گورەن بەز ياللۇغى ، كۆكيۆتەل بولۇپ قالغاندا ئۇلارنى قانداق كۈتكەنلىكى ؛ ئۇلارنى قانداق بېقىپ ، سودا مەكتىپىدە قانداق ئوقۇتقانلىقى ، كېيىن ئۇلارنى قانداق ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلغانلىقى ...... ھەققىدە بىرقانچە سائەت كوتۇلداپ بېرىدۇ .

كېيىن ئۇنىڭ بۇ جىيەن قىزلىرى ئۇنى يوقلاپ بارغانمىدۇ ؟ ئارىلاپ بىر - ئىككى قېتىم يوقلاپ بارغان . بىراق ، ئۇلار مەجبۇرىيەـ ـتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈنلا بارغان . قىزلار ئۇنى يوقلاپ بېرىشتىن قورقىدىكەن . ئۇلارغا ئايان ئىكەنكى ، ئەگەر ئۇلار ئۇنى يوقلاپ بارىـ ـدىغانلا بولسا بىرقانچە سائەت داۋىسىنى يېيىشىدە گەپ يوق ئىكەن . ئۇنىڭ بىر ئىشنى تەگەپ ئاغزى بېسىلماي كوتۇلداۋېرىشى ، توختىماي ئاھ ئۇرۇشلىرى ئۇلارغا پەقەت ئارام بەرمىگەن . ئۇمۇ جىيەن قىزلىـ ـرىنى چاقىلىغا كىرگۈزەلمىگەن ، جىيەن قىزلىرى ئۇنىڭ يامان

گەپلىرىگە چىدىيالمىغانلىقتىن، ئۇنى يەنە يوقلاپ كېلىشتىن يالتايغان ھامان، ئۇ دەرغەزەپكە كەلگەن. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ، ئۇ ئۆزىگە ئۆزى يۈرەك كېسىلى تېپىۋالغان. دوختۇرلارنىڭ دىياگنوز نەتىجىسىدىن ئۇنىڭ راستىنىلا نېرۋا خاراكتېرلىك يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقى، يۈرەك ھەرىكىتىنىڭ بەك تېز ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان. دوختۇرلار ئۇنىڭكىدەك كېسەلگە تېببىي پەندە ئامال يوقلۇقىنى، چۈنكى ئۇنىڭ كېسىلى كەيپىيات ئامىلىدىن كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈر بولغىنى ۋاپاسىزلىق قىلدى دەپ باشقىلاردىن ئاغرىنىپ يۈرمەي، كۆڭلىنى خاتىرجەم تۇتۇش ئىكەنلىكىنى ئېيتقان.

دۇنيادا بۇنداق ئاياللاردىن قانچىلىكى بارلىقىنى بىلىپ بولمايدۇ. ئۇلار كۈنبويى باشقىلارنى ۋاپاسىزلىق قىلدى، بىزنى تاشلىۋەتتى دەپ ئاغرىنىپ يۈرۈپ، ئاخىر ئۆزىگە ئۆزى كېسەل تېپىۋالىدۇ. ئۇلار باشقىلار مېنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرسىكەن دەپ يۈرىدۇ، بىراق ئۇلارنى ھېچكىم ياخشى كۆرمەيدۇ. ئۇلار نېمە ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى كۆپرەك قىلىشنى، باشقىلاردىن قىلغان ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرۇشنى ئازراق تەلەپ قىلىشنى بىلمەيدىغاندۇ؟

بۇ رېئاللىقتىن ھالقىپ كەتكەن، غەلىتە بىر خىل قىياس ئەمەستۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئەكسىچە، بۇ ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان بىر خىل ئاقىلانە تەشەببۇس، بىز ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان بەختنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك شەكلى. مەن بۇنداق شەكىلنى ئوبدان چۈشىنىمەن. مەن بۇ جەھەتتە ئائىلەمدە بىۋاسىتە تەسىراتقا ئىگە بولغانىدىم. ئاتا- ئانام باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلەتتى. گەرچە ئائىلىمىز ئىنتايىن نامرات، قاتمۇقات قەرزگە بوغۇلغان بولسىمۇ، ئاتا - ئانام ئاروزىنا ئىشتاتىدىكى يېتىم بالىلار فوند جەمئىيىتىنىڭ «خىرىستىيان دىنى ئائىلىسى»گە ھەر يىلى بىر قىسىم پۇل ئىئانە قىلىپ تۇراتتى. ئاتا-ئانام ئۇ يەرگە ئەزەلدىن بېرىپ باقمىغان، ئەزەلدىن ھېچكىم ئۇلارنىڭ ئىئانىسىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ باقمىغان (ئادەتتىكى بىر پارچە

www.uyghurkitap.com

مىننەتدارلىق خېتىدىن باشقا ) ئىدى . بىراق ، ئاتا ـ ئانام بۇنى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىز دەپ ھېسابلايتتى . ئۇلار ئۆي ـ ماكانسىز بالىلارغا ئازدۇر ـ كۆپتۇر ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشنىلا ئۈمىد قىلاتتى ، لېكىن بۇ بالىلاردىن كۈنلەرنىڭ بىرىدە كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلمايتتى .

مەن چوڭ بولۇپ قاتارغا قوشۇلۇپ ، ئاتا ـ ئانامدىن ئايرىلىپ يىراققا كەتكەندىن كېيىن ، ھەر يىلى روژدېستۋو بايرىمىدا ئۇلارغا ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلىرىنى سېتىۋالسۇن دەپ ئاز ـ تولا پۇل ئەۋەتىپ بېرىشنى ئادەت قىلىۋالغانىدىم . بىراق ، ھەر قېتىم ئائىلىگە قايتقىنىمدا ، دائىم ئۇلارنىڭ شەھەردىكى پالانى «بىچارە ئايال» نىڭ ئېرى ئۆلۈپ كەتكەچكە ، ئۇنىڭغا يېمەكلىك ۋە يېقىلغۇ سېتىۋېلىپ ئاپىرىپ بەرگەنلىكى ، يەنە بىر توپ بالىلارنىڭ ئىنتايىن جاپالىق كۈنگە قالغانلىقى توغرىسىدىكى گەپلىرىنى ئاڭلايمەن . باشقىلارغا ياردەم قىلىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان بۇنداق روھ ئاتا ـ ئانامغا نېمىدېگەن زور خۇشاللىق ئېلىپ كەلگەن ـ ھە ! ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ياردىمىگە قىل چاغلىق ياخشىلىق قايتۇرۇشنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانلىقىدا .

مېنىڭچە ، ئاتا ـ ئانام ئارستوتېل ئېيتقان ئاشۇ ئالىيجاناب ئادەملەر دەرىجىسىگە يەتكەن . ئارستوتېل مۇنداق دېگەنىدى : «باشقىلارغا خىزمەت قىلىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان ، باشقىلارنىڭ ياردەم بېرىشىگە ئۈمىد باغلاشنى نومۇس دەپ بىلىدىغان ئادەملەر ئالىيجاناب ئادەملەردۇر » .

بەختلىك ياشاي دېسىڭىز ، باشقىلارنى مەندىن مىننەتدار بولدى-بولمىدى ، ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلدى ، قىلمىدى دېگەندەك ئىشلارغا ئېسىلىۋالماڭ ، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلسىڭىزلا ئۆزىڭىزنى خۇش قىلالايسىز . بۇ مەن بۇ بابتا شەرھلەپ ئۆتمەكچى بولغان ئىككىنچى نۇقتىئىنەزەر .

جاھاندىكى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ھەممىسى پەرزەنتلىرىدىن ۋاپادار بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ . ھالبۇكى ، پەرزەنتلەر مۇۋاپىق تەربىيە كۆر-

مىسە قانداقمۇ ۋاپادار بولسۇن ؟ ۋاپاسىزلىق ياۋا ئوت - چۆپكە ، ئادەمگەرچىلىك ئەتىرگۈلگە ئوخشايدۇ . ياخشى پەزىلەت تەربىيەلەشكە موھتاج .

مۇبادا بالىلىرىمىز ۋاپاسىزلىق قىلسا ، ئۇنى كىمدىن كۆرۈش كېرەك ؟ پەقەت ئۆزىمىزدىنلا كۆرۈش كېرەك . چۈنكى ، بىز ئۇلارغا باشقىلاردىن مىننەتدار بولۇش توغرىسىدا تەربىيە بەرمىدۇق ، ئۇلارمۇ بىزدىن مىننەتدار بولمايدۇ .

مەن چىكاگولۇق بىر ئادەم بىلەن تونۇشىمەن . ئۇنىڭ ئۆگەي بالىلىرىدىن ۋاپاسىزلىق قىلدى دەپ ئاغرىنىشقا ئاساسى بار ئىدى . ئۇ بىر قەغەز قۇتا ياساش زاۋۇتىدا ئىشلەيتتى ، ئىش ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ ، ھەر ئايدا ئاران 200 — 300 دوللار تاپاتتى . كېيىن ئۇ بىر تۇل خوتۇن بىلەن توي قىلدى ، خوتۇنى ئۇنىڭدىن خەقتىن پۇل قەرز ئېلىپ ئۆزىنىڭ ئىككى بالىسىنى ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇتۇشنى تەلەپ قىلدى . ئۇ ھەر ئايلىق ئىش ھەققى بىلەن بىر ئۆيلۈك ئادەمنى باقاتتى ، ئۆي ئىجارىسى تۆلەيتتى ، كۆمۈر ، كىيىم - كېچەك سېتىۋا- لاتتى . يەنە قەرز ئالغان پۇلنىڭ ئۆسۈمىنى تۆلەيتتى . ئۇ شۇ تەرىقىدە توپتوغرا تۆت يىل ئات - ئېشەك ئورنىدا ئىشلەپ ھالىدىن كەتسىمۇ قىلچە ئاغرىنمىدى .

ئەمما ، بۇ ئادەم ئۇلاردىن خوۋلۇق كۆردىمۇ ؟ ياق . ئۇنىڭ خوتۇ- نى بۇنىڭ ھەممىسىنى ھەقلىق يوسۇندا قىلىدىغان ئىش دەپ قارىدى . ئۆگەي بالىلىرىمۇ ئانىسى بىلەن ئوخشاش قاراشتا ئىدى . ئۇلار ئۆزى- نى ئەزەلدىن ئۆگەي دادىسى ئالدىدا قەرزدار دەپ ھېس قىلمايتتى ، ئۇنىڭدىن قىلچىمۇ مىننەتدار ئەمەس ئىدى .

بۇ كىمنىڭ خاتالىقى ؟ ئىككى ئوغۇلنىڭمۇ ؟ ئەلۋەتتە . بىراق ، خاتالىقنىڭ چوڭى ئۇلارنىڭ ئانىسىدا . ئۇنىڭ قارىشىچە ، ئىككى ئوغ- لى ئازراق بولسىمۇ «ئازاب» ھېس قىلسا بولمايتتى . شۇڭا ، ئۇ ئوغۇللىرىغا ئەزەلدىن «ئۆگەي داداڭلار جاپا - مۇشەققەت چېكىپ سىلەرنى ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇتتى ، ئۇ نېمىدېگەن ئالىيجاناب ئادەم- ھە ! » دېمەي ، بەلكى «ھە ، بۇ دېگەن ئۇنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەجبۇرىيىتى » دەپ قارايتتى .

بالىلارنى ئاشۇنداق تەربىيەلەشنىڭ نەتىجىسى قانداق بولدى ؟ ئۇلارغا دۇنيادا پەقەت بىزلا بار ئوخشايمىز دەيدىغان بىرخىل خاتا ئىدىيەنى سىڭدۈرۈپ قويدى . كېيىن ئۇلاردىن بىرسى باشقىلارنىڭ پۇل ۋە مال - مۈلۈكلىرىنى قاقتى - سوقتى قىلغانلىقتىن پۇتىغا كىشەن سېلىنىپ تۈرمىگە كىرىپ ، يىرگىنىشلىك ئاقىۋەتكە قالدى .

شۇنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز لازىمكى ، بالىلارنىڭ ئەخ-لاق - پەزىلىتى بىزنىڭ ئۇلارغا بەرگەن تەربىيەمىزنى ئىپادىلەيدۇ . مەسىلەن ، ھامام دىئولا ئالېكساندىر بۇنىڭغا شانلىق ئۈلگە بولالايدۇ . ئۇ بالىلىرىنىڭ ئۆزىگە «شەپقەتسىز »لىك قىلغانلىقىنى ئەزەلدىن ھېس قىلىپ باققان ئەمەس . كىچىك چاغلىرىمدا ، ھامام ۋىئولا ئانىسىنى ئائىلىسىگە ئەكىلىۋېلىپ ئۇنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم ؛ ئۇ قېيىنئانىسىغىمۇ ئۆز ئانىسىدەك مۇ-ئامىلە قىلاتتى . بۇ ئىككى مومايىنىڭ ھامام ۋىئولانىڭ ئۆيىدىكى تام مەشنىڭ ئالدىدا مۈگدىشىپ ئولتۇرغان كۆرۈنۈشى ھازىرمۇ كۆز ئال-دىمدىن كەتمەيدۇ . ئۇلار ئېھتىمال ھامامغا بىر يۈك بولغاندۇ ؟ شۇنداق ، چوقۇم شۇنداق بولىدۇ . لېكىن ، ئۇنىڭ سۆز - ھەرىكىتى-دىن ھېچكىم بۇ گەپكە ئىشەنمەيدۇ . ئۇ بۇ ئىككى مومايغا ئامراق . شۇڭا ، ھەممە ئىشتا ئۇلارنىڭ رايىغا بارىدۇ . ئۇلار نېمە دېسە شۇنى قىلىپ بېرىپ ، ئۇلارنى خۇددى ئۆز ئۆيىدە ياشاۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرىدۇ . ھامام ۋىئولانىڭ ئالتە بالىسى بار ، بىراق ئۇ ئەزەلدىن بالىلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى كۆرسىتىشنى ياكى ئىككى مومايىنى باققان-لىقىنى دەستەك قىلىۋېلىشنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمايدۇ . ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئالغاندا ، ئىككى مومايىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۇنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى .

ھامام ۋىئولانىڭ ھازىرقى ئەھۋالى قانداق ؟ ئۇنىڭ ئېرى ئۆلۈپ كەتكىنىگە 20 نەچچە يىل بولدى ، ئالتە بالىسى چوڭ بولۇپ قاتارغا قوشۇلۇپ ھەممىسى ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ قالدى . ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ .

ئۇلار ھامامنى ئىززەتلەيدۇ، ھامامنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرىدۇ.
بۇ «مىننەتدار» بولغانلىقتىنمۇ؟ ياق. ئانا - بالا ئوتتۇرىسىدىكى
مېھىر - مۇھەببەتتىنمۇ؟ تامامەن ئۇنداقمۇ ئەمەس. بۇ بالىلار كىچە-
كىدىن تارتىپلا مېھرىبانلىق ئىچىدە ياشىغان، ئىللىق ئىنسان تەبىئە-
تىنى ئۆزلەشتۈرگەن، ئىناق كەيپىيات ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرگەن.
بۈگۈنكى كۈندە، ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولۇپ، ھامام بۇنداق مېھرى-
بانلىق، ئىنسان تەبىئىتى ۋە ئىناق كەيپىياتقا موھتاج بولغاندا،
بالىلىرى بۇ نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا تەبىئىي ھالدا بەردى.

شۇنى ئېسىمىزدە ساقلىشىمىز كېرەككى، بالىلىرىمىزنىڭ بىز-
گە بولغان مېھىر - مۇھەببىتى كۆتۈرۈلۈپ كەتمىسۇن دېسەك، ئۆزى-
مىزمۇ ۋاپاغا جاپا قىلماسلىقىمىز لازىم.

كونىلاردا «بالىنىڭ قانداق بولۇشى تەربىيەگە باغلىق» دەيدىغان
گەپ بار، بالىلار بىزنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىمىزنى تەقلىد قىلىشقا
تولىمۇ ئۇستا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىزگە شۇنى تەۋسىيە قىلى-
مەنكى، كېلەر نۆۋەت بالىلىرىڭىزنىڭ ئالدىدا باشقىلارنىڭ دوستانە
ھەرىكىتىنى سۇندۇرۇشتىن دەرھال تىلىڭىزنى تارتىڭ. «قاراڭلار،
بۇ دەسمالدەك نەرسىگە، بۇ نەرسە ھاممىمىز سۇسانىنىڭ بىزگە ئەۋەت-
كەن روژدېستۋولۇق سوۋغىسى ئىكەن! قولدا توقۇلغان بۇنداق نەرسە
نەچچە پۇلغا يارايدۇ!» دېگەندەك گەپلەرنى ھەرگىز قىلماڭ. ئېھتى-
مال سىزنىڭ بۇ گەپنى قىلىشىڭىزدا غەرەز يوقتۇ، لېكىن ئاڭلىغۇ-
چىلار ئۇنىڭغا ئۆزىچە مەنە بېرىدۇ - دە، بالىلارنى ئۇنى ئاسانلا ئۆز
گېپىگە ئايلاندۇرۇۋالىدۇ. شۇڭا: «ھاممىمىز سۇسانىنى ئويلاپ كۆ-
رەيلى، بىزگە بۇ روژدېستۋو سوۋغىسىنى توقۇيمەن دەپ قانچىلىك
ۋاقتى كەتكەندۇ - ھە! ئۇ ھەقىقەتەن بەك ياخشى ئايال. دەرھال خەت
يېزىپ، ئۇنىڭغا مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرۈشىمىز كېرەك» دېگەن-
دەك چىرايلىق سۆزلەرنى كۆپرەك قىلىشىمىز لازىم. شۇنداق قىل-
ساق، بالىلاردا دوستلۇقنى قەدىرلەيدىغان بىر خىل ئادەت ئىستىخە-
يەلىك ھالدا يېتىلىشى مۇمكىن.

باشقىلارغا ۋاپا قىلسام، ئۇ ماڭا جاپا قىلدى دەپ ئاغرىنىش ۋە

بىئارام بولۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، تۆۋەندە سىلەرگە ئۈچىنچى پىرىنسىپنى ئېيتىپ بېرەي :

1 . باشقىلارنىڭ ياخشىلىقىڭىزغا جاۋاب قايتۇرمىغىنىغا رەنجىپ يۈرمەڭ ، ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ . ئەيسا ئەلەيھىسسالام بىر قېتىمدىلا 10 ماخاۋنى داۋالاپ ساقايتىپ قويسا ، پەقەت بىرسىنىڭلا مىننەتدارلىق بىلدۈرگەنلىكىنى ئويلىسىڭىز ، بىزدە باشقىلارنى مىننەتدار قىلغۇدەك نېمە بولسۇن ؟

2 . خۇشال - خۇرام ياشاشنىڭ بىردىنبىر چارىسى — باشقىلارنىڭ مىننەتدار بولۇشىنى تەمە قىلىش ئەمەس ، بەلكى باشقىلارغا كۆپرەك ياخشىلىق قىلىش . باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش — بەخت .

3 . ئېسىڭىزدە بولسۇنكى ، مېھىر - مۇھەببەتنى يېتىلدۈرۈشكە بولىدۇ . بالىلىرىمىز ۋاپاسىز بولۇپ قالمىسۇن دېسەڭ ، ئۇلاردا باشقىلاردىن مىننەتدار بولىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك .

## 4 . بايلىقىڭىزنى مىڭ تىللاغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ

خاررود ئاببوت بىلەن تونۇشقىنىمغا كۆپ يىل بولدى ، ئۇ ئىلگىرى كەچ كۇرسىمىزنىڭ دىرېكتورى بولغانىدى . بىر كۈنى كانزاس شەھىرىدە ئۇنىڭ بىلەن يەنە ئۇچرىشىپ قالدىم . ئۇ مېنى ئاپتوموبىلى بىلەن مىسسۇرى ئىشتاتىدىكى قورۇقۇم بەرتوغا ئەكىلىپ قويدى . يولدا كېتىۋېتىپ ، ئۇنىڭدىن غەم - قايغۇنى تۈگىتىشنىڭ چارىسىنى سورىدىم . ئۇ ماڭا كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترەتكۈدەك تۆۋەندىكى ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى ، بۇنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمايمەن .

«ئىلگىرى مەنمۇ پىكرىم ئانچە ئوچۇق ئەمەس ئادەم ئىدىم ،— دېدى ئۇ ماڭا ،— بىراق بىر كۈنى ۋېبو شەھىرىدە بىر ئىشقا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى ، بۇ ئىش كۆڭلۈمدىكى بارلىق قايغۇ تۇمانلىرىنى ھەيدەپ چىقاردى . ئىشنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئاخىرلىشىشىغىچە ئاران

10 سېكۇنت ۋاقىت كەتكەن بولسىمۇ ، بىراق بۇ 10 سېكونت ۋاقىت ئىچىدە مەن ئىلگىرى 10 يىل ئىچىدە ئۆگەنگەنلىرىمدىنمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدىم . بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى مەن ۋېيبو شەھىرىدە مۇستەملىكە قىلىنغان جايلارنىڭ تاۋارلىرى بىلەن تىجارەت قىلاتتىم . ئامىتىم قاچقان بولسا كېرەك ، تاپقان - تەرگەن ھەممە دەسمىدىن قۇرۇق قالغاندىن باشقا يەنە كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز قەرزگە بوغۇلۇپ قالدىم ، بۇ قەرزنى 10 يىلدىمۇ تۆلەپ بولغۇدەك ئەمەس ئىدىم . ھېلىقى كۈنى دۇكىنىمنى تاقاپ ، ‹سودىگەر كانچىلار بانكىسى› غا بېرىپ پۇل قەرز ئېلىپ ، كانزاس شەھىرىگە قايتىپ كېلىپ خىزمەت تاپماقچى بولۇپ تۇراتتىم . دېمىسىم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتكەنىدى ، يول ماڭسام قەدىمىمنى ئاران - ئاران يۆتكەپ تەستە ماڭاتتىم . بۇ دۇنيادا ياشاشتىن چاق تويغان ، ھېرىپ ھالىمدىن كەتكەنىدىم .

بۇ چاغدا يولنىڭ ئۇ قاسنىقىدا ئىككى پۇتى يوق بىر ئادەمنىڭ كېلىۋاتقانلىقىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى . ئۇ ئاستىغا چاق بېكىتىلگەن بىر ياغاچ تاختايدا ئولتۇرۇپ ، ئۇنى قولىدا ئىتتىرىپ كېلىۋاتاتتى . مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقان چاغدا ، ئۇ چوڭ يولنى كېسىپ ئۆتۈپ ، پىيادىلەر يولىغا ماڭاي دەپ تۇرغانىكەن . ئۇ ماڭا ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن كۈلۈپ قويۇپ ، ‹ ئەپەندىم ، ياخشىمۇ سىز ، بۈگۈن ھاۋا ھەقىقەتەن ياخشى ، شۇنداقمۇ ؟› دېدى ، ئۇنىڭغا ئېگىشىپ قاراپلا ئۆزۈمنىڭ ھەقىقەتەن كاتتا باي ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم . مەندە ماڭالايدىغان ئىككى پۇت بار ئىدى . ئۆزۈمنىڭ ئەندىشە قىلىپ يۈرگىنىمدىن راستىنلا خىجىل بولدۇم . مەن ئۆز - ئۆزۈمگە دېدىم : ‹ ئۇ پۇتى يوق تۇرۇپمۇ مۇشۇنداق ئۇمىدۋار ۋە خۇشال يۈرىدىكەن ، ئۆز - ئۆزىگە ئىشىنىش كەيپىياتى بىلەن تولۇپ تېشىپتۇ . مېنىڭ ساپ - ساق پۇتۇم تۇرۇقلۇق ئۇنىڭدەك بولالماسمەنمۇ› ؟ ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە گەجگەمدىن بېسىپ تۇرغان ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك بولدۇم . بۇنىڭدىن ئىلگىرى مەن بانكىدىن 100 دوللار قەرز ئالسام بولار دەپ تۇرغانىدىم ، بۇ ئىشتىن كېيىن غەيرەتكە كېلىپ 200 دوللار قەرز ئالدىم ؛ دەسلەپتە بانكىدىكىلەرگە كانزاس شەھىرىگە قايتىپ خىزمەت

تاپماقچى بولۇۋاتىمەن دېمەكچىدىم ، كېيىن ئۇلارغا مۇشۇ يەردىن خىزمەت تاپالايدىغانلىقىمغا تولۇق ئىشەنچىم بار دېدىم . پۇل قەرز ئالدىم ، كېيىنچە راستتىنلا خىزمەتمۇ تاپتىم » .

بىر قېتىم مەن ئېدىي رىكنىبېكتىن : ھادىسىگە ئۇچرىغان ئاغىنىلىرىڭىز بىلەن سالغا چىقىۋېلىپ ، پوتونلەي ئۈمىدسىز ھالدا تىنچ ئوكياندا لەيلەپ يۈرگەن چاغلىرىڭىزدا قانداق ھېسسىياتتا بولغانىدىڭىز دەپ سورىسام ، ئۇ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەنىدى : «ئۇ چاغدا شۇنداق ھېسسىياتتا بولدۇمكى ، بىر ئادەم ئەگەر تاتلىق سۇنى قانغۇدەك ئىچەلىسە ، قورساقنى مەززىلىك تائاملار بىلەن ئوبدان تويدۇرالىسا ، بۇ دۇنيادا ئۇنىڭدىن خۇشال ئادەم بولماس » .

بىر قېتىم «دەۋر » ژۇرنىلىدا گۇادالكانال ئارىلىدا ياللانغان بىر شياشى (مىلادشىي سېرژانت ) تەسۋىرلەرنگەن بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىندى . ئوق پارچىسى ئۇنىڭ كانىيىنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتكەنىكەن ، دوختۇرلار ئۇنىڭغا يەتتە قېتىم قان بېرىپتۇ . ئۇ گەپ قىلالمايدىغان بولغاچقا ، بىر باغاقچە يېزىپ ، دوختۇردىن : «مەن ساقىيالامدىمەن ؟ » دەپ سوراپتۇ . دوختۇر : «چوقۇم ساقىيالايسىز » دەپ جاۋاب بېرىپتۇ . ئۇ يەنە ئىككىنچى باغاقنى يېزىپتۇ : «مەن يەنە گەپ قىلالامدىمەن ؟ » دوختۇر ئۇنىڭغا : «جەزمەن گەپ قىلالايسىز » دەپ جاۋاب بېرىپتۇ . بۇ چاغدا ئۇ ئۈچىنچى باغاقچىنى تەڭلەپتۇ ، ئۇنىڭغا : «مېنى راستتىنلا شەيتان ئازدۇرۇپتۇ !ئۇنداقتا نېمىدىن غەم قىلغۇدەكمەن ؟ » دەپ يېزىلغانىكەن .

مۇبادا سىلەرمۇ ئۆزۈڭلارغا ئاشۇنداق سوئال قويۇپ باقساڭلار ، كۆڭلۈڭلەرنى پاراكەندە قىلغان ئاشۇ مەسىلىلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن كىچىك ئىشلار ئىكەنلىكىنى تېزلا بايقىۋالالايسىلەر .

تۇرمۇشتىكى ئىشلارنىڭ تەخمىنەن 90 پىرسەنتى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ . ئوڭۇشسىز بولىدىغانلىرى ئاران 10 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ . ئەگەر تۇرمۇشىمىز كۆڭۈللۈك ئۆتسۇن دېسەك ، كۆڭلىمىزنى 90 پىرسەنت ئىشقا قويۇپ ، 10 پىرسەنت كۆڭۈلسىز ئىش بىلەن كارىمىز بولمىسۇن . ئۇنداق بولمايدىكەن ، سان - ساناقسىز ھەسرەت ۋە غەم-

قايغۇدا قالىمىز - دە، ئۆزىمىزنى ئاشقازان يارىسى ۋە قان بېسىمى يۇقىرىلىق كېسەللىكگە گىرىپتار قىلىپ قويىمىز.

«گىرىفنىڭ ساياھىتى» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى جوناسىن سۋفىت ئەنگلىيە ئەدەبىيات ساھەسىدىكى تىپىك ئۈمىدسىز ئادەم. ئۇ بۇ دۇنياغا تۆرىلىپ قالغىنىغا بىئارام بولغان. ھالبۇكى، ئۇچىغا چىققان بۇ ئۈمىدسىز ئادەم چەكسىز ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ياشاپ تۇرۇپمۇ ئازادىلىك ۋە خۇشاللىقنىڭ ساغلاملىق جەھەتتىكى ئاجايىپ كۈچ - قۇدرىتىنى مەدھىيەلىگەن. ئۇ مۇنداق دېگەن: «دۇنيا بويىچە ھەممىدىن ئۇستا دوختۇرمۇ ‹نەپسىنى يىغىش› دوختۇرى، ‹تىنچ-ئاراملىق› دوختۇرى ۋە ‹شاد - خۇراملىق› دوختۇرىغا يەتمەس».

ئەمەلىيەتتە، دىققەت - ئېتىبارىمىزنى ئۆز ئىلكىمىزدىكى بايلىق ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرىدىغانلا بولساق، «شاد - خۇراملىق» دوختۇ-رىنى ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆز خىزمىتىمىزگە سالالايمىز. بىزنىڭ بايلىقىمىز ئەلى بابا ھەققىدىكى رىۋايەتتە تەسۋىرلەنگەن ئۇنچە - مەرۋا-يىتلاردىن كۆپ ئارتۇق. ئىشەنمەمسىز؟ ئەمىسە ئىككى كۆزىڭىزنى 10 مىليون دوللارغا سېتىشنى خالامسىز؟ ئىككى كۆزىڭىزنىڭ قانچە پۇلغا يارايدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ ئىككى قولىڭىز بىلەن ئىككى قۇلىقىڭىزنىڭ قانچە پۇلغا يارايدىغانلىقىنىمۇ بىلەمسىز؟ بالىلىرىڭىز بىلەن ئائىلىڭىزنى قانچە پۇلغا ساتىسىز؟ ئەگەر بۇ بايلىقىڭىزنىڭ ھەممىسىنى قوشسىڭىز، ئۇنىڭغا روكفېللېر، فور ۋە مورگېنلارنىڭ ھەممە مال - كۈلكىنىڭمۇ چىقىش قىلمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىسىز!

شوپېنخائۇۋېر: «بىز ئۆز ئىلكىمىزدىكى نەرسىلەرنى ئانچە خى-يالىمىزغا كەلتۈرۈپ كەتمەيمىز، كۆپ ھاللاردا ئۆزىمىزدە كەم نەر-سىلەرنىڭ غېمىدە بولىمىز» دېگەنىدى. شۇنداق، بۇ دۇنيادىكى ئەڭ زور تىراگېدىيە ئىنسانلارنىڭ ئاشۇنداق ناچار خاھىشىدىن كېلىپ چىققان. ئۇنىڭ ئىنسانىيەتكە كەلتۈرگەن ئازابى تارىختا يۈز بەرگەن بارلىق ئۇرۇش ۋە ۋابا كېسەللىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ.

دەل مۇشۇنداق ناچار ئىدىيەۋى خاھىش جون پالمېرغا ئوخشاش نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇق بېشىدىن ئۆتكەن بىر ئەر كىشىنىمۇ

www.uyghurkitap.com

كوت ـ كوت ، بىچارە ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغىلى تاس قالغان . مەن جون پالمېر بىلەن تونۇشىمەن ، تۆۋەندىكى ھېكايىنى ئۇ ماڭا ئۆز ئاغزى بىلەن سۆزلەپ بەرگەنىدى .

«ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ ئۇزاق ئۆتمىگەنىدى ، ھەربىي كىيىملىرىمنى سېلىپ تاشلاپ تىجارەت قىلىشقا باشلىدىم . بىر دۇكان ئېچىپ ، كېچە ـ كۈندۈز دېمەي تىجارەت قىلدىم ، ھال ـ كۈمۈم خېلى ئوبدان بولۇپ قالغانىدى . بىراق ، كېيىن ماتېرىيال ئۆكسۈپ قالدى . دۇكىنىم ھازىرلا تاقىلىپ كېتىدىغاندەك قورقۇپ ، كۈنبويى بوغنۇقۇپ ، چىرايىمنى ئاچماي يۈرەتتىم . ئۇ چاغدا مەن بۇنداق يامان كەيپىياتنىڭ قانداق ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىكەنمەن . ئەمدى چۈشەندىمكى ، بەختلىك ئائىلەمنى بۇزۇۋەتكىلى تاس قاپتىكەنمەن . بىر كۈنى بىر ياللانما خىزمەتچىم — ئۇرۇشتا يارىلانغان بىر يىگىت ماڭا مۇنداق دېدى : 〈 پالمېر ، سىز خىجىللىق ھېس قىلمامسىز ؟ دۇنيادا پەقەت سىزلا ئازاب چېكىۋاتقاندەك قىلىدىكەنسىز . دۇكىنىڭىز ۋاقتىنچە تاقىلىپ قالسا نېمە بوپتۇ ؟ ئەھۋال نورماللاشقاندىن كېيىن تىجارىتىڭىزنى داۋاملاشتۇرسىڭىز بولمىدىمۇ ؟ باشقىلاردا يوق نۇرغۇن نەرسىلىرىڭىز تۇرۇقلۇقمۇ كۈنبويى ئاغرىنىپلا يۈرىدىكەنسىز . سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولغان بولسام بوپتىكەن ! ماڭا قاراپ بېقىڭە . مېنىڭ بىرلا قولۇم بار ؛ يۈزۈمنىڭ يېرىمىنىمۇ ئوق ئۇچۇرۇپ كەتكەن . شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ ئۇمىدسىزلەنگىنىم يوق . ئەگەر ئاغرىڭىز بېسىلماي ئاشۇنداق يۈرۈۋەرسىڭىز يۈز ـ ئابرۇيىڭىزنى يوقىتىپلا قالماستىن ، بەلكى تەن سالامەتلىكىڭىز ، ئائىلىڭىز ۋە دوستلىرىڭىزدىنمۇ ئايرىلىپ قالىسىز 〉 . بۇ سۆزلەر ماڭا جىددىي سىگنال بولدى . مەن شۇنى تونۇپ يەتتىمكى ، ئەمەلىيەتتە مەندە ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ قالغۇدەك ھېچقانچە ئىش يوق ئىدى . شۇنىڭ بىلەن بۇنداق ھالىتىمنى دەرھال ئۆزگەرتىشكە نىيەت باغلاپ ، ئەسلىدىكى غەم ـ غۇسسىسىز تۇرمۇشۇمنى ئەسلىگە كەلتۈردۈم » .

لۇسىر بىلاك ئىسىملىك بىر تونۇشۇم بار . ئۇ ئۆزىدە بار نەرسى-

لەر ئۇچۇن خۇش بولۇشنى ، ئۆزىدە يوق نەرسىلەر ئۇچۇن كۆڭلىنى يېرىم قىلماسلىقنى چۈشىنىشتىن ئىلگىرى ، ئازاب - ئوقۇبەت گىردابىغا پېتىپ قالغانىدى .

مېنىڭ لۇسىر بىلەن تونۇشقىنىمغا كۆپ يىل بولدى . ئۇ چاغدا ھەر ئىككىمىز كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاخبارات لېكسىيە سىنىپىدا قىسقا خەۋەر يېزىشنى ئۆگىنىۋاتاتتۇق . بۇنىڭدىن توققۇز يىل ئىلگىرى ئۇ ئارىزونا ئىشتاتىدا تۇرغان كۈنلىرىدە ئىنتايىن قورقۇنچلۇق بىرئىش بېشىدىن ئۆتۈپتۇ . تۆۋەندە ئۇنىڭ بۇ ئاجايىپ كەچۈرمىشلىرىنى بىللە ئاڭلاپ باقايلى .

«مەن تۇرمۇشۇمنىڭ قايىنىمىدا قالدىم ، — دەپ سۆز باشلىدى ئۇ ، — ئۇ چاغدا مەن ئارىزونا ئۇنىۋېرسىتېتىدا سۇنايلىق ئاككوردىيون چېلىشنى ئۆگىنىۋاتاتتىم ، يەنە كېلىپ كېكەچلىكنى داۋالايدىغان بىر دوختۇرخانىنىڭ باشلىقى ئىدىم ، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا يەنە قوشۇمچە مۇزىكا دەرسى ئۆتەتتىم . دوست تۇتاتتىم ، تانسىغا باراتتىم ، ئات بەيگىسىگە قاتنىشاتتىم . بىر كۈنى ئەتىگەندە توساتتىن كوللاپس بولۇپ قالدىم ، دوختۇر بۇنىڭ يۈرەكنىڭ ئاجىزلىشىشىدىن بولغان ھادىسە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ، ‹بىر يىل يېتىپ ئارام ئېلىشىڭىز ، مۇتلەق جىمجىتلىقنى ساقلىشىڭىز شەرت !› دېدى . ئۇ يەنە سالامەتلىكىمنىڭ بۇرۇنقىدەك ئەسلىگە كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى .

بىر يىل يېتىپ ئارام ئال ، مۇتلەق جىمجىتلىقنى ساقلا دېگەنلىك مېنى ئۆل دېگەنلىك ئەمەسمۇ ؟ بۇنىڭدىن ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ھېس قىلدىم . بۇنداق تەتۈر پېشانىلىك ماڭىلا كېلەمدۇ ؟ بۇنداق كۈنگە قالغۇدەك نېمە يامانلىق قىلغان بولغىيتتىم ؟ يىغلىدىم - قاقشىدىم . چەكسىز ھەسرەت چەكتىم . لېكىن ، يەنىلا دوختۇرنىڭ مەسلىھەتىنى ئاڭلاپ بالنىستتا ياتتىم . قوشنام رودولف ئەپەندى رەسسام ئىدى ، ئۇ مېنى يوقلاپ كەلگەندە ماڭا تەسەللى بېرىپ مۇنداق دېدى : ‹سىز بىر يىل يېتىپ ئارام ئېلىشنى تىراگېدىيە دەپ قارامسىز ؟ ئۇنداق بولۇشى ناتايىن . ئەمەلىيەتتە ، مەسىلە ئۈستىدە مۇلاھىزە قىلىدىغان ۋاقتىڭىز تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ . ئۆگەنسەم بولاتتى دېگەن نەرسىلىرى-

ڭىزنى ئۆگىنەلەيسىز، بىرقانچە ئايدىن كېيىن ئىدىيەڭىزدە بىر خىل سەكرەش بولۇشى مۇمكىن. بىر يىلدا ئۆگىنىۋالغان نەرسىلىرىڭىز ئۆمرىڭىزگە كەلگەندىن بۇيان ئۆگەنگەن نەرسىلىرىڭىزدىنمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن›. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئاستا-ئاستا بېسىقىمغا چۈشتۇم. ئالغا ئىلگىرىلىشىمگە ئىلھام بېرىدىغان كىتابلارنى ئوقۇشقا باشلىدىم. بىر كۈنى رادىيودىن بىر رادىيو نۇتقىنى ئاڭلىدىم، نۇتۇق سۆزلىگۈچى: ‹كىشىلەر پەقەت كۆڭلىدە ھېس قىلغان نەرسىلەرنىلا ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ› دېدى. بۇنداق سۆزلەرنى قانچە قېتىملاپ ئاڭلىغانتىمكىنتاڭ، بۇ قېتىمقىسىنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن تەسىرى ئەڭ چوڭقۇر بولدى. ھازىردىن تارتىپ مېنى خۇش قىلىدىغان، كۆڭلۈمنى ئاچىدىغان ۋە تەن سالامەتلىكىمگە پايدىلىق بولغان ئىشلارنىلا ئويلاي دېگەن ئىرادىگە كەلدىم. ھەر كۈنى ئەتىگەندە يۈز-كۆزۈمنى يۇغاچ تاتلىق خىياللارنى سۈرىمەن. پەقەت ئاغرىق ھېس قىلمايمەن. بىر ئوماق قىزىم بار. كۆزۈم كۆرەلەيدۇ، قۇلىقىم ئاڭلىيالايدۇ. رادىيودا ئاڭلىتىلىۋاتقان مۇزىكىلار كىشىنى شۇنچە مەپتۇن قىلاتتى. كىتاب كۆرۈشكە ۋاقىت دېگەن بار. تامىقىممۇ ياخشى. شۇنچە كۆپ ياخشى دوستلىرىم بار ئىدى. مېنى يوقلاپ كېلىدىغانلار كۆپ بولغاچقا، دوختۇرلار ھەتتا مەن ياتقان ياتاقنىڭ ئىشىكىگە تاختا ئېسىپ قويۇشقا مەجبۇر بولۇشتى. بىر قېتىمدا بىرلا ئادەمنىڭ كىرىشىگە يول قويۇلاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاقىت جەھەتتىمۇ چەك بار ئىدى.

توققۇز يىل ئۆتۈپ كەتتى، ھازىر تۇرمۇشۇم ئىنتايىن باياشات ئۆتۈۋاتىدۇ. يېتىپ ئارام ئالغان ئاشۇ كۈنلىرىمدىن مىننەتدارمەن. ئارىزونادا ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىمنى ئەڭ ياخشى، ئەڭ ئەھمىيەتلىك كۈنلىرىم دەپ قارايمەن. ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئۆزۈمگە پايدىلىق ئىشلارنى ساناپ چىقىمەن، بۇ ئادەت ئاشۇ كۈنلەردە شەكىللەنگەنىدى، بۇ مېنىڭ ئەڭ زور بايلىقىم. مەن ھەتتا شۇنداق دەپ ئېيتالايمەنكى، ‹مەن تۇرمۇشۇمنى ھېلىلا ئۆلۈپ كېتەرمەنمىكىن دەپ قورقۇپ يۈرگەن كۈنلىرىمدە ھەقىقىي ئۆگىنىۋالدىم› ».

قەدىرلىك لۇسىربلاك ، ئېھتىمال سىز بىلمىسىڭىز كېرەك ، تۇرمۇشتىن ئالغان يۇقىرىقى ساۋنقىڭىز بۇنىڭدىن 200 يىل ئىلگىرى ئۆتكەن ئەنگلىيەلىك مەشھۇر تىلشۇناس سامىل جونسوننىڭمۇ ساۋنقى . دوكتور جونسون : «شەيئىلەرگە ياخشى جەھەتتىن قارايدىغان ئادەتكە ئىگە بولۇش 1000 فونت سىتېرلىڭلىق پۇلىڭىز بولغاندىنمۇ قەدىرلىك» دېگەنىدى . بۇ سۆز بىر ئاتاقلىق غەم يېمەس زاتنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئەمەس ، بەلكى ئاخىر بېرىپ ئەينى چاغلاردىكى ئەڭ مەشھۇر يازغۇچىغا ئايلىنىشتىن ئىلگىرى 20 يىل ۋەھىمە ، نامراتلىق ۋە ئاچ - يالىڭاچلىقنىڭ دەردىنى تارتقان ئادەمنىڭ ئاغزىدىن چىققان .

ل .ب .شىمېس ھەقىقەتەن كىشىنى ئويغا سالىدىغان نۇرغۇن پەلسەپىۋى قائىدىلەرنى بىرقانچە جۈملە قىسقا ۋە ئاددىي سۆز بىلەن ئىخچاملاپ بەرگەن . ئۇ مۇنداق دېگەنىدى : «تۇرمۇشتا ئىككى نەرسىنىڭ كويىدا بولۇش كېرەك ، بىرسى قولغا كەلتۈرۈشنى ئارزۇ قىلىغان نەرسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ كويىدا بولۇش ؛ يەنە بىرسى قولغا كەلتۈرگەن نەرسىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇش كېرەك . ئەقىللىق ئادەملەرلا بۇنىڭ ھەر ئىككىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ» .

ھەتتا قاچا - قۇچا يۇيۇشتەك ئاددىي ئائىلە ئەمگىكىنىڭمۇ چەكسىز سېھرىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىڭلار ! ئىشەنمىسەڭلار بوگ شىرد داللىسىنىڭ كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان تەرجىمىھال خاراكتېرلىك رومانى — «گۈزەل تەبىئەتنى كۆرگۈم بار» نى ئوقۇپ بېقىڭلار . بۇنىڭدا توپتوغرا يېرىم ئەسىر ئەما ئۆتكەن بىر ئايالنىڭ باتۇرانە ھاياتىدىن ئېلىنغان ئەمەلىي ئەھۋال تەسۋىرلەنگەن . ئۇ كىتابىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ : «مېنىڭ بىرلا كۆزۈم بار ، بۇ كۆزۈمنىمۇ بىر چوڭ چاقا توسۇپ تۇرىدۇ ، بىرنەرسە كۆرمەكچى بولسام سول تەرەپتىكى كىچىك يوچۇقتىنلا قارايمەن . كىتاب كۆرگەندە كىتابنى كۆزۈمگە يېقىن تۇتۇپ ، سول كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا مىڭ تەستە ئوقۇيمەن» .

بىراق ، ئۇ ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ ئىچ ئاغرىتىشىغا موھتاج بولمىغان ، باشقىلارنىڭ ئالاھىدە مۇئامىلە قىلىشىنىمۇ ئۈمىد قىلمىغان .

كىچىك چېغىدا ئۇ دوستلىرى بىلەن جىجىق ئويۇنى ئويناشنى ياخشى كۆرەتتى ، ھالبۇكى ، ئۇ يەرگە بور بىلەن سىزىلغان سىزىقلارنى ئوچۇق كۆرەلمەيتتى . باشقا بالىلار ئۆيلىرىگە قايتىپ كەتكەندىن كېيىن ، ئۇ يەردە دۈم يېتىۋېلىپ ، سىزىلغان سىزىقلارنى كۆڭۈل قويۇپ كۆزىتىپ ، ئېسىدە چىڭ تۇتۇۋالاتتى - دە ، ھەر قېتىم ئويۇنغاندا ئىنتايىن ياخشى ئوينايتتى . ئۇ ئائىلىسىدە ئۆگىنىش قىلغاندا ، چوڭ ھەرپلەر بىلەن بېسىلغان كىتابنىڭ ۋارىقى كىرپىكىگە تېگىپ تۇرغۇدەك دەرىجىدە يېقىن تۇتۇپ ئوقۇيتتى . ئۇ كۆپ قىينالغان بولسىمۇ ، يەنىلا ئىككى ئىلمىي ئۇنۋانغا ئېرىشكەنىدى .

ئۇ مېنىستا ئىشتاتىنىڭ ۋىلاي دېگەن بىر كىچىك كەنتىدە تۇرمۇش يولىغا قەدەم قويغان . كېيىن جەنۇبىي داكوتا ئىشتاتىنىڭ ئاۋگوستا ئۇنىۋېرسىتېتى ئاخبارات فاكۇلتېتىدا لېكتورلۇق قىلغان . ئۇ بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا 13 يىل ئىشلىگەن ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قەرەللىك ھالدا ئاياللار جەمئىيىتىگە بېرىپ دوكلات بەرگەن ، رادىيو ئىستانسىسىغا بېرىپ يازغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلىگەن . «كۆڭلۈمدە ئىزچىل تۇردە بىر خىل قورقۇش كـەيـپـىياتـى يوشۇرۇنۇپ تـۇرىدۇ ، — دەپ يازىدۇ بوگ شىرد داللىس ، — پۈتۈنلەي كۆرمەس بولۇپ قېلىشىمدىن قورقىمەن . بۇنىداق ئىدىيەۋى كەيپىياتنى يېڭىش ئۈچۈن ، ئىمكانقەدەر ئۆزۈمنى خۇشال تۇتتۇم ، بۇنىڭ بىلەن بىر خىل ئۈمىدۋار كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىم شەكىللەندى » .

كېيىن 1943 - يىلى ، يەنى ئۇ 52 ياشقا كىرگەن يىلى ، ئۇ مىئو دوختۇرخانىسىدا مۆجىزە دېگۈدەك بىر قېتىملىق تاشقى ئوپېراتسىيەنى قوبۇل قىلدى . بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى بىراقلا 40 ھەسسە ئاشتى .

بىر يېڭى گۈزەل دۇنيا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى . بۇ چاغدا ئۇ ھەتتا ئاشخانىدا قاچا - قۇچا يۇيۇشنىمۇ كىشىنى ئىنتايىن تەسىرلەندۈرىدىغان ئىش دەپ ھېس قىلدى . «قاچا - قۇچا يۇيۇش دورىسىنىڭ ئوقۇرىدىكى ئاپئاق ماغزاپلىرى قارىماقتا كىشىنىڭ شۇن-

داق زوقىنى كەلتۈرەتتى ، — دەپ يازىدۇ ئۇ ، — ماغزاپ شارچىلىرىنى قولۇمغا ئېلىپ ، قۇياش نۇرىغا تۇتسام ، شارچىلار ئۈستىدە يول-يول رەڭگارەڭ كىچىك ھەسەن - ھۆسەنلەرنىڭ نۇر چاقنىتىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى » . ئۇ بۇنداق گۈزەل شارسىمان كۆپۈك ۋە سىرتىنىڭ مەنزىرىلىرىنى كۆرەلىگەنلىكىدىن ئەڭ خۇشاللىق ھېس قىلغان . ئۇ مۇنداق بىر جۈملە سۆزنى كىتابىنىڭ ئاخىرقى سۆزى قىلغان : «شەپقەتلىك ئاللا ، ساڭا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن !»

ئويلاپ بېقىڭلار ، ئۇنىڭ ئاللاغا بۇنداق چىن كۆڭلىدىن ھەمدۇسانا ئېيتىشى ئۇنىڭ ئاشخانىغا كىرىپ قاچا - قۇچىلارنى يۇيالىغانلىقىدىن ، شارسىمان ماغزاپلاردىكى كىچىك ھەسەن - ھۆسەنلەرنى كۆرەلىگەنلىكىدىندۇر . ئۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرغاندا بىز خىجىللىق ھېس قىلمامدۇق؟ بىز رىۋايەتلەردىكىدەك گۈزەل دۇنيادا ياشايمىز ، بىراق كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمىگەنگە سالىمىز ، ئاڭلاپ تۇرۇپ ئاڭلىمىغان بولۇۋالىمىز .

ئەگەر سىلەر غەم - ئەندىشىدىن خالىي بولۇپ ، يېڭى ھاياتىڭلارنى قايتىدىن باشلىماقچى بولىدىكەنسىلەر ، تۆتىنچى پرىنسىپنى ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇشۇڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن :

بىز بىر قۇياش سائەت بولۇپ ، مەنىلىك ئۆتكەن مىنۇتلىرىمىزنى خاتىرىلەپ ماڭايلى .

## 5 . ئۆزىمىزگە ئىشەنچ باغلىشىمىز لازىم

ئالدىمدا بىر پارچە خەت تۇراتتى ، بۇ خەتنى ئېدىس ئارلېت ئىسىملىك بىر خانىم شىمالىي كارولىنا ئىشتاتىنىڭ مونتېئار دېگەن يېرىدىن ئەۋەتكەنىدى . خەتتە مۇنۇلار يېزىلغان : «كىچىك چېغىمدا پاكار ، ۋىجىك ئىدىم . ئانام بىر خىل كونا ئەنئەنىگە ئىخلاس قىلىدىغان بولغاچقا ، بالا دېگەن بەك چىرايلىق كىيىنىپ يۈرمەسلىكى كېرەك دەپ قارايتتى . ئۇ كەڭ كىيىم چىدامىلىق كېلىدۇ ، تار كىيىم

ئاسان يىرتىلىپ كېتىدۇ دېگەننى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى ، شۇڭا ماڭىمۇ كەلگ ھەم چوڭ كىيىملەرنى تىكىپ بېرەتتى . ئانام مېنىڭ باشقا دوستلىرىم بىلەن بىللە ئوينىشىمغا رۇخسەت قىلمايتتى . مەك-تەپكە كىرگەندىن كېيىنمۇ ھەرقانداق شەكىلدىكى تەنتەربىيە پائالىـ-يەتلىرىگە ۋە دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەرگە قاتناشمىغانىدىم . ئۆ-زۈمنى ئوشۇقچە ئادەمدەك ھېس قىلاتتىم ، باشقىلارمۇ مېنى ئەزەلدىن كۆزگە ئىلىپ كەتمەيتتى .

كېيىن ئۆزۈمدىن بىرقانچە ياش چوڭ بىر يىگىتكە ياتلىق بول-دۇم . تويدىن كېيىن مەندىمۇ ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى . قې-يىنئاتام - قېيىنئانام ۋە ئۇلارنىڭ باللىرى ئىنتايىن قىزغىن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىگە تولۇق ئىشەنچ باغلىغانىدى . مەنمۇ ئۇلاردەك تەبىئىي بولۇشنى تازا خالايتتىم . بىراق ، قولۇمدىن كەلمەيتتى . بارلىق ئۇرۇنۇشلىرىم مەغلۇپ بولغانىدى . ئۇلارنىڭ مېنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈمىدىدە ئېلىپ بارغان ھەرقانداق تىرىشچان-لىقى ، ئەكسىچە مەندىكى قورۇنۇش ۋە قورقۇش كەيپىياتىنى ئاشۇرۇ-ۋەتكەنىدى . مەن بارغانسېرى ئەسەبىيلىشىپ كەتتىم ، بارغانسېرى ئاسان ئاچچىقلايدىغان بولۇپ قالدىم . بارلىق تونۇش - بىلىشلىرىم بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىشنى رەت قىلدىم ، ھەتتا ئېغىرلىشىپ ئىشىكنىڭ قوڭغۇرىقى جىرىڭلىغاننى ئاڭلىساممۇ ئالاقزادە بولۇپ كې-تىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدىم . ھەرقانداق ئىشقا يېقىن يولىغۇم كەلمەيتتى . بۇ يوشۇرۇن دەردىمنى ئېرىمنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن بەك قورقاتتىم ، شۇڭا ئىلاجسىز ھالدا ئۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي ئالاقىدەك ئالاقە قىلىپ ، ئىنتايىن خۇشال قىياپەتكە كىرىۋالاتتىم . بىراق ، بۇ قىلغانلىرىم تازا تەبىئىي ئەمەس ئىدى . ئۆزۈمنىڭ خۇپسەنلىك قىلى-ۋاتقانلىقىمنى بىلىپ تۇراتتىم ، بىرەر ئىشتىن كېيىن ھەمىشە بىر-قانچە كۈن ئازابلىناتتىم . قىلغان ئىشلىرىمنىڭ بىرسىمۇ كۆڭلۈمگە ياقمايتتى . كېيىن بۇنداق ياشاشنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ ، ئۆلۈۋېلىش نىيىتىگە كەلگەنىدىم » .

بۇ بەختسىز ئايالنىڭ ھايات يولىنى ئۆزگەرتكەن نەرسە نېمە؟

مەقسەتسىز ھالدا ئاڭلاپ قالغان بىر جۈملە سۆز.

«تولىمۇ تاسادىپىي ئاڭلاپ قالغان بىر جۈملە سۆز پۈتۈن ھاياتىمنى ئۆزگەرتتى، — دەيدۇ ئېدىس ئارلېت خانىم، — بىر كۈنى قېيىنئانام پەرزەنت تەربىيەلەش ھەققىدە سۆزلەپ قالدى. ئۇ مۇنداق دېدى: 〈بالىلارنىڭ قانداق ئىش قىلىشى بىلەن مېنىڭ كارىم يوق. مېنىڭچە، ھەممىدىن مۇھىمى ئۇلاردا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك بولۇش كېرەك〉. 〈ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك بولۇش كېرەك〉 دېگەن بۇ سۆز مەندە ئاجايىپ تەسىر پەيدا قىلدى. مەن توساتتىن شۇنى بىلىپ يەتتىمكى، بۇ ئازاب پۈتۈنلەي ئۆزۈمگە ئۆزۈم تاپقان ئازاب ئىكەن. بۇنىڭ سەۋەبى، مەن ئەسلىمگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بىرخىل ئەندىز بويىچە ياشىماقچى بولغانىكەنمەن.

بىر كېچىدىلا پەدەمنى ئۆزگەرتتىم. ئۆز ئالاھىدىلىكىم بويىچە ياشاشقا باشلىدىم. ئۆزۈمنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىپ، ئارتۇقچىلىقلىرىمنى تاپتىم. ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق يېڭىچە كىيىملەرنىڭ رەڭگى ۋە نۇسخىسىنى ئۇقۇشۇپ كۆرۈپ، ئۆزۈمگە ياراشىدىغان كىيىملەرنى كىيدىم؛ كۆپچىلىككە — دەسلەپتە ئادەم سانى كۆپ بولمىغان كوللېكتىپقا ئارىلىشىپ ئۆتتۈم. ئادەم جىق سورۇندا گەپ قىلسام، باشتا بەك قورقاتتىم، كېيىن بارا - بارا كۆنۈپ قالدىم. بىر مەزگىل تىرىشىش ئارقىلىق تۇرمۇشۇم كۆڭۈللۈك ئۆتىدىغان بولدى. بالىلىرىمنى تەربىيەلىگەندە مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ ئازابلىق كەچۈرمىشلىرىمدىن يەكۈنلەپ چىققان ساۋاقلىرىمنى مەڭگۈ ئېسىمدە تۇتۇپ، ئۇلارغا ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا، ئۆزۈڭلارغا خاس ئالاھىدىلىكىڭلار بولۇشى كېرەك، دەپ تەربىيە بېرىمەن».

كىشىلەرنىڭ ئۆز ماھىيىتى بويىچە ياشاشنى خالىماسلىق مەسىلىسىدە، دوكتور جېيمىس گودېن كاي مۇنداق دەيدۇ: «بۇ قەدىمدىن بۇيان مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان مەسىلە، بىراق بۇ مەسىلە ھەرقانداق ۋاقىتتا ھەل بولغىنى يوق». ئۆزىنىڭ ئەسلىنى ۋە مىجەزىنى ياقتۇرماسلىق، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارى ۋە ماھارىتىگە سەل قاراش نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نېرۋا فۇنكسىيەسى بۇزۇلۇش كېسىلى، روھىي كېسەل

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ۋە چۈشكۈنلۈك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇشىدىكى ئىچكى مەنبە. بالىلار تەربىيەسى ھەققىدە 13 پارچە كىتاب ۋە گېزىت - ژۇرناللارغا نەچچە مىڭ پارچە ماقالە يازغان ئانرىگ پارت مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزىنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي ئالاھىدىلىكىگە ماس كەلمەيدىغان باشقىچە تەبىئىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئادەم بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان كىشىلەر دۇنيا بويىچە ئەڭ بەختسىز كىشىلەردۇر».

ئۆزىگە ماس كەلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ رولىنى ئېلىشنى ئارزۇ قىلىش ھوللىۋود كىنو ئىشلەش مەركىزىدە ئالاھىدە ئەۋج ئالغان. ئامېرىكا بويىچە مەشھۇر كىنو ئىستودىيەسىنىڭ جىڭلىسى سام ۋۇد، بېشىمنى بەك قاتۇرىدىغان ئىش شۆھرەتپەرەسلىكى ئىنتايىن كۈچلۈك ياش ئارتىسلارغا ئۆزلىرىنىڭ قانداق ئادەملىكىنى قانداق قىلىپ چۈشەندۈرۈش دەپ ئېيتقان. بۇ ئارتىسلارنىڭ ھەممىسى ئىككىنچى نومۇرلۇق چولپان رانېرتۇرناس ياكى ئۈچىنچى نومۇرلۇق چولپان كىراك گابلىس بولۇشنى ئويلايدىكەن. سام ۋۇد دائىم ئۇلارغا: «تاماشىبىنلار سىلەرنىڭ كامالەتكە يەتكەن ئويۇنلىرىڭلارنى ئالقىشلاپ كۆرۈپ بولغان. ئۇلار ئەمدى يېڭىچە كۆڭۈل ئاچىدىغان نەرسىلەرگە موھتاج» دەپ تۇرىدىكەن.

«خەير - خوش، چاپۇس ئەپەندى» ۋە «سائەت داڭ ئۇرغاندا» ناملىق فىلىملەرنى ئىشلەشتىن ئىلگىرى سام ۋۇد يەر - مۈلۈك تارماقلىرىدا كۆپ يىل يەر - مۈلۈك سودىگەرلىرىنى تەربىيەلىگەنىكەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، سودا ساھەسىنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپلىرى كىنو ساھەسىگىمۇ ئوخشاشلا ئۇيغۇن كېلىدىكەن. يۈرۈش - تۇرۇشى مايمۇندەك ئادەملەر ھەرقانداق ئىش قىلسىمۇ ئىستىقبالى بولمايدۇ. بىز شاتۇتىنى دوراپ، خەق نېمە دېسە شۇنى دېمەسلىكىمىز لازىم. «تەجرىبىلەر ماڭا شۇنى ئۇقتۇرۇپ بەردىكى، — دەيدۇ سام ۋۇد،— ھالى ئۇستۇن، كىشىلەرگە سىپايىگەرچىلىك بىلەن ھەيۋە قىلىدىغان، مىجەزى ۋە ئىقتىدارى ئۆزىگە تازا مۇناسىپ كەلمەيدىغان كىشىلەرگە پەقەت دىماغ قېقىپلا قويىمەن. ئۇلار كۆزۈمنىڭ قىرىدا بىر قاراپ قويۇشقىمۇ ئەرزىمەيدىغان كىشىلەردۇر».

ئالدىنقى كۈنلەردە سۇكون ـ ۋاكون نېفىت شىركىتى كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى پاۋلوبويتو بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم . مەن ئۇنىڭدىن خىزمەت تەلەپ قىلىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى قايسى جەھەتتە ئاسان خاتالىشىدىغانلىقىنى سورىدىم ، ئۇ بۇ جەھەتتە كەسىپ ئەھلى بولۇپ ، خىزمەت تەلەپ قىلىپ كەلگەنلەردىن 60 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى بىر تەرەپ قىلغان . ئۇ تېخى ئۆز تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن «خىزمەت تېپىشنىڭ ئالتە تۈرلۈك ئۇسۇلى» ناملىق كىتابمۇ يازغان . ئۇ ماڭا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى : «خىزمەت تەلەپ قىلىپ كېلىدىغانلاردا ئەڭ ئاسان كۆرۈلىدىغان كەمچىلىك شۇكى ، ئۇلار ئۆزىنىڭ تېگىشلىك خىسلىتىنى ساقلاشنى بىلمەيدۇ . ئۇلار راست گەپ قىلىشنى خالىمايدۇ ، ئاغزىغا كەلگەننى دەيدۇ ، بىزگە قۇلىقىغا ياقىدىغۇدەك ئويلىغان چىرايلىق سۆزلەر بىلەن جاۋاب بېرىدۇ . بىراق ، بىز ساراڭ ئەمەستە ، كىم ئۇلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈشنى خالايدۇ دەيسىز ؟»

كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ «مەن دېگەن مەن ، مەن باشقا ئادەم ئەمەس» دەيدىغان پەلسەپۋى قائىدىسىنى ھەقىقىي تونۇپ يېتىش ئۇنچىلا ئاسان ئەمەس . بىر تىراللىبۇس شوپۇرىنىڭ قىزى بۇ جەھەتتە ئاچچىق ساۋاققا ئىگە بولغان . ئۇ ناخشا چولپىنى بولۇشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدىكەن . بىراق ، ئۇنىڭ چىرايى سەت ، ئاغزى يوغان ، چىشلىرى توڭكاي ئىكەن . ئۇ بىرىنچى قېتىملىق ناخشىسىنى كەچلىك كۆڭۈل ئېچىشتا ئېيتقانىكەن . توڭكاي چىشلىرىنى باشقىلار كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ ، ناخشا ئېيتقاندا ئۈستۈنكى كالپۇكىنى ئىمكانقەدەر تۆۋەنگە ساڭگىلىتىپ تۇرۇپ ئېيتىپتۇ ؛ ئۇ قەستەن سۈپەت پەيدا قىلىپ ئۆزىنى بىر كىنو چولپىنى قىلىپ كۆرسەتمەكچى بوپتۇ . نەتىجىدە تاماشىبىنلار يا يىغلاشنى ، يا كۈلۈشنى بىلمەي قاپتۇ . سىپايىگەرچىلىكنىڭ ئۇنىڭغا ئېلىپ كەلگىنى پەقەت مەغلۇبىيەت بوپتۇ .

مۇشۇ قېتىمقى كەچلىك كۆڭۈل ئېچىشقا قاتناشقانلار ئىچىدە بىر ئەر كىشى بار ئىكەن ، ئۇ بۇ قىزنىڭ ناخشا ئاۋازىدىن ئۇنىڭدا تۇغما

قابىلىيەت بارلىقىنى سېزىپتۇ. «سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭ، قىزچاق، — دەپتۇ ئۇ كىشى قىزغا گەپنىڭ ئۇچۇقىنى ئېيتىپ، — مەن سىزنى ئىلگىرى كۆرگەن، سىزنىڭ نېمىنى يوشۇرماقچى بولۇۋاتقانلىقىڭىز ماڭا ئايان. سىز سەت چىشىڭىزدىن خىجىل بولۇۋاتىسىز، شۇنداقمۇ؟» دەپ قىزنى ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ. بۇ كىشى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە دەپتۇ: «چىش سەت بولسا نېمە بوپتۇ؟ ئەجەبا چىشىنىڭ توڭكاي بولۇشى گۇناھمىكەن؟ ئۇنى يوشۇرۇشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. ئاۋازىڭىزنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ ناخشىڭىزنى ئېيتىۋېرىڭ! ياسالمىلىق قىلمىسىڭىزلا ناخشا ئاۋازىڭىز ئاڭلىغۇچىلارنى چوقۇم ھەيران قالدۇرىدۇ. كۆچىڭىزنىڭ بارىچە يوشۇرماقچى بولغان چىشىڭىز نام چىقىرىشىڭىزغا ياردەم بېرەمدۇ تېخى!»

كاسپې دالې بۇ ئادەمنىڭ نەسىھەتى بويىچە ئىش كۆرۈپتۇ: چىشى قانداق ئۆسكەن بولسا، شۇ پېتى قويۇۋېتىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ تاماشىبىنلارنىلا ئويلاپتۇ. ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، زوق - شوخ بىلەن ناخشا ئېيتىپتۇ. ئۇ تېزلا نام چىقىرىپ داڭلىق كىنو چولپىنى ۋە رادىيو ئىستانسىسىنىڭ ناخشا چولپىنىغا ئايلىنىپتۇ. ئەمدىلىكتە، باشقا ناخشىچىلار ئۇنىڭ ناخشا ئېيتىش ئۇسلۇبىنى تەقلىد قىلىدىغان بوپتۇ.

ۋىليام جېمىس مۇنداق دەيدۇ، ئادەتتىكى كىشىلەر ھەتتا ئۆزلىرىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ئەقىل - پاراسىتىنىڭ 10 پىرسەنتىنىمۇ جارى قىلدۇرغىنى يوق. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئادەملىرىمىزنىڭ ھېچ بولمىغاندا يېرىمى نادان. بىز جىسمانىي ۋە روھىي ئىقتىدارىمىزنىڭ ئاز بىر قىسمىنىلا ئىشقا سالدۇق، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، كىشىلەر ئۆزلىرى بەلگىلىگەن چەكلىك دائىرە ئىچىدە ياشىماقتا. ئەسلىدە ئۇلار يەنە باشقا ھەر خىل ئىقتىدارلارغا ئىگە ئىدى، بىراق ھەممىسى دېگۈدەك جارى قىلدۇرۇلمىدى».

ھەرقايسىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە لايىق ئىقتىدارىمىز بار، باشقىلارغا يەتمەيمەن دەپ ئەنسىرەپ يۈرۈشىمىز ھاجەتسىز. سىز دېگەن سىز،

دۇنيادا سىزگە ئوخشاش ئادەم ئىلگىرى يوق ئىدى ، ھازىرمۇ يوق ، كەلگۈسىدىمۇ بولمايدۇ .

ئىرسىيەت ئىلمى تەتقىقاتى بىزگە شۇنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇكى ، بىزنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى ئامىلىمىزنى ئاتا - ئانىمىز- نىڭ ھەرقايسىسىدا بولىدىغان 24 دانىدىن خىروموسوما يەنى جەمئىي 48 دانە خىروموسوما بەلگىلەيدۇ . ئافران سافتىنىڭ نۇقتىئىنەزىرىگە ئاساسلانغاندا ، ھەربىر خىروموسوما مەلۇم ساندىكى گېننى ئۆز ئىچىد- گە ئېلىشى مۇمكىن ، بۇ گېنلار ئېھتىمال نەچچە ئون ، نەچچە يۈز بولۇشى مۇمكىن ئىكەن . بۇ گېنلاردىن بىرى ئادەمنىڭ پۈتۈن ھاياتى- نى تامامەن ئۆزگەرتىۋېتەلەيدىكەن . ئىلمىي ھېسابلاش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولدىكى ، سىزنىڭ بىر قورساقتىن چۈشكەن 300 تىرىليون ئاچا - سىڭلىڭىز بار دېگەندىمۇ ، ئۇلاردىن بىرەرسىمۇ سىزگە ئوخشاپ قالمايدىكەن .

مېنىڭ «ھەركىمدە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك بولۇشى كېرەك» دەيدىغان ئادەم بولۇش پىرىنسىپىغا بولغان تەسىراتىم ئىنتايىن چوڭ- قۇر ، چۈنكى بۇ جەھەتتە مەن ئاچچىق ساۋاققا ئىگە بولغان . ئىشنىڭ جەريانى مۇنداق : مىسسۇرى ئىشتاتىدىن نيۇ - يوركقا بىرىنچى قېتىم كەلگەن چېغىمدا ، ئامېرىكا تىياتىر ئىنستىتۇتىغا خەت يېزىپ ، ئويۇن قويۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشنى تەلەپ قىلدىم . مېنىڭ ھېچ- قانداق ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىمايلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمەنغۇ دەيدىغان بىر خىل ئىنتايىن ساددا ئويۇم بار ئىدى ، ھەتتا مېنىڭ بۇنداق ئىدىيەمنى باشقىلارنىڭ ئىلگىرى نېمىشقا بايقىمىغانلىقىنى چۈشەن- مەيتتىم . مەن ھەرقايسى دەۋرلەردە ئۆتكەن ئەڭ مەشھۇر ئارتىسلار- نىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى سەۋەبلەرنى تەتقىق قىلىپ ، ئۇلار- نىڭ ئويۇن كۆرستىش جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى توپ- لاپ ، ئۇلارنىڭ ئويۇن كۆرستىش ئۇسۇللىرىنى تەقلىد قىلساملا دۇنيادا تەڭداشسىز مەشھۇر ئارتىس بولۇپ چىقالايمەنغۇ دەپ ھېساب- لايتتىم . بۇ نېمىدېگەن بىمەنە ، نېمىدېگەن تېتىقسىز خىيال - ھە ! نەچچە يىللىق ئۆمرۈم بىھۇدە ئۆتۈپ كەتتى ، ئاخىر ھېچقانداق نەتىجە

قازىنالمىدىم . ئاخىرىدا كاللامنى سىلكىۋېتىپ ھوشۇمنى تاپتىم : مەن دېگەن مەن ئىكەنمەن ، باشقا ھەرقانداق ئادەم بولۇپ قېلىشىم مۇمكىن ئەمەس !

بۇنداق ئىش تەكرارلىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، بۇ ئاچچىق ساۋاقنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ چىقىشىم كېرەك ئىدى ، لېكىن مەن ئۇنداق قىلمىدىم . مېنىڭ ئىدىيەم ئىنتايىن جاھىل ئىدى ، شۇڭا يەنە ئوخشاش خاتالىق سادىر قىلدىم . ئارىدىن بىرقانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ، بىر پارچە كىتاب يېزىشقا كىرىشتىم . مەن بۇ كىتابىمنىڭ كىشىلەرگە ئاشكارا سورۇنلاردا گەپ قىلىشنى ئۆگىتىدىغان ئەڭ ياخشى كىتاب بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم . دەسلەپتە ئارتىس بولۇشنى خىيال قىلىپ يۈرگەن چاغلىرىمدىكى بىمەنە خىياللىرىم يەنە باش كۆتۈردى : بىرقاتار يازغۇچىلارنىڭ پىكىرلىرىدىن پايدىلىنىپ ، ئۇ پىكىرلەرنى بۇ كىتابقا مۇجەسسەملىمەكچى بولدۇم . سۆز سەنئىتىگە دائىر نۇرغۇن كىتابلارنى سېتىۋېلىپ ، ئۇنىڭدىكى ئالاقىدار سۆز - ئابزاسلارنى توپتوغرا بىر يىل كۆچۈرۈپ رەتلەپ چىقتىم . كىتابنى يېزىپ بولۇپ قاراپلا ھەممىنى چۈشىنىپ يەتتىم . ئەسلىدە ھەرخىل - ھەر ياڭزا ئوي - پىكىر ۋە ئۇسۇللارنى ئۆزئىچىگە ئالغان بۇ داشقايناقتىن قىلچە بەدىئىي پۇراق چىقمايتتى ، يا ئوقۇپ كەلسە بىرەر مەنە چىقمايتتى . بۇ كىتابنى تۈگىگۈچە ئوقۇپ چىقىشقا قىزىقىدىغان بىرمۇ سودىگەر چىقمايتتى . نائىلاج دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ ، ئۇنىڭغا باغلىغان مۇھەببىتىمدىن ياندىم - دە ، بىر يىل يۈرەك- باغرىمنى سەرپ قىلغان بۇ «نادىر ئەسەر»نى كۆيدۈرۈۋەتتىم . بۇنىڭ بىلەن باشقا كىتاب يېزىشقا يېڭىباشتىن تۇتۇش قىلدىم . بۇ قېتىم ئۆزۈمگە ئۆزۈم مۇنداق دېدىم : «سەن چوقۇم سەن بولۇشۇڭ كېرەك ، دالې كارنېگىنىڭ ئۆزى بولۇشۇڭ كېرەك . سەن ئۆز ئۇسلۇبىڭغا ۋە ئالاھىدىلىكىڭگە ئىگە بولۇشۇڭ ، چەكلىك ئىقتىدارىڭ ئارقىلىق ئۆز تەسىراتىڭنى ئەكس ئەتتۈرۈشۇڭ كېرەك . شۇنداق قىلساڭ ، يازغان كىتابىڭ سېنىڭ بولىدۇ - دە ، ھېچكىم ئۆزىنى ساڭا سېلىشتۇرالمايدۇ» ، شۇنىڭ بىلەن باشقىلارنىڭ ئوي - پىكىرلىرىنى ئۆزۈپ

ئېلىۋالىدىغان يېزىقچىلىق ئۇسۇلىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئۆزۈمنىڭ بىۋاسىتە تەسىراتلىرىم يەكۈنلەنگەن بىر پارچە يېڭى كىتاب يېزىشقا كىرىشتىم. سۆز سەنئىتى ئۈستىدە توختىلىدىغان بۇ كىتاب كېيىن كىتابخانلارنىڭ چوڭقۇر ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولدى. مەن ئەنگلىيەلىك مەشھۇر يازغۇچى ۋالت راۋلېينىڭ مۇنۇ سۆزىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈردۈم: «مەن شېكسپىرنىڭ ئەسەرلىرىدەك ئەسەرلەرنى يازالمىسام مۇ، ئۆزۈمنىڭكىدەك كىتابلارنى يازالايمەن».

ئۇۋېن بېرلىننىڭ گېئورگى گېرشۋىنگە قىلغان ئاقىلانە نەسىھەتى بويىچە ياشاڭ: سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئۇسلۇبىڭىزنى ساقلىشىڭىز كېرەك. لېرلىن گېرشۋىن بىلەن تونۇشقان چاغدا ئىنتايىن شۆھرەتلىك مۇزىكانت ئىدى، لېكىن گېرشۋىن تېخى نامى چىقمىغان ياش كومپوزىتور بولۇپ، ئۇ چاغدا نيۇ - يوركتىكى «سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى» دە ئىشلەيتتى، ھەر ھەپتىدە 35 دوللارمۇ تاپالمايتتى. گېرشۋىننىڭ تالانتى بېرلىننى ھەيران قالدۇردى. ئۇ ھەتتا ئۈچ ھەسسە كۆپ ئىش ھەققى بېرىپ گېرشۋىننى ئۆزىنىڭ مۇزىكا ياردەمچىسى قىلىۋېلىشنى خالايتتى. «بىراق، سىزنىڭ يەنىلا مېنىڭ تەكلىپىمنى قوبۇل قىلمىغىنىڭىز تۈزۈك، — دەيدۇ بېرلىن گېرشۋىنغا مەسلىھەت بېرىپ، — بولمىسا سىز ئەڭ يۇقىرى دېگەندىمۇ ئىككىنچى دەرىجىلىك بېرلىن بولالايسىز. ھالبۇكى، ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئۇسلۇبىڭىزنى ساقلىيالىسىڭىز، ئاخىر بىر كۈنى بىرىنچى دەرىجىلىك گېرشۋىن بولۇپ چىقالايسىز». گېرشۋىن بېرلىننىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل كۆرۈپ، تەدرىجىي ھالدا ئۆز دەۋرىدە ئامېرىكا بويىچە ئەڭ ئاتاقلىق كومپوزىتور بولۇپ چىقتى.

نۇرغۇن مەشھۇر ئەربابلار، جۈملىدىن چارلىز چاپلىن، ۋىئېر-روگېرس، مارگارېت مىكېرىد، گىنائاۋترىيلارمۇ تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئانچە بىلىپ كەتمىگەنىكەن. يۇقىرىدا سۆزلەنگەن پرىنسىپلارنى ئۇلارمۇ ماڭا ئوخشاش قىممەت بەدەل تۆلەپ ئۆگەنگەنىكەن.

چاپلىن كىنولاردا رول ئېلىشقا باشلىغاندا، كىنو ئىستودىيەلىرى چاپلىن پەقەت ئەينى چاغلاردا كىشىلەر ياقتۇرىدىغان گېرمانىيە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ھەزىلچىلىرىنى دوراشقىلا يارايدىكەن دەپ تونۇۋالغان؛ ھالبۇكى، چاپلىن پەقەت چاپلىن دەپ نام ئالغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئويۇن كۆرسىتىش سەھنىسىدە پارلاق نۇر چاچقان. بوب خوپنىڭمۇ ئاشۇنداق كەچۈرمىشلىرى بولغانىكەن. ئۇ كۆپ يىل ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپمۇ ھېچقانداق نەتىجە قازىنالمىغان، كېيىن ئۇ كەسپىنى كۆلكىلىك ئويۇن قويۇشقا ئۆزگەرتكەن، يەنى ئۆزىنىڭ ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قالغاندىن كېيىن بىراقلا نام چىقارغان. ۋېل روگىس بىر كىچىك تىياتىر ئۆمىكىدە كۆپ يىل سالما سېلىش ئويۇنىنى ئورۇنلاپ، ئاخىر ھېچقانداق مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان. كېيىن ئۇ ئۆزىدە ئۆزگىچە تۇغما ھەزىلچىلىك ئىقتىدارى بارلىقىنى بايقىغان، شۇنىڭ بىلەن سالمىسىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ قىزىقارلىق گەپلەرنى قىلىپ، تېزلا تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان. مارگارىت مىكرېد دەسلەپتە تېلېۋىزىيە تىياتىرىدا رول ئالغاندا، ھەدەپ ئېرلاندىيەلىك ھەيۋارلارنى دورىغان. نەتىجىدە پەقەت مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان. كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ ماھىيىتى — ساددا مىسسۇرى قىزلىرىنىڭ ئوبرازى بىلەن تېلېۋىزور ئېكرانىغا چىقىپ، ناھايىتى تېزلا نيۇ-يوركتا ئەڭ ئالقىشقا سازاۋەر تېلېۋىزىيە ئارتىسىغا ئايلانغان. گىنائاۋترىي ھەدەپ ئۆزىنىڭ تېكساس يەرلىك شېۋىسىنى ئۆزگەرتمەكچى بولۇپ، نازاكەتلىك ياسىنىپ نيۇ-يوركتىن كەلگەن ئالىيجانابلار سىياقىغا كىرىۋالغاندا، كىشىلەر ئۇنى ئۇنداقكەن، مۇنداقكەن دەپ مەسخىرە قىلىشقان؛ كېيىن ئۇ بانجو چېلىپ تۇرۇپ جاھانكەزدىلەر ناخشىسىنى ئېيتقاندىن كېيىن بىراقلا داڭ چىقىرىپ، دۇنياغا مەشھۇر جاھان كېزەر مۇزىكانتقا ئايلىنىپ، كىنو ناخشىچىلىرى چولپىنى ۋە رادىيو ئىستانسىلىرىنىڭ ناخشا چولپىنى بولۇپ قالغان.

سىز دۇنيادا بىردىنبىر ئادەمسىز، سىز بۇنىڭدىن خۇش بولۇشىڭىز كېرەك. تەبىئەت سىزگە ئاتا قىلغان بارلىق نەرسىلەردىن تولۇق پايدىلىنىشىڭىز كېرەك. ھەرقانداق سەنئەتنىڭ ئۆزگىچىلىكى بولىدۇ. سىز ئۆزىڭىز ئېيتالايدىغان ناخشىلارنىلا ئېيتىڭ، ئۆزىڭىز سىزالايدىغان رەسىملەرنىلا سىزىڭ. سىزنىڭمۇ ئۆزىڭىزگە لايىق سەر-

گۈزەشتىڭىز بار ، سىزنىڭ ئالاھىدىلىكىڭىزنى سىز تونۇۋاتقان مۇھىت ۋە سىز قوبۇل قىلغان ئىرسىيەت ئامىلى ئاتا قىلغان. مەيلى تەقدىر - پېشانىڭىز قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۆزىڭىزگە تەئەللۇق يەرنى تېپىشىڭىز كېرەك ؛ مەيلى سىزگە قانداق تۇيۇلسا تۇيۇلسۇن ، ھاياتلىق ئوركېستىرىدا چوقۇم ئۆزىڭىزنىڭ سازىڭىزنى چېلىشىڭىز لازىم .

ئېمورسون «ئۆزىگە ئىشىنىش» ناملىق نەسرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ : «ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى ئۇنىڭ تونۇمۇشىنىڭ قائىدىلىرىنى ئۆگىنىش جەريانىدۇر » . ئۇ ھەسەتخورلۇقنىڭ نادانلىق ئىكەنلىكىگە ، مايمۇندەك ئېپتىدائىي ھالەتتە تونۇشنىڭ ئۆز بېشىغا ئۆزى چىققانلىق بولىدىغانلىقىغا ھەقىقىي ئىشىنىدۇ . ئۇ ھازىرقى كۈنىگە شۈكۈر قىلىش ، تەقدىرگە تەن بېرىشنى بىلىپ يېتىدۇ . دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرى بايلىق بىلەن تولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ، ئەگەر ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان ئاشۇ يەرگە جاپالىق ئىشلىمىسە ئاخىر ئۇنىڭغا ھېچكىم بىرەر تال دانمۇ بەرمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ . ئۇنىڭدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان كۈچ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ يېڭى كۈچىدۇر . ئۇنىڭ نېمە ئىش قىلالايدىغانلىقىنى ھېچكىم ئۇنىڭ ئۆزىدەك ئېنىق بىلمەيدۇ . ھالبۇكى ، بۇنداق قابىلىيەتنى ئۇ كۆپ قېتىملىق ئىزدىنىش ۋە سىناپ بېقىش ئارقىلىقلا ئاندىن بىلىپ يېتىدۇ » .

كۆڭۈللەرنى خاتىرجەم قىلىپ ، ئەندىشە ۋە باش قېتىنچىلىقىڭلارنى تۈگىتىشكە ياردەم بېرىدىغان بەشىنچى پىرىنسىپ :

باشقىلارنى دورىماڭ . ئۆزىڭىزنىڭ ئالاھىدىلىكىڭىزنى چۈشىنىڭ ھەمدە ئۆز ئالاھىدىلىكىڭىز بويىچە ياشاشنى ئۆگىنىۋېلىڭ .

## 6 . يامان ئىشنىڭ ياخشى ئىشقا ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك

بۇ كىتابنى يېزىۋاتقان چېغىمدا ، بىر قېتىم تەكلىپكە بىنائەت

www.uyghurkitap.com

چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ نۇتۇق سۆزلىدىم. مەن مەكتەپ مۇدىرى روبېرت ماينارد ھېستىندىن نېمىشقا غەم - ئەندىشە قىلىشنى بىلمەيسىز دەپ سورىسام، ئۇ: «مەن سېئارس شىركىتىنىڭ مەرھۇم باش جىگلىسى جۇلىئۇس روسۋارتىنىڭ: «ئەگەر سەن بىر دانە لىمون تاپقان بولساڭ، ئۇنى ئېزىپ شىرنىسىنى ئىچ» دېگەن نەسىھەتىنى باشتىن - ئاخىر ئېسىمدە تۇتۇپ كەلدىم» دەپ جاۋاب بەردى.

پەقەت ئۇلۇغ پېداگوكلا بۇ نۇقتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ، ھالبۇكى، چاكىنا ئادەملەر دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ئىش تۇتىدۇ. ئەگەر ئۇلار تەقدىرنىڭ ئۇلارغا ئاتا قىلغىنى ئاران بىر دانە لىمون ئىكەن دەپ ھېس قىلسا، «تۈگەشتىم، مېنى نەس باستى، ئىستىقبالىمدىن ئۈمىد قالمىدى» دەيدۇ. بۇ دۇنيانى قارغاشقا باشلايدۇ، كۆنبويى ئۆزى بىلەن ئۆزى ھەسرەت چېكىپ يۈرىدۇ. ھالبۇكى، ئەگەر ئەقىللىق ئادەم تەقدىر ئۆزىگە ئاتا قىلغان بۇ ئاچچىق لىموننى قولىغا ئالىدىغان بولسا: «مەن بەختسىزلىكتىن نېمىلەرنى قوبۇل قىلىشىم كېرەك؟ بۇ قىيىن شارائىتنى قانداق ئۆزگەرتىشىم كېرەك؟ ئۇنىڭدىن لىمون شەربىتى ئالالماسمەنمۇ؟» دەيدۇ.

ئۇلۇغ پىسخولوگ ئالفرېد ئادېل ئىنسانلاردىكى ھەيران قالارلىق يوشۇرۇن كۈچ ئۈستىدە ئۆمۈر بويى تولۇق تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئۇ ئادەمنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى، ئۇلارنىڭ «پايدىسىز ئىشنى پايدىلىق ئىشقا ئايلاندۇرالايدىغان بىر خىل سېھرىي كۈچ»كە ئىگە ئىكەنلىكىدە دەپ قارىغان.

مەن كۆپچىلىككە ئىنتايىن قىزىقارلىق ۋە تەسىرلىك بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بېرەي، بۇ ھېكايىنى ماڭا بىر تونۇشۇم سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئۇنىڭ ئىسمى سارما تومپسون بولۇپ، نيۇ - يورك شەھىرىنىڭ مورنىنسېرد كوچىسى 100 - نومۇرلۇق قورۇدا تۇرىدۇ. ئۇ ئايال مۇنداق دېگەنىدى: «ئۇرۇش مەزگىلىدە، ئېرىم تۇرۇشلۇق قوشۇن نيۇ - مېكسكو ئىشتاتىنىڭ موياۋ قۇملۇقىدىكى مانېۋىر گازارمىسىدا تۇراتتى. قوشۇن بىلەن بىللە يۈرگەن ئائىلە - تاۋابىئاتلار سۈپىتىدە مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدىم. مەن ئۇنداق قارغىش تەگكەن يەردىن

بىزار ئىدىم . ئۆمرۈمگە كېلىپ بۇنداق بەختسىزلىك ھېس قىلمىغاندىم . ئېرىم بۇيرۇق بويىچە قۇملۇققا مانېۋىر ئۆتكۈزۈشكە كەتسە، مەن نائىلاج ئاشۇ كىچىك چېدىردا قالاتتىم، ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 52 سېلسىيە گىرادۇسقا چىقاتتى. مۇڭداشقۇدەك بىرمۇ ئادەم تاپقىلى بولمايتتى. چۈنكى، بۇ يەردىكى مېكسىكىلىقلار بىلەن ھىندىيانلار ئىنگلىز تىلىنى بىلمەيتتى. بۇ يەرنىڭ كىلىماتى ئىسسىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بورىنىمۇ بەك قاتتىق چىقاتتى، يېمەكلىكلىرىمنى قۇم قاپلاپ كېتەتتى، ھەتتا مەن نەپەسلىنىدىغان ھاۋامۇ پۈتۈنلەي قۇم ئىدى!

مەن چەكسىز ئازاب ھېس قىلدىم. باشتا بۇ يەرگە كەلمىسەم بوپتىكەن دەپ قاتتىق پۇشايمان قىلدىم. ئاتا - ئانامغا خەت يېزىپ، دەرھال قايتىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىمنى ئېيتتىم. بۇ يەردە بىر مىنۇتمۇ تۇرغۇم كەلمەيۋاتقانلىقىنى، تۈرمىدە ياتقاندىنمۇ بەكرەك بىئارام بولۇۋاتقانلىقىمنى ئېيتتىم. دادامنىڭ ماڭا يازغان جاۋاب خېتى ئاران ئىككى قۇر ئىدى. ئۇ ئىككى قۇر خەت تۇرمۇشۇمنى ئۈزۈل-كېسىل ئۆزگەرتتى، ئۇنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇپ قالمايمەن:

تۆمۈر پەنجىرە كەينىدە ئىككى مەھبۇس،
بىرى باقار يۇلتۇزغا، بىرى كوچىدىكى پاتقاققا.

بۇ ئىككى مىسرا شېئىرنى كۆپ قېتىم قايتا - قايتا ئوقۇپ چىقتىم. ھەقىقەتەن خىجىل بولۇپ، ناچار مۇھىتتىن ئىرىشىپ ياخشى نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىش قارارىغا كەلدىم. مەن نۇر چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزغا نەزەر سېلىشىم كېرەككى، يەردىكى پاتقاققا تىكىلىپ قارىماسلىقىم كېرەك.

مەن بۇ يەردىكى يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىشقا باشلىدىم. ئۇلارنىڭ دوستانە پوزىتسىيەسى مېنى ھەيران قالدۇردى. ئۇلارنىڭ توقۇلما بۇيۇملىرى ۋە فارفۇر بۇيۇملىرىغا ئىنتايىن قىزىقىدىغانلىقىمنى ئىپادىلىگىنىمدە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ

www.uyghurkitap.com

ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلىرىنى ماڭا تەقدىم قىلىشتى — بۇ نەرسىلەرنى سەيلە - ساياھەتچىلەر يۇقىرى باھادىمۇ سېتىۋالالمايتتى . مەن بۇ يەرنىڭ ئىززەتلىك گۈلى بولغان رەيىدگۈل بىلەن يۇككاگۈلىنى تەتقىق قىلدىم ، قارا قۇيرۇقلۇق ئۇتلاق ئېتىنىڭ قانداق ھايۋان ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم . قۇملۇقتا قۇياش پاتقانىنى كۆردۈم ، قۇملۇقتىكى سەدەپلەرنى يىغدىم . بۇ سەدەپ قاپلىرى بۇنىڭدىن نەچچە مىليون يىل ئىلگىرى بۇ جاينىڭ بىپايان دېڭىز ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرەتتى .

مەن نېمانچە زور ئۆزگىرىش ياسىدىم . ھە ! موياۋ قۇملۇقى ئۆزگەرمىدى ، ھىندىيانلارمۇ ئۆزگەرمىدى . ئۆزگەرگىنى پەقەت مەنلا بولدۇم ، ئالدى بىلەن مېنىڭ ئىدىيەم بولدى . مەن ئىلگىرى ئازاب بىلىدىغان ئەھۋاللىرىمنى كىشىنىڭ قەلبىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان تەۋەككۈلچىلىككە ئۆزگەرتتىم . بۇ يېڭى دۇنيانىڭ شۇنداق سىرلىق ، شۇنداق جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم . ئۇ مېنىڭ قولۇمغا قەلەم ئېلىپ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قەغەزگە پۈتۈپ چىقىشىمغا ھەيدەكچى بولدى ، بۇ كېيىنكى چاغلاردا «يورۇق يول» دېگەن نام بىلەن ئېلان قىلىنغان ھېلىقى رومانىم ئىدى .

سارما تومپسون ، سىز ئەيسا ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كېلىشتىن 500 يىل ئىلگىرى يۇنانلىقلار تونۇپ يەتكەن «ياخشى ئىشقا كاشىلا كۆپ» دېگەن ھەقىقەتنى تونۇپ يەتتىڭىز .

20 - ئەسىردە ئۆتكەن ھاررېي ئېمىرسون فوسدىك بۇ ھەقىقەتنى يەنە ئۆز سۆزىگە ئايلاندۇرۇپ قايتا شەرھلىگەن : «بەخت — ئالدى بىلەن بەھرىمەن بولۇش دېگەنلىك ئەمەس ، بەلكى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش دېمەكتۇر» . شۇنداق ، بەخت دېگىنىمىز ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان چاغدىكى غەلىبە تۇيغۇسى ۋە لىموننىڭ شىرنىسىنى ئالغان چاغدىكى ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىدۇر .

فلورىدا ئىشتاتىدا دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ بىر نەپەر بەختلىك غوجايىنىنى زىيارەت قىلغانىدىم . ئۇ لىمونى ئېزىپ شىرنە ئېلىشنى بىلىدىغان ئادەم ئىكەن . ئۇ بۇ دېھقانچىلىق مەيدانىنى ئۆتكۈزۈۋالغان

دەسلەپكى چاغلاردا كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم بولغانىكەن، ھېچنېمە ئۈنمەيدىغان بۇ يەرگە مېۋىلىك دەرەخ كۆچىتى تىككىلىمۇ، بۇغداي تېرىغىلىمۇ بولمايدىكەن. ھەممە يەرنى چاتقال بىلەن شالدىراق قۇيرۇق يىلان قاپلاپ كەتكەنىكەن. بۇ چاغدا ئۇ مۇشۇ يەردىكى بۇ شالدىراق قۇيرۇق يىلاندىن پايدىلىنىپ ئۆزىگە بايلىق يارىتىپ، پاسسىپ ئامىلنى ئاكتىپ ئامىلغا ئايلاندۇرۇشنىڭ بىر ياخشى چارىسىنى ئويلاپ تاپقان. ئۇ يېڭىلىق يارىتىپ يىلان كونسېرۋاسى ياساشقا تۇتۇش قىلغان. بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل ئىلگىرى ئۇنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن دېھقانچىلىق مەيدانىغا بارغىنىمدا، نۇرغۇن ساياھەتچىلەرنىڭ ئۇ يەرگە بەس - بەس بىلەن كېلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم — ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھەر يىلى 20 — 30 مىڭ ئادەم كېلىدىكەن. ئۇنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى تازا روناق تېپىپتۇ. مەن زەھەرلىك يىلاننىڭ چىشىدىن سىقىپ ئالغان زەھەرلىك سۇيۇقلۇقنىڭ تەجرىبىخانىغا قانداق ئاپىرىلىدىغانلىقى، ئاندىن ئۇ يەردە قانداق پىششىقلاپ ئىشلىنىپ ئانتىتوكسىن تەييارلىنىدىغانلىقىنى كۆردۈم؛ كىشىلەرنىڭ شالدىراق قۇيرۇق يىلاننىڭ تېرىسىنى قىممەت باھادا سېتىۋېلىپ، ئايالچە بەتىنكە ۋە قول سومكىسى ئىشلەۋاتقانلىقىنىمۇ كۆردۈم؛ مەن يەنە بۇ يىلان كونسېرۋالىرىنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا قانداق يۆتكەپ ئاپىرىپ، خېرىدارلارنى تەمىن ئېتىدىغانلىقىنى كۆردۈم. بۇ دېھقانچىلىق مەيدانى توغرىسىدا ئىشلەنگەن ئاتكىرىتكىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ، كەتتىنىڭ پوچتىخانىسىدىن ئۆيگە ئەۋەتىۋەتتىم. بۇ مەن مەڭگۇ قەدىرلەپ ساقلايدىغان ئاتكىرىتكا، ئۇنىڭغا ئاچچىق مېۋىنى تاتلىق شىرىنگە ئايلاندۇرۇشنى بىلىدىغان ئادەمگە چىن دىلىمدىن ئۇرغۇپ چىققان ھۆرمىتىم سىڭگەن.

مەن نۇرغۇن جايلاردا كۆپ قېتىم سەيلە - ساياھەتتە بولدۇم، بارمىغان يېرىم يوق دېسەممۇ بولىدۇ. «پايدىسىز ئامىلنى پايدىلىق ئامىلغا ئايلاندۇرالايدىغان سىرلىق كۈچ» كە ئىگە نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن بەختلىك ئۇچراشتىم.

«ئىلاھقا قارشى چىققان ئون ئىككى ئادەم» دېگەن كىتابنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئاپتورى ۋىلىيام بولتو مۇنداق دەيدۇ: «تۇرمۇشتىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش داۋامىدا نەپ ئېلىش ئەمەس — بۇ ھەتتا سارائكلارنىڭمۇ قولىدىن كېلىدۇ — بەلكى قانداق قىلىپ پايدىسىز ئامىلنى پايدىلىق ئامىلغا ئايلاندۇرۇش. ئۇ ئەقىل - پاراسەت ۋە قابىلىيەتكە موھتاج. شۇڭا، ئۇ ئەقىللىقلار بىلەن ئەخمەقلەرنىڭ تۈپ پەرقى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ».

بۇ سۆزنى بولتو بىر قېتىملىق پويىز ھادىسىسىدە بىر پۇتىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن قىلغان. مەن يەنە بىر ئادەم بىلەنمۇ تونۇشىمەن، ئۇ ئىككىلا پۇتىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا پايدىسىز ئامىللارنى پايدىلىق ئامىللارغا ئايلاندۇرالايدىغان سېھرىي كۈچكە ئىگە. ئۇنىڭ ئىسمى بېن فورستسون. مەن ئۇنىڭ بىلەن جورجىيە ئىشتاتىنىڭ ئاتلانتا شەھىرىدىكى بىر رېستوراننىڭ لىفتىدە تونۇشۇپ قالغان. لىفتكە چىقىپلا لىفتنىڭ بۇلۇڭىدىكى چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان بۇ ئادەمگە كۆزۈم چۈشتى. ئۇ ناھايىتى تېتىك كۆرۈنەتتى. لىفت ئۇ تۇرىدىغان قەۋەتكە كېلىپ توختىغاندا، ئۇ چاقلىق ئورۇندۇقنى قولىدا ئىتتىرىپ چىقىپ كېتىش ئۈچۈن يول بوشىتىپ بېرىشىمنى دوستانە ھالدا ئۆتۈنۈپ «پوش» دېدى. گەپ قىلىۋاتقاندا چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇراتتى.

لىفتتىن چىقىپ ياتىقىمغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بايا ئۈچ-راتقان ھېلىقى مەجرۇھ يەنىلا كاللامغا كىرىۋالدى. ئۇنىڭ ياتاق نومۇرىنى باشقىلاردىن ئىزدەپ - سوراپ تېپىپ، ئۇنى يوقلاپ باردىم ھەمدە ئۆزىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بېرىشنى ئۆتۈندۈم.

«بۇ ھادىسە بۇنىڭدىن 20 يىل ئىلگىرى يۈز بەرگەن، — دەپ گەپ باشلىدى ئۇ ئوچۇق چىراي بىلەن، — ئالما دەرەخلىرىگە دىيەك قىلىش ئۈچۈن، ياڭاق دەرىخىنىڭ شاخلىرىنى كېسىپ كېلىشكە ئاپ-توموبىلىمنى ھەيدەپ بارغانىدىم. قايتىپ كېلىۋېتىپ ئاپتوموبىل بىر دوقمۇشتىن تېز بۇرالغاندا بىر تال شاخ چۈشۈپ كېتىپ رولنى قىسىۋالغاچقا، ئاپتوموبىل ئاغدۇرۇلۇپ كەتتى، مەن كابىنكىدىن سىلكىنىپ چىقىپ، بىر تۈپ چوڭ دەرەخكە ئۇرۇلۇپ كەتتىم.

ئومۇرتقام ئىغىر زەخىملەنگەنىكەن ، ئىككى پۇتۇممۇ پالەچ بولۇپ قالدى . بۇ ھادىسە يۈز بەرگەن چاغدا ئاران 24 ياشقا كىرگەنىدىم . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىككى پۇتۇمدىن ئايرىلدىم» .

ئەمدىلا 24 ياشقا كىرگەن بىر ئادەمنى تەقدىر ئۆمۈر بويى چاقلىق ئورۇندۇققا مەھكۇم قىلغانىدى ! مەن ئۇنىڭدىن بۇ بەختسىز-لىككە قانداق قىلىپ قەيسەرلىك بىلەن بەرداشلىق بەرگەنلىكىنى سو-رىدىم . ئۇ : «ئەمەلىيەتتە مەن دەسلەپتە قەيسەرلىك قىلالمىدىم» دەپ جاۋاب بەردى . ئۇ ئۆزىنىڭ بەختسىز سەرگۈزەشتىلىرىدىن غەزەپلەن-گەن ، ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسەتكەن ، ئۇنى تىللىغان . ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇ بۇنداق قىلىشنىڭ ئۆزىگە تېخىمۇ چوڭقۇر ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بارا - بارا ھېس قىل-غان . «باشقىلارنىڭ ماڭا ئاشۇنداق دوستانە مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن ، مەنمۇ ھېچبولمىغاندا ئۇلارغا دوستانە پوزىتسىيە بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشۇم كېرەك دەپ ھېس قىلدىم . شۇڭا ، بۇرۇنقىدىن خۇشال يۈرىدىغان بولدۇم» . دەيدۇ بېن فورستسون .

مەن ئۇنىڭدىن ، شۇنچە يىللار ئۆتۈپتۇ ، ئاشۇ قېتىمقى بەختسىز ۋەقەنى يەنە ئۆزىڭىزگە بولغان بىر خىل رەھىمسىز زەربە دەپ بىلەم-سىز دەپ سورىدىم . ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىنلا : «ياق» دەپ جاۋاب بەردى . ئاندىن قوشۇمچە قىلىپ مۇنداق دېدى : «ھازىر ئۇنى تېخى بىر ياخشى ئىش بوپتىكەن دەپ ھېس قىلىمەن .» ئۇ دەسلەپكى چاغلاردىكى ئازاب ۋە غەزەپ - نەپرەتتىن ئۆزىنى بېسىۋالغاندىن كې-يىن ، ئۆزىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا بىر خىل يېڭى ھاياتنى باشلى-غان . ئۇ دەسلەپتە كىتاب ئوقۇشقا كىرىشكەن ھەمدە بارا - بارا ئەدەبىياتقا ھەۋەس قىلغان . 14 يىل ئىچىدە ئۇ ھېچبولمىغاندا 14 مىڭ پارچە كىتاب ئوقۇغان . بۇ كىتابلار ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىنى ئېچىپ ، تۇرمۇشنىڭ مەزمۇنىنى ئىنتايىن بېيىتقان . ئۇ مۇزىكىدىن لەززەت ئېلىشقا باشلىغان ، بولۇپمۇ چوڭ تىپلىق سىمفونىيەلەرگە قىزىقىپ قالغان . ھالبۇكى ، ئىلگىرى ئۇ مۇنداق مۇزىكىلارنى ئەڭ لەززەتتى يوق دەپ ھېس قىلغانىكەن . ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ زور

ئۆزگىرىش ئۇنىڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر قىلىشقا ۋاقتى بولغانلىقى ئىدى . ئۇ مۇنداق دەيدۇ : «شۇنىڭدىن كېيىن مەن دۇنيانى ئىچكە كۆزىتىشكە ، شەيئىلەرنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىشقا باشلىدىم . مەن ئىلگىرى پېيىدە بولغان نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە قىلچە ئەھمىيەتسىز نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى تەدرىجىي چۈشىنىپ يەتتىم » .

كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق ئۇ تەدرىجىي ھالدا سىياسىيغىمۇ قىزىقىپ قالغان . ئەل - جامائەت كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەن ھەمدە چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ھەممە يەردە نۇتۇق سۆزلىگەن . نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن تونۇشۇپ ، ئۆزىمۇ تەدرىجىي ھالدا جەمئىيەتتىكى ئاتاقلىق كىشىگە ئايلانغان . چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرىدىغان بېن فورستون ھازىر جورجىيە ئىشتاتىدا مىنىستىر بولۇپ قالدى .

مەن نيۇ - يوركتا 35 يىل چوڭلار مائارىپى بىلەن شۇغۇللاندىم . بۇ جەرياندا شۇنى بايقىدىمكى ، نۇرغۇن چوڭ كىشىلەر يېتەرلىك مەكتەپ تەربىيەسى كۆرمىگەنلىكىدىن پۇشايمان قىلىدىكەن . ئۇلار ئالىي مائارىپ تەربىيەسى كۆرمىگەنلىكىنى ئۆزلىرىنىڭ ئۆمۈر بويى ئەپسۇسلىنىدىغان ئىشى دەيدىكەن . مەن كۆپ ھاللاردا بۇ چوڭ ئوقۇغۇچىلارغا بىر مەشھۇر ئەربابنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرەتتىم . بۇ ئادەم ھەتتا باشلانغۇچ مەكتەپتىمۇ ئوقۇپ باقمىغان ، كىچىكىدىنلا ناھايىتى نامراتچىلىقتا ئۆتكەن . دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندە ھەتتا مېيىت ساندۇقى سېتىۋالىدىغان پۇلىمۇ ئاغىنىلىرىدىن قەرز ئالغان . پۈتۈن ئائىلىنىڭ ئېغىر يۈكىنى ئۈستىگە ئالغان ئانىسى كۈنلۈك زاۋۇتتا ھەر كۈنى 10 سائەتلەپ ئىشلىگەن ، ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن بەزى ئىشلارنى ئۆيىگە ئالغاچ كېلىپ ھەركۈنى كەچ سائەت 11 گىچە ئىشلىگەن .

نامرات ئائىلىدە چوڭ بولغان بۇ بالا كېيىن ئۇلارنىڭ چېركاۋ كۇلۇبى قۇرغان بىر ئىشتىن سىرتقى تىياتىر ئۆمىكىگە قىزىققان . تىياتىر ئۆمىكىنىڭ ئويۇن قويۇشىغا قاتنىشىپ جامائەت سورۇنلىرىدا

سۆزلەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگەن ، كېيىن ئۇ يەنە سىياسىيغا قىزى-قىپ قالغان . ئۇ 30 ياشقا كىرگەندە نيۇ - يورك شەھەرلىك پارلا-مېنتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان . لېكىن ، ئۇ تۇيۇقسىز كېپقالغان بۇن-داق مۇھىم ۋەزىپىدىن ئىنتايىن تەشۋىشلەنگەن . ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ مۇھىم ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ نېمە ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى زادى بىلمەيدىغانلىقىنى ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ئېتىراپ قىلغان . ئۇ ئۇزۇن ، مۇرەككەپ ، ئۆزى كېيىن چىقىرىشقا توغرا كېلىدىغان ھۆج-جەتلەر ئۈستىدە ئىنچىكە ئويلانغان . بىراق ، ھەرقانچە قىلسىمۇ ھېچ-نېمىنى چۈشەنمىگەن . ئۇ ئورمانچىلىق كومىتېتىدا ئىشلەشكە سايلان-غان ، لېكىن ئۇ ئورمانلىققا زادىلا بېرىپ باقمىغانىكەن ، شۇڭا بۇنىڭ-دىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ۋە بىئارام بولغان . ئۇنى تېخىمۇ بىئارام قىلغىنى ، ئۆزى ھەتتا بانكىدا ھېساب نومۇرىمۇ يوق بىر ئادەم تۇرۇقلۇق دۆلەت بانكا كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ قالغان-لىقى بولغان . كېيىن ئۇ ئەسلەپ ، ھەقىقەتەن خىزمەتتىن ئىستېپا بەرمەكچى بولغانلىقىنى ، بىراق يەنە بۇ ئەھۋاللارنى ئانىسىغا ئېيتىش-تىن قورققانلىقىنى ئېيتتى . ئىلاجسىز قالغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ تىرىشىپ ئۆگەنگەن . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ ھەر كۈنى 16 سائەت ئىشلىگەن . ئۇ ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكىنى تۇگى-تىپ بىلىم ئېلىشقا بەل باغلىغان ھەمدە ئۇنى ھەقىقەتەن ئەمەلگە ئاشۇرغان . ئۇ بىر يەرلىك سىياسەتچىدىن تەدرىجىي ھالدا ئامېرىكا بويىچە ئاتاقلىق ئەربابقا ئايلانغان ، ھەتتا «نيۇ - يورك ۋاقىت گېزى-تى» ئېيتقاندەك ، «ئالقىشقا سازاۋەر نيۇ - يورك شەھەر باشلىقى» دېگەن شۆھرەتكە ئېرىشكەن .

مەن دەۋاتقان بۇ ئادەم ئاھرسمىس بولىدۇ .

سمىس جاپاغا چىداپ تىرىشىپ 10 يىل ئۆگەنگەندىن كېيىن ، نيۇ - يورك ئىشتاتىدا ھۆكۈمەت مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش بويىچە ئەڭ يۇقىرى نوپۇزغا ئىگە ئادەم بولۇپ چىققان . ئۇ تۆت قېتىم نيۇ-يورك ئىشتاتىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلانغان — بۇ ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا بېرىلگەن مىسلى كۆرۈلمىگەن ئالىي مۇكاپات ئىدى . 1928 - يىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇ دېموكراتچىلار پارتىيەسى تەرىپىدىن زوڭتوڭ سايلىمى نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلگەن . ئالتە ئۇنىۋېرسىتېت — جۇملىدىن داڭلىق كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە هاۋار ئۇنىۋېرسىتېتى — ھەتتا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپمۇ باقمىغان بۇ ئادەمگە پەخرىي دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانى بەرگەن .

ئاھرىمىس ، ئەگەر ئوبيېكتىپ مۇھىت مېنى تىرىشىپ ئۆگىنىشكە ، ھەر كۈنى 16 سائەتلەپ جاپالىق ئىشلەشكە مەجبۇر قىلمىغان بولسا ، بىلىمسىز ئادەمدىن بىلىملىك ئادەمگە ئايلىنىشىم زادى مۇمكىن ئەمەس ئىدى دەيدۇ .

مەن نۇرغۇن ئاتاقلىق ئەربابلارنىڭ مۇھەپپەقىيەت قازىنىش يولى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ باردىم . بۇ جەرياندا ئىنتايىن ھەيرانلىق ئىچىدە شۇنى بايقىدىمكى ، ئاجايىپ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قازانغان بۇ ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغان سەرگۇزەشتىلىرى بار ئىكەن . پايدىسىز شارائىت كۆپ ھاللاردا ئۇلارنىڭ تىرىشىپ ئىلگىرىلىشىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بولغان . ۋىليام جىمىس : «بىز تۇرۇۋاتقان ناچار مۇھىت بىزگە خىيالىمىزغا كەلمىگەن چوڭ ياردەم بەردى» دەپ ياخشى ئېيتقان .

شۇنداق ، بەلكىم مىلتون ئەما بولغاچقىلا ئەڭ ئېسىل ئەسەرلەرنى يېزىپ چىققاندۇ ؛ ئېھتىمال بىتخوۋىن گاس بولغاچقىلا ئەڭ يېقىملىق سىمفونىيەلەرنى ئىشلەپ چىقالىغان بولسا كېرەك .

ئەگەر چايكوۋىسكى دەسلەپتە قاتتىق ئۈمىدسىزلىك ھېس قىلمىغان بولسا ، ئۇنىڭ بەختسىز نىكاھ ئىشى ئۇنى ئۆزىنى جۇدا قىلىش يولىغا مېڭىشقا مەجبۇرلىمىغان بولسا ، بەلكى كىشىگە لەززەت بېغىشلايدىغان مۇزىكا — «ھەسرەت سىمفونىيەسى»نى يېزىپ چىقالماس ئىدى .

مۇبادا دوستويېۋىسكى بىلەن تولستويلار غايەت زور روھىي ئازابقا دۇچ كەلمىگەن بولسا ، ئۇلارنىڭمۇ دۇنياغا مەشھۇر ئۆلمەس ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقالىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى .

«ئەگەر مەن ئۇزاق مۇددەت كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ قالمىغان

بولسام ، — دەپ يازىدۇ جانلىقلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيە-سىگە ئاساس سالغۇچى چارلىز دارۋىن ، — ھازىرقىدەك بۇنچە كۆپ ئىشلارنى قىلالىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى » بۇنىڭدىن مەلۇمكى ، كېسەللىك دارۋىنغا كۆپ ياردەم قىلغان .

ئەنگلىيەدە دارۋىن تۇغۇلغان كۈنى ئامېرىكىنىڭ كىنتوككى ئىشتاتىدىكى ئورمانلىقتا جايلاشقان بىر ياغاچ كەپىدىمۇ بىر بالا تۇغۇل-دى . بۇ بالىنىڭ ئىسمى ئابراھام لىنكولىن . مۇبادا ئۇ بىر ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولسا ، كېيىن چوقۇم ھاۋىر ئۇنىۋېرسىتې-تىدەك داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئوقۇيالىغان ھەمدە قانۇنشۇناسلىق دوكتورى دېگەندەك ئىلمىي ئۇنۋانلارغا ئېرىشكەن بولاتتى ؛ مۇبادا ئۇنىڭ بەختلىك ئائىلىسى بولغان بولسا ، گېتىسبورگدا چىن قەلبى-دىن ئۇرغۇپ چىققان ، كىشىنى تەسىرلەندۈرۈپ يىغلىتىۋېتىدىغان مەشھۇر تارىخىي ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقالمايتتى ، شۇنداقلا ئىككىنچى قېتىم ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش نۇتقىدا : «ھەرقانداق ئادەمگە يامانلىق قىلمايمەن ، ھەممە ئادەمگە ياخشىلىق قىلىمەن ! » دەپ ، سۆزلەپ كىشىنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئېرىتىۋېتىدىغان چىرايلىق سۆزلەرنى قىلمىغان بولاتتى ، بۇ بىر ھۆكۈمراننىڭ خەلق ئاممىسى ئالدىدا قىلغان ئەڭ ياخشى ۋە تەنتەنىلىك ۋەدىسى ئىدى .

ھاررېي ئېمىرسون فوسدىك ئۆزىنىڭ «ئاخىرغىچە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان كۈچ » دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ : «سكاندىنا-ۋىيەلىكلەرنىڭ 〈نومانلارنى شىمال شامىلى يارانقان〉 دەيدىغان بىر جۈملە تۇراقلىق ئىبارىسى بار . بۇ سۆزنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشىمىز لازىم . بەزىلەر تۇرمۇشنىڭ خاتىرجەم ، ئازادە ، ئوڭۇشلۇق ۋە مول بولۇشى ئىنسانلارنىڭ بەختلىك بولۇشىدىكى ئالدىنقى شەرت دەپ قارايدۇ ، بۇنداق نۇقتىئىنەزەرگە مەن قوشۇلمايمەن . ئىنسانىيەت تارىخىغا ئەتراپلىق نەزەر سالساق شۇنى كۆرۈپ ئالالايمىزكى ، مەيلى تۇرۇۋاتقان مۇھىتى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر ، ئۆزىنىڭ مەجبۇ-رىيىتىنى باتۇرلۇق بىلەن ئۈستىگە ئالالايدىغان كىشىلەرلا كىشىلىك تۇرمۇشتىكى بەختنى ھېس قىلالايدۇ » .

سىلەر ئۆزۈڭلار بىزار بولىدىغان «لىمون»نى ئېزىپ شىرنىسىنى ئېلىپ باقساڭلار قانداق؟ بەلكىم مۇۋەپپەقىيەت قازىنارسىلەر. مەغلۇپ بولۇپ قالساڭلارمۇ، ئۇ سىلەر ئۈچۈن بىر خىل قىممەتلىك سىناق بولۇپ قالىدۇ. پاسسىپ ئامىللارنى ئاكتىپ ئامىللارغا ئايلاندۇرىدىغان بۇنداق سىناق نەزەر دائىرىمىزنىڭ كېڭىيىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. ئۇ پاسسىپ ئىدىيەنى ئاكتىپ ئىدىيەگە ئايلاندۇرۇپ، ئىجابىيلىققا ئىگە ھاياتىي كۈچىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزگە ئىلھام بەخش ئېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن ئازابلىق ئىشلارغا يېپىشىۋېلىشقا ۋاقتىمىز چىقمايدۇ، مادارىمىزمۇ يەتمەيدۇ.

بىر قېتىم، مەشھۇر ئىسكىرىپكىچى ئولېر بول پارىژدا مۇزىكا يىغىنى ئۆتكۈزگەن. ئۇ ئىسكىرىپكا چېلىۋاتقاندا ئىسكىرىپكىنىڭ E تارىسى تۇساتتىن ئۈزۈلۈپ كەتكەن، لېكىن بول بۇنى دەپ چېلىشنى توختىتىپ قويماي، قالغان تارلاردا چېلىۋەرگەن، «تۇرمۇشمۇ شۇنداق بولىدۇ، — دەيدۇ ھاررېي ئېمىرسون فوسدىك بۇ ئىشقا باھا بەرگەندە، E — تار ئۈزۈلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ مۇزىكىنى قالغان ئۈچ تار بىلەن تۈگۈگىچە ئورۇنلىشىمىز لازىم».

بۇ ئادەتتىكىچىلا تۇرمۇش ئەمەس، بۇ غالىبلارنىڭ تۇرمۇشى!

مۇبادا قولۇمدا ھوقۇقۇم بولىدىغان بولسا، ۋېلىيام بولتونىڭ «تۇرمۇشتىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش داۋامىدا نەپ ئېلىش ئەمەس — بۇ ھەتتا ساراڭلارنىڭمۇ قولىدىن كېلىدۇ — بەلكى قانداق قىلىپ پايدىسىز ئامىلنى پايدىلىق ئامىلغا ئايلاندۇرۇش. ئۇ ئەقىل - پاراسەت ۋە قابىلىيەتكە موھتاج، شۇڭا ئۇ ئەقىللىقلار بىلەن ئەخمەقلەرنىڭ تۈپ پەرقى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ» دېگەن مەشھۇر سۆزنى تۇچقا ئويدۇرۇپ، ئېلىمىزدىكى ھەممە مەكتەپنىڭ ئالدىغا ئاستۇرۇپ قويغان بولاتتىم.

كۆڭلىمىزنىڭ خاتىرجەملىكى ۋە تۇرمۇشىمىزنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن بۇ ئالتىنچى پرىنسىپنى تىرىشىپ ئىگىلىۋېلىشىمىز لازىم:

ناۋادا تەقدىر سىزگە بىر دانە ئاچچىق مېۋە ئاتا قىلسا ، ئۇنى كۆچىڭىزنىڭ بارىچە ئېزىپ ، پايدىلىق شىرنىسىنى ئېلىڭ .

## 7 . ئۆزىڭىزنى ئۇنتۇپ ، باشقىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىڭ

مەن بۇ كىتابنى يېزىشقا كىرىشكەن چېغىمدا «مەن غەم - ئەندىشىنى قانداق تۈگەتتىم» دېگەن تېمىدا بىر قېتىم ئوچۇق - ئاشكارا ماقالە قوبۇل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ ، كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان ھەقىقىي ياخشى ماقالىلەرنى تەقدىرلىدىم . شەرق ئاۋىياتسىيە شىركىتىنىڭ باش كېسىمدارى ئېددىي رېكىنبېك ، لىن-كولىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى دوكتور ستورت ماكرانت ۋە راد-يو ئوبزورچىسى خ .ۋ .چارتىنبوئىنلار باھالاش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى ئىدى . باھالاش ھەيئىتى ئىنتايىن ياخشى يېزىلغان ئىككى پارچە ماقالىنىڭ قايسىسىغا بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپات بېرىشنى بېكىتەل-مەي ، ئىلاجسىزلىقتىن ئىككىلىسىگە بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپات بەردۇق . بۇ يەردە بۇ ماقالىدىن بىرنى سىلەرگە سۆزلەپ بەرمەكچى-مەن ، ئۇنىڭ ئاپتورى مىسسۇرى ئىشتاتىنىڭ سپلىنفىت شەھىرى سودا كوچىسى 61 - نومۇرلۇق قورۇدا ئولتۇرۇشلۇق س . ئا .بېرتون .

«توققۇز يېشىمدا ئانامدىن ئايرىلىپ قالدىم ، — دەپ يازىدۇ بېرتون ماقالىسىدە ، — 12 ياشقا كىرگەندە يەنە دادامدىن يېتىم قالدىم . دادام بىر قېتىملىق ئاپتوموبىل ھادىسىسىدە قازا تاپقان ، ئانام بولسا بۇنىڭدىن 19 يىل ئىلگىرى ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنىدى . دادام ئانام ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن قازا تاپقانىدى . دادام مىسسۇرى ئىشتاتىنىڭ بىر كىچىك شەھىرىدە باشقى-لار بىلەن شېرىكلىشىپ بىر قەھۋەخانا ئاچقانىدى . دادامنىڭ شېرىكى دادام كاماندىروپكىغا چىقىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، قەھۋە-خانىنى سېتىپ ، پۇلنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى . دادام بۇ خەۋەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاڭلاپ، ئالدىراپ ئۆيگە قايتىپ كېلىۋېتىپ، يولدا ئاپتوموبىل ھادىسىسىگە ئۇچراپ قازا قىلدى. ياشانغان، كېسەلمەن ئىككى كەمبەغەل ھامىمام ئۈچ ئاچا ـ سىڭلىمنى بېقىۋالدى. ئىنىم بىلەن ئىككىمىزنى بېقىۋالىدىغان ئادەم چىقمىغاچقا، ئىلاجىسىزلىقتىن شەھىرىمىزدىكى خەير ـ ساخاۋەت ئورگىنىغا تاپشۇرۇپ بېرىشتى. بىز ئىنتايىن قورقۇپ، ئەمدى باشقىلار كەمسىتىدىغان يېتىمەكلەردىن بولۇپ قالىدىغان بولدۇق دەپ ئويلىدۇق. ئويلىغىنىمىزدەك، پاكىت بۇ نۇقتىنى تېزلا ئىسپاتلىدى. مەن دەسلەپتە شەھەر ئىچىدە ئولتۇرۇشلۇق بىر نامرات ئائىلىنىڭ ئۆيىدە يېتىپ ـ قوپقانىدىم، ئۇزاق ئۆتمەي، بۇ ئادەم خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قالغان بولغاچقا، مېنى ئىلاجىسىز يولغا سېلىپ قويدى. ئۇنىڭدىن كېيىن لوفتىن ئەر ـ خوتۇن مېنى شەھەردىن 11 ئىنگلىز چاقىرىم كېلىدىغان جايدىكى بىر دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئاپىرىپ بېقىۋالدى. لوفتىن ئەپەندى 70 ياشلارغا كىرىپ قالغان بوۋاي بولۇپ، ئۇزاقتىن بۇيان ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان؛ پۈتۈن ئەزايىغا بەلباغسىمان ئەسۋە چىقىپ كەتكەنىكەن. ئۇ ماڭا يالغانچىلىق، ئوغرىلىق قىلماي، گەپ ئاڭلايدىغانلا بولسام، بۇ يەردە ئۇزاققىچە تۇرۇۋېرىشىمگە بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بۇ ئۈچ ماددا مېنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشتىكى ئەقىدەمگە ئايلىنىپ قالدى، مەن ئۇنىڭغا باشتىن ـ ئاخىر ئەمەل قىلىپ كەلدىم. مەكتەپكە كىردىم. بالىلار مېنىڭ چوڭ بۇرنۇمنى مازاق قىلىش ئوبيېكتى قىلىۋېلىشتى، مېنى گومۇش دېيىشتى، ماكانسىز يېتىم ئوغلاق دەپ تىللاشتى. مەن بۇنداق ھاقارەتكە چىدىمىدىم. ئۇلارنىڭ تازا ئەدىپىنى بەرمەكچىمۇ بولدۇم. بىراق، لوفتىن ئەپەندى ماڭا نەسىھەت قىلىپ: «ئۇلار بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، سەۋر ـ تاقەت قىلىشنى ئۆگەن» دېدى. مەن ئىلاجىسىز بويسۇندۇم. لېكىن، بىر كۈنى بىر ئەبلەخ يۈزۈمگە توخۇ پوقىنى ئېتىۋىدى، غەزىپىمنى ھەرقانچە قىلىپمۇ باسالماي، ئۇنى بولۇشىغا ئۇردۇم. يەنە بىر كۈنى لوفتىن خانىم ماڭا يېڭىدىن ئېلىپ بەرگەن شىلەپەمنى كىيىپ خۇشال ـ خۇرام ھالدا مەكتەپكە كېتىۋاتسام، يېشى مەندىن چوڭ بىر قىز ئوقۇغۇچى شىلەپەمنى

بېشىمدىن تارتىپ ئېلىپ : 〈ئاسان قىزىپ كېتىدىغان كاللاڭنى سەگىتىپ قوياي〉 دەپ شىلەپىگە لىق سۇ تولدۇرۇپ قويۇپ ، چىرايلىق شىلەپەمنى پاسكىنا قىلىۋەتتى .

مەن مەكتەپتە ئەزەلدىن يىغلىمايتتىم ، بىراق ئۆيگە قايتىپ كېلىپلا كۆپ ھاللاردا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ھۆركىرەپ يىغلاپ كېتەتتىم . بىر كۈنى لوفتىن خانىم ماڭا بىر ئەقىل كۆرسەتتى . ئۇ كۆرسەتكەن ئەقىل مېنى ئاخىر باش قېتىنچىلىقتىن ئۈزۈل - كېسىل خالاس قىلدى ھەمدە يامان كۆرىدىغان ئادەملىرىمنى دوستۇمغا ئايلاندۇردى . لوفتىن خانىم مۇنداق دېدى : 〈لارف ، ئەگەر سەن پوزىتسىيەڭنى ئۆزگەرتىپ ، تىرىشىپ ئۇلار بىلەن ئىناق ئۆتسەڭ ، تەبىئىيكى ، ئۇلارمۇ سېنىڭ چىشىڭغا تېگىۋەرمەيدۇ ، شۇنداقلا سېنى يېتىم ئوغلاق دەپ تىللاۋەرمەيدۇ〉 . شۇنىڭدىن كېيىن لوفتىن خانىمنىڭ ئېيتقانلىرى بويىچە ئىش كۆرۈۋىدىم ، ئۇنۇمى راستتىنلا تېز بولدى . مەن ئىنتايىن بېرىلىپ ئۆگىنەتتىم ، نەتىجەممۇ بەك ياخشى ئىدى . گەرچە ئۇزاق ئۆتمەيلا سىنىپ باشلىقى بولغان بولساممۇ ، لېكىن ھېچكىم بۇ تۇپەيلى ماڭا ھەسەت قىلمىدى ، چۈنكى مەن كىمنىڭ قانداق تەلەپ - ئارزۇسى بولسا ئۇنى دەرھال ئورۇنلاپ ، باشقىلارغا ئىمكانقەدەر ياردەم بېرەتتىم .

مەن نۇرغۇن ساۋاقداشلىرىمنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلىشىگە ، ماقالە يېزىشىغا ياردەم بېرەتتىم . بىر ساۋاقدىشىم مېنىڭ ئۆزىگە ياردەم بەرگەنلىكىمنى ئۆيدىكىلەرگە ئېيتىشقا پېتىنالمايتتى . ئۇ ئاتا - ئانىسىغا مېنى قورۇقىمىزغا چاشقان تۇتۇپ ئوينىغىلى كەلگەن دەپ قوياتتى . مەن قورۇققا كەلگەندىن كېيىن ئۇ ئىتنى ئاشلىق ئىسكىلاتىغا باغلاپ قوياتتى - دە ، مەن بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ تاپشۇرۇق ئىشلەيتتى . مەن يەنە بىر ساۋاقدىشىمنىڭ دەرستىن سىرتقى كىتاب ئوقۇش خاتىرىسى يېزىشىغا داۋاملىق ياردەم بېرەتتىم . بىر قىز ساۋاقدىشىمنىڭ ئارىفمېتىكا دەرسىنى تولۇقلىۋېلىشى ئۈچۈن نەچچە ئاخشاملىق ۋاقتىمنى سەرپ قىلغانىدىم .

قوشنىلىرىمىزنىڭ ئۆيىگە ئەزرائىل كېلىپ تۇرىدىغان بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قالغانىدى . ياشانغان ئىككى دېھقان ئۆلۈپ كەتتى ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئۇچىنچىسىمۇ خوتۇنىنى تۇل قالدۇرۇپ ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى . مەن بۇ يەردىكى تۆت ئائىلىلىك ئىچىدە ئىش قىلالايدىغان بىردىنبىر ئەر كىشى ھېسابلىناتتىم . مەن ئىمكانقەدەر ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ، ئىگە ـ چاقىسىز قالغان بۇ مويسىپىتلەرنىڭ ئىش ـ ئوقىتىغە ياردەملىشەتتىم . ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ، مەن دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلىرىمدىن پايدىلىنىپ ، بالدۇر قوپۇپ ، كەچ قايتىپ دېگەندەك ئۇلارنىڭ ئائىلە ئىشلىرىغا قارىشىپ بەردىم ، ئوتۇن ياردىم ، سىيىر ساغدىم ، ئۇلاقلىرىنى باقتىم . مەن ئۇلارغا دوستانە مۇئامىلە قىلدىم ، ئۇلارمۇ مېنى ئۆز ئادىمىدەك كۆردى . مەن بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قىل سىغمايدىغان يېقىن مۇناسىۋەت مەن دېڭىز ئارمىيەسىدە خىزمەت ئۆتەپ قايتىپ كەلگەندە ئالاھىدە ئىپادىلەندى . مەن ئۆيگە قايتىپ كەلگەن كۈنى يۇرتداشلاردىن 200 دىن ئارتۇق ئادەم مېنى يوقلاپ كەلدى ، بەزى دېھقانلار ھەتتا 80 نەچچە ئىنگلىز چاقىرىم يىراقلىقتىن كەپتۇ ، ئۇلارنىڭ ماڭا بولغان غەمخورلۇقى ھەقىقەتەن سەمىمىي ئىدى . چۈنكى ، مەن ئىمكانقەدەر باشقىلارغا ياردەم قىلاتتىم ھەمدە باشقىلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇشنى بىر خىل خۇشاللىق دەپ بىلەتتىم ، شۇنىڭ ئۇچۇن تۇرمۇشۇمدا ئاز ـ راقمۇ غەم ـ ئەندىشە تۇيغۇسى يوق ئىدى . 13 يىلدىن بۇيان ھېچكىم مېنى يېتىم ئوغلاق دەپ باققىنى يوق » .

س .ئا .بېرتون كارامەت ئادەم ئىكەن ! ئۇ دوستلارنى قانداق قولغا كەلتۈرۈشنى بىلىدىكەن ، غەم ـ ئەندىشە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ، باش قېتىنچىلىقتىن خالىي بولۇش ، ھاياتتىن قانغۇدەك لەززەت ئېلىشنىڭ ئېپىنى تېخىمۇ بىلىدىكەن !

ۋاشىنگتون ئىشتاتىنىڭ سىئاتىل شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن مەرھۇم دوكتور فرانك لوبېرمۇ ئىشنىڭ ئېپىنى بىلىدىغان ئادەم ئىكەن . ئۇ ئېغىر دەرىجىدە بوغۇم ياللۇغىغا گىرىپتار بولۇپ قېلىپ ، 23 يىل باش كۆتۈرمەي يېتىپ قالغان ، ھالبۇكى ، «سىئاتىل يۇلتۇزى گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى ستورىت ۋىتېخوسون ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ماڭا

تونۇشتۇرۇپ : «مەن دوكتور لوبېرنى كۆپ قېتىم زىيارەت قىلغاندىم ، لېكىن ئۇنىڭدەك خالىس ئادەمنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن . ئۇ ھاياتتىن لەززەت ئېلىشنى بىلىدىغان ئادەم ئىدى» دەيدۇ .
ئۇزاق مۇددەت كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغان بىر ئادەمنىڭ ھاياتتىن لەززەت ئالالايدىغانلىقى ئادەمنى ئىشەندۈرەلەمدۇ ؟ بۇنداق لەززەتنى ئۇ چەكسىز ئاغرىنىش ۋە تۇگىمەس ئاھ ـ پەرياد بىلەن قولغا كەلتۈرگەنمىدۇ ؟ ياق ! كۇنبويى غەمكىن يۈرۈپ ، كىشىلەرنىڭ نەزىرى چۈشىدىغان مۇھىم نۇقتىغا ئايلىنىپ ، خەقنىڭ ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئۇمىد قىلغانمىدۇ ؟ ئۇنداقمۇ قىلمىغان ! ئۇ ۋېلىس خان جەمەتىنىڭ بەلگىسىگە چۈشۈرۈلگەن «ھاجەتمەنلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى ئۆز تۇرمۇشىنىڭ ئەقىدىسى قىلغان . ئۇ بىمارلار تىزىملىكى تۈرغۇزۇپ ، ئۇلارغا قىزغىنلىقى تولۇپ تاشقان خەتلەرنى يېزىپ ، ئۇلارنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ ھاياتقا بولغان قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتقان ، ئۇ ھەتتا بىمارلار ئالاقىلىشىش كۇلۇبى تەشكىللەپ ، كۆپچىلىكنى ئۆز ئارا خەت ئالاقىسى قىلدۇرغان . كېيىن ئۇ يەنە پۈتكۈل ئامېرىكىغا تارقالغان بىمارلار جەمئىيىتى قۇرۇپ ، ئۇنىڭغا «بىكىكلەر ئىتتىپاقى» دەپ نام بەرگەن .
ئۇ كېسەل كارىۋىتىدىن چۈشمەي تۇرۇپ يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1400 پارچە خەت يېزىپ ماڭدۇرغان . ئۇنىڭدىن باشقا ، ئۇ يەنە نۇرغۇن بىمارلار ئۈچۈن كىتاب ۋە رادىيو تېپىشىپ بېرىپ ، بۇ «بىكىكلەر»نى خۇشال قىلغان .
دوكتور لوبېرتنىڭ باشقا نۇرغۇن كىشىلەردىن پەرقى نەدە ؟ ئۇنىڭ ئاساسىي پەرقى شۇ يەردىكى ، لوبېرتنىڭ قەلبى ئادەم بولۇش قىزغىنلىقى بىلەن تولۇپ تاشقان . ئۇنىڭ ھاياتىدا غايە ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت بىر خىل نىشان ، بىر خىل بۇرچ بولغان ، ئۇ بۇ غايىسىنى ئۆزىدىنمۇ مۇھىم ۋە ئالىي كۆرگەن . ئۇ شوف ئېيتقاندەك : «كۇنبويى شەخسىي ئازابى ۋە غەم ـ قايغۇسىنى دەپ ھەسرەت چېكىپ يۈرىدىغان ، دۇنيادىن ماڭا بەخت ئاتا قىلمىدى دەپ ئاغرىنىپ يۈرىدىغان» ئادەملەردىن ئەمەس ئىدى .

مەن نېرۋا كېسەللىكلىرى بۆلۈمىدىكى بىر ئاتاقلىق دوختۇرنىڭ ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭكىدىن پەرق قىلىدىغان بىر خىل نۇقتىئىنەزىرىنى ئوقۇغانىدىم، بۇ دوختۇرنىڭ ئىسمى ئالفرېد ئادېل. ئۇ غەمكىنلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىمارلارغا: «ئەگەر سىز مېنىڭ بەلگىلىمەمگە ئەمەل قىلىپ: باشقىلارنى خۇش قىلىدىغان ئىشتىن ھەركۈنى ئىمكانقەدەر بىرقانچىنى قىلىپ بەرسىڭىز، كېسىلىڭىزنىڭ ئىككى ھەپتە ئىچىدە ساقىيىپ كېتىشىگە كاپالەتلىك قىلىمەن» دېيىشكە ئادەتلىنىپ قالغان.

بۇ سۆز ئاڭلىماققا ئەقىلگە سىغمايدىغاندەك تۇرىدۇ. بۇ سۆزنىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى شەرھلەپ بېرىش ئۈچۈن، دوكتور ئالفرېدنىڭ ئەسلىي كىتابىدىكى ئەڭ قىزىقارلىق بىرقانچە نەقىلنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدىم:

«غەمكىنلىك كېسىلى ئۇزاق داۋاملىشىدىغان بىر خىل تىت-تىت بولۇش كېسىلى بولۇپ، بىمار ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىش پۇرسىتىنى كۆپ ھاللاردا باشقا كىشىلەردىن ئىزدەشكە ئۇرۇنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا يەنە باشقىلارنىڭ غەمخورلۇقىغا، ھېسداشلىقىغا ۋە قوللىشىغا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭدا بىرخىل ئۆكۈنۈش ھېسسىياتى بولىدۇ. غەمكىنلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىلاردا دەسلەپتە مۇنداق كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ: 〈ئۇ چاغدا مەن ساپادا يېتىۋېلىشنى ئويلىغانىدىم، قارىسام ئاكام يېتىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يىغلاپ تۇرۇپ غوۋغا كۆتۈرۈپ، ئاخىر ئۇنى ساپادىن چۈشۈرۈۋەتتىم〉.

غەمكىنلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار كۆپ ھاللاردا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى ئۆچ ئېلىش ۋاستىسى قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن دوختۇرلار ئالدى بىلەن بىمارلارنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا ئۇرۇنۇشتىكى بارلىق باھانە-سەۋەبلىرىنى تۈگىتىشكە دىققەت قىلىش لازىم. بىمارلاردىكى جىددىي كەيپىياتنى تۈگىتىش ئۈچۈن، مەن كۆپ ھاللاردا ئۇلارغا: 〈ئۆزۈڭلار قىلىشنى خالىمىغان ئىشنى ھەرگىز قىلماڭلار〉 دېگەننى ئېسىدە تۇتۇشنى تاپىلاپ تۇرىمەن ھەمدە

ئۇنى بىرىنچى داۋالاش پىرىنسىپىم قىلىمەن . گەرچە بۇ ئادەتتىكىچىلا پەند - نەسىھەت بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ بىمارلارنىڭ ئەجەللىك يېرىگە تېگىدۇ . مۇبادا بىمارلارنىڭ ھەممىسى كۆڭلۈمگە ياقتى دەپ ھېس قىلىدىغان ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولسا ، ئۇلارنىڭ باشقا كىشىلەردىن ئاغرىنىپ يۈرۈشكە قانداقمۇ چولىسى تەگسۇن ، ئۆچ ئېلىشقا ئەرزىگۈدەك يەنە نېمىسى بولسۇن ؟ 《 ئەگەر تىياتىر كۆرگۈ-ڭىز ياكى سىرتقا چىقىپ ئارام ئالغۇڭىز كەلسە ، — دەپ تاپىلاپ تۇرىمەن ئۇلارغا ، — ئارزۇيىڭىز بويىچە ئىش كۆرۈڭ ؛ ئەگەر يېرىم يولدا رايىڭىزدىن يېنىپ قالسىڭىز قايتىپ كېلىڭ 》 . بۇ بىزنىڭ غەمكىنلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىلارغا يارىتىپ بېرىدىغان ئەڭ ياخشى داۋالىنىش شارائىتىمىز بولسا كېرەك . ئاشۇنداق قىلساق ، بىر تەرەپتىن ئۇ ئىزدىنىش ئوبيېكتىغا ئىگە بولىدۇ - دە ، بۇنىڭ بىلەن مەمنۇنلۇق ھېس قىلىدۇ ؛ يەنە بىر تەرەپتىن بۇنداق ئىزدىنىش باشقىلارغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيدۇ ، بىمارلاردا روھىي ھالەت جەھەتتىن ئۆكۈنۈش تۇيغۇسى پەيدا قىلمايدۇ . بۇ داۋالاش پىرىنسىپى ئىنتايىن كۆرۈنەرلىك رول ئوينايدۇ . مەن داۋالىغان بىمارلارنىڭ بىرەرسىمۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش نىيىتىدە بولمىدى .

بەزى بىمارلارنىڭ : 《 نېمە قىلىشىنى خالايدىغانلىقىمنى بىل-مەيمەن 》 دېيىشى چوقۇم . بۇنداقلارغا بېرىدىغان جاۋابىم شۇكى ، 《 ئۇنىڭ ھېچ ۋەقەسى يوق ، بىراق سىز ھېچبولمىغاندا ئۆزىڭىز خالى-مايدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقىڭىز كېرەك 》 .

ئىككىنچى داۋالاش پىرىنسىپىم غەمكىنلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىلار ئادەتلىنىپ قالغان تۇرمۇش شەكلىگە بىۋاسىتە قارىتىل-غان . 《 كېسىلىڭىز ئىككى ھەپتە ئىچىدە ساقىيىپ كېتىدۇ 》 دەيتتىم ئۇلارغا ، 《 —نەسىھەتىمگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ ، باشقىلارنى خۇش قىلىدىغان ئىشتىن ھەركۈنى ئىمكانقەدەر بىرقانچىنى قىلىپ بەرسە-ڭىز 》 . ئۇلارنىڭ مېنىڭ بەلگىلىمىلىرىمگە قانداق ئىنكاس قايتۇرىد-غانلىقى خىيالىڭلارغا كەلمىسە كېرەك . ئۇلار ھاڭ - تاڭ قالغان ھالدا مەندىن : 《 مەن باشقىلارنى خاپا قىلىپ قويارمەنمۇ 》 دەپ سورايتتى ،

www.uyghurkitap.com

ئەمما ئۇلار مېنىڭ نەسىھەتلىرىمگە ئىنتايىن قىزىقىدىغاندەكمۇ كۆرۈنەتتى. بەزىلەر: 〈بۇ قىيىن ئىشمىدى. مەن باشقىلارغا ئىزچىل تۈردە ياخشى ئىش قىلىپ بېرىۋاتىمەنغۇ〉 دەيتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ پۈتۈن ھاياتىدا باشقىلارنى خۇش قىلغۇدەك ئاز - تولا ئىش قىلىشى ناھايىتى تەس ئىدى. مەن ئۇلارنى بۇ بەلگىلىمىنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرۈشكە يېتەكلەيتتىم، ئۇلار ئەلۋەتتە ئويلىنىپ كۆرمەيتتى. مەن ئۇلارغا: 〈ھەركۈنى ئۇخلاش ئالدىدا ئەتە قىلىدىغان ياخشى ئىشلىرىڭىزنى ئويدان ئويلىنىپ قويۇڭ، شۇنداق قىلسىڭىز كېسىلىڭىز كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىپ كېتىدۇ〉 دەيتتىم، بىراق ئەتىسى كۆرۈشكەندە، ئاخشام ئويلانغان - ئويلانمىغانلىقىنى سورىسام، ئۇلار: 〈تۈنۈگۈن ئاخشام يېتىپلا ئۇخلاپ قاپتىمەن〉 دەپ جاۋاب بېرىشەتتى. دەرۋەقە، ئۇلار بىلەن مۇڭداشقاندا پوزىتسىيە مۇلايىم بولۇش، تەنبىھ قىلىشتىن ۋە كىبىر كۆرسىتىشتىن پەخەس بولۇش لازىم ئىدى.

مۇنداق بىر خىل بىمارلارمۇ بار ئىدىكى، ئۇلار ماڭا: 〈باشقىلارغا ياخشى ئىش قىلىپ بېرىڭ دەمسىز؟ مەن ئۇنداق قىلالمايمەن. ماڭا ئۆزۈمنىڭ دەردىممۇ يېتىپ ئاشىدۇ〉 دەپ جاۋاب بېرەتتى. بۇنداق ئادەملەرگە يولۇققاندا مەن: 〈سىزنىڭمۇ باش قېتىنچىلىقىڭىز بار، لېكىن ئۇ باشقىلارغا غەمخورلۇق قىلىشىڭىزغا توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ〉 دەيتتىم. ئۇلارغا دائىم ھەمراھلىرىنىڭ كۆپرەك غېمىدە بولۇش توغرىسىدا نەسىھەت قىلاتتىم، شۇنداق قىلساممۇ يەنە بەزىلەر: 〈نېمە ئۈچۈن مېنىلا باشقىلارنىڭ غېمىدە بولۇڭ دەيسىز؟ ئۇلار مېنىڭ غېمىمدە بولمايدىغۇ〉 دەيتتى. مەن: 〈ئۇلارنىڭ غېمىدە بولغانلىقىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ سالامەتلىكىڭىزنىڭ غېمىدە بولغانلىقىڭىز〉 دەيتتىم. 〈سىزنىڭ تەكلىپىڭىزنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆردۈم〉 دەيدىغان بىمارلارنى كەمدىن - كەم ئۇچرىتاتتىم.

مېنىڭ يۇقىرىدىكى داۋالاش ئۇسۇلۇمنىڭ تۈپ مەقسىتى بىمارلارنىڭ كوللېكتىپ تۇيغۇسىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت. چۈنكى، مەن شۇنى بىلەتتىمكى، ئۇلارنىڭ كېسەللىك سەۋەبى جەمئىيەتكە بولغان

ھېسسىياتىنىڭ كەملىكىدە ئىدى . مەن بۇ نۇقتىنى ئۇلارنىڭمۇ چۇشە-
نىپ يېتىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم . ئۇلار خىزمەتداشلىرى ياكى ھەمراھ-
لىرى بىلەن ئىناق ئۆتۈپ ، دوستانە ھەمكارلىششىنى ئۆگىنىۋالسا ،
كېسىلىمۇ ساقىيىپ كېتەتتى . قەدىمدىن ھازىرغىچە ، بارلىق دىنلار-
نىڭ 〈 قوشنىلىرىڭىز بىلەن ئىناق ئۆتۈڭ〉 دېگەن تۇپ ئەقىدىسى بار .
پاكىت ئىسپاتلىدىكى ، ئاپەتنى قوشنىسىغا ئىتتىرىپ قويىدىغان بار-
لىق كىشىلەرنىڭ كۆڭلى خۇشال ئۆتمەيدۇ . ھەممەيلەننىڭ خىزمەتتە
ياخشى خىزمەتداش ، تۇرمۇشتا ئامراق دوست ، ئائىلىدە كۆڭۈللۈك
ھەمراھلاردىن بولۇشىنى تىلەيمەن . شۇنداق قىلالىغان ئادەملەرلا ماخ-
تاشقا سازاۋەر ئادەملەردۇر » .

دوكتور ئادېل بىزدىن ھەر كۈنى ئازدۇر - كۆپتۇر ياخشى ئىش
قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ . ياخشى ئىش دېگەن نېمە ؟ مۇھەممەد ئەلەي-
ھىسسالام : «باشقىلارنى كۈلدۈرەلەيدىغان ئەمەل ياخشى ئىش بولۇر »
دەپ ناھايىتى ياخشى ئېيتقان . نېمە ئۈچۈن ياخشى ئىش سېھرىلىك
ھالدا كىشىلەرنىڭ كەيپىياتىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ ؟ چۈنكى ، سىز باشقى-
لارنى خۇش قىلغىنىڭىزدا ئۆزىڭىزنى ئۇنتۇپ كېتەلەيسىز . ئۇ غەم-
ئەندىشە ، ۋەھىمە ۋە بىئاراملىقنىڭ مەنبەسى .

نيۇ - يورك شەھىرىنىڭ بەشىنچى كوچا 521 - قورۇسىغا
جايلاشقان كاتىپ تەربىيەلەش مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ۋېلىيام مۇنئېن
خانىمنىڭ قوللانغان ئۇسۇلى دوكتور ئادېلنىڭكىدىنمۇ ئاددىي ئى-
كەن . ئۇ غەمكىنلىك كېسىلىنى ئىككى ھەپتىدە ئەمەس ، بەلكى بىر
كۈندىلا داۋالاپ ساقايتقان .

ئىشنىڭ جەرياني مۇنداق بولغان : «بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرى-
كى 12 - ئاي مەزگىلى ئىدى ، — دەيدۇ ۋېلىيام مونئېن خانىم ، —
چەكسىز ئېغىر ئازاب ئىچىدە قالغانىدىم . توي قىلغىنىمىزغا كۆپ
يىل بولغان ئېرىم مەن بىلەن مەڭگۈ ۋىدالاشقانىدى . روژدېستۋو
بايرىمىغا ئاز قالغان كۈنلەردە تېخىمۇ ھەسرەت چەكتىم . ئۆمرۈمدە
روژدېستۋو بايرىمىنى ئۆزۈم يالغۇز ئۆتكۈزۈپ باقمىغانىدىم . شۇڭا ،
ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ھېس قىلاتتىم . نۇرغۇن ئاق كۆڭۈل دوستلى-

www.uyghurkitap.com

رىم مېنى ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بايرام ئۆتكۈزۈشكە تەكلىپ قىلىشقانىدى . بىراق ، مېنىڭ ئۇنىڭغا رايىم بارمايتتى . ئۇنىڭ ئۇستىگە شۇنىمۇ بىلەتتىمكى ، مەن بارغان ھالەتتىمۇ خۇشال كەيپىياتقا كۆلەڭگە چۈشۈرۈپ قوياتتىم . شۇڭا ، بارلىق تەكلىپلەرنى رەت قىلدىم . روژدېستۋو بايرىمىغا ئاز قالغانسېرى كۆڭلۈم شۇنچە غەش بولاتتى . روژدېستۋو بايرىمىنىڭ ھارپا كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 3 تە ئىشخانامدىن چىقىپ ئۆزۈم يالغۇز كوچا ئايلاندىم . بەشىنچى كوچىنى بويلاپ ئېرىنچەكلىك بىلەن كېتىۋاتىمەن . كەڭ- ئازادە كوچا ئادەمگە لىق تولغان ، بايرامنىڭ شادلىق مەنزىرىسىگە چۆمگەنىدى .

بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ ، ئىلگىرى بەخت ئىچىدە ئۆتكەن كۈنلىرىم ئىختىيارسىز ئېسىمگە كېلىپ ، قايغۇلۇق ھېسسىياتىم كۆچىيىپ كەتتى . ھازىر مېنى قۇپقۇرۇق ، ئادەمنى بوغنۇقتۇرىدىغان ئۆيۈمگە قايتىپ كەت دېسە ، كاللامدىن چوقۇم ئۆتمەيتتى . قەيەرگە بېرىپ ، قەيەردە تۇرۇشنى راستتىنلا ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم ، ياشلىرىم يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈۋاتاتتى . شۇ تەرىقىدە قىلچە مەقسەتسىز ھالدا بىر سائەتتىن ئارتۇقراق مېڭىپ يۈرۈپتىمەن . كۈتۈلمىگەندە ئالدى تەرەپتە بىر ئاپتوبۇس بېكىتىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى . ئىلگىرى ئېرىم بىلەن ئىككىمىز ئىچ پۇشۇقىمىزنى چىقىرىمىز ، ئوينايمىز دەپ دائىم قەيەردە ئاپتوبۇس توختىغاننى كۆرسەك شۇ يەردە ئاپتوبۇسقا چىقىۋالاتتۇق . مەنمۇ ئۇ يەردە توختىغان بىرىنچى قېتىملىق ئاپتوبۇسقا چىقتىم . ئاپتوبۇس خېلى ئۇزاق مېڭىپ ھوتسون دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن شوپۇرنىڭ : 〈 ئاخىرقى بېكەتكە كەلدۇق ، ھەممەيلەن چۈشەيلى !〉 دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ ، ئاندىن ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ كەتتىم . قەيەرگە كېلىپ قالغانلىقىمنى ئۇقمايتتىم . بۇ بىر جىمجىت كەنت ئىدى . بىر چېركاۋنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ : 〈 جىمجىت كېچە ، روژدېستۋو بايرىمىنىڭ ھارپىسى 〉 ...... دېگەن تەنتەنىلىك مۇزىكىنى ئاڭلاپ قالدىم . بۇ مۇزىكا چېركاۋدا ياڭراۋاتاتتى . ئىختىيارسىز ھالدا چېركاۋغا كىردىم . چېركاۋدا سۇنايلىق ئاككوردىيونچىدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى . ئۈن - تىنسىز ھالدا بىر بۇلۇڭغا

كېلىپ ئولتۇردۇم . چېركاۋ ئىنتايىن ھەشەمەتلىك بېزەلگەندى . غايەت زور نورۇز ئارچىسىدا چاقناپ تۇرغان شاملار رەڭگارەڭ لېنتا ۋە سان - ساناقسىز ئەينەك شارچىلارنى يورۇتۇپ تۇراتتى ، قارىماققا ئۇلار ئاسماندا مىغىلداپ تۇرغان يورۇق يۇلتۇزلارغا ئوخشايتتى . ئەتىگەندىن ھازىرغىچە ھېچنېمە يېمىگەنىدىم ، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە ئىنتايىن چارچاپ كەتكەنىدىم ، سۇنايلىق ئاككوردىيونىنىڭ لەرزان ئاۋازى مېنى مۈگدىتىشكە باشلىدى . ئاڭلا - ئاڭلا ئۇخلاپ قاپتىمەن .

ئويغانسام يەنىلا چېركاۋدا تۇرۇپتىمەن ، بۇنىڭدىن تولىمۇ غەيرىيلىك ھېس قىلدىم . ئالدىمدا ئىككى بالا تۇراتتى ، قارىشىمچە ئۇلار نورۇز ئارچىسىنى كۆرۈشكە كىرگەندەك ئىدى . بىر قىزچاق مېنى بارمىقىدا كۆرسىتىپ تۇرۇپ : 《ئۇنى نورۇز بوۋاي ئەكېلىپ قويدىمۇ-نېمە ؟》 دەۋاتاتتى . كۆزۈمنى ئېچىشىم بىلەن تەڭ ئۇلار تېخىمۇ قورقۇپ كەتتى . ئۇلارنىڭ ئۇستىبېشى جۇل - جۇل ئىدى . مەن ئۇلاردىن ئاتا - ئانىسىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى سورىدىم . ئۇلار 《ئاتا - ئانىمىز يوق !》 دەپ جاۋاب بەردى . شۈبھىسىزكى ، ئۇلار ئىگە - چاقىسىز يېتىم بالىلار ئىدى . ئۇلارنىڭ ھال - كۈنى مېنىڭكىدىن كۆپ قىيىن ئىدى . ئۇلارغا ئىچىمدىكى دەردىمنى چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ، ئۇلارنى باشلاپ نورۇز ئارچىسىنى كۆرسەتتىم ؛ ئاندىن ئۇلارغا يېگۈدەك نەرسىلەرنى بەردىم . ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە قەنت - گېزەك ۋە بىر قانچىدىن سوۋغات سېتىۋېلىپ بەردىم . مەندىكى تەنھالىق تۇيغۇسى بىردەمدىلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى . ئىككى يېتىم بالا ماڭا نەچچە ئايدىن بۇيان بېشىمدىن ئۆتمىگەن ئەڭ بەختلىك مىنۇتلارنى بەخش ئەتكەنىدى . ئىككى بالا بىلەن سىرداشقاندا ، ئىلگىرىكى تۇرمۇشۇمنىڭ نەقەدەر باياشات ئۆتكەنلىكىنى ئېنىق ھېس قىلدىم . ھەسرەت- نادامەت چېكىشكە پەقەت ئاساسىم يوق ئىدى . بۇ ئىككى بالىنىڭ ماڭا بەرگىنى مېنىڭ ئۇلارغا بەرگىنىمدىن كۆپ ئىدى . بۇ ئىش ماڭا ، پەقەت باشقىلارغا بەخت ئاتا قىلالىغان كىشىلەرلا ئۆزىنىڭمۇ بەختلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايدىغانلىقىنى ئوچۇق ئۇقتۇرۇپ

www.uyghurkitap.com

بەردى . خۇشاللىق تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە . مەن باشقىلارغا ياردەم بېرىپ ، ئۇلارغا سەمىمىي دوستلۇقۇمنى ئىپادىلىدىم ، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ئۆزۈمنۇ قايغۇ - ئەلەم ، ئىچ پۇشۇقى ۋە بىئاراملىقتىن قۇتۇلدۇم . مەن يېڭى ھاياتقا ئېرىشكەندەك بولدۇم . مەن ھەقىقەتەن باشقا بىر ئادەم بولۇپ قالدىم . ئۇنىڭدىن كېيىنكى كۆپ يىللاردىن بۇيان ئىزچىل تۇردە خۇشال - خۇرام ياشاپ كېلىۋاتىمەن » .

ئۆزىنىڭ مۇشكۇل شارائىتتا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ باشقىلارغا ياردەم بېرىپ ، ئاخىرىدا ئۆزىگە ساغلاملىق ۋە بەخت كەلتۈرگەنلىكىنى يېزىپ كەلسەم قېلىن بىر كىتاب بولىدۇ . مارگرېت تايلورىيېتىس ئەنە شۇنداقلارنىڭ بىرى .

يېتىس خانىم ئەسلىي بىر يازغۇچى ئىدى . ھالبۇكى ، ئۇ يازغان ھەرقانداق رازۋېدكا ھېكايىلىرىمۇ ئۇنىڭ ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىدەك ئۇنداق ۋەھىمىلىك ۋە غەلىتە بولماس . ۋەقە ياپونىيەلىكلەر پېورل - خاربورغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلغان چاغدا يۈز بەرگەن . ئۇ چاغدا يېتىس خانىمنىڭ كېسەل بولۇپ قالغىنىغا توپتوغرا بىر يىل بولغان — ئۇ يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىكەن . ئۇ بىر سوتكىنىڭ 22 سائىتىنى كارىۋاتتا ئۆتكۈزگەن . ئۇ ئاپتاپسىنىش ئۈچۈن سىرتقا چىققاندا ، ئەڭ كۆپ بولغاندا ئۆيىدىن گۈللۈككىچە ماڭالايتتى . ئۇ ماڭا ، ئۇ چاغدا كۆڭلىنىڭ ئىنتايىن ئازابلانغانلىقىنى ئېيتىپ : «ئەگەر مەن ياپونىيەلىكلەر پېورل - خاربورنى توپقا تۇتقان چاغدىكى پاجىئەلىك ئەھۋالنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەن بولسام ، بۇنداق خۇشال ھاياتقا مەڭگۈ ئېرىشەلمىگەن بولاتتىم» دەيدۇ .

ئۇ چاغدا ئەھۋال ھەقىقەتەن بەك قورقۇنچلۇق ئىدى ، — دەيدۇ يېتىس خانىم ، — ھەممىلا يەر قالايمىقانلىشىپ كەتكەنىدى . بىر بومبا ئۆيىمىزنىڭ يېنىغا چۈشۈپ ، مېنى كارىۋاتتىن كۆتۈرۈپ تاشلىغانىدى . ھەربىي ئاپتوموبىللار گۈركىرەپ ئۆتۈپ ، ھەربىيلەر ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى ۋە بالىلارنى مەكتەپ بىناسىغا توشۇش بىلەن

ئالدىراش ئىدى. قىزىل كىرىست جەمئىيىتى ئۇ يەردە تۇرۇپ تەرەپ - تەرەپكە تېلېفون بېرىپ، بىكار ئۆيى بار ئاھالىلەردىن ئۆي - ماكانسىز قالغان بۇ ئاياللار ۋە بالىلارنى قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلىشاتتى. قىزىل كىرىست جەمئىيىتىنىڭ ئادەملىرى كارىۋىتىمنىڭ يېنىدا تېلېفون بارلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا، ئۇلار مەندىن خەۋەر يەتكۈزۈپ قويۇشۇمنى ئۆتۈنۈشتى. مەن ھەرقايسى ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ بالىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان جاينى خاتىرىلىۋېلىپ، ئاندىن بۇ ھەربىيلەر ئۆزىنىڭ بالا - چاقىلىرى توغرىسىدا سورىغان ئەھۋاللارنى تېلېفون ئارقىلىق يەتكۈزۈپ قوياتتىم.

ئۆز ئەرلىرىنىڭ ياخشى - يامان خەۋىرىنى ئالالمىغان ئاياللارغا كۆكسى - قارنىنى كەڭ تۇتۇش توغرىسىدا كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە نەسىھەت قىلاتتىم؛ ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغىمۇ ئىمكانقەدەر تەسەللى بېرەتتىم. ياپونىيە ئارمىيەسىنىڭ زورلاۋانلىقى تۈپەيلىدىن 2317 نەپەر ئوفىتسېر ۋە ئەسكەر بىئەجەل ئۆلۈپ كەتكەن، 960 ماتروس ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتكەنىدى. دەسلەپتە مەن تېلېفوندا سورالغان ھەر خىل مەسىلىلەرگە كارىۋاتتا يېتىپ تۇرۇپ جاۋاب بېرەتتىم، بارا - بارا ئولتۇرالايدىغان بولدۇم. تېلېفون بېرىدىغان ئىشلار بارغانسېرى كۆپىيىپ كەتكەنىدى. تېنىمنىڭ ئاجىزلىقىنى ئۇنتۇپ، ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ شىرە ئالدىغا كېلىدىغان بولدۇم. ھال - ئەھۋالى مەندىنمۇ بەتتەر كىشىلەرگە ياردەم قىلىش يولىدا ئاغرىق ئازابىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتتىم. شۇنىڭدىن كېيىن، ھەركۈنى ئاخشىمى ئۇخلىغاندىن باشقا چاغدا، كۈندۈزى كارىۋاتتا يېتىپ باقمىدىم. مەن شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشەندىمكى، ناۋادا ياپونىيەلىكلەر پېيورل - خاربورغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلمىغان بولسا، كېيىنكى ئۆمرۈمدە چوقۇم يېرىم جان بولۇپ قالىدىكەنمەن. چۈنكى، ئەينى چاغدا مەن پۈتۈنلەي مەيۇس ۋە ئۈمىدسىز بولۇپ، سالامەتلىكىمنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بولغان جاسارىتىمنى تامامەن يوقاتقانىدىم.

ياپونىيەلىكلەرنىڭ پېيورل - خاربورغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشى

www.uyghurkitap.com

ئامېرىكا تارىخىدىكى ئەڭ زور تىراگېدىيەلەرنىڭ بىرى ئىدى . لېكىن ، ماڭا نىسبەتەن ئالغاندا ، ئەكسىچە ھاياتىمدىكى چوڭ ياخشى ئىش بولدى . بۇ قورقۇنچلۇق كىرىزىس ماڭا مەندە ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان غايەت زور كۈچ - قۇۋۋەت بەخش ئېتىپ ، مېنى نوقۇل ھالدا ئۆزىنىلا ئويلاشتىن ئازاد قىلىپ ، دىققەت - ئېتىبارىمنى باشقىلارغا مەركەزلەشتۈرىدىغان قىلدى . ئۇ ماڭا مەلۇم يۈكسەك ۋە ئۇلۇغ ۋەزىپە ئارتىپ ، ئۆزۈم ياكى ئاغرىق ئازابىمنى دەپ پەرىشان بولۇشقا ئەمدى ئىمكان بەرمىگەنىدى » .

ناۋادا بىزمۇ مارگرېت يېتىسقا ئوخشاش ئۆزىمىزنى ئۇنتۇغان ھالدا باشقىلار ئۈچۈن ئىشلەيدىغان بولساق ، ئۇنداقتا نېرۋا كېسىلى بىمارلىرىدىن ئۈچتىن بىر كىشى دوختۇرلارغا ئىلتىجا قىلىشىنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ .

بۇ مېنىڭ بىلجىرلىغانلىقىممۇ ؟ ياق ، پىروفېسسور كارل يوگ ئاشۇنداق دېگەنىدى . ئۇنىڭ كىتابىدا مۇنداق دەپ يېزىلغان : «ماڭا كېسىلىنى كۆرسەتكىلى كەلگەن بىمارلارنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ھەقىقەتەن تېببىي پەندە نېرۋا فۇنكسىيەسى بۇزۇلۇش كېسىلى دەپ ئاتىلىدىغان كېسەللىككە گىرىپتار بولمىغان . ئۇلار تۇرمۇشنى مەنىسىز ۋە زېرىكەرلىك ھېس قىلغانلار ، خالاس» .

سىلەر بەلكىم يۇقىرىقى ھېكايىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن : «بۇمۇ قىيىن ئىشمۇ ؟ ئەگەر روژدېستۋو بايرىمىنىڭ ھارپا ئاخشىمى مەنمۇ بىرقانچە يېتىم بالىغا يولۇقۇپ قالسام ، ئۇلارغا چوقۇم ئاز - تولا بايراملىق سوۋغات بېرەتتىم . مۇبادا مەنمۇ پيورل - خاربور ۋەقەسىنى بېشىمدىن كەچۈرگەن بولسام ، يېتىس خانىم قىلغاندەك ئىشلارنى قىلغان بولاتتىم . بىراق ، مەن يولۇققان ئەھۋاللار تامامەن باشقىچە . مەن ھەركۈنى سەككىز سائەت ئادەتتىكى خىزمەتلەرنى قىلىمەن ، ھەرقانداق پەۋقۇلئاددە ئەھۋال يۈز بەرگىنى يوق ، بۇنداق تۇرسا باشقىلارغا قانداق ياردەم بېرەلەيمەن» دېيىشىڭلار مۇمكىن .

ۋەھالەنكى ، كۈندىلىك تۇرمۇشىڭىز ھەرقانچە ئادەتتىكىدەك ئۆتسىمۇ ، سىز ھامان باشقىلار بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىسىز .

سىزنىڭ ئۇلارغا تۇتقان پوزىتسىيەڭىز قانداق بولدى؟ ئۇلار بىلەن كارىڭىز بولماي يۈردىڭىزمۇ؟ ياكى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مۇئامىلە قىلدىڭىزمۇ؟ مەسىلەن، بىر پوچىتكەشنى ئالايلى، ئۇ خەت - خالتىلارنى كۆپچىلىكنىڭ قولىغا ۋاقتىدا تەگكۈزۈش ئۈچۈن ھەر يىلى نەچچە يۈز، ھەتتا نەچچە مىڭ كىلومېتىر يول يۈرىدۇ. سىز ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ قەيەردە تۇرىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ سىز ئۇنىڭدىن خوتۇن، بالا - چاقىلىرىنىڭ سۈرەتلىرىنى يېنىغا سېلىۋالىدىغان - سېلىۋالمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ پۇتىنىڭ تېلىپ ئاغرىيدىغان - ئاغرىمايدىغانلىقىنى ياكى بەزىدە بۇنداق خىزمەتنى زېرىكەرلىك ھېس قىلىدىغان - قىلمايدىغانلىقىنى سوراپ باقتىڭىزمۇ؟

سىز يېمەكلىكلەر دۇكىنىدىكى ھېلىقى ياشنى ۋە كوچىدا گېزىت ساتىدىغان ھېلىقى بوۋاينى چۈشىنەمسىز؟ ئۇلارمۇ ئادەمغۇ. بەلكىم ئۇلار ئىقتىدارلىق كىشىلەر بولسىمۇ، نەزەرگە ئېلىنماي قالغاندۇ، بەلكىم ئۇلار كىشىلىك ھاياتنىڭ جەبىر - جاپالىرىنى بولۇشىغا تارتقاندۇ، شۇڭا ئىچىدىكى دەردىنى تۆكۈشكە ئادەم ئىزدەپ يۈرگەندۇ. سىز ئۇلارغا ئاشۇنداق پۇرسەت يارىتىپ بەردىڭىزمۇ؟ سىز ئۇلارغا ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىڭىزنى ئىپادىلەپ باقتىڭىزمۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى سىز قىلىشقا تېگىشلىك ۋە قىلىپ كېتەلەيدىغان ئىشلار! دۇنيانى، بولۇپمۇ سۇبيېكتىپ دۇنيايىڭىزنى ئۆزگەرتەي دېسىڭىز، ئەمەلىيەتتە بىر ئىجتىمائىي ئىسلاھاتچى بولۇشىڭىز ھاجەتسىز، ئىشنى ئەتە ئەتىگەندە ئۇچرىغان ئادىمىڭىزدىن باشلىسىڭىز تامامەن بولۇۋېرىدۇ.

بۇنىڭ نەتىجىسى قانداق بولىدۇ؟ زور قانائەت ھاسىل قىلىسىز، چەكسىز ئىپتىخارلىنىسىز ۋە ئاجايىپ بەختكە ئېرىشىسىز. ئارستوتېل مۇنداق روھىي ھالەتنى «ئالىيجاناب نەپسانىيەتچىلىك» دېگەنىدى؛ ساراسۇشتېرا: «باشقىلارغا ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش بىر خىل مەجبۇرىيەت ئەمەس، بەلكى ئەھمىيەتلىك ھۇزۇرلىنىشتۇر. چۈنكى، ئۇ ئۆزىڭىزنىڭ سالامەتلىكىڭىزگە ۋە تۇرمۇشىڭىزنىڭ كۆڭۈللۈك بولۇشىغا پايدىلىق» دېگەنىدى. بېنجامىن فرانكلىن بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېغىز سۆز بىلەنلا : «باشقىلارغا ياخشى بولسىڭىز ، ئۆزىڭىزگىمۇ
ياخشى» دېگەنىدى .

«مېنىڭچە ، — دەيدۇ نيۇ - يورك روھىي داۋالاش مەركىزىنىڭ
مۇدىرى ھېنرى لىنك ، — ھازىرقى زامان پسىخولوگىيەسىنىڭ ئاسا-
سىي ئىلمىي قىممىتى شۇ يەردىكى ، ئۇ كىشىلەرگە قانائەت ھاسىل
قىلىش ۋە بەختكە ئېرىشىش يولىنى كۆرسىتىپ بەردى» .

باشقىلارغا ياردەم قىلىش ئۆزىنى باش قېتىنچىلىقتىن خالاس
قىلىپلا قالماي ، يەنە دوست تېپىشتۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىغا لەز-
زەت بەخش ئېتىدۇ . يالىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى ۋىلىيام
لىئون فىلىپس بىر قېتىم ماڭا مۇنداق دېگەنىدى : «ھەر قېتىم
مېھمانخانا ياكى ساتىراشخانىغا كىرسەم ، ئۇ يەردىكى كىشىلەرگە ھا-
مان بىر قانچە ئېغىز مەدھىيە ئوقۇپ قويىمەن . بەزىدە ئايال مۇلازىم-
لارنى كۆزىڭىز چىرايلىق ئىكەن ياكى چېچىڭىزنىڭ پاسونى ئۆزگىچە
ئىكەن دەپ ماختاپ قويىمەن ؛ چېچىمنى ياساپ قويغان ئۇستامدىن
كۈنبويى ئۆرە تۇرۇۋېرىپ چارچاپ كېتىدىغانسىز دەپ سوراپ قويى-
مەن . بەزىدە ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن بۇنداق كەسىپنى تاللىغانلىقى ،
ھاياتىدا نەچچە ئادەمنىڭ چېچىنى ياسىغانلىقىنى سوراپ قويىمەن .
ئېھتىمال ئۇنىڭغا ، ئۇ كۈتكەن خېرىدارلىرىنىڭ ئومۇمىي سانىنى
ھېسابلاپ بېرىشىم مۇمكىن . مەن شۇنى بايقىدىمكى ، مەن باشقىلار-
نىڭ ئىشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىمنى ئىپادىلىسەملا ، ئۇلار-
نىڭ چىرايىدا زور خۇشاللىق نامايان بولىدۇ . ھەر قېتىم ھامماللىرىم
بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ قويغىنىمدا ، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىنى
ئىچىگە سىغدۇرالمايۋاتقانلىقىنى ، چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرۇۋات-
قانلىقىنى كۆرىمەن . سەھرىتان يازنىڭ بىر كۈنى پويىزغا ئولتۇرۇپ
ساياھەتكە چىقتىم . تاماق يەي دەپ پويىز ئاشخانىسىغا كىرسەم ،
ۋاگوننىڭ ئىچى قىستى - قىستاڭچىلىقتا تونۇردەك ئىسسىپ كېتىپ-
تۇ . خېلى ئۇزاق ئۆتكەندىن كېيىن مۇلازىم سەي تىزىملىكىنى ئەكې-
لىپ كۆرسەتتى . 〈بۇنداق ئىسسىقتا ئاشخانا خىزمەتچىلىرى تازا قىي-
نىلىدىغاندۇ !〉 دېۋىدىم ، كۈتۈلمىگەندە بۇ مۇلازىم ھە دەپ تىللاپ

كەتتى . دەسلەپتە ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغان بولسام كېرەك دەپ قارىغانىدىم ، كېيىن ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بىردىنلا چۈشىنىپ يەتتىم . ئۇ مۇنداق دېدى : ‹ يائاللا ! بۇ يەرگە كەلگەن ئادەمنىڭ ھەممىسى تاماق ئوخشىماپتۇ دەپ ئاغرىنىدۇ . دائىم مۇلازىمىتىڭلار ئەتراپلىق ئەمەسكەن دەپ تەنبىھ بېرىدۇ . يا بۇ يەر بەك ئىسسىق ئىكەن دەيدۇ ، يا تامىقىڭلار بەك قىممەت ئىكەن دەيدۇ . 19 يىلدىن بۇيان كىشىلەرنىڭ تىل ـ دەشناملىرى ۋە قۇسۇر چىقىرىشلىرىغا كۆنۈپ كەتكەنىدىم . لېكىن ، بىزگە سىزدەك ھېسداشلىق قىلىدىغان ئادەمنى ئەزەلدىن كۆرمەپتىكەنمەن . سىزدەك خېرىدارلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ كۆپ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن .›

بۇ مۇلازىم شۇنىڭ ئۈچۈن ھەيران قاپتۇكى ، مەن ئۇنى ۋە ئاشخانىدىكى نېگىر ئاشپەزلەرنى تۆمۈريول سىستېمىسىدا ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولمىغانلارنىڭ تەركىبىي قىسمى ئەمەس ، بەلكى ئادەم قاتارىدا كۆرگەنىدىم» . «كىشىلەرگە زۆرۈرى ، — دەيدۇ پىروفېسسور فىلىپس ، — دەل باشقىلارنىڭ مەلۇم دەرىجىدىكى غەمخورلۇقى . ناۋادا مەن يولدا چىرايلىق ئىت يېتىلەپ كېتىۋاتقان بىر كىشىگە يولۇقۇپ قالسام ، ھامان بۇ ئىتنى بىرقانچە ئېغىز ماختاپ قويىمەن . سەل ماڭغاندىن كېيىن ئارقامغا قارىسام ، ئىت ئىگىسىنىڭ خۇشاللىقتىن ئۆزىنى باسالماي ، ئىتىنى پەپىلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىمەن ، — ماختاپ قويسام ئۇنىڭ ئىتىغا ئامراقلىقى تۇتۇپ كەتكەن بولسا كېرەك . بىر قېتىم ، ئەنگلىيەدە بىر پادىچى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم . مەن ئۇنىڭ زېرەك پادا ئىتىنى بولۇشىغا ماختاپ قويدۇم ، ئۇنىڭدىن يەنە بۇ ئىتنى قانداق بېقىپ چوڭ قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىشىنى ئۆتۈندۇم . پادىچى بىلەن خوشلىشىپ ئارقامغا قارىسام ، بۇ پادا ئىتى ئىككى پۇتىنى پادىچىنىڭ مۈرىسىگە ئېلىۋاپتۇ ، پادىچى بولسا ئۇنى پەپىلەۋېتىپتۇ . پادىچى ۋە ئۇنىڭ ئىتىغا ھەۋەسىم كەلگەنلىكىنى ئىپادىلەپ قويۇۋىدىم ، ئىتمۇ ، ئىگىسىمۇ خۇش بولۇپ كەتتى ، ئۆزۈممۇ خۇش بولدۇم» .

سىلەر ، ھامماللار بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلىشىدىغان ، دىمىق

پويىز ئاشخانىسىدا ئاشپەزلەرگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەشنى بىلىدىغان ھەمدە كوچىدا دوقۇرۇشۇپ قالغان ئادەملەر يېتىلىۋالغان ئىتنى بولۇشىغا ماختايدىغان بۇنداق ئادەمنىڭ مىجەزى غەلىتە، دەردى ئىچىگە پاتماي قالغان، يەنە كېلىپ روھىي داۋالاشقا تېگىشلىك ئادەم ئىكەنلىكىگە ئىشىنەمسىلەر؟ مېنىڭچە سىلەر چوقۇم ئىشەنمەيسىلەر. «باشقىلارغا گۈل تۇتقان ئادەمنىڭ قولىدىمۇ گۈلنىڭ خۇش پۇرىقى قالىدۇ» دەيدىغان گەپ بار. باشقىلارنى خۇشال قىلغان ئادەمنىڭ ئۆزىمۇ خۇش بولىدۇ. يالې ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى ۋىليام لىئون فىلىپس دەل بۇنداق تۇرمۇشنىڭ چىن مەنىسىنى چۈشەنگەن ئادەم.

تۆۋەندىكى ھېكايە بەلكىم ئەر كىتابخانلىرىمنى قىزىقتۇرالماسلىقى مۇمكىن، چۈنكى بۇ ھېكايىدا بۇرۇقتۇرما بولۇپ يۈرگەن بىر قىزنىڭ قانداق قىلىپ بىرقانچە يىگىتنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالغانلىقى سۆزلىنىدۇ. بۇ قىز ھازىر قېرىپ موماي بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل ئىلگىرى مەن ئۇنىڭ ئۆيىدە تۇرغانىدىم. ئۇ چاغدا مەن ئۇ تۇرۇۋاتقان كىچىك شەھەرگە دوكلات بەرگىلى بارغانىدىم. ئەتىسى سەھەردە ئۇ مېنى ئاپتوموبىلدا پويىز ئىستانسىسىغا ئەكىلىپ قويغانىدى. دوستلارنى قانداق قولغا كەلتۈرۈش ئۇستىدە سۆزلەشكەنىمىزدە، ئۇ ماڭا مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى: «كارنېگ ئەپەندىم، مەن سىزگە ھەتتا ئېرىمگىمۇ دېمىگەن بىر ئىشنى دەپ بېرەي. مەن فىلادېلفىيە شەھىرىدە بىر ‹ئېسىل› ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. بالىلىقىم ئىنتايىن غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەن. ئەزەلدىن تۈزۈكرەك كۆڭلەك كىيىپ باقمىغانىدىم. كىيگەن كىيىملىرىم يا بەك كونا ئىدى، يا تازا ياراشمايتتى. مەن دائىم بۇ كۆرۈمسىز كىيىملىرىم ئۈچۈن بىئارام بولاتتىم ۋە ئۇيۇلاتتىم. ئاشكارا سورۇنلارغا بارغاندا ھەقىقەتەن يەرگە كىرىپ كەتكۇدەك بولۇپ كېتەتتىم. كېچىلىرى ئۇخلاۋېتىپ يىغلاپ ئويغىنىپ كېتەتتىم. كېيىن بىر ياخشى چارىنى ئويلاپ تاپتىم: يېنىمدا ئولتۇرغان ئەپەندىلەرنى ئۆزلىرى، سەرگۈزەشتىلىرى، غايە ۋە ئىستەكلىرى ئۇستىدە سۆزلەتكۈزىمەن، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ

سەت كۆڭلىكىمگە كۆزىنى ئۈزمەي قاراشلىرىدىن ساقلىنىپ قالىمەن. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئۇلارنىڭ سۆزىگە راستتىنلا قىزىقسىنىپ قالدىم. مەن ئۇلارنىڭ سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغاچقا، ئۇلارمۇ ماڭا كۆڭلىدىكىنى سۆزلەپ بېرىشنى خالايتتى، مەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تېزلا ئۇتۇۋالغانىدىم. گەرچە ئۈستىبېشىم باشقا قىزلارنىڭكىگە يەتمىسىمۇ، بىراق تېخىمۇ كۆپ يىگىتلەر ماڭا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشقانىدى».

قىزلار، سىلەرمۇ سىناپ باقساڭلار بولامدۇ، بۇ بىر ياخشى چارە جۇمۇ!

بۇ بابنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن بەزىلەر بەلكىم: «بىزنى باشقىلارنىڭ ئىشىغا قىزىقتۇرماقچىمۇ سىز؟ بۇنداق قىلىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ! بۇنداق بىمەنە گەپلەرگە ئىشەنمەيمەن. پۇل تاپىدىغان ئىش بولسا قىلىمەن، پۇلى يوق ئىش بىلەن كارىم يوق» دېيىشى مۇمكىن.

بۇنداق نۇقتىئىنەزەر شۈبھىسىزكى، قەدىمدىن ھازىرغىچە ئىنسانلار تارىخىدا ئۆتكەن ئۇلۇغ ئەربابلارنىڭ ئىدىيەسى بىلەن قىلچە سىغىشالمايدۇ. بەلكىم سىلەر بۇ ئۇلۇغ زاتلارغا، ئەيسا ئەلەيھىسسالام، كۇڭزى، پلاتون، ئارستوتېل، سوقراتلارغا ئىشەنمەسلەر، چۈنكى سىلەر ئېھتىمال، ئۇلارنىڭ ئىدىيەسى مەلۇم دىنىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ دەپ قارىساڭلار كېرەك. ئەگەر ئۇنداق قارايدىغان بولساڭلار، ئاتىزمچىلارنىڭ نۇقتىئىنەزىرىگە قۇلاق سېلىپ بېقىڭلار.

كېمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەشھۇر پىروفېسسورى، شائىر مەرھۇم ئا. ئې. ھوسمان: ئۆزىنىڭلا غېمىدە يۈرىدىغان كىشىلەر ھاياتىدا ھەممىدىن كۆپ بەختسىزلىككە ئۇچرايدۇ؛ ئۆزىنى ئۇنتۇپ باشقىلارنىڭ غېمىدە يۈرىدىغان كىشىلەرلا كىشىلىك ھاياتتىكى ھەقىقىي خۇشاللىقتىن بەھرىمەن بولالايدۇ دەپ كۆرسەتكەنىدى. بۇنداق گەپلەرنى ئەگەر دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان بولساققۇ ئانچە ئەجەبلەنمەپ كەتمەيتتۇق. لېكىن، بۇ گەپنى قىلغان كىشى بىر ئا-

تىزمچى ، ھاياتقا بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ ، ئاخىرىدا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان بىر ئادەم .

ئەگەر ھوسمانىنىڭ گېپى مەسىلىنى يەنىلا چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان بولسا ، 20 - يىللاردا ئامېرىكىدا خۇداگۇيلۇقتا قارشى تۇرۇش بىلەن داڭ چىقارغان سىئۇدو درېسېرنى مىسالغا ئالساقمۇ بولىدۇ . درېسېر ھەممە دىنىي سەپسەتە دەپ قارايدۇ . شۇنداق بولسىمۇ ، ئۇ ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان ئاساسىي پرىنسىپىنى قۇۋۋەتلەيدۇ . «مۇبادا بىر ئادەم يەر شارىدا بەختلىك ياشىماقچى بولىدىكەن ، — دەپ يازىدۇ درېسېر ، — باشقىلارنىڭ غېمىنى كۆپرەك يېيىش ئىدىيەسىنى تۇرغۇزۇشى ، ئاشۇنداق روھىي تەييارلىقنى ياخشى ئىشلىشى لازىم . بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ خۇشاللىقى ئۇ ئادەم باشقىلارغا بەخش ئەتكەن خۇشاللىق بىلەن بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ ۋە بىر-بىرىگە ماسلىشىدۇ» .

ئەگەر بىز بىرەر ئىشقا يولۇققاندا درېسېرنىڭ : «باشقىلارنىڭ غېمىنى كۆپرەك يېيىش» دېگىنىدەك ئىش كۆرىدىغان بولساق ، تۇرمۇشىمىزمۇ مەنىسىز بولۇپ قالمايدۇ ، ۋاقتىمىزمۇ زايە كەتمىگەن بولىدۇ . «بۇ دۇنياغا پەقەت بىرلا قېتىم كېلىمەن . شۇڭا ، قىلماقچى بولغان ياخشى ئىشنى دەرھال ئەمەلدە كۆرسىتىشىم كېرەك . كېچىكتۈرسەم بولمايدۇ ، بوشىشىپ كەتسەممۇ بولمايدۇ ، چۈنكى بېسىپ بولغان ھايات مۇساپىسىنى قايتا باسقىلى بولمايدۇ» .

ئەگەر غەم - قايغۇدىن قۇتۇلماقچى ، بەختكە ئېرىشمەكچى بولساڭلار يەتتىنچى پرىنسىپنى ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇڭلار :

ئۆزۈڭلارنى ئۇنتۇپ ، باشقىلارغا غەمخورلۇق قىلىڭلار . باشقىلارنى خۇش قىلىدىغان ياخشى ئىشتىن ھەر كۈنى بىرنى قىلىڭلار .

# V ئادەمنى ئاسان پەرىشان قىلىدىغان بىرقانچە ئىش

## 1. تەنقىد ۋە تاپا - تەنىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟

1929 - يىلى ئامېرىكىنىڭ مائارىپ ساھەسىدە مۆجىزە دەپ ئاتاشقا بولىدىغان بىر چوڭ ۋەقە يۈز بەرگەن. پۈتۈن ئامېرىكىدىكى مۇتەخەسسىس - ئالىملار ئارقا - ئارقىدىن چىكاگو شەھىرىگە بېرىپ، بۇ ۋەقەگە ئالاقىدار كىشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ بېقىش ئويىدا بولۇشقان. زادى نېمە ۋەقە يۈز بەرگەن بولغىيدى؟ ئەسلىدە پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىغا تايانغان، ئۆگىنىش مەزگىلىدە ئاشخانا مۇلازىمى، ياغاچ كېسىش ئىشچىسى، ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى ۋە مال ساتقۇچى بولغان بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى سەككىز يىل جاپاغا چىداپ ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئامېرىكىدىكى تۆت چوڭ ئاتاقلىق ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ بىرى بولغان چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەن، بۇ چاغدا ئۇ 30 ياشتا ئىكەن. بۇ ھەقىقەتەن ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىشتە! بۇ گەپنى ئاڭلىغان پېشقەدەم پېداگوگلاردىن بېشىنى چايقىمىغىنى قالمىغان. شۇنىڭ بىلەن «مائارىپ ساھەسىدىكى زېرەك بالا» دەپ ئاتالغان بۇ بالىغا تەرەپ - تەرەپتىن تاپا - تەنە يېغىپ كەتكەن، بەزىلەر ئۇنى بەك ياش دېسە، بەزىلەر ئۇنىڭ تەجرىبىسى كەم دېيىشكەن ياكى ئۇنىڭ مائارىپ ئىدىيەسى بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدۇ ...... دېيىشكەن. بۇنداق تاپا - تەنىلەر خىلمۇخىل بولۇپ، بۇ يەردە بىر - بىرلەپ كۆرسىتىپ ئولتۇرمىساقمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭغا قارىتىلغان ھۇجۇمغا گېزىتلەرمۇ قاتناشقانىدى. ئۇ ۋەزىپىگە

www.uyghurkitap.com

ئۇلتۇرغان كۈنى روبېرت مېناد ھېتچېنسىنىڭ بىر دوستى ئۇنىڭ دادىسىغا : «ھەقىقەتەن ھەيران قالدىم ! بۇگۈنكى ئەنگىلىك گېزىتتە تەپتارتماستىن ئوغلىڭىزغا شۇنداق زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىنغان باش ماقالە ئېلان قىلىنىپتۇ» دېگەن .

«— شۇنداق ، — دەپ جاۋاب بەرگەن ئاقساقال ھىنچېنس ، — بۇ ماقالە ھەقىقەتەن زەھەرخەندىلىكتە ئۇچىغا چىققان . ئەمما ، سىز 〈قابىلىيەتلىكلەرگە ھەسەت قىلىدىغانلار كۆپ بولىدۇ〉 دېگەن قائىدىنى ئۇنتۇپ قالماڭ» .

شۇنداق ئەمەسمۇ ، قانچىكى قابىلىيەتلىك ، قانچىكى تەسىرى بار ئادەملەرگە كىشىلەرنىڭ شۇنچىكى قارا چاپلىغۇسى ، ئۇنى ئاياغ ئاستى قىلغۇسى كېلىدۇ . زېۋېنسول شەھىرىگە كىنەز بولغان ئەنگلىيە پادىشاھىنىڭ شاھزادىسى ۋورسمۇ بۇ جەھەتتە بىۋاسىتە تەسىراتقا ئىگە بولغان . ئۇ 14 يېشىدا دېڭىز ئارمىيە ئوفېتسىرلار مەكتىپىگە كىرگەن . بىر كۈنى بىر ئوفېتسىر ئۇنىڭ كۆز يېشى قىلغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭدىن سەۋەبىنى سورىغان . دەسلەپتە شاھزادە گەپ قىلماي تۇرۇۋالغان . ئاخىرىدا ئۇ يەنىلا زۇۋانغا كەلگەن : ئەسلىدە ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى ئۇنى دائىم تېپىپ ئوينايدىكەن . مەكتەپ مۇدىرى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال ئوقۇغۇچىلارنى يىغىپ ، شاھزادىنىڭ سىلەرنى ئارتۇقچە ئەيىبلەش نىيىتى بولمىسىمۇ ، لېكىن ئۇ سىلەرنىڭ نېمىشقا ئۇنى تېپىپ ئوينايدىغانلىقىڭلارنى ئېنىقلىۋالماقچى ئىكەن دەپتۇ .

ئوقۇغۇچىلار خېلى ئۇزاق تىلىنى چايناپ تۇرۇشقاندىن كېيىن ئاخىر ئىقرار قىلىپ ، كەلگۈسىدە ھەممىمىز پادىشاھ دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ئوفېتسىرى ياكى پاراخوت باشلىقى بولىمىز ، ھازىر ئۇنى تېپىپ ئوينىۋالساق ، شۇ چاغقا بارغاندا ، ئەينى يىللىرى بىز دېگەن پادىشاھنى تېپىپ ئوينىغان دەپ تازا كۆرەڭلىيەلەيمىز دېيىشكەن .

ناۋادا بەزىلەر سىزنى ئاياغ ئاستى قىلسا ، سىزگە ھۇجۇم قىلسا ، سىز شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى ، سىزنى ئاياغ ئاستى قىلغان ۋە سىزگە ھۇجۇم قىلغان بۇ كىشىلەر ئۆزىنىڭ قالتىس نوچى ئىكەنلىكى-

نى كۆرسىتىپ قويۇش خىيالىدا بولۇشى مۇمكىن . ئۇلارنىڭ سىزگە ھۇجۇم قىلغان ۋاقتى دەل سىزنىڭ ياخشى ئىش قىلىپ نام چىقىرىدىغان ۋاقتىڭىز بولىدۇ . دۇنيادا شۇنداق بىر خىل ئادەملەرمۇ باركى ، ئۇلار ھەمىشە باشقىلارنىڭ ئالغان تەربىيەسىنىڭ ئۆزىنىڭكىدىن يۇقىرىلىقىنى ، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنىڭ ئۆزىنىڭكىدىن چوڭلۇقىنى كۆرۈپ ئىچىدە غۇم ساقلايدۇ . شۇڭا ، ھامان ئۇنى «چا پۇتلىغۇسى» كېلىدۇ . مەن دەل مۇشۇ بابنى يېزىۋاتقاندا ، بىر ئايالدىن كەلگەن خەتنى تاپشۇرۇۋالدىم ، خەتتە جياڭجۇن ۋېليام بوسقا — ھەربىي دوختۇرلار خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان بۇ ئادەمگە قارا چاپلانغان . مەن بىر قېتىم رادىيودا دوكلات بەرگەندە جياڭجۇن ۋېليام بوسقا مەدھىيە ئوقۇغانىدىم ، بۇنىڭ بىلەن بۇ ئايالدا ھەسەتخورلۇق پەيدا بوپتۇ . ئۇ خېتىدە ماڭا ، جياڭجۇن ۋېليام بوس ئىئانە قىلىنغان نۇرغۇن پۇلغا خىيانەت قىلغان دەپتۇ . بۇ بىر خىل كۆلكىلىك شىكايەت ئىدى ، ئەلۋەتتە . ئۇنىڭ ماھىيەتلىك سەۋەبى ، ئۇنىڭ بۇنداق ھۇجۇم قىلىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىدىن ئابرۇيلۇق ئادەمنىڭ ئىناۋىتىنى تۆكۈش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغانلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ، خالاس . زەھەرلىك سۆز - ئىبارىلەر بىلەن تولغان بۇ خەتنى كېرەكسىز قەغەز سېۋىتىگە تاشلىۋېتىپ ، ئىچىمدە ئاللاغا رەھمەت ئېيتىپ ، تەلىيىم بار ئىكەن ، ھېلىمۇ مۇشۇنداق خوتۇنلار بىلەن بىر ئۆيگە كىرىپ قالماپتىمەن دېدىم . ئۇنىڭ خېتى ۋېليام بوس ئەپەندىگە قىلچە زىيان - زەخمەت يەتكۈزەلمىدى ، ئەكسىچە ئۆزىنىڭ رەزىل روھىي دۇنياسىنى ئېچىپ تاشلىدى . شوپېنخوئېر رەزىل ، چاكىنا ئادەملەرنىڭ ئەڭ زور لەززىتى ئۇلۇغ زاتلارنىڭ ئاجىزلىقى ۋە يېتەرسىزلىكىدىن قۇسۇر تېپىش ئۈچۈن باش قاتۇرۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ، دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن .

كىشىلەر ئېھتىمال ، ھەتتا مەشھۇر يالىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرىدەك ئادەمنىمۇ ئاشۇنداق رەزىل ئادەم دېسە ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن . ئاشۇنداق يۇقىرى ئورۇندا تۇرغان تېموس دۋىگت ئەينى

چاغدىكى رۇشتۇلۇك نامزاتىغا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلغانلىقى ۋە تۆھمەت چاپلىغانلىقى بىلەن ئۆزىچە مەست بولۇپ يۈرگەن. ئۇ كىشىلەرگە مۇنداق ۋەھىمىلىك سۆزلەرنى قىلغان: «ئەگەر بۇ ئادەم رۇشتۇلۇقتا سايلىنىدىغان بولسا خوتۇن - قىزلىرىمىز قانۇنلۇق پاھىشە تۇرمۇشىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ، ئۇلار ئادەم ئالدايدىغان ۋەۋسكا ئاستىدا ئاياغ ئاستى قىلىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئىپپەت-نومۇسى ۋە ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قېلىپ، ئاللانىڭ ئالدىدا ئاسىي-گۇناھكار بولۇپ قالىدۇ».

بۇ قورقۇنچلۇق رۇشتۇلۇك نامزاتى كېتلىر ئەمەستۇ؟ ياق، ئە-مەس. تىموس دۆنگىت ھۇجۇم قىلغان كىشى توماس جېففېرسون — ئامېرىكا مۇستەقىللىق خىتابنامىسىنىڭ يازغۇچىسى، ئامېرىكا دې-موكراتىك تۇزۇمىنىڭ مۇقەددەس ئاساس سالغۇچىسى ۋە قوغ-دىغۇچىسى!

سىلەر بىلەمسىلەركىن، تېخىمۇ مەشھۇر يەنە بىر ئامېرىكىلىق بولۇپ، ئۇ ھايات چېغىدا «ئالدامچى»، «ساختىپەز جاناب»، ھەتتا «سېپى ئۆزىدىن قاتىل» دەپ تىللانغان. گېزىتلەرگە ئۇنى جازا مەيدانىغا يالاپ ئاپىرىپ، بوينىغا ئاي پالتا تەگلەپ تۇرغان ھەجۋىي رەسىملەر بېسىلغان؛ كوچىلاردا توپ - توپ لۈكچەكلەر ئۇنى مەسخى-رە قىلىشقان، ئۇنىڭغا قاراپ توختىماي ئىسقىرتقان. بۇ ئادەم كىم؟ ئۇ گېئورگى ۋاشىنگتون ئىدى.

«ئەلمىساقتىن بۇيان قابىلىيەتلىكلەرنى يامان كۆرىدىغانلار كۆپ بولۇپ كەلگەن». دۇنيادا بىرقانچە ياخشى ئىش قىلغان، ھالبۇكى باشقىلار تەرىپىدىن ئەيىبلەنمىگەن ئادەمنى تاپماق بەك تەس. دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ جياڭجۇنى پروي ۋەقەسىنى مىسال قىلايلى. ئۇ پۈتۈن جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ۋە كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىغان ئېكسپېدىتسىيەچى. ئۇ ئۆزى يالغۇز چانىدا ئولتۇرۇپ، 1901 - يىل 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى شىمالىي قۇتۇپقا بارغان. بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن يېقىنقى نەچچە 100 يىلدىن بۇيان نۇرغۇن باتۇر ئەزىمەتلەر ئاچ - يالىڭاچلىققا بەرداشلىق بېرىپ، تارتمىغان جاپا -

مۇشەققەتلىرى قالمىدى ، ھەتتا قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلىشتى . پرويمۇ سوغۇق ۋە ئاچارچىلىق دەردىدىن ئۆلۈپ قالغىلى تاس - تاس قالغان . ئۇنىڭ پۇتىنىڭ سەككىز بارمىقى كېسىۋېتىلگەن ؛ تۇرلۇك پاجىئەلىك سەرگۈزەشتىلەر ئۇنى ساراڭ قىلىپ قويايلا دەپ قالغان . ھالبۇكى ، ۋاشىنگتوننىڭ دېڭىز ئارمىيە ئوفېتسېرلىرى كىشىلەرنىڭ پروينى دائىم ماختاپ يۇرگەنلىكىدىن نارازى بولۇشقان . ئۇلار پروي ئىلىم - پەن راسخوتىنى قالايمىقان خەجلەپ كەتتى ، «شىمالىي قۇتۇپقا بېرىپ ساياھەت قىلدى » دەپ شىكايەت قىلىشقان . ئېھتىمال ئۇلارنىڭ بۇنداق شىكايىتىگە ئۆزلىرىمۇ ئىشەنمىسە كېرەك . ئۇلارنىڭ غەرىزى پرويغا قارا چاپلاش ، مىڭبىر ھىيلە - مىكىرلەر بىلەن ئۇنىڭ ئىشلىرىغا توسۇق قۇرۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى . كېيىن ئامېرىكا زۇڭتۇڭى مىكىنلېي بىۋاستە ئارىلاشقانلىقتىن ، پروي ئۆزىنىڭ تەكشۈرۈش پىلانىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يولغا قويۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان .

مۇبادا پروي كاللىسىنى قولتۇقىغا قىسىپ قويۇپ شىمالىي قۇتۇپقا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماي ، ۋاشىنگتوندىكى دېڭىز ئارمىيە باش ئىشتابىنىڭ مەلۇم بىر ئىشخانىسىدا بەخىرامان ئولتۇرۇپ ، ئويناپ - كۈلۈپ كۈن ئۆتكۈزگەن بولسا ، ئاشۇنداق ھۇجۇمغا ئۇچرارمىدى ۋە ئاشۇنداق تۆھمەتكە قالارمىدى؟ ياق ! ئۇنىڭدەك ئانچىكىلا ئادەم باشقىلارنىڭ ھەسەتخورلۇقىنى قوزغاپ كەتمەيتتى ، ئۇنى ھېچكىممۇ ئەيىبلەپ يۇرمەيتتى .

جياڭجۇن گرانتنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى جياڭجۇن پروينىڭكىدىنمۇ پاجىئەلىك . 1862 - يىلى گرانت جەنۇب بىلەن شىمال ئۇرۇشى ئىچىدە تۇرۇۋاتقان شىماللىقلار ئۈچۈن كېلىشتۈرۈپ بىر مەيدان غەلىبىلىك جەڭ قىلىپ بېرىپ ، تۇنجى ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن . بىر قېتىملىق ، يەنە كېلىپ بىر كۈنى چۈشتىن كېيىنلا ئېرىشكەن غەلىبە بىر كېچىدىلا گرانتنى بىر مەھەل دەۋر سۈرگەن قەھرىمانغا ئايلاندۇرۇپ قويغان . بۇ غەلىبىگە تەنتەنە قىلىش ئۈچۈن شەرقىي شىمالدىكى مايىدىن تارتىپ ئوتتۇرا جەنۇبتىكى مىسسىسىپىـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گىچە بولغان جايلاردىكى بارلىق چىركاۋلاردا تەڭلا قوڭغۇراق چېلى-نىپ، ھەممىلا يەردە خۇشاللىق مەشئىلى يېقىلغان. لېكىن، بۇ قېتىمقى شانلىق غەلىبىدىن كېيىن ئالتە ھەپتە ئۆتە - ئۆتمەيلا، ھەممەيلەنگە تونۇشلۇق بولۇپ كەتكەن بۇ مىللىي قەھرىمان ھەربىي سوتقا تارتىلغان. ئۇ ئارمىيەدىكى ھوقۇقى تارتىۋېلىنىپ، خورلۇق ۋە ئۇمىدسىزلىك ئىچىدە ئۈن - تىنسىز ئۆلۈپ كەتكەن.

نېمە ئۈچۈن جياڭجۈن گرانت شۇنچە زور شان - شەرەپ قازانغان تۇرۇقلۇق يەنە سوتقا تارتىلىدۇ؟ بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب شۇكى، ئۇنىڭ غەلىبىسى ئۆزىدىن يۇقىرى باشلىقلاردا ھەسەت پەيدا قىلغانىدى.

ئەگەر سىلەر ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق قىلىنغان ھۆجۆمگا ياكى نامۇۋاپىق تەنقىدكە ئۇچراپ غەزەپلەنسەڭلار ياكى ھەسرەت چەك-سەڭلار تۆۋەندىكى بىرىنچى پىرىنسىپنى ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇشۇڭ-لارنى تەۋسىيە قىلىمەن: ئادىل بولمىغان باھا — كۆپ ھاللاردا ئاڭسىز ئوقۇلغان مەدھىيە. «ئەلمىساقتىن بۇيان قابىلىيەتلىكلەرگە ھەسەت قىلىدىغانلار كۆپ بولۇپ كەلگەن». باشقىلارنىڭ ھۆجۆمىغا پىسەنت قىلماي يۈرۈۋېرىڭ.

مەن بىر قېتىم شاۋجياڭ (گېنېرال مايور) سمېدلېي بۇتلېر بىلەن سەمىمىي سۆزلىشىپ قالدىم. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭمۇ ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيە قىسىملىرىدىكى ھەرقانداق بىر ئوفىتسىرغا ئوخشاش ئاز - تولا رومانتىك ئۇرۇشخۇمار ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ياش ۋاقتىدا ئۇ ھامان باشقىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشنى، باشقىلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىنى ئارزۇ قىلغان. باشقىلار سەل - پەل ئەيىبلەپ قويسىلا قاتتىق نەپرەتلىنىپ، ئىنتايىن بىئارام بولغانىكەن. ھالبۇ-كى، 30 يىللىق ھەربىي تۇرمۇش ئۇنىڭ مىجەزىنى ئۆزگەرتىپتۇ، ئۇنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭ يۈزى قېلىنلىشىپ قاپتۇ. «باشقىلار مېنى ھەرنېمىدەپ تىللاپ باقتى، — دەيدۇ ئۇ، — ئىش قىلىپ، ئىت - ئېشەككىمۇ، توڭگۇز - قاۋانغىمۇ ئوخشىتىپ باقتى. ئىنگلىز تىلىدا تېپىلىدىغانلىكى ئادەم تىللايدىغان تىلنىڭ ھەممىسىنى

ئاڭلىدىم . تىل ـ دەشنام ئىشىتكەندىن كېيىن ئاچچىقىم كەلدىمۇ ؟
ياق ، پەرۋايىم پەلەك دەپ يۈرۈۋەردىم . ھازىر بىرسى كېلىپ مېنى
〈 كۆزۈمدىن يوقال〉 دەپ تىللىسىمۇ چىۋىقىمغا ئالمايمەن » .
بۇتلىر باشقىلارنىڭ تىل ـ دەشناملىرى ئالدىدا بەك بىخۇدلۇق
قىلدىمۇ نېمە؟ بۇ يەردە مۇنداق بىر نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە
بولىدۇ : ئارىمىزدىكى كۆپ سانلىق كىشىلەر باشقىلارنىڭ ئەيىبلىشى
ۋە مەسخىرىسىگە بەك ئەستايىدىل بولۇپ كېتىدۇ . مېنىڭ بېشىمدىن-
مۇ ئاشۇنداق بىر ئىش ئۆتكەن . بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل ئىلگىرى ،
نيۇ ـ يوركتىكى بىر گېزىتنىڭ مۇخبىرى مەن ئاچقان چوڭلار كەچ-
كۇرسىدا بىر قېتىم ئوچۇق دەرس ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ، گېزىتتە
ماقالە ئېلان قىلىپ ماڭا ۋە خىزمىتىمگە ھۇجۇم قىلدى . مەن بۇ
ماقالىنى كۆرگەندىن كېيىن ئىنتايىن غەزەپلىنىپ ، بۇ مېنىڭ شەخ-
سىيىتىمگە قىلىنغان ھاقارەت دەپ ھېس قىلدىم ، دەرھال بۇ گېزىت-
خانا تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرىغا تېلېفون بېرىپ ، ئۇنىڭدىن ئەمەلى-
يەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان خەۋەردىن بىرنى قايتا يېزىشنى ھەمدە ئىغۋا-
گەرگە تېگىشلىك جازا بېرىشكە ۋەدە بېرىشنى كۈچلۈك تەلەپ قىل-
دىم . ئەمدى ئەسلىسەم ، ئەينى چاغدىكى قىلىقلىرىمدىن ئىختىيارسىز
خىجىل بولىمەن ، چۈنكى ماڭا شۇنىسى ئايانكى ، ماڭا ھۇجۇم قىلىن-
غان بۇنداق ماقالىلەرگە كىتابخانلىرىمنىڭ يېرىمى دېگۈدەك كۆز
قىرىنى سېلىپمۇ قويمايدۇ . بۇنداق ماقالىلەرنى ئوقۇغان كىتابخانلار-
نىڭ يەنە يېرىمى ئۇنىڭغا كۆلۈپلا قويىدۇ ، قالغان يېرىمى بولسا
بىرقانچە ھەپتىدىن كېيىن ئۇنى ئۇنتۇپ قالىدۇ . ئەمەلىيەت ئىنتايىن
ئېنىقكى ، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ، كىشىلەرنىڭ سىزنى ياكى مېنى
ئېسىگە ئېلىشى ئىنتايىن قىيىن . ئۇلار باشقىلارنىڭ بىزنى نېمىلەرنى
دەۋاتقانلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈپ يۈرمەيدۇ ، ئۇلار پەقەت ئۆزىگىلا كۆڭۈل
بۆلىدۇ . ئۇلار كۈنبويى ئۆزلىرىنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۇ-
چۇنلا پالاقلاپ يۈرۈشىدۇ ، ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىنى دەپ ھەممە يەردە
بۇرنىغا يەپ يۈرۈشىدۇ ، سىز ـ بىزنىڭ ئۆلۈپ ـ تىرىلىشىمىزگە
ئالاقىدار يېڭى خەۋەرگە قىزىققىلى نەدە چولىسى؟

www.uyghurkitap.com

ئالته دوستىمىزدىن بىرسى بىزدىن يۈز ئۆرۈگەن ، بىزگە ساتقىنلىق قىلغان ، دۈشمىنىمىزنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان ، ئۇستىمىزدىن پىتنە ـ پاسات تېرىغان ھالەتتىمۇ ئۇنىڭغا پۇشايمان قىلىشىمىز ۋە رەنجىپ يۈرۈشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق ، چۈنكى بۇنداق ئىشلار كىشىلىك دۇنياسىدا ھەمىشە كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ ، ھەتتا ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىدىنمۇ ئاشۇنداق ئىشلار ئۆتكەن . ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ يېقىن 12 ئاغىنىسىدىن بىرسى ھازىرقى 19 دوللار قىممىتىدىكى مال ـ مۈلۈكنى دەپ ئۇنىڭغا ساتقىنلىق قىلغان ؛ يەنە بىرسى ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئۇنى تونۇمايمەن دەپ ئۈچ قېتىم ئوچۇق ـ ئاشكارا بايانات ئېلان قىلغان ، ھەتتا تېخى بۇئىش ئۈچۈن قەسەم ئىچكەن . ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ دوستلىرىدىن ئالتىدىن بىرسى يالغان دوست چىققان يەردە ، سىز ـ بىزدەك ئاددىي ئادەملەر نېمىدۇق ؟

كۆپ يىللاردىن بۇيان ، مەن بۇنداق مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتىكى تەجرىبىلەرنى توپلىدىم . ماڭا مەلۇمكى ، گەرچە مەن باشقىلارنىڭ ماڭا ئادىل باھا بەرمەسلىكىنى توسۇپ قالالمىسامـمۇ ، لېكىن بىر ئىشقا ئۆزۈم ئىشەنچ قىلالايمەن ، ئۇ بولسىمۇ باشقىلارنىڭ سۆز ـ چۆچەكلىرىنى راست دەپ ئېتىراپ قىلىش ـ قىلماسلىقتىن ئىبارەت .

بۇ يەردە شۇنى ئىزاھلاپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى ، مەن كۆپچىلىكنى ھەممە تەنقىدنى نەزىرىڭلارغا ئالماڭلار دېمەكچى ئەمەسمەن . دېمەكچى بولغىنىم ، پەقەت ئادىل بولمىغان تەنقىدلەرنى نەزىرىمىزگە ئالماسلىقىمىز لازىم . مەن ئېلېئنو روزۋېلتتىن ئۇنىڭ ئادىل بولمىغان تەنقىدكە قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى سوراپ باقتىم . ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك ، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى كەچۈرمىشلىرى ئاز ئەمەس ئىكەن . ئاق سارايدىكى بارلىق ئاياللار ئىچىدە ، ئۇ بەلكىم شۇنچە كۆپ جان ـ جىگەر دوستى ۋە ئەشەددىي رەقىبى بار بىردىنبىر ئادەم ھېسابلانسا كېرەك .

ئېلېئنو روزۋېلت ماڭا قىز ۋاقتىدا ئىنتايىن قورقۇنچاق ئىكەنـ

لىكىنى، باشقىلارنىڭ ئۆزى توغرىسىدىكى ھەرقانداق سۆز - چۆچەكلىرى ۋە تەنقىدىدىن قورقىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. بىر قېتىم ئۇ ھاممىسى — زېئودو روزۋېلتنىڭ سىڭلىسىغا: «سۆيۈملۈك ھامما، مېنىڭ نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغۇم بار، لېكىن خەقنىڭ مەسخىرە قىلىشىدىن قورقىمەن» دېگەن.

زېئودو روزۋېلتنىڭ سىڭلىسى ئۇنىڭغا ھومىيىپ قويۇپ: «خەقنىڭ سېنى نېمىدەپ مەسخىرە قىلىشىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرما، مۇھىمى سەن ئۆزۈڭنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشىڭنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىشىڭ كېرەك» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئېلېئنو روزۋېلت ماڭا، بۇ سۆزنىڭ يەتتە يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ ئاق سارايدىكى ھاياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. خەقنىڭ سۆز - چۆچەك قىلىشىدىن ساقلىنىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى، — دەيدۇ ئېلېئنو روزۋېلت، — موللا تاپقاقتەك بولۇۋېلىش. «ئىشىڭىزنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى چىن كۆڭلىڭىزدىن ھېس قىلسىڭىزلا، خاتىرجەم بولۇپ دادىل ئىشلەۋېرىڭ. خەقنىڭ سۆز - چۆچەكى دېگەن دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. مەيلى ئۇنى قىلىڭ ياكى بۇنى قىلىڭ، خەق ھامان قول شىلتىپ تۇرىدۇ». مانا بۇ روزۋېلت خانىمىنىڭ سۆز - چۆچەكلەرگە تاقابىل تۇرۇشتىكى ئەڭ ياخشى چارىسى.

ئۇ مازېۋ برۇشتا ئامېرىكا خەلقئارا سودا شىركىتىنىڭ باش كېسىمدارى بولغان مەزگىللەردە مەن ئۇنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن باشقىلارنىڭ تەنقىدىگە ئاچچىقىڭىز كېلەمدۇ دەپ سوراپ باقتىم. ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: «ئىلگىرى ئاچچىقىم كېلەتتى. ياش چېغىمدا باشقىلارنى بېسىپ چۈشۈشنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتىم. پۈتۈن شىركەتتىكى ياللانما خادىملارنىڭ ھەممىسى مېنى ياخشى دېسەكەن دېگەن تەمە بىلەنلا يۈرەتتىم. ناۋادا بىرەرسى ئازراق يامان گېپىمنى قىلىپ قويسا، ھامان ھەرخىل ئۇسۇل - چارىلەر بىلەن ئۇنى قولغا كەلتۈرەتتىم، ئۆزۈمگە تارتاتتىم. لېكىن، مېنىڭ غەرەزلىك ھالدا باشقىلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قوللانغان ھەرىكىتىم كۆپ ھاللاردا يەنە باشقا كىشىلەرنىڭ نارازىلىقىنى كەلتۈ-

رۇپ چىقىراتتى . بىر ئادەمنى ئۆزۈمگە تارتىمەن دەپ ، كۆپ ھاللاردا بىر تالاي كىشىلەرنى رەنجىتىپ قوياتتىم . كېيىنچە شۇنى سەزدىمكى ، مەن باشقىلارغا ياخشىچاق بولاي ، باشقىلارنىڭ ئارقامدىن سۆز - چۆچەك قىلىشىنى تۈگىتەي دېگەنسېرى ، ۋاقتى كەلگەندە دۈشمەنلىرىمۇ شۇنچە كۆپىيىپ كېتىدىكەن . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۆزۈمگە بىر پىرىنسىپ بەلگىلەپ بەردىم : مەن قىلىشقا تېگىشلىك دەپ قارىغانلىكى ئىشنى قىلىۋېرىشىم كېرەك . ئەدىيە جەھەتتە سۆز - چۆچەكنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان 〈كۈنلۈك〉 ئاچتىم . ھالبۇكى ، ئىلگىرى ئۇنى يۇدۇۋالغانىكەنمەن .

دىمىنىس تەيلور بۇ جەھەتتە يەنە باشقىچە ئۇسۇل قوللانغان . ئۇ ھەرگىز 〈كۈنلۈك〉 ئاچماي ، سۆز - چۆچەك 〈يامغۇرى〉 نىڭ بېشىغا يېغىۋېرىشىنى مەيلىگە قويۇۋەتكەن ، باشقىلارنىڭ سۆز - چۆچەكلىرىنى ئاڭلىغاندا ، جامائەت ئالدىدا قاقاقلاپ كۈلۈپ قويغان . ئۇ چاغلاردا نيۇ - يورك ئوركېستىر ئۆمىكى ھەر يەكشەنبە كۈنى رادىيو مۇزىكا يىغىنى ئۆتكۈزىدىكەن ، ئويۇن ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىشتا تەيلور ئۆزىنىڭ ئوبزورىنى ئاڭلىتىدىكەن . بىر ئايال ئۇنىڭغا خەت يېزىپ ، ئۇنى «ئالدامچى ، كالۋا ۋە ئەخمەق » دەپ تىللىغان ، كېيىن تەيلور ئەسلەپ ، بۇ ئايال مېنىڭ رادىيودا ئاڭلاتقان ئوبزورۇمغا تازا قىزىقمىغان بولسا كېرەك ، دەپ ھېس قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى . كېلەر ھەپتىسى ئۇ رادىيودا يەنە نۇتۇق سۆزلىگەندە نەچچە مىليون رادىيو ئاڭلىغۇچىلارغا ھېلىقى ئايالنىڭ خېتىنى ئاشكارا ئېلان قىلغان……مەن تەيلور ئەپەندىنىڭ جاسارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇيمەن ، ئۇنىڭ ئوچۇق - يورۇق ، يۇمۇرلۇق خاراكتېرى ۋە باشقىلارنىڭ ھۇجۇمىغا پىسەنت قىلمايدىغان پوزىتسىيەسىگە تېخىمۇ ئاپىرىن ئوقۇيمەن .

چارلىز سىۋاپ كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغۇچىلارغا بىر قېتىم نۇتۇق سۆزلىگەندە ، گېرمانىيەلىك بىر پېشقەدەم ئىشچىدىن ئىنتايىن مۇھىم بىر خىل كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى ئۆگىنىۋالغانلىقىنى ئېيتقان . بۇ پېشقەدەم ئىشچى گېرمانىيەنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى بىر پولات زاۋۇتىدا ئىشلەيدىكەن . ئۇرۇش مەزگىلىدە بۇ

ئىشچى باشقا بىرقانچە ئىشچىلار بىلەن جىدەللىشىپ قاپتۇ ، ئاخىر ھېلىقى ئىشچىلار ئۇنى دەرياغا تاشلىۋېتىپتۇ . «ئۇ پۈتۈن ئەزايى لايغا مىلەنگەن ھالىدا ئىشخانامىغا كىرگەندە ، — دەيدۇ چارلىز ئەپەندى ، — ئۇنىڭدىن ئۇلارغا نېمە دېگەنلىكىنى سورىسام ، ئۇ ‹ كۈلۈپ قويۇپ ئۆتكۈزۈۋەتتىم› دەپ جاۋاب بەردى » .

گېرمانىيەلىك بۇ پېشقەدەم ئىشچىنىڭ «كۈلۈپ قويۇپ ئۆتكۈزۈۋېتىش » دېگەن سۆزى سىۋاب ئەپەندىنىڭ باشقىلارنىڭ ھۇجۇمىغا مۇئامىلە قىلىشتىكى ئەقىدىسى بولۇپ قالغان .

ناۋادا بىزمۇ باشقىلارنىڭ ئادىل بولمىغان تاپا - تەنىسىگە ئۇچراپ قالساق ، بۇ ئەقىدە ئۆزىنىڭ كارامەت رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ - دە ، رەقىبىمىز ھۇجۇم قىلىشتىن ئۆزلۈكىدىن ۋاز كېچىدۇ . ھەممە ئىشنى كۈلۈپ قويۇپ ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان ئادەمگە كىمنىڭمۇ داۋاملىق ھۇجۇم قىلغۇسى كەلسۇن ؟

ناۋادا لىنكولىن ئۆزىگە ھۇجۇم قىلغان كىشىلەرگە ھېچبولمىغاندا بىرەر ئېغىز جاۋاب بېرىپ قويۇشنىمۇ بىمەنىلىك دەپ تونۇمىغان بولسا ، ئۇ بەلكىم كەسكىن ئىچكى ئۇرۇشتا ئاللىبۇرۇن چارچاپ ئۆلگەن بولاتتى . ئۇ مۇنداق دېگەن : «مەن باشقىلارنىڭ ماڭا ھۇجۇم قىلىنغان ھەممە سۆزىنى ئوقۇپ چىقىدىغان ، ھەتتا ئازراق بولسىمۇ جاۋابىنى بېرەي دەيدىغان بولسام ، باشقا ئىشلارنى تاشلاپ قويسام بولىدۇ . مەن پەقەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىمنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ياخشى قىلىشىم كېرەك . مەن باشتىن - ئاخىر ئۆز مۇددىئايىم بويىچە ئىش قىلىمەن . ئەگەر ئەمەلىيەت مېنىڭ قىلغانلىرىمنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىسا ، ماڭا تاپا - تەنە قىلىنغان سۆزلەر تەبىئىيكى يوق تىرەپ تۇرالمايدۇ » .

ناۋادا سىلەرمۇ ئادىل بولمىغان تاپا - تەنىگە ئۇچراپ قالساڭلار ، مۇنۇ ئىككىنچى پىرىنسىپنى ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇڭلار :

ئۆزىڭىزنىڭ ئىشىڭىزنى قىلىۋېرىڭ .كۆڭلىڭىزدىكى‹ كۈنلۈك› نى ئېچىپ ھەرخىل پىتنە - ئىغۋا ، سۆز - چۆچەكلەرنى توسۇۋېلىڭ ، ئاشۇنداق قىلسىڭىز ، ھېچقانداق ھۇجۇم سىزگە زىيان - زەخمەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يەتكۈزەلمەيدۇ .

مېنىڭ خۇسۇسىي ئارخىپ ئامبىرىمدا بىر دانە پەرقۇلئاددە ئارخىپ خالتىسى بار ، ئۇنىڭغا «مېنىڭ ئەخمىقانە ئىشلىرىم» دەپ يېزىپ قويۇلغان . ئارخىپتا ھاياتىمدىكى ھەرخىل تەنتەكلىكلىرىم ساقلانغان . ئۇنىڭدىكى ماتېرىياللارنىڭ بەزىلىرىنى مەن سۆزلەپ بەرگەن ، كاتىپ خاتىرىلىگەن . بەزى ماتېرىياللار باشقىلار ئوقۇپ قالسا بولمىغۇدەك دەرىجىدە بىمەنە بولغانلىقتىن ، كاتىپقا سۆزلەپ بېرىشنى ئەپسىز كۆرۈپ ئۆزۈم يېزىپ چىققان .

ئەگەر مەن بۇ قېلىن ئارخىپنى ئېچىپ ، ئىلگىرى بېشىمدىن ئۆتكەن ئاجايىپ ئىشلىرىمنى ئوقۇپ چىقىدىغان بولسام ، ئەينى چاغلاردا ئىنتايىن قول تۇتىدۇ دەپ قارىغان ئىشلارنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن ئاسان ھەل بولىدىغان ئىشلار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمەن .

ئىلگىرى مەن ئۆزۈمنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان ئىشلارنى باشقىلارغا دۆڭگەپ قويۇپ ئادەتلەنگەنىدىم . يېشىمنىڭ چوڭىيىشىغا ، كۆرگەن - بىلگەنلىرىمنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ، ئازراق ئەقىل تېپىپ قالغاندەك قىلىمەن . مەن دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە بەختسىزلىكنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئۆزۈم پەيدا قىلغانلىقىمنى بارا - بارا تونۇپ يەتتىم . يېشى چوڭراق كىشىلەرنىڭ بەلكىم مەندەك تونۇشى بولسا كېرەك . ناپولېئون مۇقەددەس ھېلىنا ئارىلىغا قاماپ قويۇلغان چاغدا مۇنداق دېگەنىدى : «مەن ھازىرقى ھالغا چۈشۈپ قېلىشىمنى باشقىلاردىن كۆرمەيمەن ، جاۋابكارلىق پۈتۈنلەي ئۆزۈمدە . مەن ئۆزۈمنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى ، شۇنداقلا قورقۇنچلۇق تەقدىرىمنىڭ ئاپەت يىلتىزى» .

تۆۋەندە مەن كىتابخانلىرىمغا بىر تونۇشۇم ھەققىدە سۆزلەپ بېرەي : ئۇنى ئۆزىگە توغرا باھا بېرەلەيدىغان ۋە ئۆزىنى تۈزىتەلەيدىغان ئۇستاز دېيىشكە بولىدۇ . ئۇنىڭ ئىسمى خا .پ .خوۋېلل . رادىيو ئىستانسىسى ئۇنىڭ نيۇ - يوركتىكى ئانباسادو مېھمانخانىسىدا ئۆلۈپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاتقاندا ، ۋالل كوچى قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن ، چۈنكى ئۇ ئەينى چاغدا ئامېرىكىنىڭ پۇل مۇئامىلە

ساھەسىدە مەشھۇر زات ھېسابلىناتتى ، شۇنداقلا نۇرغۇن چوڭ شىر-كەتلەر مۇدىرىيىتىنىڭ باش مۇدىرى ۋە جىگلىسى ئىدى . ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مۇساپىسى ئېگىز - پەس ، ئەگرى - توقاي ئىدى . ئۇ تۇزۇكرەك مۇنتىزىم تەربىيە كۆرمىگەن . بىر يېزىنىڭ سودا سارى-يىدا بوغالتىرلىق قىلىش ئۇنىڭ سودا بىلەن شۇغۇللىنىشتا باسقان تۇنجى قەدىمى ئىدى . كېيىن ئۇ ئامېرىكا تۆمۈر - پولات مالىيە گۇرۇھىنىڭ كىرېدىت باشقارمىسىغا جىگلى بولغان . ئۇ ئىشنى مانا مۇشۇ يەردىن باشلاپ ، تەدرىجىي ھالدا نام - شۆھرەت ۋە مەرتىۋىگە ئېرىشكەن .

مەن خوۋېلل ئەپەندىدىن ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش سە-ۋەبلىرىنى تەھلىل قىلىپ بېرىشنى ئۆتۈنگەنىدىم ، ئۇ قىلچە يوشۇرۇپ ئولتۇرمايلا مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەرگەنىدى : «كۆپ يىللاردىن بۇيان كۈندىلىك ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىمدىن خاتىرە قالدۇرۇپ مېڭىش ئادى-تىم بار . شەنبە كۈنى كەچتە ھەرقانداق مېھماننى قوبۇل قىلمايمەن . ئائىلىمىزدىكى كىشىلەرگە ئايانكى ، مەن بۇ كۈنى كەچتە شۇ ھەپتى-لىك خىزمەتلىرىمنى ئەسلەپ ، تەكشۈرۈپ ياكى ئويلىنىپ چىقىمەن . كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ ، ئۆز خانەمگە كىرىپ خاتىرە دەپتىرىمنى ئاچىمەن - دە ، دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەندىن تارتىپ بۈگۈنگىچە بولغان بىر ھەپتە ئىچىدە قىلغان سۆزلىرىم ، ئاچقان يىغىنلىرىم ۋە بېجىر-گەن ئىشلىرىمنى ئەسلەپ چىقىمەن . مەن ئۆزۈمگە قايسى ئىشلارنى بېجىرىشىم مۇۋاپىق بولماپتۇ ؟ قانداق قىلسام تېخىمۇ ياخشى بېجىر-گىلى بولاتتى ؟ بۇ ئىش ياكى ئۇ ئىشتىن قانداق ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىشىم كېرەك ؟ دېگەندەك سوئاللارنى قويىمەن . بۇنداق ئەسلىمىلەر كۆپ ھاللاردا مېنى قاتتىق ئازابلايدۇ ، چۈنكى سەۋەنلىكلىرىم ھەمىشە مېنى قاتتىق چۆچۈتەتتى . ئەمما ، ئۇزلۇكسىز تەكشۈرۈپ ۋە ئەسلەپ تۇرغانلىقىم ئۈچۈن ، خاتالىقىم بارغانسېرى ئازىيىپ باردى . ئايانكى ، ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مۇنداق ئۆز - ئۆزۈمنى ئوپېرات-سىيە قىلىش ۋە تەھلىل يۈرگۈزۈش ئىنتايىن ياخشى رول ئوينىدى . مېنىڭ كەسىپ جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمغا ھەرقانداق چارى-

www.uyghurkitap.com

نىڭ ئۈنىڭدەك ياردىمى بولمىغانىدى» .

ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇسۇل خوۋېللىنىڭ ئىجادىيىتى ئەمەس ، بۇ ئۇ-
سۇلنى بەلكىم ئۇمۇ بىنجامىن فرانكلىندىن ئۆگىنىۋالغان بولسا كې-
رەك . ئوخشىمايدىغىنى شۇكى ، فرانكلىن شەنبىنىڭ كېلىشىنى كۈ-
تۈپ تۇرماي ، ھەركۈنى ئاخشىمى ئۆز - ئۆزىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ
چىقاتتى . ئۇ قاتتىق ئويلىنىش ئارقىلىق ، ئۆزىدە 13 ئېغىر يېتەر-
سىزلىك بارلىقىنى بايقىغان . بۇنىڭ ئىچىدىكى ئۈچ يېتەرسىزلىكى :
كۆپ ھاللاردا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى
دەپ ۋاقىتنى زايە قىلىش ، باشقىلارنىڭ پىكرىگە رەددىيە بېرىشنى
ياخشى كۆرۈش ، باشقىلار بىلەن تالاش - تارتىش قىلىشنى ياخشى
كۆرۈش . ئەقىللىق فرانكلىن بۇ ئەجەللىك ئاجىزلىقنىڭ ئۆزىنىڭ
كەسپىتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى ئاساسلىق توسالغۇ ئىكەنلىكى-
نى تونۇپ يەتكەن ، شۇنىڭ بىلەن بۇ يېتەرسىزلىكىنى ئەستايىدىل
تۈگىتىشكە بەل باغلىغان . ئۇ ئۆزىگە بىر ھەپتىدە ئالاھىدە دىققەت
قىلىپ تۈگىتىشكە تېگىشلىك نىشان بەلگىلەپ چىقىپ ، ھەر كۈنى
خاتىرە قالدۇرۇپ ماڭغان ، كېلەر ھەپتىسى يەنە يېڭى ۋەزىپە ئورۇن-
لاشتۇرغان . فرانكلىن ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكى بىلەن كۈرەش قى-
لىشنى ئىككى يىل قەتئىي داۋاملاشتۇرغان . ئۇنىڭ كېيىنچە ئامېرىكا
تارىخىدا ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئۇلۇغ ئەرباب بولۇپ چىقىشى قىلچە
ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس .

ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەر چاكىنا كىشىلەرنىڭ قۇلىقىغا ياق-
مايدۇ ، باشقىلار سەل - پەل ئەيىبلەپ قويسىلا ئۇلارنىڭ جان - پېنى
چىقىپ كېتىدۇ ؛ ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر بولسا ئۇلاردىن كۆپ پەرقلى-
نىدۇ . ئۇلار باشقىلارنىڭ ئەيىبلىشى ۋە تەنبىھسىدىن «ئوزۇقلۇق»
ئالىدۇ . 19 - ئەسىردە ئۆتكەن ئامېرىكىلىق مەشھۇر شائىر ۋېرت
ۋىتمان مۇنداق دېگەنىدى : «سىلەر ئۆزۈڭلارنى مەدھىيەلەيدىغان ،
سىلەر بىلەن يېقىن - دوستانە ئۆتىدىغان ، سىلەرنى كۆرگەن ھامان
ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئورۇن بوشىتىدىغان كىشىلەردىن بىرنەرسە
ئۆگىنىپلا قالماستىن ، بەلكى سىلەرنى ئىنكار قىلىدىغان ، سىلەرگە

ھۇجۇم قىلىدىغان، سىلەرنى ئەشەددىي دۈشمەن كۆرىدىغان كىشىلەردىن تېخىمۇ كۆپ پايدا ئېلىشىڭلار كېرەك».

دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى — دۈشمەندىن بالدۇر ھەرىكەتكە كېلىپ، ئۆز - ئۆزىنى تەكشۈرۈش. ئەگەر بىز ئۆزىمىزگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ئاجىزلىقىمىزنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تېپىپ چىقىدىغان ھەمدە تىرىشىپ تۈگىتىدىغان ۋە تۈزىتىدىغان بولساق، دۈشمىنىمىز ھېچقانداق سۆز-چۆچەك قىلالمايدۇ. ئۇلۇغ بىئولوگ چارلېز دارۋىن ئەنە شۇنداق قىلغان. ئۇ ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى 15 يىل داۋاملاشتۇرغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى»نى يېزىپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن، بۇ تەدرىجىي تەرەققىيات نۇقتىئىنەزىرىنىڭ ئېلان قىلىنىشى ئەينى زاماندىكى ئىدىيە ساھەسىدىكىلەرنى غايەت زور زىلزىلىگە سالىدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ ئەينى زاماندىكى دىن ساھەسىدىكىلەرنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىنى قوزغايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىگە، تۈرلۈك سانلىق مەلۇماتلارغا ۋە پىكىر قىلىش ئۇسۇلىغا بىر - بىرلەپ قاراپ چىقىپ، ئاخىرقى يەكۈننى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ چىققان. ئۇ ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلغۇچى بولۇش سۈپىتىدە ھارماي - تالماي 15 يىل ئىشلىگەن.

ناۋادا بىراۋ سىزنى «ئۆلگۈر كالۋا» دەپ تىللىسا قانداق قىلىسىز؟ خاپا بولامسىز؟ ئۇرۇشامسىز؟ ئۆچ ئالامسىز؟ ئامېرىكىنىڭ زۇڭتۇڭى لىنكولىن ئۇنداق قىلمىغان. ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى ئېتكاستانتون ئۇنى «ئۆلگۈر كالۋا» دەپ تىللىغان. چۈنكى، لىنكولىن ئۇنىڭ ئىشىغا چات كىرىۋالغان. بىر نائىنساپ سىياسەتۋازغا ماداراچىلىق قىلىش يۈزىسىدىن لىنكولىن بىرقانچە تۈەنلىك بىر قوشۇننى مۇداپىئە لېنىيەسىدىن يۆتكەپ چىقىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. ستانتون لىنكولىننىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلغان. نەتىجىدە قانداق بولغان؟ لىنكولىن ستانتوننىڭ ئۆزىنى قوپاللىق بىلەن تىللى-

www.uyghurkitap.com

غانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن قىلچە ئاچچىقلانمىغان . ئۇ ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن مۇنداق دېگەن : «ئەگەر ستانتون مېنى كالۋا دەپ تىللىغان بولسا ، بەلكىم مەن راستتىنلا كالۋا ئوخشايمەن . ئۇنىڭ پىكرى توغرىدەك تۇرىدۇ ، مەن ئۆزۈم بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلە-شىپ كېلەي » .

لىنكولىن راستتىنلا ستانتوننى يوقلاپ كەلگەن . ستانتون قىلچە يوشۇرمايلا ئۇنىڭغا بۇ بۇيرۇقنىڭ خاتا دېگەن . بىردەم بەس - مۇنازى-رە قىلىشقاندىن كېيىن ، زۇڭتۇڭ ئاخىر بۇيرۇقنى ئەمەلدىن قال-دۇرغان . لىنكولىن باشقىلارنىڭ تەنقىدىنى ئەنە شۇنداق خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدىغان ئادەم ئىدى . ئۇ باشقىلارنىڭ تەنقىدىنىڭ سەمىمىي ۋە ياخشى نىيەت بىلەن بېرىلگەنلىكى ، شۇنداقلا تولۇق پاكىت ئاساسى بارلىقىنى تونۇپ يەتسىلا ، خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلاتتى ۋە قوللىناتتى .

بىزمۇ ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەرنى لىنكولىندەك قوبۇل قى-لىشىمىز لازىم ، چۈنكى ھېچكىم ھەممە نۇقتىئىنەزىرىم توغرا دەپ ئېيتالمايدۇ . زۇڭتۇڭ زېئودو روزۋېلت مېنىڭ ئاق سارايغا كىرگەن-دىن كېيىنكى پىكىرلىرىمنىڭ كۆپ بولغاندا تۆتتىن بىر قىسمى توغرا دېگەن ؛ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئېينىشتېيىن ھەتتا ئۆزىنىڭ مۇلا-ھىزىلىرىنىڭ 99 پىرسەنتىنىڭ بىمەنە مۇلاھىزە ئىكەنلىكىنى ئېتى-راپ قىلغان . «دۈشمەنلىرىمىزنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى — دەيدۇ 17-ئەسىردە ئۆتكەن فىرانسىيەلىك مەشھۇر يازغۇچى لاروشغۇكولد ، — كۆپ ھاللاردا ئۆزىمىزنىڭ ھۆكۈملىرىگە قارىغاندا ھەقىقەتكە تېخىمۇ يېقىن كېلىدۇ » .

ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام ، بۇ قائىدىلەرنى چۈشىنىمەن . لې-كىن ، بىرەركىم مېنى تەنقىد قىلغاندا ، سەل ئاغرىنىپراق ئېيتسىلا ئۇلتۇرالماي قالىمەن ، بەزىدە شۇنداق چىچاڭشىپ كېتىمەنكى ، باشقى-لارنىڭ تەنقىد بېرىشتىكى غەرىزىنى قىلچىمۇ نەزەرگە ئېلىپ قويماي-مەن . ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن يەنە پۇشايمان قىلىپ ئۆزۈمنىڭ قىلغانلىرىمغا غەزىپىم كېلىدۇ . ھەممىمىز تەنقىدنى ئاڭلىساق ئاسانلا

ئاچچىقىمىز كېلىدۇ، ماختاشنى ئاڭلىساق يايراپ كېتىمىزغۇ، بۇنداق تەنقىد ياكى ماختاشنىڭ ئاساسى بار - يوقلۇقى بىلەن كارىمىز بولمايدۇ. بىز لوگىكىلىق ئورۇنلاشتۇرۇشنى ياقتۇرماي، ھېسسىياتىمىزنىڭ بۇيرۇقىنى قوبۇل قىلىشنىلا ياقتۇرىمىز. لوگىكا بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا بىپايان، قايناپ - تاشقان ھېسسىيات دېڭىزىمىزدا لەيلەپ يۈرگەن تەنها قولۋاق، خالاس. ئارىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىمىزگە بەك ئىشىنىپ كېتىمىز، ئەمما نەچچە ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن شۇ چاغدا قىلغان - ئەتكەنلىرىمىزگە نەزەر سالساق، ئېھتىمال كۈلكىلىك ۋە بىمەنە ھېس قىلىشىمىز مۇمكىن. «مىشچانلار ئەدەبىياتى يازغۇچىسى» دەپ نام ئالغان ۋېلىيام ئاۋېن ۋېيتنىڭ ئاشۇنداق ئەسلىمىسى بار. ئۇ 50 يىلنىڭ ئالدىدىكى ئۆزىنى «تەلۋىلەرچە تەكەببۇر ياش»، «كۆپ ھاللاردا نومۇسنى بىلمەيدىغان ئەخمەق»، «سالاپەتلىك ساختىپەز» ۋە «ھېچقانچە بىلىمى يوق، لېكىن ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدىغان كالامپاي تەھرىر» دەپ يازغان. ناۋادا ئۆزىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى يەنە 20 يىلدىن كېيىن تەسۋىرلەيدىغان بولساق، ۋېلىيام ئاۋېن ۋېيتقا ئوخشاش تەسىراتقا ئىگە بولۇپ قالارمىزمۇ؟

بۇ بابنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا ئادىل بولمىغان تەنقىدكە مۇئامىلە قىلىش ئۇسۇلى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتكەنىدىم. بۇ يەردە يەنە مۇنداق بىر ئىشنى سەمىڭلەرگە سېلىپ قوياي: ناۋادا باشقىلارنىڭ تەنقىدىنى قوبۇل قىلالماي تازا ئاچچىقىڭلار تۇتۇپ تۇرغاندا ئۆپكەڭلارنى بېسىۋېلىڭلار ھەمدە ئۆزۈڭلارغا: «ئاچچىقىڭدىن يان! مەن تاكامۇللاشقان ئادەم ئەمەس. ئېينىشتېيىن مەن 99 پىرسەنت ۋاقتىمنى خاتالىشىش بىلەن ئۆتكۈزگەن دېگەن يەردە، مەندە 80 پىرسەنت خاتالىق يوقمىدۇ؟ بەلكىم قارشى تەرەپنىڭ تەنقىدى مەندە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىنىڭ ئەجەللىك يېرىگە تەگكەن بولسا كېرەك! ئەگەر راستتىنلا شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتسام ھەمدە ئۇنىڭ تەنقىدىدىن پايدىلىق نەرسىلەرنى قوبۇل قىلسام بولغۇدەك» دەڭلار.

كاكائو شىركىتىنىڭ باش كېسىمدارى كانېس روكمان 1 مىليون

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دوللار خەجلەپ رادىيو ئىستانسىسى ئارقىلىق ئاممىدىن پىكىر ئال-
غان . ئۇ مەدھىيە ئوقۇلغان خەتلەرگە قاراپمۇ قويمىغان ، ئەمما تەنقىد
يېزىلغان خەتلەرنى بىر - بىرلەپ ئوقۇپ چىققان . ئۇ پەقەت مۇشۇنداق
تەنقىد يېزىلغان خەتلەردىنلا بىلىشكە تېگىشلىك نەرسىلەر بىلەن تو-
نۇشقىلى بولىدىغانلىقىنى بىلگەن .

«فورد» شىركىتىمۇ شىركەت ۋە زاۋۇتلارنىڭ ئەھۋالى بىلەن
تونۇشۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن . شىركەت ئىشچى - خىزمەت-
چىلەردىن تەنقىد ۋە تەكلىپ بېرىشنى داۋاملىق تەلەپ قىلىپ تۇرغان
ھەمدە ياخشى پىكىر - تەكلىپ بەرگۈچىلەرنى مۇكاپاتلىغان .

مەن ئىلگىرى سوپۇننى بازارغا سېلىش بىلەن شۇغۇللانغان بىر
ئادەمنى تونۇيمەن . ئۇ كورگارت سوپۇننى بازارغا سېلىشنى باشلىغان-
دا ، تىجارىتى ئىنتايىن كاسات ئىدى ، ئۇ ھەتتا دەسمىدىن ئايرىلىپ
قالىدىغان بولدۇم دەپ قورققان . كېيىنچە ئۇ تىجارىتىنىڭ كاسات
بولۇشىدىكى سەۋەب سوپۇننىڭ سۈپىتى ۋە باھاسىدا بولماستىن ،
بەلكى ئۆزىنىڭ سودا قىلىشنى بىلمەيدىغانلىقىدا ئىكەنلىكىنى سەز-
گەن . ئۇ باشقىلار تۇرۇۋاتقان بىنانىڭ سىرتىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ ،
خەقنىڭ ئۇنىڭ سوپۇننى ئالماسلىقىدىكى سەۋەب ئۈستىدە باش قاتۇ-
رۇشنىلا بىلگەنۇ ، دادىللىق بىلەن خېرىدارلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ پە-
كىر ئېلىشنى بىلمىگەن . بۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ سوپۇن سېتىش
ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتكەن . بەزىدە ئۇ ھەتتا ھېلىلا سۆزلەشكەن خېرىدار-
نىڭ ئالدىغا قايتىپ كېلىپ : «مېنىڭ قايتا كېلىشتىكى مەقسىتىم
سوپۇنۇمنى يەنە بىر قېتىم بازارغا سېلىش ئۈچۈن ئەمەس ، پەقەت
سىزنىڭ پىكىر ۋە تەكلىپلىرىڭىزنى ئاڭلاپ بېقىش ، بۇنىڭدىن بىرقان-
چە مىنۇت ئىلگىرى سوپۇن سېتىش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ بەلكىم
بەزىبىر بولمىغۇر گەپلەرنى دەپ سالغان بولۇشۇم مۇمكىن ، ئۇ گەپ-
لەرنى ماڭا ئېيتىپ بېرەرسىزمۇ ؟ سىز مەندىن چوڭ ، تەجرىبىگە
باي ، توغرا قىلمىغان تەرەپلىرىم بولسا ، يۈزى چۈشۈپ كېتەرمىكىن
دەپ ئەندىشە قىلماي تەنقىد بەرسىڭىز» دېگەن .

شۇنىڭ بىلەن ئۇ نۇرغۇن دوست تۇتقان ۋە سەممىمىي نەسىھەتلەر-

نى ئاڭلىغان .

بۇ مال بازارغا سالغۇچى كىيىن قانداق بولغاندۇ؟ ئۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ سوپۇن شىركىتى — كورگارت پارمولىب سوپۇن شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى بولىدۇ . ئۇنىڭ ئىسمى ئې .خا .لىتلې ، ئۇنىڭ يىللىق كىرىمى 240 مىڭ 141 دوللار ، ئۇ ئامېرىكىدىكى 14 چوڭ باينىڭ بىرى .

ئەگەر باشقىلارنىڭ تەنقىدى كەيپىياتىمنى بۇزۇۋەتمىسۇن دېسەڭىز ، مۇنۇ ئۇچىنچى پىرىنسىپنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ :

تەنتەكلىكىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماي ، ئۆز - ئۆزىڭىزنى تەنقىد قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ ، تاكامۇللاشقان ئادەم بولاي دېسىڭىز ئې .خا . لىتلېدىن ئۆگىنىپ ، باشقىلارنىڭ ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلغان ، يېڭىلىق روھىغا باي پىكىرلىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلىڭ .

## 2 . غەم - قايغۇنىڭ كۆپىنچىسى پۇل ئۇچۇن بولىدۇ

ناۋادا مېنىڭ كىشىلەرنى مال - دۇنيا ئۇچۇن قايغۇرۇشتىن راستىنلا قۇتۇلدۇرالايدىغان ئامالىم بولسا ، كىتاب يازىمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمەي ، ئاق سارايغا كىرىپ ، زۇڭتۇڭنىڭ خۇسۇسىي مەسلىھەتچىسى بولغان بولاتتىم . بىراق ، بۇ جەھەتتە مەن ھېچبولمىغاندا بەزى نوپۇزلۇق ئەربابلارنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ بولسىمۇ كۆپچىلىككە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ۋە يۈرگۈزۈشكە بولىدىغان بەزى چارىلەرنى كۆرسىتىپ بەرمەكچىمەن .

«دەۋر » ھەپتىلىك ژۇرنىلى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ غەم - قايغۇسىنىڭ 70 پىرسەنتى پۇل - دۇنيا ئۇچۇن بولىدىغانلىقىنى ئىستاتىستىكىلاپ چىققان . گاللوپ خەلق رايىنى سىناش كومىتېتىنىڭ باشلىقى دوكتۇر گاللوبىنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇ بۇ جەھەتتە نۇرغۇن تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىپتۇ . تەكشۈرۈلگەن كىشىلەرنىڭ كۆپىن-

www.uyghurkitap.com

چىسى كىرىمىمىز 10 پىرسەنت ئاشىدىغانلا بولسا، پۇل - دۇنيا ئۈچۈن قايغۇرۇپ يۈرمەيتتۇق دەپ قارايدىكەن. لېكىن، كۆپ ئەھۋال ئاستىدا ئىش بۇنداق بولمايدۇ - دە. مەن بۇ بابنى يېزىشتىن ئىلگە-رى، ئىلزاستانبۇرتون خانىمنى مەخسۇس زىيارەت قىلدىم. ئۇ نيۇ-يورك «ژۇنامىك» سودا سارىيىنىڭ مەسلىھەت بېرىش بۆلۈمىدە كۆپ يىل ئىشلىگەن، كېيىن يەنە خۇسۇسىي ئىقتىساد مەسلىھەتچىسى بولۇپ، خېرىدارلارنىڭ پۇل جەھەتتىكى مەسىلىسىنى مەخسۇس ھەل قىلىپ بەرگەن. ئۇنىڭ خېرىدارلىرى ئىچىدە ئايلىق كىرىمى 1000 دوللارغا يەتمەيدىغان ھۆكۈمەت خادىملىرىدىن تارتىپ كاتتا باي - سودىگەرلەرگىچە ھەرقايسى قاتلام كىشىلىرى بار ئىكەن. ئۇ ماڭا مۇنداق دەپ سۆزلەپ بەردى: «كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۈچۈن ئېيت-قاندا، پۇلنىڭ كۆپ بولۇشى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى غەم - قايغۇنى داۋالايدىغان شىپالىق دورا ئەمەس. مەن بۇنداق ئادەملەرنى ھەقىقەتەن كۆپ كۆردۈم، ئۇلارنىڭ كىرىمى كۆپ، خىراجىتىمۇ كۆپ، بېشى قاتىدىغان ئىشلىرىمۇ كۆپ ئىكەن، پۇل - دۇنيانى دەپ غەم قىلىپ يۈرگەن كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى پۇلنى بەك ئاز تاپقانلار ئەمەس، بەلكى پۇل خەجلەشنى بىلمەيدىغانلار». بۇ گەپنىڭ ئاخىرقى جۈملى-سى قۇلاققا تازا ياقمايدۇ، لېكىن كېرەك يوق، ھېلىمۇ ياخشى ستانبۇرتون خانىم ھەممە ئادەمنى دېگىنى يوق. ئۇنىڭ دېگىنى پەقەت پۇل ئۈچۈن قايغۇرۇپ يۈرگەن كۆپ ساندىكى كىشىلەر، ئېھتىمال ئۇ سىزنى كۆزدە تۇتمىغاندۇ، بەلكى ئاچىڭىز ياكى بىر نەۋرە سىڭلى-ڭىزنى كۆزدە تۇتقاندۇ.

بەزى كىتابخانلار بەلكىم: «سىز كارنېگ بۇ مەسىلىنى ئەجەب ئاددىي چاغلايدىغانسىز! ناۋادا سىز مېنىڭ ئىش ھەققىمدىن مېنىڭ قەرزىمنى تۆلەپ باقسىڭىز، مېنىڭ يېنىمدىكى پۇلنى خەجلەپ مەن قىلماقچى بولغان ئىشلارنى بېجىرىپ باقسىڭىز، ئاندىن پۇلنىڭ تەمى-نى تېتىيتتىڭىز» دېيىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، مېنى پۇل ئۈچۈن قايغۇرمايدۇ دەمسىز؟ مەن مىسسۇرى ئىشتاتىدا دېھقانچىلىق قىلغان، ھەركۈنى ئېتىزدا ياكى قۇرۇق ئوت - چۆپ دۆۋىسىدە ئون نەچچە

سائەتلەپ ئىغىر ئەمگەك قىلاتتىم . كۆپ ھاللاردا ھېرىپ بەللىرىم سىرقىراپ ئاغرىپ كېتەتتى ، شۇ چاغدىكى بىر دىنبىر ئۈمىدىم جىسمانىي ئازابتىن قانداق قۇتۇلۇش ئىدى . بۇنداق ئېغىر ئەمگەك قىلىپ قانچىلىك پۇل تاپاتتىمكىن دېمەمسىز ؟ بىر سائەت ئىشلەپ تاپقىنىم 10 تىيىنغىمۇ يەتمەيتتى ، بىر كۈندە 10 سائەت ئىشلەپ ئاران يېرىم دوللار تاپاتتىم .

بۇنداق تۇرمۇشنىڭ مەزمۇنى ماڭا ئايان ئىدى : يۇيۇنۇش ئۆيى يوق ، تۇر ۇبا سۇيى يوق بۇنداق ئۆيدە نەچچە 10 يىل ياشىشىمغا توغرا كېلەتتى . يېتىپ ـ قوپىدىغان ئۆيۈمنىڭ تېمپېراتۇرىسى ھەمىشە نۆل-دىن يۇقىرى 8 سېلسىيە گىرادۇسقىمۇ يەتمەيتتى . بىر تىيىن بولسىمۇ ئاپتوموبىل كىراسىنى تېجەش ئۈچۈن ، نەچچە كىلومېتىر يولنى پىيادە ماڭاتتىم . ئىلاجسىزلىقتىن تۆشۈكلۈك ئاياغ ۋە ياماق ئۈستىگە ياماق چۈشكەن كىيىملەرنى كىيىپ يۈرەتتىم . ئاشخانىغا كىرىپ قال-سام ، ئەڭ ئەرزان تاماق ، مېھمانخانىدا قونۇپ قالسام ئەڭ ئەرزان ياتاق زاكاس قىلاتتىم......

ئاشۇنداق كۈن ئۆتكۈزۈپ تۇرۇقلۇق ، ئاشۇ ئازغىنا كىرىمىمدىن ھەر كۈنى يەنە بىرقانچە تىيىن تېجەپ ، ئىشسىز قالغان چاغلىرىمدا خەجلەرمەن دەپ ساقلاپ قوياتتىم . ماڭا شۇ نەرسە ئايان ئىدىكى ، قەرزگە بوغۇلۇپ قالماي ، غۇربەتچىلىكتىن ساقلىناي دەيدىكەنمەن ، سودىگەرلەرگە ئوخشاش كىرىمىمگە قاراپ چىقىم قىلىشىم ، پىلانلىق خىراجەت قىلىشىم كېرەك . ھالبۇكى ، بۇ دەل نۇرغۇن كىشىلەر ئاسانلىقچە ئىشقا ئاشۇرالمايۋاتقان نۇقتا . مېنىڭ بىر نەشرىيات باشلىقى ئاغىنەم بار ، ئۇنىڭ ئىسمى لېئو شىمىنگىن . بىر قېتىم ئۇ ماڭا ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قولى قىسقىلىقتىن قايغۇرۇشى ئاساسەن ئۇلار-نىڭ نەزەر دائىرىسىنىڭ تارلىقىدىن بولغان دېگەنىدى . ئۇ ماڭا ئۆزى تونۇيدىغان بىر بوغالتىرنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى . ئۇ كىشى كەسىپكە كەلگەندە شىركەت بويىچە ھەممىنى بىسىپ چۈشىدىكەن . لېكىن ، ئۇنىڭ پۇل خەجلىشىگە قارىسىڭىز ھەقىقەتەن ئىشەنگۈڭىز كەلمەيدۇ ! مەسىلەن ، ئۇ جۈمە كۈنى چۈشتىن كېيىن مائاش ئالىدى-

www.uyghurkitap.com

كەن - دە ، ئىشتىن چۈشۈپلا كوچىغا چىقىدىكەن . بىرەر دۇكاندىن ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بىرەر قۇر پەلتونى كۆرۈپ قالسا ، قىلچە ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا سېتىۋالىدىكەن . ئۇ بايىلا ئالغان مائاشىدىن ئالدى بىلەن ئۆي ئىجارىسى ، سۇ ، توك ھەققىنى تۆلىۋېتىش ۋە زۆرۈر چىقىملارنى قىلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمايدىكەن . ئۇ پۇخادىن چىققۇچە خەجلەشنىلا بىلىپ ، ئاقىۋىتى بىلەن قىلچە ھېسابلاشمايدىكەن . لېكىن ، ئۇ خىزمەتكە كەلگەندە ئۇنداق ئادەم ئەمەس ئىكەن . ئۇ بوغالتىر بولغان ئادەم شىركەتنىڭ ئىگىلىكىدىمۇ ئوخشاشلا ئاقىۋىتى بىلەن ھېسابلاشمىغان بولسا ، شىركىتىنىڭ ئاللىبۇرۇن ۋەيران بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشىنىدىكەن .

شۇنىڭ ئۈچۈن ، مۇنداق بىر نۇقتىنى ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇشۇڭلار شەرت : پۇل خەجلەشكە كەلگەندە تىجارەتچىلەردىن ئۆگىنىپ ، كىرىمىڭلارغا قاراپ چىقىم قىلىڭلار ، پىلانلىق چىقىم قىلىڭلار . بۇرنۇڭلارنىڭ ئۇچىنىلا كۆرمەڭلار ، قولۇڭلارغا پۇل كىرسىلا خەجلىۋەتمەڭلار .

ئۇنداقتا ، پۇل خەجلەشنىڭ قانداق ئېپى بار ؟ پۇل خەجلەش پىلانىنى قانداق تۈزۈش كېرەك ؟ تۆۋەندە كۆپچىلىككە بۇ جەھەتتىكى تۆت ئاساسىي پرىنسىپنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن :

بىرىنچى پرىنسىپ : بارلىق چىقىمنى خاتىرىلەپ مېڭىش

ئەنگلىيەلىك مەشھۇر يازغۇچى ئارنولد بېننېت تېخى نام چىقارمىغان چاغلاردا لوندوندا ئىنتايىن غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەن ، ھال - كۈنى ئىنتايىن خاراب ئىدى ، شۇڭا ئۇ بىر بىيانس پۇل خەجلىسىمۇ دەپتەرگە يېزىپ ماڭاتتى . پۇلنى نېمىگە خەجلىگەنلىكى كۆڭلىدە بەش قولدەك ئېنىق ئىدى . ئۇ بۇ ئادىتىدىن تولىمۇ مەمنۇن ئىدى . كېيىن ئۇ نام چىقارغان ، باي بولغان ، كاتېرغا ئىگە بولغان بولسىمۇ ، يەنىلا ئۆزىنىڭ چىقىمىنى خاتىرىلەپ مېڭىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغان .

نېفىت كوزىرى جون داۋسون روكفېللېرمۇ ھېساب دەپتەر تۇتقان . ئۇ ھەركۈنى ئاخشىمى دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ بولۇپ ، ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ، بىر كۈنلۈك چىقىمنى تەپسىلىي ھېسابلاپ كۆرىدى-

كەن . شۇڭلاشقا ، چۈنتىكىدە قانچىلىك پۇلى بارلىقى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان ئىكەن .

بۇ سىلەرمۇ بىردىن دەپتەر تۇتۇپ ، پۇتۇن ئۆمرۈڭلاردا خەجلىگەن پۇلۇڭلارنى بىر يۈگىنىمۇ قالدۇرماي بىر - بىرلەپ خاتىرىلەپ مېڭىڭلار دېگەنلىك بولامدۇ ؟ ئەمەلىيەتتە ، ئۇنداق قىلىپ يۈرۈش پۇتۇنلەي هاجەتسىز . مەن پۇل خەجلەشكە ئۇستا بەزى كىشىلەرنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ باقتىم ، ئۇلار تەكلىپ بېرىپ ، بىر ئايلىق ، مۇمكىن بولسا بىر پەسىللىك چىقىمىڭىزنى تەپسىلىي خاتىرىلەپ ماڭىدىغان بولسىڭىز ، ئۆزىڭىزنىڭ چىقىمى توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچىگە ئىگە بولالايسىز ، ئاندىن مۇشۇ بىر ئايلىق ياكى بىر پەسىللىك چىقىم قىلىش ئەهۋالىڭىزغا ئاساسەن خام چوت تۈزۈپ چىقسىڭىز ، كېيىن كەلسە - كەلمەس پۇل خەجلىمەيدىغان بولىسىز دېدى .

ئىككىنچى پىرىنسىپ : زۆرۈر چىقىمىڭىزنىڭ خام چوتىنى تۈزۈپ چىقىڭ

ستانبۇرتون خانىم ماڭا ، شەهەر ئەتراپى رايونىدا ئىككى قوشنام بار ، ئۇلارنىڭ تۇرىدىغان ئۆيى ، كىرىمى ئوخشاش ، بالىلىرىنىڭ سانىمۇ ئوخشاش ، بىراق ئۇلارنىڭ چىقىم قىلىش ئەهۋالى پۈتۈنلەي ئوخشاش ئەمەس . سەۋەب قەيەردە ؟ چۈنكى ، هەرقايسى ئائىلىنىڭ ئۆزىگە لايىق كونكرېت ئەهۋالى بار . شۇنىڭ ئۈچۈن . ستانبۇرتون خانىم ، خام چوتنى ئۆزىنىڭ ئېهتىياجىغا ، ئىمكانىيىتىگە قاراپ تۈزۈش كېرەك دەيدۇ .

چىقىم پىلانلىق بولۇش كېرەك دېگەن ئوي تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ . پىلان تۈزۈش ئاساسەن ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر خىل بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇشنى مەقسەت قىلىدۇ . كۆپ ئەهۋال ئاستىدا ، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بۇنداق بىخەتەرلىك تۇيغۇسىمۇ كۆڭۈلنى خاتىرجەم تۇتۇش ۋە تۇرمۇشتىن مەمنۇن بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى هېسابلىنىدۇ . «چىقىم قىلىش پىلانى بولغان ئادەم باشقىلاردىن بەختلىك ئۆتىدۇ» دەيدۇ ستانبۇرتون خانىم .

چىقىم خام چوتىڭىزنى زادى قانداق تۈزۈپ چىقىشىڭىز كېرەك ؟

www.uyghurkitap.com

ئالدى بىلەن زۆرۈر چىقىملىرىڭىزنى بىر دەپتەرگە يېزىۋېلىشىڭىز لازىم ، ئەلۋەتتە . ئۇنىڭدىن قالسا ، تەجرىبىلىك ئادەملەرنى ئەقىل كۆرسىتىشكە تەكلىپ قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ . بەزى تۇرمۇش خىراجىتى ھەققىدە گېزىتلەر پات - پات خەۋەر قىلىپ تۇرىدۇ ، بۇنداق ماقالىلەر-نىمۇ ئوقۇپ تۇرۇشىڭىز لازىم .

ستانبۇرتون خانىمنىڭ ئېيتىشىچە ، خېرىدارلارنىڭ خام چوت تۈزۈشكە ياردەم بەرگەندە ، ئادەمنىڭ بېشىنى تازا قاتۇرىدىغىنى كې-رىمى ئوتتۇرا ھال سەۋىيەدىكى كىشىلەر ئىكەن . مەن ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ دەپ سورىسام ، ئۇ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى : «بۇنداق ئوتتۇرا ھال سەۋىيەدىكى كىرىم تورغۇن ئائىلىلەردە كېچە - كۈندۈز دېگۈدەك ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان نىشان . بۇنچىلىك كىرىمگە ئېرىشكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئۇنى - بۇنى سېتىۋالغۇسى كېلىدۇ . بۇنداق ئىدىيە ئاسانلا ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىدارىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان بىر خىل تۇرمۇشقا ئېلىپ بارىدۇ - دە ، ئاخىرىدا كىرىمى چىقىمىنى قاپلىيالماي ، قاتمۇقات قەرزگە بوغۇلۇپ قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . مانا بۇ نېمە ئۈچۈن كىرىم كۆپەيسە باش قېتىنچىلىقمۇ كۆپىيىپ كېتىشتىكى سەۋەبلەرنىڭ تۈگۈنى» .

بىز ئىككى خىل تاللاشقا دۇچ كېلىمىز : بىرسى ، ئۆزىمىزنى چىقىم پىلانى تۈزۈشكە مەجبۇرلاش . ئۇزاق مۇددەتلىك نۇقتىئىنەزەر-دىن قارىغاندا ، بۇنداق ئۆتكۈزگەن تۇرمۇش بەختلىك بولىدۇ ؛ يەنە بىرسى ، پۇلنى كەلسە - كەلمەس خەجلەپ ، ئاخىرىدا قەرزگە بوغۇلۇپ ئارامخۇدا ياشىيالماسلىق . قېنى ، سىز قايسى يولدا مېڭىشنى خالايسىزكىن ؟

ئۈچىنچى پرىنسىپ : بالىلىرىڭىزنى پۇل خەجلەشنىڭ ئېپىنى بىلىدىغان قىلىپ تەربىيەلەڭ

«تۇرمۇش» ژۇرنىلىغا بېسىلغان بىر پارچە ماقالە مەندە ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى . ماقالىنىڭ ئاپتورى ستاينا ۋېستون تاتېل بۇ ماقالىسىدە توققۇز ياشلىق قىزىغا پۇل خەجلەشنىڭ ئېپىنى قانداق ئۆگەتكەنلىكى ئۈستىدە توختالغان . ئۇ بانكىدىن ئامانەت كېنىشكىسى

ئەكىلىپ، قىزىغا ساقلاشقا بەرگەن، قىزى پارچە - پۇرات خىراجەت پۇلى تاپقان هامان ئانىسىغا ئامانەت قويغان، ئانىسى ئۇ تاپشۇرغان پۇلنى ئامانەت كىنىشكىسىگە يېزىپ بەرگەن. قىزىغا پۇل لازىم بولغاندا بىر «چەك» يېزىپ ئانىسىدىن پۇل ئېلىپ خەجلىگەن. قىزى بۇ ئويۇنغا ئىنتايىن قىزىقىپ قالغان، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن پۇل خەجلەشتىكى مەلۇم جىددىيلىك ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئۆگىنىۋالغان.

تۆتىنچى پىرىنسىپ: ناۋادا ئۆزىڭىزنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىن شارائىتىڭىزنى ياخشىلىيالماي قالسىڭىزمۇ روھىي جەھەتتىكى يۈكىڭىزنى كۆپەيتىۋالماڭ

ناۋادا ئۆزىڭىزنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىن شارائىتىڭىزنى ئۆزگەرتەلمىگەن بولسىڭىز، كەيپىياتىڭىز ۋە ئىدىيەڭىزنى تېخىمۇ ئازادە تۇتۇڭ. هېچبولمىغاندا، پۇلى يېتىشمەيدىغان ئادەم يالغۇز مەنلىمىتىم، ئۇنىڭغا باش قاتۇرۇپ نېمە قىلىمەن؟ دەپ ئويلاڭ.

بىز ئېرىشىشنى خىيال قىلغان مەلۇم نەرسىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىمىزگە باش قاتۇرۇپ يۈرمەسلىكىمىز لازىم. بۇنچىلىك ئىشنى دەپ خاپا بولۇپ ۋە رەنجىپ يۈرۈشىمىز هەقىقەتەن هاجەتسىز. ئۇلۇغ رىم پەيلاسوپى سېنېكا ئۆز ئىلكىدىكى نەرسىلەر بىلەن قانائەتلەنمەيدىغان ئادەم بەختلىك بولالمايدۇ دەپ ياخشى ئېيتقان. هەممەيلەننىڭ ئاشۇنداق بەختسىز ئادەملەردىن بولۇپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## 3. تاللىغان كەسىپ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇش كېرەك

بۇ بابنى تۇرمۇش مۇساپىسىگە تېخى قەدەم قويمىغان ياش دوستلارغا ئاتاپ يازدىم. ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، ئۇلار دىلى ۋاللىدە يورۇپ كەتكەنلىكىنى، شۇ سەۋەبتىن كەلگۈسى تۇرمۇشقا بولغان ئىشەنچىسى ۋە جاسارىتى تولۇپ تاشقانلىقىنى هېس قىلىدۇ.

18 ياشقا كىرەي دەپ قالغان هەرقانداق بىر ياش تۇرمۇشتىكى

www.uyghurkitap.com

ئىككى چوڭ تاللاشقا دۇچ كېلىدۇ . بۇنداق تاللاش تەقدىرىڭىزنى بىر كۈن ئىچىدىلا ئۈزۈل - كېسىل بەلگىلەيدۇ . ئۇ سىزنىڭ كەيپىياتى-ڭىزغا ، كىرىمىڭىزگە ۋە سالامەتلىكىڭىزگە تەسىر كۆرسىتىدۇ ، ئۆ-مۈر بويى كۆرىدىغان راھىتىڭىز ۋە دۇچ كېلىدىغان بالايىئاپىتىڭىزنى بەلگىلەيدۇ .

بۇ زادى قانداق تاللاش ؟ بىرسى ، ئۆمرىڭىزنى زادى قايسى كە-سىپ بىلەن ئۆتكۈزىسىز ، دېھقان بولامسىز ، ئورمان باققۇچى بولام-سىز ، پوچتىكەش بولامسىز ، ماشىنىست بولامسىز ، خىمىك بولام-سىز ، بالىلارغا ساۋاق بېرىدىغان ئوقۇتقۇچى بولامسىز ياكى قەھۋەخانا ئاچامسىز ؟ ئىككىنچىسى ، بولغۇسى بالىلىرىڭىزغا ئاتا ياكى ئانا بو-لۇشقا كىمنى تاللايسىز ؟ مۇھىم بولغان بۇ ئىككى چوڭ تاللاشنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆپ ھاللاردا كىشىلەرنىڭ مۆلچەرلەپ كېتەلىشى تەس . خۇددى ئېمىرسون فوسدىك ئېيتقاندەك : «كەسىپ تاللاشقا كەلگەندە ياشلارنىڭ ھەممىسى قىمارۋاز بولىدۇ ، ئۇلار پۈتۈن ھاياتىنى دو چىقىشى شەرت » .

قانداق قىلغاندا ئۆزىڭىزنى كەسىپ تاللىغاندا زىيادە تەۋەككۇلچى ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويمايسىز ؟ بۇنىڭ چارىسى بار . ئالدى بىلەن ، ئۆزىڭىز قانائەتلەنگۈدەك ، سىزگە خۇشاللىق بېغىشلىيالىغۇدەك خىز-مەت تاللىشىڭىز لازىم . مەن بالون زاۋۇتىنىڭ خوجايىنى داۋىت گودرىشتىن ، بىر ئادەمنىڭ كەسىپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى ئالدىنقى شەرت نېمە دەپ سورىسام ، ئۇ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى : «ئۇ چوقۇم ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان خىزمەتتىن مەمنۇن بولۇشى كې-رەك . ئەگەر ئۇ ئادەم خىزمەتتە خۇشاللىق ھېس قىلسا ، بىر كۈندە ھەرقانچە ئۇزاق ئىشلىسىمۇ رازى بولىدۇ ، چۈنكى ئۇ بۇ خىزمەتنى بىر خىل يۈك ئەمەس ، بەلكى بىر خىل لەززەت ھېس قىلىدۇ » .

ئېدىسون بىزنىڭ شانلىق ئۈلگىمىز ، ئۇ قانداقسىگە مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن بىر گېزىت ساتقۇچىدىن ئامېرىكىنىڭ سانائەت قىيا-پىتىنى ئۆزۈل - كېسىل ئۆزگەرتكەن ئۇلۇغ كەشپىياتچىغا ئايلانغان ؟ ئۇ داۋاملىق ئۆزىنىڭ تەجرىبىخانىسىدا دۈم يېتىپ - دۈم قوپۇپ ،

ھەركۈنى 18 سائەتتىن ئىشلىگەن، لېكىن ئۇ بۇنداق تۇرمۇشنىڭ قىيىنلىقىنى ھېس قىلمىغان. «مەن ئۆمرۈمدە بىر كۈنمۇ خىزمەت قىلىپ باقمىدىم! — دەيدۇ ئۇ بىر قېتىم تەسىرلەنگەن ھالدا، — بۇنى خىزمەت دېگەندىن كۆرە، لەززەت دېگەن تۈزۈك!»

بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ غايەت زور مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ھەقلىق ئىكەن.

مەن كانىپس شىۋابىنىڭمۇ ئاشۇنداق گەپنى قىلغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم: «خىزمەتكە بولغان قىزغىنلىقىڭىز تولۇپ تاشقان بولسا، كارامەت نەتىجىلەرگە ئېرىشەلەيسىز».

ۋەھالەنكى، بىر ئادەم ئەگەر ئۆزىنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى زادى بىلمىسە، ئۇنىڭدا خىزمەتكە نىسبەتەن تولۇپ تاشقان قىزغىنلىقنىڭ بولۇشىدىن قانداقمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن؟

ئىلگىرى «دۇپونت» شىركىتىدە بىرەر مىڭ خىزمەتچىنى باشقۇرغان، ھازىر يەنە ئامېرىكا يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى سانائەت مۇناسىۋەت بۆلۈمىنىڭ جىڭلىلىقىنى ئۆتەۋاتقان ئېتناكر خانىم بۇ مەسىلىدە مۇلاھىزىسى چوڭقۇر ئايال. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭچە، دۇنيادىكى ئەڭ بەختسىزلىك نۇرغۇن ياشلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ زادى نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى قىلچە بىلمەسلىكىدىن ئارتۇق بولماس. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئۇلار خىزمەتتىن پۇل تېپىشنىڭلا ۋاستىسى قىلىدۇ». كىرخانىم ھەتتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ داڭ چىقارغان كىشىلەرنىڭمۇ ئۇنىڭدىن ئەقىل سورايدىغانلىقىنى، چارە - تەدبىر تېپىشىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇلار: «مەن پالانى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورلۇق ئىلمي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، شىركىتىڭلاردا مەن قىلغۇدەك بىرەر خىزمەت بارمىدۇ؟» دەيدۇ. زادى نېمە قىلىش لازىملىقىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ بىلمەيدۇ، ھەتتا زادى نېمە قىلىشنى خالايدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ، نۇرغۇن ئەقىللىق ئوغۇل - قىزلار شۇنداق گۈزەل ئارزۇ - ئۈمىدلەر بىلەن تۇرمۇشقا قەدەم قويىدۇ، بىراق كۆپ ھاللاردا 40 ياشلارغا كىرە - كىرمەيلا ئۇلارنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرى بەربات بولۇپ، تۇرمۇشقا بولغان ھەر-

قانداق ئىشەنچىسىنى يوقىتىدۇ ، ھەتتا ئىرۋىسىنى كاردىن چىقىرىدى-غان قورقۇنچلۇق ئەھۋالغا يۈزلىنىدۇ . تۇرمۇشتىكى بۇنداق ئىراگې-دىيەلەر كىشىنى قانداقمۇ چوڭقۇر ئويغا سالمىسۇن ؟ مۇۋاپىق خىز-مەت ھەقىقەتەن جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ساغلام بولۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى ، جونس خوپكىنىس دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرى ، دوكتور رابموند پېرلې بىرقانچە سۈغۇرتا شىركەتلىرى بىلەن بىرلىك-تە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان . تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇ «مۇۋاپىق خىزمەت» ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشنىڭ ئەڭ مۇھىم تاشقى شەرتى ئىكەن-لىكىنى بايقىغان .

يېقىندا مەن بىر چوڭ نېفىت شىركىتى كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى پائۇل باينتو بىلەن بىر كىچىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزدۈم . يېقىنقى 20 يىلدا ئۇ خىزمەت تەلەپ قىلىپ كەلگەنلەردىن 65 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى كۆتۈۋالغان . ئۇ «خىزمەت تەلەپ قىلىشنىڭ ئالتە تۈرلۈك ئۇسۇلى» ناملىق بىر پارچە كىتاب يېزىپتۇ . مەن ئۇنىڭدىن : «ياشلار خىزمەت ئىزدەپ كەلگەندە ئەڭ ئاسان ئۆتكۈزىدىغان خاتالىقى قايسى ؟» دەپ سورىسام ، ئۇ جاۋاب بېرىپ : «ئەڭ زور خاتالىقى شۇكى ، ئۇلار زادى نېمە ئىش قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ» دېدى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ دېدى : «ناۋادا بىر كىشى ئۆزىگە كەسىپ تاللاشنى تەييار كىيىم - كېچەك دۇكىنىدىن بىر يۈرۈش كىيىم تاللاپ سېتىۋالغاندەك ئاشۇنداق ئاددىي ئىش دەپ قارايدىغان بولسا ، ئۇ بەك قورقۇنچلۇق بولىدۇ . كىيىمنى بىرقانچە يىل كىيگەندىن كېيىن تاشلىۋېتىشكە بولىدۇ ، ھالبۇكى ، كەسىپ بىر ئادەمنىڭ پۈتكۈل كەلگۈسى — ئۇنىڭ ئۆمۈر مۇساپىسىگە مۇناسىۋەتلىك . بۇ ئۇنىڭ تۇرمۇشى بەختلىك ، كۆڭلى خاتىرجەم بولۇشىنىڭ ئاساسى - دە !»

ياش دوستلىرىم ، سىلەر خىزمەتنى قانداق تاللىشىڭلار كېرەك ؟ ئالدى بىلەن كەسىپ تونۇشتۇرۇش ئورنىغا بېرىپ ئىلتىجا قىلساڭلار بولىدۇ ، ھازىر بۇنداق ئورگانلار ھەممە دۆلەتتە بار ، سىلەر شۇ يەردىن ياردەم ئالالايسىلەر ، لېكىن بەزىدە ئۇنىڭ ئەكسىچىمۇ بولۇپ قالىدۇ ، چۈنكى ئۇ يەردىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ بەزىلىرى قولد-

دىن ئىش كەلمەيدىغان سامان قورساقلار . ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ، كەسىپ تونۇشتۇرۇش ئورنى سىزنى تەمىن ئەتكەن لايىھە پايدىلىنىش خاراكتېرىدىكى بىر خىل تەكلىپتىن ئىبارەت ، ئاخىرقى تاللاش ئۆزۈڭلارنىڭ ئىشى . بىرقەدەر مۇۋاپىقراق ئۇسۇل كۆپرەك خىزمەتچى خادىمنى تېپىپ سۆزلىشىپ ، ئۇلارنىڭ پىكرىنى كۆپرەك ئاڭلاش ، ئاندىن ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى ئويلىنىش ، پۇختا دەڭسەپ كۆرۈش .

سىلەر بەلكىم مېنىڭ خىزمەت تاپىدىغان بىر ئىشنى نېمىشقا كىتابىمنىڭ بىر بابى قىلىپ يازغانلىقىمغا ھەيران قالساڭلار كېرەك . ئەمەلىيەتتە ، ئويلاپ كۆرىدىغان بولساڭلار ، بىزنىڭ نۇرغۇن ئەندىشىمىز ، باش قېتىنچىلىقىمىز ، ئۈمىدسىزلىكىمىز ۋە پۇشايمىنىمىز تېگى - تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، كۆڭلىمىزگە ياقمىغان خىزمەتتىن كېلىدىغانلىقىنى ، كەسىپ تاللاشنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىسىلەر . سىلەر ئېغىر كۆرمەي داداڭلار ، قولۇم - قوشناڭلار ياكى باشلىقلىرىڭلاردىن سوراپ بېقىڭلار ، ئۇلار بۇ مەسىلىگە بولغان پىكرىنى سۆزلەپ باقسۇن . 19 - ئەسىردە ئەنگلىيەدە ئۆتكەن مەشھۇر پەيلاسوپ ۋە ئىقتىسادشۇناس جون ستۇرت مىر مۇنداق دەپ ياخشى ئېيتقان : نامۇۋاپىق خىزمەت ئورۇنلىرىدا ئىشلەيدىغان سانائەت ئىشچىلىرى «پۇتكۇل جەمئىيەت ئۈچۈن غايەت زور زىيان» ھېسابلىنىشى كېرەك . ئۇنىڭدىن باشقا ، ئۇلارمۇ ئەڭ بەختسىز كىشىلەر ھېسابلىنىشى كېرەك ، چۈنكى ئۇلار بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىغا ماس كەلمەيدۇ ، ئۆزلىرى شۇغۇللىنىۋاتقان خىزمەتتىن نەپرەتلىنىدۇ .

سىلەر ھەربىي قىسىملاردىكى قايسى ئەسكەرلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئەڭ كەم بولىدىغانلىقى ، قايسى خىزمەت ئورۇنلىرىنىڭ ئەسكەرلەرگە ماس كەلمايدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر ؟ مەشھۇر روھىي كېسەللىكلەر روختۇرى ، دوكتور ۋېلىيام مېنرىگېل ئۇرۇش مەزگىلىدە ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ بىر روھىي داۋالاش تارمىقىدا باش دوختۇر بولۇپ ئىشلىگەن ، ئۇ مۇنداق گەپنى قىلغان : «مەن قىسىمغا بېرىپ شۇنى چۈشەندىمكى ، خىزمەتنى مۇۋاپىق تەقسىم قىلىش ، مۇۋاپىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئادەملەرنى مۇۋاپىق ئورۇنغا قويۇش لازىم . ئالاھىدە مۇھىم بولغىنى شۇكى ، ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالغان ئادەم ئۆزى ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپە-نىڭ مۇھىملىقىنى چۈشىنىشى شەرت . ئەگەر ئۇلار ئۆزىنىڭ خىزمە-تىگە قىزىقمىسا ، مۇۋاپىق ئورۇنغا قويۇلمىغانلىقىنى ھېس قىلسا ياكى ئۇلارنىڭ ئىنسانلىق قەدىر - قىممىتى مۇۋاپىق ھۆرمەتلەنمىسە ، ئۇلارنىڭ قابىلىيىتى تولۇق جارى قىلدۇرۇلمىسا بۇ ئەسكەرلەر نىر-ۋىسى كاردىن چىقىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ » .

شۇنداق ، ئاشۇ سەۋەب تۈپەيلى ، بىر زاۋۇتتىكى ئىشچىلارمۇ «جەڭگىۋار »لىقىنى يوقىتىپ قويۇشى مۇمكىن . ناۋادا بىر ئىشچى ئۆزىنىڭ خىزمىتىدىن بىزار بولسا خىزمەتنى قانداقمۇ ياخشى ئىشلەپ كېتەلىسۇن ؟

بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ، فېر جونسوننىڭ ئەھۋالىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ . فېرنىڭ دادىسى يۇيۇش - بوياش دۇكىنىنىڭ خوجايىنى ئىكەن . ئۇ ئوغلى چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئىشىغا ۋارىسلىق قىلىپ ، يۇيۇش - بوياش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئارزۇ قىلىدىكەن . لېكىن ، فېر بۇنداق كەسپنى يامان كۆرۈپ ، ئىشتا سۆرەلمىلىك قىلىدىكەن ، چۈنكى ئۇنىڭدا بىر خىل ئىلاجىسىز-لىق تۇيغۇسى بار ئىكەن ، ئۇ كان ئىشچىسى بولۇشنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىكەن . دادىسىنىڭ بولسا مۇشۇنداق ئىقتىدارسىز بىر بالىسى بولۇپ قالغىنىغا دائىم ئەرۋاھى ئۇچۇپ ، خىزمەتچىلەر ئالدىدىمۇ يەرگە كىرىپ كەتكۇدەك بولۇپ كېتىدىكەن .

بىر كۈنى فېر جونسون دادىسىغا ئۆزىنىڭ مېخانىك بولغۇسى بارلىقىنى ، بىر ماشىنىسازلىق زاۋۇتىغا بېرىپ ئىشلىمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتقانىكەن ، بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئاقساقال چىچاڭلاپ كې-تىپتۇ . بىراق ، مەيلى دادىسى نېمە دېسە دېسۇن ، فېر يەنىلا ئۆزىنىڭ گېپىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ . ئۇ مايلىشىپ كەتكەن ئىش كىيىمىنى كىيە-ۋاپتۇ ، قىلىدىغان ئىشى ھەم پاسكىنا ، ھەم جاپالىق ، ئىشلەش ۋاقتى-مۇ ئۇزاق ئىكەن . ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشىنى دادىسىنىڭ يۇيۇش - بوياش دوكىنىدىكى ئىش بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدىكەن . لې-

كىن ، ئۇ ھەممىگە پىسەنت قىلماپتۇ . ئۇ ماشىنىسازلىق ئىلمىنى ئۆگىنىشكە باشلاپتۇ ، دۇنيادىكى ئىشلەش پرىنسىپلىرىنى تەتقىق قىپتۇ ، ئۆزى قىياس قىلىپ ھەرخىل ماشىنىلارنى ياساپ چىقىپتۇ...... 1944 - يىلى دادىسى ئالەمدىن ئۆتكەندە ، ئۇ «ھاۋا بوشلۇقىدىكى قورغان» دەپ ئاتىلىدىغان «بوئىن» ئايروپىلان زاۋۇتىنىڭ باش مۇدىرى بوپتۇ . ئەگەر ئۇ دەسلەپتە ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرمىغان ، دادىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ، يۇيۇش - بوياش دۇكىنىدا نادانلىق قىلىپ كۈن ئۆتكۈزگەن بولسا قانداق بولاتتى؟ كېيىنكى ئېھتىمالنى يەنە ، دادىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، ئۇ دۇكاننى ياخشى باشقۇرالمايتتى ، ئاخىر بېرىپ تىجارىتىنىمۇ ئۆزۈل - كېسىل ۋەيران قىلىۋېتەتتى .

ئەگەر سىلەرمۇ ئاشۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ قالساڭلار ، ئائىلەڭلەردە ئىناقسىزلىق كېلىپ چىقىشىمۇ قورقۇپ ئوخشاش يولنى تاللىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن . ئۆزۈڭلار ياقتۇرمايدىغان بىرخىل تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىش ياكى ئۆزۈڭلار بىزار بولىدىغان بىر خىل ھۈنەرنى ئۆگىنىش مەجبۇرىيىتىڭلار بارلىقىنى ھېس قىلىشىڭلارنىڭ ھاجىتى يوق ، ئائىلىدىكىلەرنىڭ پىكرى چوقۇم بويسۇنمىسا بولمايدىغان نەرسە ئەمەس ، دەرۋەقە ، ئاتا - ئانىلارنىڭ پىكرىنىمۇ تەپسىلىي ئويلىنىپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ ، ئۇلار بەربىر سىلەردىن چوڭ ، ئۇلارنىڭ كۆرگەن - بىلگەنلىرىمۇ كۆپ . بىلىش كېرەككى ، تۇرمۇشنىڭ نۇرغۇن پەلسەپىۋى قائىدىلىرىنى ۋە كىشىلىك ھاياتنىڭ سىرلىرىنى كۆپ يىللىق تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكىنى تېتىغاندىلا بىلگىلى بولىدۇ . شۇنداقتىمۇ ئاخىرقى قارار چىقىرىش ھوقۇقى چوقۇم سىلەردە بولۇشى لازىم ، چۈنكى بۇ تاللاش ئۆزۈڭلارنىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك ، ئائىلىدىكى ھەرقانداق كىشى سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارنى باسالمايدۇ .

ياش دوستلارنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت تاللىۋېلىشى ئۈچۈن ، تۆت تۈرلۈك كونكرېت تەكلىپ بېرىمەن :

بىرىنچى ، كەسىپ تونۇشتۇرۇش ئورنىدىكى خىزمەتچى خادىملار-

نى تېپىپ ، سەمىمىي سۆزلىشىش لازىم .

ئىككىنچى ، بەك ئامىباب كەسىپلەرنى تاللاشتىن ئىمكانقەدەر ساقلىنىش لازىم ، چۈنكى بۇنداق كەسىپلەرنى تېپىش ئانچە قىيىن ئەمەس .

ئۈچىنچى ، بىر خىل كەسىپنى قوبۇل قىلىش قارارىغا كېلىشتىن ئىلگىرى ، ئىمكانقەدەر شۇ كەسىپ بىلەن پىششىق تونۇشۇپ چىقىشىڭلار كېرەك . بۇ كەسىپ بىلەن كۆپ يىل شۇغۇللانغان چوڭلار ئەھۋال ئىگىلەشتىكى مۇھىم ئوبيېكتىڭلار بولسۇن . ئېسىڭلاردا بولسۇنكى ، سىلەر كىشىلىك ھاياتىڭلاردىكى مۇھىم ئىشنى تاللاۋاتىسىلەر ، شۇڭا ھەرگىز يەڭگىللىك قىلماسلىقىڭلار لازىم ، بولمىسا ئۆمۈر بويى پۇشايمانغا قالىسىلەر .

تۆتىنچى ، بىر ئادەم پەقەت بىرلا كەسىپكە ماس كېلىدۇ دەيدىغان خاتا ئوي - پىكىردە بولماسلىق لازىم . ھەرقانداق ئادەم نۇرغۇن خىزمەتلەردە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى مۇمكىن ، ھالبۇكى ، نۇرغۇن كىشىلەر ئەسلىدە ئۆزىگە ماس كېلىدىغان خىزمەت ئورۇنلىرىدا ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش پۇرسىتىدىن ۋاز كېچىۋاتىدۇ . ئۆزۈمنى ئالسام ، ناۋادا مەن دەسلەپتە دېھقان ، باغۋەنچىلىك تېخنىكى ، يېزا ئىگىلىك ئالىمى ، دوختۇر ، سودىگەر ، ئېلان سودىگىرى ، ئاخبارات مۇخبىرى ، ئوقۇتقۇچى ، ئورمانچىلىق ئالىمى بولۇشنى قارار قىلغان بولسام ، ئۆگىنىش ۋە چېنىقىش ئارقىلىق خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن ئوبدان چىقىپلا قالماي ، بەلكى بۇ خىزمەتلەرگە كۈچلۈك ئىشتىياق باغلاپ قېلىشىمغا ئىشىنەتتىم . ئەكسىچە ، ئەگەر بوغالتىر ، ئىنژېنېر ، ساراي خوجايىنى ، زاۋۇت جېڭلىسى ، بىناكارلىق ئالىمى بولۇشنى ياكى ماشىنىسازلىق ، تېخنىكا خاراكتېرىدىكى باشقا كەسىپلەرنى تاللىغان بولسام ، قەتئىي ئىشىنىمەنكى ، ئۆزۈمنى ئۆمۈر بويى بەختسىز ھېس قىلغان ، ئاخىرىدا ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغان بولاتتىم .

# VI زىيادە چارچاشتىن قانداق ساقلىنىش كېرەك

## 1 . ئارام ئېلىش — دەرمان توپلاش دېمەكتۇر

غەم - قايغۇنى قانداق تۈگىتىش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىنىدى- غان بۇ كىتابقا ، نېمە ئۈچۈن چارچاشتىن ساقلىنىش مەسىلىسى سۆزلىنىدىغان بىر بۆلۈك ماقالىنى كىرگۈزۈپ قويدۇم؟ سەۋەب ئىنتايىن ئاددىي ، چۈنكى بەدىنىمىز زىيادە چارچاپ كەتسە ، كۆپ ھاللاردا پىسخولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقىمىزنى يوقىتىمىز - دە ، كۆڭلىمىز تازا خۇش بولمايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، دوختۇرلار زىيادە ھېرىش - چارچاش بىزنىڭ زۇكام ۋە ئۇنىڭدىن باشقا يۈز نەچچە خىل كېسەللىككە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىمىزنى تۆۋەنلىتىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ ؛ روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرلىرىغىمۇ ئايانكى ، ھېرىش - چارچاشمۇ ئاسانلا كىشىلەردە قورقۇش روھىي ھالىتى ۋە روھىي جەھەتتە خاتىرجەمسىزلىكنى پەيدا قىلىدۇ . شۇڭا ، شۇنداق دەپ ئېيتالايمىزكى ، ھېرىش - چارچاشتىن ساقلىنىش مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، پىسخولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇق يوقىتىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ .

يۈقىرىقى چۈشەنچە ھەرگىز كۆپتۈرۈۋەتكەنلىك ئەمەس . ئەگەر ئېممونت ياكبورسوننىڭ نۇقتىئىنەزىرى بويىچە بولغاندا ، ھېرىش - چارچاشنىڭ ئادەمگە كەلتۈرىدىغان زىيىنى تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ . چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتى پاتولوگىيەلىك پىسخولوگىيە تەتقىقات ئىشخا- نىسىنىڭ مۇدىرى ئېممونت ياكبورسون ئارام ئالدۇرۇپ داۋالاشنىڭ

كىلىنىڭ تەتقىقاتى بىلەن كۆپ يىل شۇغۇللانغان . ئۇ تەتقىقات نەتىجە-سىنى يەكۈنلەپ «ئۇزلۇكسىز مۇكەممەللىشىۋاتقان ئارام ئېلىش» ، «سىز ئارام ئېلىشىڭىز كېرەك» دېگەن ئىككى پارچە كىتاب يېزىپ چىققان . ئۇنىڭ قارىشىچە ، ئادەمنىڭ كەيپىياتى ئازادە بولسا ، ئادەمنى تىت - تىت قىلىدىغان ئىش بولمايدىكەن . مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ، ئازادىلىك ئادەمنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىدۇ .

بۇنىڭغا قاراپ شۇنداق دەپ ئېيتالايمىزكى ، چارچاش ۋە كۆڭۈل بىئارام بولۇشتىن ساقلىنىشنىڭ بىرىنچى پرىنسىپى ئارام ئېلىش بولۇشى كېرەك . زىيادە چارچاپ كېتىشتىن ئىلگىرى چوقۇم ئارام ئېلىشىڭىز لازىم !

ئارام ئېلىش ھاردۇق چىقىرىش ۋە كەيپىياتنى ياخشىلاشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى . بۇ ئامېرىكا ئارمىيەسى ئوفىتسېرلىرىنىڭ ئۇ-زاق مۇددەتلىك ئەمەلىيەتتىن چىقارغان يەكۈنى . ئۇلارغا ئايانكى ، ياش بولغان ھالەتتىمۇ ، كۆپ تەرەپلىمە تەجرىبە كۆرگەن ، ئۇنىڭ ئۇستىگە جاپا - مۇشەققەتكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ياش جەڭچىلەر بولغان ھالەتتىمۇ ، بىردەم جىددىي ھەربىي يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن ، 10 مىنۇت بولسىمۇ ئۇلارنى يۈك - تاقلىرىنىڭ ئۇستىدە ياتقۇزۇپ ئارام ئالدۇرۇش كېرەك ، بولمىسا ئۇلار بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ . بىزنىڭ يۈرىكىمىزمۇ بۇ قائىدىنى قىسمىلاردىكى ئوفىتسېرلارغا ئوخشاش چۈ-شىنىدۇ . بۇ ھەركۈنى بەدىنىمىزگە يېتەرلىك قان يەتكۈزۈپ بېرىپ ، بەدىنىمىزدىكى ھەرقايسى ئەزالارنى نورمال ھەرىكەت قىلىش ئىمكانى-يىتىگە ئىگە قىلىدۇ . ئۇنىڭ كۈندىلىك خىزمەت مىقدارى بىر ئادەم-نىڭ 20 توننا كۆمۈرنى بىر مېتىر ئېگىزلىكتىكى پەشتاققا تاشلاشقا سەرپ قىلغان كۈچىگە تەڭ كېلىدۇ . شۇنداق ئېغىر خىزمەتكە ئۇ 50 يىل ، 70 يىل ، بەزىدە ھەتتا 90 يىل بەرداشلىق بېرىش لازىم . ئۇ قانداق بەرداشلىق بېرەلەيدۇ ؟ ھاۋر ئۇنىۋېرسىتېتى تېببىي داۋالاش فاكۇلتېتىنىڭ دوكتورى ۋالتېر كانرون ئۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈ-رۈپ بەردى . ئۇ مۇنداق دەيدۇ : «كىشىلەرنىڭ ھەممىسى يۈرەكنىڭ خىزمىتى توختاپ قالمايدۇ دەپ قارايدۇ ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ھەر قېتىم

تارايغاندا بىر قېتىم قىسقا ۋاقىت ئارام ئېلىنىۋالىدۇ. ئەگەر نورمال ئەھۋالدا ئۇ سېكۇنتىغا 70 قېتىم سوقىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ بىر كۈندە ئىشلىگەن ۋاقتى توققۇز سائەتكىمۇ يەتمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز شۇنداق دەپ ئېيتىمىزكى، يۈرەكنىڭ ھەر كۈنلۈك ئارام ئېلىش ۋاقتى جەمئىي 15 سائەتكە يېتىدۇ».

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ۋىنستون چېرچىل 70 ياشتىن ئېشىپ قالغانىدى، بىراق ئەنگلىيە ئارمىيەسىنىڭ گېرمانىيەگە قارشى ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلىش ئۈچۈن، ئۇ ھەر كۈنى 16 سائەتتىن ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى. بۇ ھەقىقەتەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان مۆجىزە! بۇنىڭدا نېمە سىر بار؟ ئەسلىدە ئۇ ھەركۈنى چۈشتىن ئىلگىرى سائەت 11 گىچە كارىۋاتتا يېتىپ تۇرۇپ ئىشلەيدىكەن. يېتىپ تۇرۇپ دوكلات كۆرىدىكەن، ھەر خىل بۇيرۇقلارنى بېرىدىكەن، تۇرلۇك مۇھىم يىغىنلارنى ئاچىدىكەن. چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپ يەنە ياتىدىكەن. كەچلىك تاماقتىن ئىلگىرى ئىككى سائەت ئارام ئالىدىكەن. ئۇ ئەزەلدىن ھارغىنلىق ھېس قىلمايدىكەن، چۈنكى ئۇنىڭ ئىلگىرىلا تەييارلىقى بار ئىكەن. ئۇ كۈندە نەچچە قېتىم ئارام ئالغاچقا، زېھنىي كۈچى يېتەرلىك بولۇپ، تۈن يېرىمىغىچە ئىشلىيەلەيدىكەن.

دۇنيا خەلقى ئىككى جەھەتتە جون روكفېللىرغا كۆز تىكىدۇ. بىرسى، ئۇنىڭ غايەت زور بايلىقى؛ ئىككىنچىسى، ئۇنىڭ كەمدىن-كەم ئۇچرايدىغان ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشى. ئۇ 98 ياشقا كىرگەن. بۇنىڭ سەۋەبى قەيەردە؟ بەزىلەر بۇ ئۇنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەيدۇ. لېكىن، تېخىمۇ مۇھىم سەۋەب شۇكى، ئۇ ھەركۈنى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، ئىشخانىسىدا يېتىپلا يېرىم سائەت ئۇخلىۋالىدىغان بىر خىل ياخشى تۇرمۇش ئادىتىنى يېتىلدۇرگەن. نۇرغۇن كىشىلەرگە ئايانكى، روكفېللىر چۈشتە ئارام ئېلىۋاتقاندا ئامېرىكىنىڭ زۇڭتۇڭىدىن تېلېفون كەلگەن تەقدىردىمۇ ئالمايدۇ! شۇنىڭ ئۈچۈن، دانېل جوسىبىرىن «ئادەم نېمە ئۈچۈن چارچايدۇ» ناملىق نادىر ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئارام ئېلىش

ھەرگىز ھېچ ئىش قىلماسلىق دېگەنلىك ئەمەس ، ئارام ئېلىش دەرمان تۇپلاشتىن دېرەك بېرىدۇ » . ئەمەلىيەتتە ، ئارام ئېلىشنىڭ ھەممىسى-گە ئۇنداق ئۇزاق ۋاقىت كەتمەيدۇ ، بەزىدە بەش مىنۇت مۈگدىۋالسىمۇ ھاردۇق چىقىدۇ . ئامېرىكىنىڭ كالتەك توپ چولپىنى كونىي مارك ماكا ، مۇسابىقىدىن ئىلگىرى بىردەم ئۇخلىۋالمىسا ، بىردەم ئوينا-ئوينمايلا ئۇتتۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى ، لېكىن بەش مىنۇت ئۇخلىۋال-سا ، ئاخىرغىچە بەرداشلىق بېرىدىغانلىقىنى ، قىلچە ھارغىنلىق ھېس قىلمايدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى .

بەزىلەر ئېلېئنو روزۋېلتتىن ، ئېرىڭىز ئامېرىكىنىڭ زۇڭتۇڭى بولغان سەككىز يىل ئىچىدە ، زۇڭتۇڭنىڭ بىرىنچى خانىمى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن نۇرغۇن پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشىڭىز تۈرغان گەپ ، شۇنچە كۆپ جىددىي ۋە ئېغىر خىزمەتلەرنىڭ ھۆددىسىدىن قانداق چىقىسىز ؟ دەپ سورىغان . ئېلېئنو روزۋېلت جاۋاب بېرىپ ، ھەرقېتىم بىرەر يىغىلىشقا بېرىپ نۇتۇق سۆزلەشتىن ئىلگىرى ، دائىم ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپلا كۆزۈمنى يۇمۇپ 20 مىنۇت ئارام ئېلىۋالىمەن دېگەن .

مەن مادسون شەھىرىنىڭ بەيگە مەيدانىدا ئامېرىكىنىڭ غەربىي قىسمىدىن كەلگەن نيۇزەيچە بەيگە بويىچە ماھارەت كۆرسىتىش ماھى-رى گېنا ئاۋترىي بىلەن ئۇچراشقانىدىم . ئۇنىڭ كىيىم ئالماشتۇرۇش ئۆيىدە بىر سەپەر كارىۋىتى قويۇلغانىكەن . گېنابۇ كارىۋاتنى كۆرسى-تىپ تۇرۇپ ماڭا مۇنداق دېدى : «ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن بۇ كارىۋاتتا يېتىپ بىردەم ئۇخلىۋالىمەن . ماھارەت كۆرسىتىش ئارىلى-قىدىكى بوش ۋاقىتلاردىمۇ كۆپىنچە يېتىپ ئارام ئالىمەن . ھولليۋودتا كىنوغا ئالغاندا تېخىمۇ ئارام ئالىمەن . كۆپ ھاللاردا لىڭشىما ئورۇن-دۇقتا يېتىپ 10 مىنۇتچە ئۇخلىۋالىمەن . مەن ياخشى مۇسابىقىلى-شىش ھالىتىمنى مانا مۇشۇنىڭغا تايىنىپ ساقلاپ كېلىۋاتىمەن » .

ئېدىسون ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارىنى ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۇخ-لىيالايدىغان ماھارىتىمگە مەنسۇپ دەپ قارىغان . چۈنكى ، ئۇ ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئارام ئېلىشنى بىلگەن ، شۇڭا ، ئۇنىڭ خىزمەت ئۈنۈمى

ھەم يۇقىرى بولغان ، ھەم ئۇزاق داۋاملاشقان .
ھېنرى فورد 80 ياشقا كىرگەن يىلى مەن ئۇنى مەخسۇس زىيارەت قىلغانىدىم . ئۇنىڭ چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى ، ناھايىتى روھلۇق ، تېتىك كۆرۈنەتتى ، 80 ياشلىق ئاقساقالغا زادى ئوخشىمايتتى ، ئۇنىڭدىن قانداق قىلىپ تېنىڭىزنى بۇنداق ئوبدان ئاسراپ كەلدىڭىز دەپ سورىسام ، ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى : «مېنىڭ ئۆزۈمنى ئاسراش ئۇسۇلۇم ئىنتايىن ئاددىي ، ئۇ بولسىمۇ : ياتقۇچىلىكىم بولسا ھەرگىز ئولتۇرمايمەن ؛ ئولتۇرغۇچىلىكىم بولسا ھەرگىز ئۆرە تۇرمايمەن» .
كىشىلەر «ھازىرقى زامان ماشىنىسىنىڭ ئاتىسى» دەپ تەرىپلەيدىغان خوراك مانمۇ ھېنرى فوردقا ئوخشاشلا ئۆزىنى ئاسراشنى بىلىدىغان ئادەم . ئۇ مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ تۇرۇقلۇق ، ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنى كۆپ ھاللاردا ئۇزۇن ساپادا يېتىپ تۇرۇپ كۈتۈۋالغان .
بىر قېتىم ، مەن ھوللىۋود فىلىم شىركىتىنىڭ بىر جىگىلىسىغا بۇ ئۇسۇلنى تونۇشتۇرۇپ قويغانىدىم . كېيىن ئۇ بۇ ئۇسۇلنىڭ ھەقىقەتەن ئۈنۈم بەرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى . مەن گېپىنى قىلىۋاتقان بۇ جىگىلىنىڭ ئىسمى جېك چېرتوك . مەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقان دەسلەپكى چاغلاردا ئۇ قىسقا فىلىم بۆلۈمىنىڭ جىگىلىسى ئىكەن . ئالدىراش خىزمەت كۈنبويى ئۇنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ گاڭگىرىتىپ قويغان ، ئۇ چارچاپ ۋە زەئىپلىشىپ ئۇھ دېگۈچىلىكى قالمىغان ، بەدەننى قۇۋۋەتلەندۈرىدىغان ھەر خىل دورىلارنى ، ۋىتامىنلارنى ئىچكەن ، لېكىن قىلچە ئۈنۈمى بولمىغانىكەن . شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا ھەر كۈنى ئۆزىنى ئازادە تۇتۇش تەكلىپىنى بەردىم . كونكرېت ئۇسۇلى : سىنارىيە يازغۇچىلىرى بىلەن سۆھبەتلەشكەندە تۆت ئەزايىنى بوش قويۇپ بېرىپ ، ئىشخانىدىكى ساپادا سوزۇلۇپ يېتىپ سۆزلىشىشتىن ئىبارەت .
بۇ ئىش بولۇپ ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىنىمدە ، ئۇ ناھايىتى روھلانغان ھالدا مۇنداق دېدى : «ھەقىقەتەن

كارامەت مۆجىزە ئىكەن ! ھەتتا مېنىڭ دوختۇرۇممۇ مەندە بۇنداق زور ئۆزگىرىش بولغانلىقىغا ئىشەنمەي قالدى. ئىلگىرى بىز بىر يېڭى قىسقا فىلىم ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزگەندە ، ئورنىمىزدا قورۇنۇپ ۋە قېتىپ ئولتۇرۇشقا ئادەتلىنىپ قالغاچقا ، تازا ئازادىلىك ھېس قىلال-مايتتۇق . ھازىر بۇنداق مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلغاندا مەن دائىم ساپادا يېتىپ تۇرۇپ پىكىر قاتناشتۇرىمەن . مەن سالامەتلىكىمنىڭ تولىمۇ ياخشىلىقىنى ھېس قىلىمەن . ھەر كۈنى ئىلگىرىكىدىن ئىككى سائەت ئارتۇق ئىشلەيمەن . لېكىن ، ھارغىنلىق ھېس قىل-مايمەن » .

قەدىرلىك كىتابخان ، سىز قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىسىز ؟ بەل-كىم سىز : مەن بولسام ماشىنىست ، مەن ئېدىسون تەجرىبىخانىسىدا خالىغان چاغدا يېتىپ ئۇخلىغاندەك ئىشنى قىلسام بولمايدۇ ؛ مەن بولسام بوغالتىر ، شىركەتنىڭ ھېساباتى ئۈستىدە باشلىقىم بىلەن مۇزاكىرە قىلغاندا ساپادا كۆزۈمنى يۇمۇپ يېتىۋېلىپ ئارام ئالسام بولمايدۇ دېيىشىڭىز مۇمكىن . ھالبۇكى ، ئەگەر سىز بىر كىچىك شەھەردە ياشاۋاتقان بولسىڭىز ، ئۆيىڭىزگە قايتىپ چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن ، كۆزىڭىزنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىشقا 10 مىنۇت ۋاقىتنىڭغۇ چىقىرالايدىغانسىز ؟ جياڭجۇن مارشاللمۇ ۋاقىتنى ئاشۇنداق چىڭ تۇتۇپ ئارام ئالاتتى . ئۇ ئۇرۇش مەزگىلىدە ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ئەڭ ئالىي قوماندانلىق ئىشتابىدا ئېغىر ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان بولسىمۇ ، چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن چوقۇم بىردەم ئارام ئېلىۋېلىشىم لازىم دەپ قارىغان . مۇبادا سىز 50 نەچچە ياشقا بېرىپ قالدىم ، تېخىمۇ كۆپ ئۆمۈر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىش خىيالىممۇ يوق دەپ قارايدىغان بولسىڭىز ، ئەلۋەتتە كۆپ سوممىلىق جىسمانىي خەۋپ-سىزلەندۈرۈش رەسمىيىتىنى دەرھال بېجىرىۋالغىنىڭىز تۈزۈك . ھا-زىرقى دۇنيادا ، ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىكىنى تەييارلاش ئۈچۈن كېتىدىغان خىراجەت ھامان كۆپ بولىدۇ . بەلكىم ئايالىڭىز بىر يىگىت بىلەن توي قىلىش مەقسىتىدە خېلى كۆپ خەۋپسىزلەندۈرۈش پۇلى ئېلىشقا تەشنا بولۇپ تۇرۇۋاتقاندۇ .

ناۋادا سىز چۈشتە ئارام ئېلىش پۇرسىتى چىقىرالمىسىڭىز، ھېچبولمىغاندا كەچلىك تاماقتىن ئىلگىرى بولسىمۇ بىرەر يېرىم سائەت يېتىۋېلىڭ، بۇ بىر رومكا خۇشبۇي ئەبجەش ھاراقتىنمۇ ئەرزان توختايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يىراق كەلگۈسى نۇقتىئىنەزەردىن قارىغاندا، ئەبجەش ھاراقتىنمۇ بەكرەك پايدا قىلىدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئەگەر بىز چۈشتىن كېيىن سائەت 5 — 6 لەردە بىر سائەت ئۇخلىۋالىدىغان بولساق، ھەر كۈنى بىر سائەت خىزمەت ۋاقتىنى كۆپ قولغا كەلتۈرگەن بولىمىز. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ كەچلىك تاماقتىن ئىلگىرى ئۇخلىغان بىر سائەتكە كېچىسى ئۇخلىغان ئالتە سائەت ۋاقتىنى قوشقاندا ئاران يەتتە سائەت بولىدۇ، بۇنداق ئۇخلاشنىڭ ئۈنۈمى ئۇدا سەككىز سائەت ئۇخلىغاندىكىدىنمۇ ياخشى بولىدۇ.

جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر تېخىمۇ يېتەرلىك ئارام ئېلىشى كېرەك. بۇ نۇقتا بېتلېھېم پولات شىركىتىدە تەتقىقات ئورنىدا ئىشلەيدىغان ئىنژېنېر فرېدرىخ تەيلورنىڭ تەتقىقات دوكلاتىدا ئىسپاتلانغان. ئۇ نورمال ئەھۋالدا بىر ئىشچىنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر كۈنى 47 توننا چويۇننى يۆتكىيەلەيدىغانلىقىنى، ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئىشچىلار ئەمەلىيەتتە ئاران 12.5 توننا چويۇننى يۆتكەپ چارچاپ ھالىدىن كەتكەنلىكىنى بايقىغان. نېمە ئۈچۈن ئۇلار ئەڭ كۆپ بولغاندا نورمال ئىش مىقدارىنىڭ ئاران تۆتتىن بىرىنىڭلا ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ؟ ئۇ بۇ مەسىلىنى دەپ سىمىت ئىسىملىك بىر ئىشچى ئۈستىدە ئالاھىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇ بۇ ئىشچىدىن بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا قاتتىق ئەمەل قىلىپ ئىش كۆرۈشنى، يەنى ئىش نازارەتچىسى مال يۆتكە دېسە يۆتكەشنى، ئارام ئال دېسە ئارام ئېلىشنى تەلەپ قىلغان. نەتىجىدە سىمىت ھەر كۈنى نورمال كۆرسەتكۈچنى ئورۇنلىيالايدىغان بولغان. تەيلور بېتلېھېم پولات زاۋۇتىدا ئىشلىگەن ئۈچ يىل ۋاقىت ئىچىدە سىمىتنىڭ ئەمگەك ئىقتىدارى ئازراقمۇ تۆۋەنلەپ كەتمىگەن. نېمە ئۈچۈن سىمىت يۇقىرى ئۈنۈمگە يېتەلەيدۇ - يۇ، باشقا ئىشچىلار يېتەلمەيدۇ؟ چۈنكى، ئۇ چارچاپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئىشنى توختىتىپ ئارام ئال-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غان ، ئۇ سائىتىگە تەخمىنەن 26 مىنۇت ئىشلەپ ، 34 مىنۇت ئارام ئالغان ، دېمەك ئۇنىڭ ئارام ئالغان ۋاقتى ئىشلىگەن ۋاقتىدىن كۆپ بولغان . بىراق ، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمى باشقا ئىشچىلارنىڭكىدىن تۆت ھەسسە يۇقىرى بولغان . ئىشەنمىسەڭلار تەيلور يازغان «ئىلمىي باشقۇرۇشنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى» دېگەن كىتابنى ئوقۇپ بېقىڭلار .

ئاخىرىدا يەنە تەكرارلاپ قوياي ، سىلەر ئارام ئېلىشنىڭ مۇھىملىقىنى ھەربىي قىسىملاردىكى ئوفىتسېرلاردەك تونۇپ يېتىشىڭلار ، چارچاپ كېتىشتىن ئىلگىرى قولۇڭلاردىكى ئىشىڭلارنى توختىتىپ قويۇشۇڭلار كېرەك . بىلىشىڭلار كېرەككى ، ئارام ئېلىش سىلەرنى تېخىمۇ كۆپ خىزمەت ۋاقتىغا ئېرىشتۈرىدۇ .

## 2 . ئۆزىنى بەھۇزۇر تۇتۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك

مەن بۇ يەردە سىلەرگە ئالىملارنىڭ ھەيران قالارلىق بىر كەشپىياتىنى سۆزلەپ بېرەي : نوقۇل ئەقلىي ئەمگەك ئادەمنى ھەرگىز چارچىتىۋەتمەيدۇ . بۇ گەپ ئاڭلىماققا بىمەنىدەك تۇيۇلىدۇ ، لېكىن ئىلمىي يەكۈن ھەقىقەتەن شۇنداق . ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسى ئۇزاق ۋاقىت ئىشلىسىمۇ ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كەتمەيدۇ . ئالىملار ھەيران قالغان ھالدا شۇنى بايقىدىكى ، كىشىلەر ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغاندا ، چوڭ مېڭىسىدىن ئېقىپ ئۆتكەن قاندا ئازراقمۇ ئۇيقۇسىزلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلمىگەن ! جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بىر ئىشچىنىڭ بەدىنىدىن بىرقانچە تامچە ۋېنا قېنى ئېلىپ تەكشۈرگەندە ، قاننىڭ «چارچاش خاراكتېرلىك زەھەرلىك شىرنە» ياكى كىشىلەرنىڭ ئۇيقۇسىنى كەلتۈرىدىغان ئامىللار بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكى بايقالغان ؛ لېكىن ، ئالبېرت ئېينىشتېيىن ساق بىر كۈن ئىشلىگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ چوڭ مېڭىسىدىن بىرقانچە تامچە قان ئېلىپ خىمىيەلىك تەكشۈرگەندە ، ئۇنىڭ قېنى تەركىبىدە ئازراقمۇ

ھارغىنلىق كۆرۈلمىگەن . ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسى چارچىمايدۇ . سىز سەككىز سائەتتىن ئون ئىككى سائەتكىچە ئۇدا ئىشلىسىڭىزمۇ چوڭ مېڭىڭىز باشتىكىگە ئوخشاشلا ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تۇرىدۇ . لېكىن ، نېمە ئۈچۈن ئەقلىي ئەمگەكچىلەرمۇ ھارغىنلىق ھېس قىلىدۇ ؟

روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرى شۇنداق قارايدۇكى ، بىزنى ھاردۇرىدىغىنى ئاساسەن روھىي ئامىلدۇر . ئەنگلىيەلىك مەشھۇر روھىي داۋالاش ئالىمى ي .ئا .ھادفېلد ئۆزىنىڭ «پسىخولوگىيەلىك كۈچ» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ : «پسىخولوگىيەلىك تەسىر بىزنى ھاردۇرىدىغان مۇھىم سەۋەب . ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ، نوقۇل جىسمانىي كۈچنىڭ چارچاش ھادىسىسى ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ» .

ئامېرىكىلىق مەشھۇر نېرۋا كېسەللىكلىرى مۇتەخەسسىسى ، دوكتور ئا .ئا .برال تېخىمۇ ئېنىق قاراشقا ئىگە . ئۇ : «ئەقلىي ئەمگەكچىلەردىكى ھارغىنلىق ھادىسىسى يۈزدەيۈز پسىخولوگىيەلىك ھالەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك» دەيدۇ .

قايسى پسىخولوگىيەلىك ھالەتلەر ئەقلىي ئەمگەكچىلەرنى ھاردۇرىدۇ ؟ خۇشاللىقمۇ ياكى قانائەتلىنىشمۇ ؟ ياق . ھەممىدىن ئاغرىنىپ يۈرۈش ، غەزەپلىنىش ، قورقۇش ، ئۈمىدسىزلىنىش ، ھېچ ئىشقا خۇشياقماسلىق…… مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەقلىي ئەمگەكچىلەرگە ھاردۇق يەتكۈزىدىغان تۈپ سەۋەبلەردۇر . ئۇ بىزنى زۇكامغا قارشى ئىقتىدارىمىزدىن مەھرۇم قالدۇرۇپ ، خىزمەت ئۈنۈمىمىزنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ ، ھەتتا بىزنى ھەر كۈنى قورقۇنچلۇق باش ئاغرىقى بىلەن ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتىشقا مەجبۇر قىلىدۇ . بىز ھېرىپ - چارچايمىز ، بۇ ھەقلىق ، چۈنكى بىزنىڭ كۆڭۈلسىزلىكىمىز تېنىمىزدە جىددىيلىك ۋە خاتىرجەمسىزلىك پەيدا قىلغان .

نيۇ - يورك پايتەخت ئادەم ئۆمرىنى خەۋپسىزلەندۈرۈش شىركىتى بىر پارچە تەشۋىقات بۇيۇمىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ : «ھەتتا ئۇخلاپ ۋە ئارام ئېلىپمۇ چىقارغىلى بولمايدىغان ھاردۇقنى ھەرگىز جاپالىق خىزمەت كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ . كۆڭۈل خاتىرجەم بولماسلىق ، نېرۋا جىددىيلىشىش ۋە پسىخولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى ئادەم-

www.uyghurkitap.com

نى قاتتىق چارچىتىدىغان ئۈچ چوڭ تۈپ سەۋەب . چارچاش ھادىسىسى جىسمانىي ۋە ئەقلىي ئەمگەكنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى دەپ قاراش توغرا ئەمەس . ئۆزىڭىزنى ھەرگىزمۇ بىكاردىن - بىكار جىددىيلەشتۈرۈپ قويماڭ . بىلىش كېرەككى ، جىددىيلەشكەن مۇسكۇل ئاسان چارچايدۇ . ئۆزىڭىزنى بەھۇزۇرراق تۇتۇڭ ! كۈچ - قۇۋۋىتىڭىزنى تېگىشلىك جايغا ئىشلىتىڭ ! »

ناۋادا سىلەر بۇ كىتابنى دومسىيىپ ، قوشۇماڭلارنى تۈرۈپ تۇرۇپ ئوقۇساڭلار ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالىشىڭلار مۇمكىنمۇ ؟ ئىككى قېشىڭلارنىڭ ئارىلىقىدا بېسىم ھاسىل بولغانلىقىنى ، يۈزۈڭلاردىكى مۇسكۇللارنىڭ ئازراق تارتىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالامسىلەر ؟ ھارغىنلىق دەل ئاشۇنداق پەيدا بولىدۇ .

نېمە ئۈچۈن ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلاردا تامامەن ھاجەتسىز بىر خىل جىددىي كەيپىيات بولىدۇ ؟ جوسېلىن مۇنداق دەيدۇ : «مېنىڭچە ئەڭ مۇھىم سەۋەب شۇكى ، كۆپ ساندىكى كىشىلەر خىزمەتنى چوقۇم كۈچەپ ئىشلىشى كېرەك ، بولمىسا ئۇنى خىزمەت دېگىلى بولمايدۇ دەپ ھېس قىلىدۇ» . شۇڭا ، بىز زېھنىمىزنى مەركەزلەشتۈرگەن ھامان قوشۇمىمىزنى تۈرۈپ ، مۈرىمىزنى چىقىرىۋېلىپ ، پۈتۈن بەدىنىمىزنىڭ مۇسكۇللىرىنى جىددىيلەشتۈرۈپ قويىمىز . ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ چوڭ مېڭىمىزنىڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشىگە ھېچقانداق ياردىمى بولمايدۇ .

شۇنداق ، بۇ ھەقىقەتەن ھەيران قالارلىق ۋە قورقۇنچلۇق پاكىت : ئۆزلىرىنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئۆزلۈكسىز ھالدا يېنىكلىك بىلەن خورىتىۋاتقانلىقى يۈز مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ چۈشىگىمۇ كىرمەيۋاتىدۇ !

شۇنىڭ ئۈچۈن ، بىز شۇنداق ئېيتالايمىزكى ، نېرۋا جىددىيلىشىپ كېتىشتىن ساقلىنىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىسى — ئۆزىنى ئازادە تۇتۇش . سىلەر خىزمەت قىلغاندا بارلىق ئەزايىڭلارنى بەھۇزۇر تۇتۇشنى ئادەت قىلىۋېلىشىڭلار لازىم . بۇ ئۇنچىۋالا ئاددىي ئىش ئەمەس ، بەلكىم سىلەر ئۆمرۈڭلاردا بۇنداق قىلىپ باقمىغان بولۇ-

شۇڭلار مۇمكىن . شۇڭا ، بۇ ھالىتىڭلارنى ئۆزگەرتمەكچى بولىدىكەنسىلەر ، كۆپ كۈچ سەرپ قىلىشىڭلار كېرەك . ۋىليام جىمىس «ئۆزىنى بەھۇزۇر تۇتۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى» دېگەن كىتابتا مۇنداق دەپ يازىدۇ : «بەك جىددىيلىشىپ كېتىش ۋە كەيپىيات جەھەتتە تەۋرىنىش ، ھاسىراش ئېغىر بېسىم ، چىرايىدا ئىپادىلەنگەن ئازابلىنىش ئىپادىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئازدۇر - كۆپتۇر يامان ئادىتى دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ» . جىددىيلىشىش بىر خىل يامان ئادەت ھېسابلانغانىكەن ، ئۇنى ئۇزۇل - كېسىل ئۆزگەرتىشىمىز لازىم .

ئۇنداقتا ، ئۆزىمىزنى بەھۇزۇر تۇتۇش ئۈچۈن قانداق قىلىشىمىز كېرەك ؟ ئىشنى ئىدىيە جەھەتتىن باشلاش كېرەكمۇ ياكى روھىي جەھەتتىنمۇ ؟ ئىشنى ئالدى بىلەن مۇسكۇلدىن باشلىشىمىز لازىم .

ھەممەيلەن بىرلىكتە سىناپ باقايلى . مەسىلىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ، ئىشنى ئالدى بىلەن كۆزدىن باشلايمىز . سىلەر ئالدى بىلەن بىر ئابزاس ماقالىنى ئوقۇپ چىقىڭلار ، ئاندىن ئورۇندۇقتا يۆلىنىپ كۆزۈڭلارنى يۇمۇڭلار ، ئاندىن ئىچىڭلاردا كۆزۈڭلەرگە : «بوش تۇر ، بوش تۇر ، ئۆزۈڭنى قويۇۋەت ، جىددىيلەشمە ، قوشۇماڭنى تۈرمە ! ئۆزۈڭنى قويۇۋەت» دەڭلار . بۇ سۆزلەرنى مۇشۇ تەرتىپتە بىر مىنۇتقىچە ئاستا - ئاستا تەكرارلاڭلار .

بىرقانچە سېكۇنت ئۆتكەندىن كېيىن كۆزۈڭلارنىڭ مۇسكۇلى «گەپ» ئاڭلاشقا باشلىغانلىقىنى ھېس قىلىسىلەر ، بىر قول كۆزۈڭلاردىكى جىددىي تۇيغۇنى سىيرىپ چىقىرىۋەتكەندەك بولىدۇ . مۇشۇ بىر مىنۇت ۋاقىت ئىچىدىلا «ئۆزىنى بەھۇزۇر تۇتۇش سەنئىتى» نىڭ پۈتۈن سىرىنى ئىگىلەپ بولغانلىقىڭلارغا ئۆزۈڭلارمۇ ئىشەنمەي قېلىشىڭلار مۇمكىن . ئەمدى ئاشۇنداق ئۇسۇلنى قوللىنىپ ، يۈز مۇسكۇلۇڭلارنى ، تۆۋەن ئېڭەك ، بويۇن ، مۈرەڭلەردىن تارتىپ پۈتۈن ئەزايىڭلارغىچە بوش قويۇۋەتسەڭلار بولىدۇ . چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورى ئېمموند ياگبورسون ، بىر ئادەمنىڭ كۆز مۇسكۇلى ئۇزۇل - كېسىل بوش ھالەتتە تۇرسىلا ، ئۇ ئادەم بارلىق غەم - قايغۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پاك- پاكىز ئۆتۈپ كېتىدۇ ، دەپ ياخشى ئېيتقان . كۆزنىڭ روھىي جەھەتتە ئۆزىنى بەھۇزۇر تۇتۇشتىكى مۇھىملىقى شۇكى ، كۆز ئادەم تېنىدىكى كۈچ - قۇۋۋەتنىڭ تۆتتىن بىرىنى خورىتىدۇ . شۇڭلاشقا ، كىشىلەرنىڭ هارغىنلىق دەرىجىسى كۆپ هاللاردا كۆزىدىنلا بىلىنىپ تۇرىدۇ .

ئاتاقلىق يازغۇچى ۋىگىي بائۇمنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇ باللىق دەۋرىدە بىر بوۋايدىن تۇرمۇشتىكى مۇھىم بىر ئىشنى ئۆگىنىۋالغانكەن . بىر قېتىم ئۇ يىقىلىپ چۈشۈپ ، تىزى بىلەن بىلەزۈك بوغۇمى زەخىملىنىپتۇ . ئىلگىرى سېرىك ئۆمىكىدە ھەزىلكەش بولغان بۇ بوۋاي ئۇنى يۆلەپ ئۇچىسىدىكى توپىنى قېقىپ تۇرۇپ : «ئەپتىڭگە قارا ! نېمىشقا ئۆزۈڭنى بەھۇزۇر تۇتۇشنى بىلمەيسەن؟ مۇسكۇلۇڭنى دەرھال بوشىتىپ ، يەرگە خۇددى يېكەندەك يەڭگىل چۈشسەڭ بولاتتى . قارا ، مەن ساڭا بىر ئويۇن كۆرسىتىپ بېرەي ! سەن مۇنداق قىلساڭ بولاتتى...... » دېگەن .

بوۋاي بائۇم ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا قانداق يىقىلىش ، قانداق موللاق ئېتىشنى ئۆگىتىپ قويغان . ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆگىتىپ ، بىر تەرەپتىن : «ئېسىڭلاردا بولسۇن ، سىلەر بىر تال يېكەن ، ئاشۇنداق قارىساڭلار ئۆزۈڭلارنى بەھۇزۇر تۇتالايسىلەر !» دەپ ئۈزلۈكسىز تەكرارلاپ تۇرغان .

مەيلى سىز قەيەردىلا بولۇڭ ، بوش ۋاقتىڭىزلا بولىدىكەن ، ئۆزىڭىزنى بەھۇزۇر تۇتسىڭىز بولۇۋېرىدۇ . «راھەت ھالىتىدە تۇرۇشقا دىققەت قىلىڭلار ، كۆڭلۈڭلاردا ئۆزۈڭلارنى بەھۇزۇر تۇتۇشنىلا ئويلاڭلار ! ئالدى بىلەن كۆز ۋە يۈزۈڭلارنىڭ مۇسكۇلىنى بوش قويۇۋېتىڭلار . شۇ چاغدا بىر خىل كۈچنىڭ يۈزۈڭلاردىن بەل ئومۇرتقاڭلارغا ئېقىۋاتقانلىقىنى ، ئاخىرىدا پۈتۈن ئەزايىڭلارنىڭ بوشىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىسىلەر .

يۇقىرى ئاۋازلىق مەشھۇر ئايال ناخشىچى گاللى كىرىس داۋاملىق ئاشۇنداق مەشىق قىلغان . بىر قېتىم بىر دوستۇم ماڭا ، گاللى كىرىسنىڭ ناخشا كېچىلىكى باشلىنىشتىن ئىلگىرى ئۆزىنى بەھۇزۇر

تۇتۇش ئەھۋالىنى كۆرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەندى . ئويۇن باشلى-نىشتىن ئىلگىرى گاللى كرىس ئورۇندۇقتا ماغدۇرسىز ، بېشىنى ساڭگىلاتقان ، ئىككى مۇرىسىنى تۆۋەن سالغان ، تۆۋەن ئېڭەكنى چۇشۇرۇۋەتكەن...... ھالدا ئولتۇرىدىكەن . ئەمەلىيەتتە بۇ بىر خىل ئىنتايىن ياخشى ئادەت ، ئۇ ھەم ھودۇقۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ، ھەم زىيادە جىددىيلىشىشتىن ساقلايدۇ .

ھېرىش - چارچاشنى يېڭىش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىۋېلىشىڭلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ، تۆۋەندە تۆت مۇھىم نۇقتىنى ئۆگىتىپ قوياي :

بىرىنچى ، بىكار قالغان ھامان پۈتۈن ئەزايىڭلارنى بەھۇزۇر تۇتۇڭلار ، گەۋدەڭلارنى خۇددى يېكەندەك يۇمشاق تۇتۇشۇڭلار كې-رەك . مەن يېزىق ئۈستىلىمگە بىر دانە پايپاق قويۇپ قويدۇم . ئۇ دائىم ماڭا جىددىيلەشمەسلىك ، بەھۇزۇر تۇرۇشنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ . ئەگەر سىلەر يېكەن ياكى پايپاقنى دوراشنى خالىمىساڭلار مۈشۈكتىن ئۆگىنىڭلار . كۈن نۇرىغا قاقلىنىپ يېتىپ خورەك تارتىپ تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئاسلانىنى قولۇڭلارغا ئېلىپ باققانمۇ ؟ قاراڭلار ، ئۇنىڭ باش ۋە قۇيرۇقىنى ساڭگىلىتىپ تۇرۇشىنى ! ھەتتا ھىندىستان-دىكى يوگاكار مۇرىتلىرىمۇ ، ئۆزىنى ئاسراشنىڭ ئېپىنى بىلىشنىڭ ئاساسىي ئۇسۇلى مۈشۈككە ئوخشاش پۈتۈن ئەزانى بەھۇزۇر تۇتۇش دېگەنىكەن . بىز ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن ئاسلانىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىدۇق ، قايسىبىر مۈشۈكنىڭ ئېلىشىپ قالغانلىقىنى ، ئۇيقۇسى كەلمەسلىك ۋە ئاشقازان يارىسى كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلى-قىنىمۇ ئاڭلاپ باقمىدۇق . ئەگەر بىزمۇ مۈشۈككە ئوخشاش ئۆزىمىز-نى بەھۇزۇر تۇتىدىغان بولساق ، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئاشۇنداق نۇرغۇن نېرۋا خاراكتېرلىك كېسەللىكلەردىن خالىي بولالايمىز .

ئىككىنچى ، ئىشلەۋاتقان چاغدا ئىمكانقەدەر ئۆزۈڭلارنى بەھۇزۇر تۇتۇشۇڭلار كېرەك . بىلىشىڭلار كېرەككى ، بەدەن مۇسكۇلى جىددىي-لىشىش ئىككى مۇرىنىڭ ئاغرىشى ۋە روھىي ھارغىنلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاساسىي مەنبە .

ئۈچىنچى ، بىر كۆڭۈلۈك خىزمەتتە بىرقانچە قېتىم كۆپرەك ئارام

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېلىشنى ئورۇنلاشتۇرۇشۇڭلار كېرەك . ئۆزۈڭلارنى دائىم ، ئۇستۇمگە ئالغان ۋەزىپىنى بەك جاپالىق چاغلاپ قويدۇممۇ - قانداق؟ پۈتۈن كۈچۈمنى ئىشقا سېلىشنىڭ ھاجىتى بارمۇ - يوق؟ دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇڭلار . شۇنداق قىلساڭلار ئۆزۈڭلارنى بەھۇزۇر تۇتۇش ئادىتىنى بارا - بارا يېتىلدۈرەلەيسىلەر . خۇددى دوكتور داۋىت ھاررود فىنىك ئېيتقاندەك ، ناچار ئادەتلەرنى تۈگىتىش روھىي داۋالاشتا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە .

تۆتىنچى ، ھەر كۈنى كەچتە شۇ كۈنلۈك ئىشىڭلارنى خۇلاسە قىلىشىڭلار كېرەك . ئۆزۈڭلاردىن سوراپ بېقىڭلار : چارچاش دەرىجەڭلار زادى قانچىلىك؟ ناۋادا ھەقىقەتەن چارچىغانلىقىڭلارنى ھېس قىلساڭلار ، سىلەرنى چارچاتقان نەرسە سىلەر شۇغۇللانغان ئەقلىي ئەمگەك ئەمەس ، بەلكى خىزمەت ئۇسۇلۇڭلارنىڭ توغرا بولمىغانلىقى . داۋىي جوسېرىن مۇنداق دېگەنىدى : «مەن خىزمەت نەتىجەمنى ئۆلچەشتە ، ئاخشىمى قانچىلىك چارچاپ كەتكەنلىكىمگە ئەمەس ، بەلكى قانچىلىك يەڭگىل قالغانلىقىمغا قارايمەن» . ئۇ يەنە مۇنداق دېگەنىدى : «ئەگەر بىر كۈن ئاخىرلاشقاندا ئىنتايىن چارچاپ كەتكەنلىكىمنى ھېس قىلسام ، نېرۋامنىڭ بەك ئىتتىپ كەتكەنلىكىنى بىلىمەن ، بۇنداق كۈنلىرى خىزمەت نەتىجەم مەيلى سۈپەت جەھەتتىن ياكى سان جەھەتتىن بولسۇن ، ئىنتايىن ناچار بولىدۇ» . ئەگەر بىزنىڭ پۈتۈن ئامېرىكىدىكى كارخانىچىلارنىڭ ھەممىسى جوسېرىنەك قىلىدىغان بولسا ، زىيادە جىددىيلىشىپ كېتىش تۈپەيلى قان بېسىمى يۇقىرىلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ئۆلۈپ كېتىدىغانلارنىڭ تەڭدىن تولىسى بىر كېچىدىلا ئازىيىپ كېتىدۇ .

## 3 . ئائىلە ئايالىرىمۇ ئۆزىنى بەھۇزۇر تۇتۇشى كېرەك

ئۆتكەن يىلى كۈزدە مېنىڭ ياردەمچىم بوستونغا بېرىپ ، دۇنيا بويىچە كەم كۆرۈلىدىغان بىر قارار داۋالاش كۇرسىغا قاتناشتى .

ئۇنىڭ داۋالاش كۇرسى ئىكەنلىكىمۇ راست ، چۈنكى كۇرسانتلار ھەپ-تىدە بىر قېتىم بوستۇن دوختۇرخانىسىنىڭ ئامبۇلاتورىيەسىگە يىغى-لىپ ، بىمارلارنى تەكشۈرۈش ۋە داۋالاشقا قاتنىشىدۇ . ئەمەلىيەتتە ، بۇ كۇرس بىر روھىي داۋالاش ئورگىنى ئىدى . ئۇ نامدا «ئەمەلىي پسىخولوگىيە» كۇرسى دەپ ئاتالغان بىلەن ، ئەمەلىيەتتە مەخسۇس غەمكىنلىك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغۇچىلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلات-تى ، بۇنداق بىمارلارنىڭ كۆپىنچىسى كەيپىياتى ئانچە نورمال بولمى-غان ئائىلە ئاياللىرى ئىدى .

ئالدى بىلەن بۇ كۇرسنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى . 1930 - يىلى ، سالې ۋېلىيام ئوسنانىڭ ئوقۇغۇ-چىسى دوكتور جوسېف پلات بوستون دوختۇرخانىسىنىڭ ئامبۇلاتورى-يەسىدە داۋالىنىدىغان بىمارلار ئىچىدە ، نۇرغۇن كىشىلەر كۆنىويى داد - پەرياد چېكىپ يۈرسىمۇ ، ئۇلاردا ھەرخىل كېسەللىك ئالامەتلى-رى بولسىمۇ ، بىراق ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ بەدىنىدە ھېچقانداق كې-سەللىك يوقلۇقىنى بايقىغان . ئۇلار گەرچە بوغۇم ياللۇغى ، ئاشقازان يارىسى ، بەل ئاغرىقى ، باش ئاغرىقى...... غا گىرىپتار بولۇپ قالدۇق دېسىمۇ ، لېكىن داۋالاپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ تېنىنىڭ ئىنتايىن ساغلام ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان . شۇنىڭ ئۈچۈن ، نۇرغۇن دوختۇرلار بۇنداق ھادىسە ھېچقانداق كېسەللىك بولماستىن ، بەلكى بىمارلارنىڭ خىيالىي سەزگۈسى دەپ ھېسابلىغان ھەمدە ئۇنى داۋا-لاشقا ئامالسىز قالغان .

ھالبۇكى ، دوكتور پلاتنىڭ قارىشىچە ، بىمارلارغا «ئۆيىڭىزگە قايتىپ كېتىڭ ، سالامەتلىكىڭىزدە چاتاق يوق ئىكەن» دەپ قويغان بىلەنلا بولمايدۇ . ئۇنىڭغا ئايانكى ، بۇ ئائىلە ئاياللىرىمۇ كېسەل بولۇشقا خۇشتار ئەمەس ، ناۋادا ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ دەرد - ئەلەملىرى-نى ئۆتنۈلدۈرۈشنىڭ بىرەر چارىسى بولسا ياخشى بولاتتى . ئۇ چاغدا دوختۇرلارمۇ باشقا تەدبىرلەرنى قوللىناتتى .

شۇنىڭ بىلەن پلات ئاچقان كۇرس شۇبھىلەنگۈچىلەرنىڭ ئاگاھ-لاندۇرۇش ساداسى ئىچىدە دەرس باشلايدۇ . كۇرس ھەقىقەتەن كىشى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لەر ئويلاپ يېتەلمىگۈدەك رول ئوينايدۇ . نەچچە ئون يىلدىن بۇيان مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن بىمارلار ئۇ يەردە «داۋالاش»نى قوبۇل قىلىدۇ . نۇرغۇن كىشىلەر بۇ كۆرسىنىڭ سادىق باش خېرىدارى بولۇپ ، ئۇنىڭغا خۇددى دىنغا ئېتىقاد قىلغاندەك ئېتىقاد قىلىدۇ .

مېنىڭ يارەدەمچىم بىر ئايال بىلەن سۆھبەتلىشىپتۇ ، بۇ ئايال كۆرسىقا ئۇدا توققۇز يىل تولۇق قاتنىشىپتۇ . ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇ بۇ يەرگە بىرىنچى قېتىم كېسەل كۆرسەتكىلى كەلگەندە بۆرەك ساڭگىلاش ياكى بۆرەك كېسىلىم بار دەپ ئىشىنىدىكەن ، ئۇ ھەتتا ئىككى كۆزۈم ھازىرلا تۇتۇلۇپ قالارمىكىن دەپ قورقىدىكەن . ئەمدىلىكتە ئۇ كۆڭلى ئوچۇق ، ئۈمىدۋار بولۇپ قاپتۇ . ھېچقانداق كېسىلىمۇ يوق ئىكەن . قارىسىڭىز ئۇ تېخى 40 ياشقا كىرمىگەندەك تۇرىدىكەن ، لېكىن بىر ئوغۇل نەۋرىسى بار ئىكەن . ئۇ : «مەن ئىلگىرى ھە دېسىلا ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى دەپ قايغۇرۇپ يۈرەتتىم ، راستىنىلا بىر كۈن بولسىمۇ بالدۇرراق ئۆلۈپ كەتسەم دەپ ئويلايتتىم . بۇ يەرگە كېلىپ كېسىلىمنى كۆرسەتكەندىن كېيىن ، بۇنداق قايغۇرۇشنىڭ ئەخمەقلىق ئىكەنلىكىنى بىلدىم . مەن كونا ئادەتلىرىمنى دەرھال ئۆزگەرتتىم . راست گېپىمنى قىلسام ، ھازىر ئىمدىتايىن خۇشال ياشاۋاتىمەن» دېگەن .

كۆرسىنىڭ داۋالاش مەسلىھەتچىسى ، دوكتور روسىېر شېرفىدنىنىڭ قارىشىچە ، غەمكىنلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىلارنى داۋالاشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى ئۇلارنى ئۆزى ئىشىنىدىغان ئادەملىرىگە دەرد تۆكتۈرۈش ئىكەن . «بىزنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى كۆڭلى - كۆكسى بوشاپ ، خاپىلىقى كۆتۈرۈلگەنگە قەدەر دەرد تۆكسە بولىدۇ ، — دەيدۇ دوكتور شېرفىدىن ، — بىر ئادەمنىڭ بوغنۇقۇپ ياكى غەم - قايغۇنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرۈشى پەقەت روھىي جەھەتتە جىددىيلىككىلا ئېلىپ بارىدۇ . بىز بىر - بىرىمىزنىڭ ھالىغا يېتىپ ، دەردىگە دەرمان بولۇشىمىز لازىم . شۇنداق قىلساق ، دۇنيادا مېنىمۇ چۈشىنىدىغان ، ماڭىمۇ ھېسداشلىق قىلىدىغان ئادەم بار ئىكەن دېگەن ھېسسىياتقا كېلىمىز» .

مېنىڭ ياردەمچىم بىر ئايالنىڭ دەرد تۆكۈپ بولغاندىن كېيىن شۇنداق ئازادىلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ . بۇ ئايالنىڭ ئائىلىسى بەختسىزلىككە ئۇچرىغانىكەن . ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەشكە باشلىغاندا كۆزى نۇرسىز ، چىرايى سولغۇن ئىكەن . سۆھ-بەت داۋامىدا ئۇ بارا - بارا ئۆزىگە كەپتۇ . سۆھبەت ئاخىرلاشقاندا ، ئۇ ھەممىنى چۈشەنگەندەك قىلىپ كۈلۈپ قويۇپتۇ . بۇ ئۇنىڭ مەسى-لىسى ھەل بولغانلىقتىنمۇ ؟ ياق ، نەدە ئۇنداق ئوڭاي ئىش ! ئۇنىڭ ھېسسىياتىدا ئۆزگىرىش بولۇشتىكى ئاساسىي سەۋەب شۇكى ، ئۇ سىرداش تاپقان ، باشقىلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە ۋە ھېسداشلىقىغا ئېرىشكەن . بۇنداق زور ئۆزگىرىش ھەرقانداق دورا ئىچكەن بىلەنمۇ قولغا كەلمەيدۇ .

روھىي ھالەتنى تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى ھەقىقەتەن ئۆزگىچە داۋالاش ئۇنۇمىگە ئىگە .

فروئىدتىن تارتىپ ، روھىي ھالەت تەھلىلچىلىرى ئاغرىقنى گەپ-كە سالسىلا ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى خاتىرجەمسىزلىكنى تۆگەتكىلى بولى-دىغانلىقىنى چۈشەنگەن . بۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبى نېمە ؟ چۈنكى ، كىشىلەر سۆھبەت ئارقىلىق ئۆزىنىڭ غەم - قايغۇسىنى تېخىمۇ ئوبدان تونۇپ يېتىپ ، ئىدىيەسىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرىدۇ . گەرچە نۇرغۇن كىشىلەر بۇ قائىدىنى چۈشەنمىسىمۇ ، لېكىن ھەممەيلەننىڭ ئورتاق تەجرىبىسى بار : سەمىمىي سۆھبەت ئىچىمىزنى تازا بوشىتىپ ، كۆڭ-لىمىزنى كۆتۈرىدۇ .

مۇبادا بىزمۇ ھېسسىيات جەھەتتە بىرەر خاپىلىق تارتىپ قال-ساق ، نېمىشقا بىرەر ئادەمنى تېپىپ كۆڭلىمىزدىكىنى تۆكۈپ سىر-داشمايمىز ؟ مەن ۋاقىت ۋە سورۇنغا قارىماي كوچىدا ئۇچرىغانلىكى ئادەمگە يىغلاپ بېرىڭلار دېمەكچى ئەمەس ، ئەلۋەتتە . بىز بىرەر كىم بىلەن مۇڭداشماقچى بولساق ، ئالدى بىلەن ئۆزىمىز ئىشەنچ قىلالايدى-غان ئادەمنى تېپىشىمىز ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ كىشى بىلەن ۋاقىتنى ئالدىن پۈتۈشۈپ قويۇشىمىز لازىم . مۇڭداشماقچى بولغان كىشى بىزنىڭ ئۇرۇق - تۇغقىنىمىز ، ئاغىنىمىز ، دوختۇر ، ئادۋوكات ياكى

پوپ بولىسمۇ بولىدۇ . سىز ئۇنىڭغا : «باشقىلارنىڭ مەسلىھەتىگە ھاجىتىم چۈشۈپ قالدى . تازا باش قېتىنچىلىقتا قالدىم ، سىزنى بىرەر يول كۆرسىتەرمىكىن دەپ ئويلايمەن . بەزى مەسىلىلەرنى تونۇ-ۋېلىشىمغا ياردەم بەرسىڭىز ئەجەب ئەمەس ، ياخشى مەسلىھەتىڭىز بولمىسا ئولتۇرۇپ گېپىمگە قۇلاق سالسىڭىزمۇ ماڭا غەمخورلۇق قىلغان بولاتتىڭىز » دەڭ .

«دەرد - ئەھۋال تۆكۈش» بوستون داۋالاش كۇرسى قوللانغان ئەڭ ياخشى داۋالاش ئۇسۇلى بولۇپ قالغان . بىز ئۇنىڭغا ئاز - پاز ئىش قوشۇپ ، تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىغا يەكۈنلەپ چىقتۇق ، ئائىلە ئاياللىرى مالال كەلمىسە ، ئائىلىسىدە ئەستايىدىل سىناپ باقسا بولىدۇ :

بىرىنچى ، بىر دەپتەر تەييارلاپ ، كىتاب ئوقۇغان ۋاقتىڭىزدا ئالغان ھاسىلاتىڭىز ، سىزگە ئەڭ تەسىر قىلغان سۆزلەرنى خاتىرىلە-ۋېلىڭ . بۇ سۆزلەر بىرەر كۇپلېت شېئىر ياكى بىرەر ئەقلىيە سۆز ، بىرەر ئۇرغۇلۇق جۈملە بولسىمۇ بولىدۇ . بۇ سۆز - جۈملىلەر يۈرەك تارىڭىزنى تازا چېكىپ ، سىزدە مەلۇم سىرلىق تەسىر پەيدا قىلىدۇ . تاۋىڭىز ئانچە ياخشى بولمىغان چاغلاردا دەپتەرگە يېزىلغانلىرىنى ئو-قۇپ چىقسىڭىز ، بەلكىم كېسىلىڭىزگە داۋا بولغۇدەك بىرەر شىپالىق رېتسېپ چىقىپ قالار . بوستون داۋالاش كۇرسىدىكى ھەربىر كۇر-سانتتا بۇنداق ئەقلىيە سۆزلەر دەپتىرى بار ، ئۇلار بۇ دەپتىرىگە «روھىي سىگنال» دەپ نام قويۇۋالغان .

ئىككىنچى ، باشقىلارنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىگە بەك كۆز سېلىپ كەتمەڭ . شۇنداق ، ئېرىڭىزنىڭ يېتەرسىزلىكى بار ، بىراق ئۇ ئەۋلىيا بولسا ئىدى ، سىز بىلەن توي قىلمىغان بولاتتى . «كۇرس»قا قاتناش-قانلار ئىچىدە بىر ئايال بار ، ھەتتا ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئۆزىنىڭ تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەشكە ئامراق بېشەم خوتۇن ئىكەنلىكىنى چۈشىنە-دۇ . ئۇ بۇ مەسىلە توغرۇلۇق سۆزلەنگەن دەرسنى ئاڭلىغان چاغدا خېلى ئاقىلانىلىشىپ قالدى : «ئېرىڭىز ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈپ كەتسە قانداق قىلىسىز ؟» دېگەن سوئال ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى . شۇنىڭ بىلەن



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇ دەرھال ئولتۇرۇپ ، ئېرىنىڭ بارلىق ئارتۇقچىلىقلىرىنى تىزىملاپ چىقتى . قارىغاندا ئۇنىڭ ئېرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى ھەقىقەتەن ئاز ئەمەس ئىكەن ! نېمە ئۈچۈن سىزمۇ ئېرىڭىز ياكى خوتۇنىڭىزنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنىمۇ تىزىملاپ چىقمايسىز ؟ ئاچچىقىڭىز كېپقالغان چاغلاردا بۇ تىزىملىكنى ئوقۇپ چىقىدىغان بولسىڭىز ، ئۇنىڭ كۆڭلىڭىزدىكى يېقىن ئادىمىڭىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىسىز .

ئۈچىنچى ، قولۇم - قوشنىلىرىڭىز بىلەن كۆپرەك مۇڭدىشىڭ . قولۇم - قوشنىلىرىڭىز بىلەن ئىناق ئۆتۈشىڭىز ، ئۆزىڭىز بىلەن بىر كوچا ، بىر مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق ئاھالىلەرگە غەمخورلۇق قىلىشىڭىز لازىم . غەمكىنلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىر ئايال بار ئىكەن ، ئۇنىڭ بىرمۇ دوستى يوق ئىكەن ، باشقىلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىشمايدىكەن . كۈرس ئۇنىڭغا تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان ئادىمىنىڭ كىملىكىنى ئويلاپ تېپىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغانىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ تىراللىبۇستا ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈپتۇ : ئەتراپىمدىكى بۇ كىشىلەر قانداق ئائىلىدىن كېلىپ چىققاندۇ ، ئۇلارنىڭ قانداق تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى باردۇ...... شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ئۇ كۆپچىلىك بىلەن تېزلا چىقىشىپ كەتتى . ھازىر ئۇ بەختلىك ، روھلۇق ، ئادەمنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك بولۇپ كەتتى . ئۇنىڭ ھېچقانداق ئىدىيەۋى ئازابى قالمىدى .

تۆتىنچى ، ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ئەتىلىك پىلانىڭىزنى ياخشى تۈزۈۋېلىڭ . كۈرسقا قاتناشقان كىشىلەر نۇرغۇن ئاياللارنىڭ تۈگىمەس - پۈتمەس ئائىلە ئىشلىرىنى خىيالىغا كەلتۈرسىلا خاتىرجەم بولالمايدىغانلىقىنى بايقىغان . ۋاقىت داۋاملىق ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالىدىكەن . قانداقلىكى ۋاقىتتا قارىسا ئۇلار ئىشنى تۈگىتەلمەيدىكەن . بۇنداق پەرىشان روھىي ھالەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر چارىسى ئەتىلىك پىلاننى بالدۇر تۈزۈپ چىقىشتىن ئىبارەت . پىلان سىزنى كۆپ ئىشقا سالىدۇ ، ئاز چارچىتىدۇ . سىز ھەم قىلغان ئىشلىرىڭىزنىڭ ئۈنۈمىدىن مەمنۇن بولىسىز ، ھەم ۋاقىت چىقىرىپ ئارام ئالالايسىز (ھەربىر ئايال كۈندۈزى ۋاقىت چىقىرىپ ئارام ئېلىپ ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆچ - قۇۋۋەت توپلىشى ، ئۆزىنى مۇھاپىزەت قىلىشى كېرەك . بۇ ھۆسن - جامالىڭلارنى گۈزەللەشتۈرۈپ ، ياشلىق باھارىڭلارنى ساقلاشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى ) .

بەشىنچى ، ھەرگىز جىددىيلەشمەڭ . چارچاپ كەتمەڭ ، ئۆزىڭىزنى چوقۇم بەھۇزۇر ، خۇشال - خۇرام تۇتۇڭ . جىددىيلىشىش ، چارچاش ھېسسىياتىغا زىيان يەتكۈزۈپ ، يۈزىڭىزدىكى قورۇقنى كۆپەيتىدۇ . ئالدىنقى بابتا سۆزلەپ ئۆتكەن بەدەننى بەھۇزۇر تۇتۇش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىۋېلىڭ . مېنىڭ ياردەمچىم بوستوندىكى كۇرستا مۇدىر پىلاتىنىڭ بۇ ئۇسۇللار توغرىسىدا ئۆتكەن دەرسىنى ئاڭلاپ 10 مىنۇت ئۆزىنى بەھۇزۇر تۇتۇش مەشقى ئىشلىگەندىن كېيىن سىنىپتا ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالغىلى تاس قالغان ! نېمە ئۈچۈن بەدەننى بەھۇزۇر ۋە بوش تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك ؟ چۈنكى ، دوختۇرلارغا ئايانكى ، بەدەننى بوش تۇتۇش — غەم - قايغۇ ۋە كۆڭۈلسىزلىكنى تۈگىتىشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسى .

شۇنداق ، ئائىلە ئاياللىرىمۇ ئۆزىنى بەھۇزۇر تۇتۇشى لازىم ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئەۋزەل شارائىتى بار ، ئۇلار خالىغان ۋاقىتتا كارىۋاتتا يېتىپ ئارام ئالسىمۇ ، يەردە يېتىپ ئارام ئالسىمۇ بولىدۇ . راست گەپنى قىلسام ، پۇت - قولنى كېرىپ سوزۇلۇپ يېتىشقا تۈز يەر سىم كارىۋاتتىنمۇ پايدىلىق ، بەل ئومۇرتقىمىزغا تېخىمۇ پايدىلىق .

خوش ، ئەمدى مەن سىلەرگە بەدەننى بوش تۇتۇشنى مەشىق قىلىشنىڭ بىرقانچە ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپ قوياي . بۇ ئۇسۇللارنى ئائىلەڭلاردە سىناپ باقساڭلار بولىدۇ . بىر ھەپتە داۋاملاشتۇرىدىغانلا بولساڭلار ئۇنىڭ ئاجايىپ رولىنى ھېس قىلالايسىلەر .

بىرىنچى ، چارچاپ كەتكەن ۋاقتىڭىزدا يەردە پۇت - قوللىرىڭىزنى كېرىپ سوزۇلۇپ يېتىڭ .

ئىككىنچى ، كۆزىڭىزنى يۇمۇڭ . خۇددى جونسون ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا تەكلىپ بەرگەندەك ، سىزمۇ ئۆزىڭىزگە ئۆزىڭىز مۇنداق دەڭ : «سۇپسۈزۈك بىپايان ئاسمان ، ھەممە يەردە جىمجىتلىق

ھۆكۈم سۈرمەكتە . مەن — تەبىئەتنىڭ بالىسى ، بۇ چەكسىز ئالەمدە جىمجىت يېتىپ قۇياش نۇرىغا چۆممەكتىمەن » .

ئۈچىنچى ، قازىنىڭىزدا گۆش قايناۋاتقان بولۇپ ، يېتىشقا چولىڭىز تەگمىسە ، بىردەم جىم ئولتۇرۇۋالسىڭىزمۇ ئوخشاش ئۈنۈمگە ئېرىشىسىز . قاتتىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇش يۇمشاق ساپادا ئولتۇرغاندىن ياخشى . ئولتۇرغاندا ئىككى قولىڭىزنى يوتىڭىزغا قويۇپ ، تۈپتۈز ئولتۇرۇڭ .

تۆتىنچى ، پۇتىڭىزنىڭ 10 بارمىقىنى چىڭ تۇتۇڭ ، ئاندىن ئاستا - ئاستا قويۇپ بېرىڭ ؛ پۇتىڭىزنىڭ مۇسكۇللىرىنى چىڭىتىڭ ، ئاندىن ئاستا - ئاستا بوشىتىڭ . شۇ تەرتىپتە ھەربىر ئەزايىڭىزنىڭ مۇسكۇلىنى بىر ئورۇن - بىر ئورۇندىن بىردەم چىڭىتىپ ، بىردەم بوشىتىپ بېرىڭ ، بۇ ھەرىكەت تاكى بويۇنىڭىزغىچە يەتسۇن . ئاخىرىدا بېشىڭىزنى يەڭگىل ئايلاندۇرۇڭ ، كۆڭلىڭىزدە مۇسكۇللىرىڭىزغا توختاۋسىز بۇيرۇق چۈشۈرۈپ تۇرۇڭ : «ئۆزۈڭنى بوش تۇت ، ئۆزۈڭنى بوش قويۇۋەت ، تېخىمۇ بوشا ! »

بەشىنچى ، رىتىملىق ھالدا ئاستا نەپەس ئېلىڭ . ھىندىستاننىڭ يوگاكارا مۇرىتلىرى : رىتىملىق نەپەس ئېلىش ئەڭ ياخشى تىنچلاندۇرۇش دورىسى دەپ ياخشى ئېيتقان .

ئالتىنچى ، يۇزۇمدە قورۇق بار دەپ قىياس قىلىڭ ھەمدە ئۇنى يەڭگىل سىلاپ بېرىڭ ، بولۇپمۇ ئىككى قېشىڭىزنىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن جاۋغىيىڭىزدىكى «غەم قورۇقى»نى سىلاپ بېرىڭ . ئەگەر ھەركۈنى ئىككى قېتىم مەشىق قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدىغان بولسىڭىز ، ئېھتىمال ھۆسن تۈزەش دۇكىنىغا بېرىپ يۈزىڭىزنى ئۇۋۇلىتىپ يۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالماسلىقى مۇمكىن . بۇ قورۇقلار ئۆزلۈكىدىن يوقىلىپ كەتسە ئەجەب ئەمەس .

## 4 . ياخشى خىزمەت ئادىتىنى يېتىلدۇرۇڭ

جىددىيلىشىش ، تىت - تىت بولۇش ۋە زىيادە چارچاپ كېتىش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ياخشى خىزمەت ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشىمىز لازىم. بۇنداق خىزمەت ئادىتى تۆۋەندىكى تۆت تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىرىنچى، ھازىر بىر تەرەپ قىلمايدىغان بارلىق ھۆججەتلەرنى يېزىق ئۈستىلىدىن ئېلىۋېتىش.

چىكاگو ۋە غەربىي شىمال تۆمۈريول شىركىتىنىڭ باش كېسىمدارى رولاند ۋىلىيامىس مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ ئەزەلدىن ھەرخىل ھۆججەتلەر دۆۋىلىنىپ كەتكەن شىرەدە ئولتۇرۇپ ئىشلەش ئادىتىم يوق. جىددىي بىرتەرەپ قىلىنمايدىغان ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر چەتكە ئېلىۋەتكەندىن كېيىن ئىش بېجىرسەم كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالىدۇ. بۇ خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى».

كىشىلەر ۋاشىنگتون ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى كۇتۇپخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندا، كۇتۇپخانىنىڭ تېمىغا ئەنگلىيە شائىرى پوپېنىڭ: «تەرتىپ — تەقدىر ئىلاھىنىڭ بىرىنچى قانۇنى» دېگەن سۆزىنىڭ ئىنگلىزچە يېزىپ قويۇلغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئوخشاشلا، بىز مۇشۇنداق ئېيتالايمىزكى، ئۇ كۇندىلىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشىنىڭمۇ بىرىنچى قانۇنى. ئەمما، كىشىلەر بۇ قانۇنغا ئەھمىيەت بەردىمۇ؟ ئەھمىيەت بەرمىدى! نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ يېزىق ئۈستىلىدە دائىم ھەرخىل ھۆججەتلەر قالايمىقان دۆۋىلىنىپ كېتىدۇ، بۇ ھۆججەتلەرگە بەلكىم نەچچە ھەپتىدىن بۇيان قاراپمۇ قويمىغاندۇ. يېڭى ئورلېئان شەھىرىدىكى بىر گېزىتخانىنىڭ تەھرىرى ماڭا بىر قېتىم ئۇنىڭ كاتىپى شىرەنى رەتلەۋېتىپ، قالايمىقان تاشلىنىپ ياتقان قەغەزلەر دۆۋىسىدىن يوقاپ كەتكىنىگە ئىككى يىلدىن كۆپرەك بولغان بىر ماشىنكىنى تاپقانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى.

جاۋاب قايتۇرۇلماي شىرە ئۈستىدە دۆۋىلىنىپ ياتقان ئاشۇ بىر دۆۋە خەت ـ چەك، تېخى بىر تەرەپ قىلىنمىغان دوكلات ۋە ھەر خىل ئەسلەتمىلەرگە كۆزىڭىزنىڭ قىرى چۈشۈپ قالسىلا ئېرۋىڭىز ئۆرلەپ، بۇ ئىشلاردىن بىخەۋەر قالغانلىقىڭىزنى ھېس قىلىسىز. ئېھتىمال كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەت بۇنىڭدىنمۇ يامان بولۇشى مۇمكىن.

ناۋادا سىزنى دائىم «ئىشىم بەك كۆپ، ھەل قىلىشقا ئامالسىز قالدىم» دەيدىغان بىر خىل روھىي بېسىم بېسىپ تۇرىدىغان بولسا، ئىچىڭىز تىتىلداپ، بەك چارچاپ كەتكەنلىكىڭىزنى ھېس قىلىپلا قالماي، بەلكى سىز دە يەنە قان بېسىمى يۇقىرىلىق، يۈرەك كېسىلى ۋە ئاشقازان يارىسى كېسەللىرىنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

پېنسىلىۋانىيە ئۇنىۋېرسىتېتى تېببىي فاكۇلتېتىنىڭ پىروفېسسورى، دوكتور جون ستوكېس ئامېرىكا دوختۇرلار بىرلەشمىسىدە «ئورگان مەنبەلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئەگەشمە كېسەللىكى بولغان نېرۋا فۇنكسىيەسى بۇزۇلۇش كېسىلى» دېگەن تېمىدا بىر قېتىم دوكلات بەرگەن. ئۇ دوكلاتىدا دوختۇرلاردىن بىمارلاردا كۆرۈلىدىغان 11 خىل نورمالسىز روھىي ھالەتكە ئالاھىدە دىققەت قىلىشنى تەلەپ قىلغان. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، «بېسىم ۋە تەھدىت تۇيغۇسى. ئۆزىنىڭ ئالدىدا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنىڭ دۆۋىلىنىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىش».

نېمە ئۇچۇن شىرەنىڭ ئۈستىنى قورۇقداپ قويسا «تەھدىت تۇيغۇسى»نى تۇغەتكىلى، بۇ ئارقىلىق قان بېسىمى ئۆرلەپ كېتىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ؟ ئامېرىكىلىق مەشھۇر روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرى ۋېلىيام سېتلېر بىر پارچە خەۋەر يېزىپ، ئۆزىنىڭ بۇ ئاددىي ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ بىر ئاغرىقتىكى روھىي چېچىلىشنىڭ ئالدىنى ئالداق ئالغانلىقى ئۈستىدە توختالغان. بۇ ئاغرىق چىكاگودىكى بىر چوڭ سودا سارىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك خىزمەتچىسى ئىكەن. ئۇ ۋېلىيام سېتلېرنىڭ داۋالاش ئۆيىگە تۇنجى قېتىم كەلگەندە ئۆپكىسىنى باسالمايدىغان، قورۇق مىجەز ۋە ئەنسىزدەك كۆرۈنگەن. ئۇ نېرۋام كاردىن چىققان ئوخشايدۇ دەپ ھېس قىلغان، بىراق خىزمەتنى تاشلاپ قويالمىغان. ئۇ دوختۇرلارنىڭ يول كۆرسىتىشى ۋە ياردىمىگە جىددىي موھتاج بولۇپ قالغان.

«ئۇ ماڭا كېسەللىك ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندا تېلېفون جىرىڭلاپ قالدى، — دەيدۇ دوكتور سېتلېر، — تېلېفون دوختۇرخانىدىن كەلگەنىدى. تېلېفوندىكى گەپنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن بىر-

دەم خىيال سۈردۈم - دە، دەرھال دوختۇرخانىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردىم. مۇمكىن بولىدىغانلا بولسا، مەن مەسىلىلەر ئۈستىدە دەرھال بىر قارارغا كېلىشكە ئادەتلەنگەنىدىم. تۇرۇپكىنى قويۇپ تۇرۇشۇمغا تېلېفون يەنە جىرىڭلىدى. يەنە بىر جىددىي ئىش مېنىڭ ھەل قىلىشىمنى كۈتۈپ تۇرماقتا ئىدى. بۇ ئىشنى بىرتەرەپ قىلىپ تۇرۇشۇمغا بىر كەسپدىشىم ئالدىراپ - تېنەپ كىرىپ، بىر ئېغىر بىمار ئۈستىدە داۋالاش لايىھەسى قويۇشۇمنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ بولۇپ ئۈزىتىپ قويغاندىن كېيىن؛ ئۆرۈلۈپ ھېلىقى بىماردىن ئەپۇ سورىدىم، چۈنكى بايىقى بىرقانچە قېتىملىق كاشىلا تۇپەيلىدىن ئۇ بىر چەتتە ئۇزاق تۇرۇپ قالغانىدى. بىراق، بۇ ئاغرىق ئىنتايىن خۇشال كۆرۈنەتتى، ئۇنىڭ چىرايىدا بايىقىغا تامامەن ئوخشاش بولمىغان بىر خىل ئىپادە بىلىنىپ تۇراتتى».

«تۇزۇت قىلماڭ، دوكتور ئەپەندى، — دەپتۇ بىمار، — بايا ئۇن نەچچە مىنۇت ئىچىدە سىز ماڭا بىرمۇنچە نەرسىلەرنى ئۆگىتىپ قويدىڭىز. شىركەتكە قايتقاندىن كېيىن كونا خىزمەت ئادىتىمنى چوقۇم ئۆزگەرتىمەن. قايتىپ كېتىشتىن ئىلگىرى خىزمەت شىرەيىڭىزنى كۆرۈپ باقسام بولارمۇ؟»

شۇنىڭ بىلەن سېتلېر يېزىق ئۈستىلىنىڭ تارتمىلىرىنى ئېچىپ بېرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، يېزىش - سىزىش ئەسۋابلىرىدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىكەن.

— بىرتەرەپ قىلمىغان دوكلاتلارنى قەيەرگە قويىسىز، — سوراپتۇ بىمار.

— بارلىق دوكلاتلارنى بىر تەرەپ قىلىپ بولغان.

— جاۋاب قايتۇرمىغان خەتلەرچۇ؟

— ھەممىسىگە جاۋاب قايتۇرۇپ بولغان، — دەپتۇ سېتلېر، — مېنىڭ ئادىتىم خەت كەلگەن ھامان جاۋاب قايتۇرۇش، ئۇلارنى ئەزەلدىن بىر چەتكە تاشلاپ قويمايمەن، بارلىق خەت - چەكلەرنىڭ جاۋابىنى دەرھال كاتىپقا ئاغزاكى بېرىۋېتىمەن.

ئالتە ھەپتىدىن كېيىن بۇ يۇقىرى دەرىجىلىك خىزمەتچى سېت-

لىرنى شىركەتكە كىلىپ ئۆزىنى يوقلاپ كىتىشكە تەكلىپ قىلغان. ئۇنىڭدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولغان، خىزمەت شىرەسىدىمۇ ئۆزگىرىش بولغان. ئۇ تارتمىسىنى ئىچىپ دوكتور سىتلىرغا كۆرسەتكەن، قارىسا بىر تەرەپ قىلىنمىغان بىرمۇ هۆججەت كۆرۈنمىگەن. ئۇ سىتلىرغا مۇنداق دىگەن: «بىراق، بۇنىڭدىن ئالتە هەپتە ئىلگىرى ئىككى ئىشخانامغا ئۈچ دانە شىرە قويۇلغانىدى. دۈۋىلىنىپ كەتكەن خىزمەتلەرنى هەرقانداق قىلىپمۇ ئىشلەپ تۈگىتەلمەيتتىم. سىز بىلەن سۆزلىشىپ قايتىپ كەلگەندىن كىيىن بارلىق كونا دوكلات ۋە هۆججەتلەرنىڭ هەممىسىنى يۆتكىتىۋەتتىم، بۇ نەرسىلەر لىپمۇلىق بىر ئاپتوموبىل چىقتى. هازىر بىرلا خىزمەت شىرەسىنى ئىپقالدىم. خەت ـ چەك كەلگەن هامان دەرهال جاۋاب قايتۇرىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، قارىسامىلا سۈر باسىدىغان هۆججەت دۈۋىسى ئەمدى ئالدىمدا تۇرمايدىغان بولدى. كىسىلىممۇ ساقىيىپ قالدى، سالامەتلىكىم سەللىمازا ئەسلىگە كەلدى».

ئامىرىكا ئالىي سوت مەهكىمىسىنىڭ باشلىقى كانىس ئىۋانىس مۇنداق دىگەنىدى: «زىيادە چارچاپ كەتسە ئادەم ئۆلۈپ قالمايدۇ. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ پىكرى بەك چىچىلاڭغۇ ۋە كۆڭلى ئىنتايىن پەرىشان بولغاچقا ئۆلۈپ كىتىۋاتىدۇ. شۇنداق، كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭىزنىڭ چىچىلىپ كىتىشى ۋە كۆڭلىڭىزنىڭ خاتىرجەم بولماسلىقى بىشىڭىزغا چىقىدۇ، چۈنكى سىزنىڭ خىزمىتىڭىز مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ».

ئىككىنچى، خىزمەت قىلغاندا مۇهىم ۋە مۇهىم ئەمەسلىرىنى، جىددىي ۋە جىددىي ئەمەسلىرىنى ئايرىپ، مۇهىملىرىنى ئالدىدا قىلىش.

ئامىرىكىلىق چوڭ كارخانچى هىنرى دورىتىنىڭ ئىيتىشىچە، ئۇنىڭ خىزمەتچىلەرنى تاللاش ئۆلچىمى ئىككى تۈرلۈك ئىكەن، بىرسى پىكىر قىلىشقا ماهىر بولۇش، يەنە بىرسى ۋاقىتنى ئىگىلەشكە ماهىر بولۇش، مۇهىم ئىشلارنى ئالدىدا بىجىرىش. مۇشۇنداق ئىككى خىل ئىقتىدارغا ئىگە كىشىلەرنى ئۇ پۇلنىڭ كۆزىگە قارىماي تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىشنى خالايدىكەن.

كانىس روكمان نامرات ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن ، 12 يىل ئىچىدە تۆۋەن دەرىجىلىك بىر خىزمەتچىدىن كاكاۋۇ شىركىتىنىڭ باش مۇدىرلىقىغا ئۆستۈرۈلۈپ ، يىلىغا نەچچە يۈز مىڭ دوللار ئىش ھەققى ئالىدىغان بولغان . بۇنىڭدىن باشقا نورمىدىن سىرت يەنە مىليون دوللار كىرىم قىلغان . ئۇ ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئاساسەن ھېنرى دورېتىي ئېيتقان ئاشۇ ئىككى ئۆلچەمگە تايانغانلىقتىن بولغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنگەن . «مەن ھەركۈنى ئەتىگەن سائەت 5 تە ئورنۇمدىن تۇرىمەن ، چۈنكى بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاقتى ، — دەيدۇ كانىس روكمان ، — بىر كۈنلۈك ئىشىمنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ ، مۇھىم ئىشلارنى ھامان پىلانىمنىڭ ئالدىغا قويىمەن » .

ئامېرىكىدىكى بىر چوڭ سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ جىڭلىسى فرانكلىن بېنىگ ھەتتا ئەتىگەن سائەت 5 بولماي تۇرۇپلا بىر كۈنلۈك پىلانىنى تۈزۈپ بولىدىكەن . ئۇ دائىم ھەر كۈنى ئاخشىمى ئەتىسى قىلىدىغان ئىشلىرىنىڭ كۆن تەرتىپىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدىكەن . مەسىلەن ، ئۇ مەلۇم كىشىگە ئەۋەتىپ بېرىلىدىغان خەۋپسىزلەندۈرۈش تالونى شۇ كۈنى پوچتىغا سېلىنىۋېتىلمىسە ، قولغا كېلىدىغان بىر كۈنلۈك خەۋپسىزلەندۈرۈش سوممىسى زىيان بولىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتىدىكەن .

ئەمەلىيەتتە خىزمەتنى ھەرقانداق ۋاقىتتا مۇھىم ۋە مۇھىم ئەمەسلىكىگە قاراپ ئورۇنلاشتۇرۇپ كەتكىلى بولمايدۇ . شۇنداقتىمۇ مۇھىم ياكى مۇھىم ئەمەسلىكى ، ئالدىراش ياكى ئالدىراش ئەمەسلىكىگە قاراپ ئالدىن پىلان تۈزۈۋېلىش ۋاقىتلىق ئورۇنلاشتۇرغانغا قارىغاندا ھەقىقەتەن كۆپ ياخشى .

ئەگەر گېئورگى بېرنارد شاۋ ئىشنى چوڭ ۋە كىچىك دەپ ئايرىشنىڭ قائىدىسىنى چۈشەنمىگەن بولسا ئىدى ، بەلكىم يازغۇچى بولماي ، ئۆمۈر بويى بانكا كاسسىرى بولۇپلا ئۆتكەن بولاتتى . ئىش بېجىرىشتە پىلانچان بولۇش ۋە قەتئىي تەۋرەنمەيدىغان قەيسەرلىك ئۇنىڭ كەسىپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى ئاچقۇچ . ئەينى چاغلاردا ئۇ يىلىغا ئاران

ئوتتۇز نەچچە دوللار تاپاتتى — كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر تىيىندىن توغرا كەلمەيتتى، تۇرمۇشى نامراتچىلىقتا چېكىگە يەتكەندى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ھەركۈنى بەش بەتتىن ھېكايە - رومان يېزىشنى داۋاملاشتۇرغان — پىلان ئۇنىڭغا ئۈمىد ۋە كۈچ بەخش ئەتكەنىدى.

ئۈچىنچى، مەسىلىگە يولۇققاندا ھەرگىز سۆرەلمىلىك قىلماي، كەسكىن قارارغا كېلىش.

مېنىڭ خ.پ.ھوۋېل ئىسىملىك بىر ئوقۇغۇچۇم بار، ئۇ بىر پولات شىركىتى مۇدىرىيىتىنىڭ ئەزاسى. ئۇنىڭ ماڭا سۆزلەپ بېرىشىچە، ئۇلارنىڭ مۇدىرىيىتى ئىلگىرى داۋاملىق ئۇزاق يىغىن ئاچىدىكەن، مۇھاكىمە قىلىدىغان مەسىلىلەر بەك كۆپ، چىقارغان قارارى بەك ئاز بولىدىكەن. يىغىن ئاخىرلاشقاندا تېخى ھەربىر مۇدىرىيەت ئەزاسى بىر قوچاقتىن ھۆججەتنى ئۆيىگە كۆتۈرگەچ كېتىپ كۆرىدىكەن.

كېيىن ھوۋېل ئەپەندى باش مۇدىر بوپتۇ. ئۇ بىرەر ئىش مۇھاكىمە قىلىنغانىكەن، دەرھال قارار شەكىللەندۈرۈش، ھەرگىز سۆرەلمىلىك قىلىپ ۋاقىتنى ئىسراپ قىلماسلىقنى قارار قىپتۇ. ئەلۋەتتە، بەزىدە ئىلگىرى چىقىرىلغان قارارلارغىمۇ بەزى ئىزاھات ماتېرىياللىرىنى قوشۇمچە قىلىشقا ياكى ئۇنىڭغا ئىش قوشۇشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن، قانداقلا بولمىسۇن بىر قارار بولغانىكەن، كۆپچىلىك باشقا بىر مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىشقا ئۆتىدۇ. ئەمەلىيەت بۇ ئۇسۇلنىڭ تازا كارغا كېلىدىغان ئۇسۇل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ھەر قېتىملىق يىغىندا ئالدىن بەلگىلەنگەن كۈن تەرتىپ ئورۇندالغان. قانچە كۆپ دوكلات بولسىمۇ يىغىندا بىرلەپ بىر تەرەپ قىلىنغان. مۇدىرلارمۇ ئەمدى بىر قوچاق ھۆججەتنى ئۆيىگە قولتۇقلاپ ئەكىتىپ، ھەل قىلىنىپ بولمىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ يۈرمەيدىغان بولغان.

بۇ خىزمەت ئۇسۇلى مۇشۇ پولات شىركىتىنىڭ مۇدىرىيىتىگە باب كېلىپلا قالماي، ھەرقايسىمىزغىمۇ باب كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۆتىنچى ، ھەممىگە چات كىرىۋالماسلىق ، مۇھىمى نازارەت قىلىش ھوقۇقىنى تۇتۇش .

بەزى كارخانىچىلار مۇددەتتىن بۇرۇن ئۆزىگە ئۆزى گۆر كولايدۇ . چۈنكى ، ئۇلار ھوقۇقنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىشنى بىلمەيدۇ . ئۇلار ھامان ھەممىگە چات كىرىۋېلىشنىڭ كويىدىلا يۈرۈپ ، چوڭ - كىچىك ئىشنىڭ ھەممىسىگە شەخسەن ئۆزى قول تىقىۋالىدۇ . نەتىجىدىچۇ ؟ كۈنبويى ئۈششاق - چۈششەك ئىشلارغا ئېسىلىۋېلىپ ، ئالدىراشچىلىقتا بىر قولىنى ئىككى قىلالمايدۇ . بۇنىڭ بىلەن ئۇزاق داۋاملىشىدىغان ھودۇقۇش ، جىددىيلىشىش ۋە بىئارام بولۇشتەك خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ .

ھوقۇقنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكى ماڭا ئايان . مەن بۇ ئىشنى دەپ زىيانمۇ تارتقان . ناۋادا ھوقۇق بىر يامان ئادەمگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدىغان بولسا ، ھەقىقەتەن ئىنتايىن يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ . شۇنداقتىمۇ ، رەھبەرلىك ئورنىدا تۇرۇۋاتقان ھەرقانداق بىر ئادەم ئەگەر ئۆزىنى بەك جىددىيلەشتۈرۈش ۋە چارچىتىشنى خالىمىسا ئۆزىگە ۋاكالەتچى تېپىشنى ئۆگىنىۋېلىشى لازىم .

ناۋادا بىرەر زاۋۇتنىڭ خوجايىنى تەشكىللەش - باشقۇرۇشنى بىلمىسە ، ھوقۇقنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈشنى بىلمىسە ، ئاساسەن نازارەت قىلىش رولىنى ئويناشنى بىلمىسە ، ئۇ ئەڭ كۆپ بولغاندا 50— 60 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ ، بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىدۇ . زىيادە جىددىيلىشىش ۋە غەم - قايغۇ ئۇلارنى يۈرەك كېسەللىكىگە گىرىپتار قىلىپ قويىدۇ . سىز مېنى بەزى ئەمەلىي مىساللارنى كەلتۈرۈپ باق دېمەكچىمۇ ؟ ئەمىسە ، ھەر كۈنلۈك گېزىتكە بېسىلىۋاتقان مۇسىبەت خەۋەرلىرىنى ئوقۇپ بېقىڭ .

## 5 . ئىچى پۇشۇش ئادەمنى چارچىتىدۇ

ئادەمنى چارچىتىدىغان مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئىچى پۇ-

شۇش . بىزنىڭ كوچىدا تۇرۇشلۇق ماشىنىست ئاللىس بۇنىڭ بىر جانلىق مىسالى . بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئاللىس ئېغىر قەدەم تاشلاپ ئائىلىسىگە قايتىپ كېلىدۇ . ئۇ ئىنتايىن چارچاپ كەتكەنلىكىنى ، بېشى ۋە بېلى قاتتىق ئاغرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ . ئۇ ھەقىقەتەن چارچاپ ھالىدىن كەتكەنلىكتىن ، كەچلىك تامىقىنىمۇ يېمەي ئۇخلى-ۋالغۇسى كېلىدۇ . ئانىسى تامىقىڭنى يېۋال دەپ تۇرۇۋالغاچقىلا نائى-لاج تاماق شىرەسىگە كېلىپ ئولتۇرىدۇ . بۇ چاغدا تېلېفون جىرىڭلاي-دۇ ، تېلېفون ئۇنىڭ ئوغۇل دوستىدىن كەلگەن بولۇپ ، دوستى ئۇنى تانسىغا چاقىرىدۇ ! ئاللىس بىردىنلا ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەيپىيا-تى توساتتىن ياخشىلىنىپ كېتىدۇ . ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ بىناغا يۈگۈرۈپ چىقىپ ، ئۆزىنىڭ ئەڭ چىرايلىق كۆڭلىكىنى كىيىپ ، ئەتىسى سەھەر سائەت 3 كىچە تانسا ئويناپ قايتىپ كېلىدۇ . بۇ قېتىم قايتىپ كەلگەندە ئۇنىڭدا قىلچە ھارغىنلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلمەيدۇ . ئۇ ھەتتا ئىنتايىن ھاياجانلانغانلىقتىن كارىۋاتتا خېلى ئۇزاق ياتسىمۇ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ .

بۇنىڭدىن سەككىز سائەت ئىلگىرى ئاللىس راستتىنلا شۇنچە چارچاپ كەتكەن بولغىيمىدى ؟ شۇنداق ، ئۇ راستتىنلا تازا چارچاپ كەتكەنىكەن ، بەلكىم ئۇ خىزمەتتى تولىمۇ مەززىسى يوق ، تۇرمۇشنى تولىمۇ زېرىكەرلىك دەپ ھېس قىلغان بولسا كېرەك . بىزنىڭ بۇ دۇنيادا نەچچە يۈز مىليون ئاللىس بار ، كىم بىلىدۇ ، سىزمۇ شۇلار-نىڭ ئارىسىدىكى بىرسىمۇ تېخى .

ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى ، ناچار كەيپىيات ئادەمنى ئادەتتە ھەر-قانداق جاپالىق خىزمەتتىنمۇ بەك ئاسان چارچىتىپ قويىدۇ . دوكتور جوسېف بامارك پسىخولوگىيە ژۇرنىلىدا بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىپ ، ئىچى پۇشۇش ئادەمنى قانداق چارچىتىدىغانلىقى ئۈستىدە توختالغانىدى . ئۇ بىر تۈركۈم ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا سىناق ئېلىپ بېرىپ ، بۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئۇلار قىلچە قىزىقمايدىغان بىر قاتار ئىمتىھانلارنى ئالغان . نەتىجىسى قانداق بولغان دېسىڭىز ، بۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى

روھسىزلىنىپ ، چارچاپ ماغدۇرىدىن كەتكەن ، بەزىلىرى بېشىم ئاغ-
رىپ كەتتى دەپ ۋايسىسا ، بەزىلىرى كۆزۈم تېلىپ كەتتى دەپ ھال
ئېيتقان . ئۇلارنىڭ مىجەزىمۇ قوداڭشىپ قالغان ، ئايرىم ئالىي مەك-
تەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا تېخى ھەزىم قىلىش ئىقتىدارى قالايمىقانلىشىش-
تەك كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلگەن . بۇ كېسەللىك ئالامەتلىرى-
نىڭ ھەممىسى خىيالىي تۇيغۇمىدۇ ؟ ياق ! دوختۇر جوسېف بامارك
يەنە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ماددا ئالماشتۇرۇش فۇنكسىيە-
سى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان . تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە
ئۇلارنىڭ قان بېسىمى ۋە ئوكسىگېنغا بولغان ئېھتىياجى ھەقىقەتەن
تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولغان . لېكىن ، بۇ ئادەملەردە خىزمەتكە
قايتىدىن قىزىقىش پەيدا بولغان ھامان ، ئۇلارنىڭ پۈتۈن ماددا ئالماش-
تۇرۇش فۇنكسىيەسى يەنە دەرھال نورماللاشقان .

بىز بىر ئىشنى ناھايىتى روھلۇق ھالدا قىلغىنىمىزدا ھارغىنلىق
ھېس قىلمايمىز . مەسىلەن ، يېقىندا مەن كانادانىڭ روككىي تېغىدى-
كى لۇئىسبۇرگ كۆلىدە ئارام ئالدىم . كۆل بويىدا ئۈدا بىرقانچە كۈن
كۈمجا بېلىقى تۇتتۇم . كۈنبويى قويۇق ئورمانلىقتا يۈرۈپ ، يەرگە
چۈشۈپ قالغان دەرەخ شاخلىرىغا پۇتلىشىپ ، دائىم يىقىلىپ چۈشتۈم
...... لېكىن ، قاراڭغۇ چۈشكۈچە ئورمانلىقنى ئارىلاپ يۈرسەممۇ
پەقەت ھارغىنلىق ھېس قىلمىدىم . سەۋەب نېمە ؟ چۈنكى ، كەيپىم
ياخشى ، ھەۋىسىم ئۈستۈن ئىدى ، ھەركۈنى ئالغان تەسىراتىمدىن
مەمنۇن ئىدىم . ناۋادا مەن بېلىق تۇتۇشقا قىزىقمايدىغان بولسام ،
دېڭىز يۈزىدىن 2400 نەچچە مېتىر ئېگىز جايدا بۇنداق جاپالىق
ئىشنى قىلسام ، بىر كۈندىلا چارچاپ ھالىمدىن كەتكەن بولاتتىم .

مىننېئا پوس بانكىسىنىڭ جىڭلىسى س . خ . كىگمان ماڭا بېشى-
دىن ئۆتكەن بىر ئىشنى سۆزلەپ بەرگەنىدى . بىر قېتىم كانادا
ھۆكۈمىتى كانادا تاغقا چىققۇچىلار كۇلۇبىدىن ئەسكەرلەرگە تاغقا
چىقىش مەشقى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان . تەكلىپ قىلىنغان
تىرېنېرلار ئىچىدە كىگمانمۇ بار ئىكەن — ئۇلارنىڭ ھەممىسى 42
ياشتىن 59 ياشقىچە بولغان ئادەملەر ئىكەن . ئۇلار ئەسكەرلەرنى

يېتەكلىپ قار - مۇزلارنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئون نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى خەتەرلىك قىيالارغا چىققان. ئۇلارنىڭ تاغقا چىقىش ئۈسكۈنىلىرى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، ئارغامچىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ يۇقىرىغا ياماشقان. 15 سائەت جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق ئاخىر ۋالەي چوققىسىغا چىققان، لېكىن قاۋۇل ئەسكەرلەر كەينى - كەينىدىن چارچاپ ھالىدىن كەتكەن.

ئۇلارنىڭ بەدەن ساپاسى ناچارمۇ؟ ياق! ئادەتتىكى چاغلاردىكى ھەربىي تەلىم - تەربىيەدە ئۇلار كارامەت ياخشى يىگىتلەر ئىكەن. ئۇلارنىڭ چارچاپ ھالىدىن كېتىشى تاغقا چىقىشنى زېرىكەرلىك ھېس قىلغانلىقىدىن بولغان. بەزىلەر تاماق يېيىشتىن ئىلگىرى ئۆزىنى داق يەرگە تاشلاپلا ئۇخلاپ قالغان، لېكىن ئەسكەرلەرگە قارىغاندا ئىككى ئۈچ ھەسسە چوڭ بۇ تىرېنېرلار ھېچقانچە چارچاپ كەتمىگەن. چارچاشنىغۇ چارچىغان، لېكىن ھەرگىز ھالىدىن كەتكۈدەك دەرىجىگە بېرىپ قالمىغان. ئۇلار تېخى كەچلىك تاماق يېگەچ بىر كۈنلۈك سەرگۈزەشتىلىرى ئۈستىدە قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەن. تاغقا چىقىش ھەرىكىتىگە بولغان ئىنتايىن زور ئىشتىياق ئۇلارنى تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچىنى ساقلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان.

كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورى ئېدۋارد سانداىك چارچاش ئۈستىدە سىناق ئېلىپ بارغان. ئۇ بەزى ياشلارنى بىر ھەپتە ئۇخلاتقۇزماي، ئۇلارغا ئۇلار قىزىقىدىغان ئىشلارنى ئۈزلۈكسىز تۈردە قىلدۇرغان. كۆپ قېتىملىق سىناقتىن كېيىن دوكتور سانداىك يەكۈن چىقىرىپ: «ئىچى پۇشۇش ئادەمنى چارچىتىدىغان تۈپ سەۋەب» دېگەن.

ئەقلىي ئەمگەكچىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، خىزمەت ھەرقانچە جاپالىق بولۇپ كەتسىمۇ ئۇلارنى چارچىتىۋەتمەيدۇ، ئەكسىچە ئۇلارنى چارچىتىپ قويىدىغىنى ئادا بولمىغان خىزمەتتۇر. ئۆتكەن ھەپتىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى باشقىلار سىزگە كاشىلا قىلغانلىقتىن، جاۋاب يازىدىغان خەتلەرنى يازالماي قالغانلىقىڭىز، ئۇچرىشىشقا بارالماي قالغانلىقىڭىز ئېسىڭىزدىمۇ؟ شۇ كۈنى ئۇ ئىشمۇ ئۆڭلىڭىزگە ياقمىدى، بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشتىنمۇ مەمنۇن بولمىدىڭىز، ئاخىر ھېچ ئىش قىلالمىدىڭىز، ئاخشىمى ھېرىپ - ئېچىپ ئۆيىڭىزگە ئاران قايتىپ كەلدىڭىز. ئىككىنچى كۈنى ئىشخانىدا يەنە نورماللىق ئەسلىگە كەلدى، ئالدىنقى كۈندىكىدىن 10 ھەسسە كۆپ ئىش قىلغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. لېكىن، ئۆيىڭىزگە قايتىدىغان چاغدا قەدىمىڭىز يەڭگىل، كۆڭلىڭىز خۇشال ئىدى. ئازراقمۇ چارچىغاندەك ئەمەس ئىدىڭىز. بۇنداق ئەھۋال چوقۇم ھەممىمىزنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن بولغىيتتى؟

نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئەھۋال كۆرۈلىدۇ؟ سەۋەب ئىنتايىن ئاددىي، چۈنكى چارچاشنى خىزمەت ئەمەس، بەلكى جىددىيلىشىش، قايغۇرۇش بوشىشىپ كېتىش، غەزەپلىنىش قاتارلىق روھىي ئامىللار كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

يېقىندا مەن كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان بىر دىراما كۆردۈم. ئۇنىڭدىكى باش قەھرىمان بىر پاراخوت باشلىقى بولۇپ، پەيلاسوپ سۈپەت كۆرۈنەتتى. ئۇ: «قانائەتلىنەرلىك خىزمەت تاپالىغان ئادەملەر تەلەيلىك ئادەملەردۇر» دېگەن سۆزنى قىلدى. بۇنداق ئادەملەرنىڭ غەم - قايغۇسى ئاز بولىدۇ، ئۇلار ئاسانلىقچە چارچاپ كەتمەيدۇ، چۈنكى خىزمەت ئۇلارغا قانائەت ۋە خۇشاللىق بەخش ئەتكەن. قىزىقىش — ھاياتىي كۈچنىڭ مەنبەسى. ئەگەر سىز بىر كوت - كوت خوتۇن بىلەن بىردەم بىللە ماڭسىڭىز، سىزنى توختىماي ئەسنەك تۇتۇشى مۇمكىن، لېكىن كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان بىر قىز بىلەن 10 چاقىرىم بىللە ماڭسىڭىزمۇ ئۆزىڭىزنى يەنىلا ئىنتايىن روھلۇق ھېس قىلىشىڭىز مۇمكىن.

بىز بىتەلەي ئادەم بولۇشقا تەن بېرەمدۇق؟ ئوكلاخوئومالىق بىر قىز ماشىنىست تەقدىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئەنە شۇنداق قانائەت قىلمايدىغانلارنىڭ ئۈلگىسى. بۇ قىز تۇلسا شەھىرىدىكى بىر نېفىت شىركىتىدە ئىشلەيدىغان بولۇپ، كۈنبويى زېرىكىشلىك جەدۋەل ۋە سان - سىپىرلار بىلەنلا ھەپىلىشىدىكەن. بۇنداق خىزمەتنى قىزىقارلىقراق قىلىپ ئىشلەشنىڭ چارىسى يوقمىدۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر ياخشى چارىنى ئويلاپ تاپقان. ئۇ چۈشتىن ئىلگىرى تولدۇرغان جەد-

ۋەلدىكى سانلارنى ئېسىدە تۇتۇۋېلىپ، چۈشتىن كېيىن جەزمەن بىر ئامال قىلىپ ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋەتكەن؛ ئىككىنچى كۈنى يەنە بىرىنچى كۈنىدىكىدىن تېخىمۇ كۆپ خىزمەت قىلىشنى قولغا كەلتۈرگەن...... شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ تولدۇرغان جەدۋەللىرى بىر ئىشخانىدا ئىشلەيدىغان ھەرقانداق قىز خىزمەتداشلىرىنىڭكىدىن كۆپ بولغان. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى نېمە؟ تەقدىرلىنىشمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس. بىرەر ياخشى خىزمەتكە ئېرىشىشمۇ؟ ئۇنىڭ بۇنداق خىيالى يوق. كۆپرەك ھەق ئېلىشنى كۆزلىگەنمۇيا؟ ئۇ بۇنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغان. ئۇنىڭ كۆزلىگىنى پەقەت ئۆزىنى زېرىكتۈرۈپ قويۇماسلىق. ئۇنىڭدا خىزمەتكە بولغان ھەۋەس، قىزغىنلىق بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ئىشتىن چۈشكەندىمۇ كۆپ تېتىكلىشىپ كەتكەن. بۇ ھېكايىنى قۇرۇقتىن - قۇرۇق ئويدۇرۇپ چىققىنىم يوق، چۈنكى بۇ قىز ھازىر مېنىڭ خوتۇنۇم بولىدۇ.

بۇ يەردە سىلەرگە يەنە بىر قىز ماشىنىست توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەي. ئۇ خەت بېسىشنى قىزىقارلىق خىزمەت دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان، ئىشلىگەندىمۇ راستتىنلا زېرىكىشلىك ھېس قىلمىغان. ئۇنىڭ ئىسمى ۋىللى گوردېن بولۇپ، ئىللىنويىس ئىشتاتىنىڭ ئېلخاست شەھىرى كېنلىرۋوتىس كوچىسىدىكى 473 - نومۇرلۇق قورۇدا تۇرىدۇ. ئۇ ماڭا مۇنداق دەپ سۆزلەپ بەردى: «بىزنىڭ ئىشخانىدا جەمئىي تۆت ئايال ماشىنىست بار، ھەربىرىمىز بىرقانچە ئادەمنىڭ خەت - چەكلىرىنى بېسىشقا مەسئۇل. بىز خىزمەتتە ھەمىشە كۆڭۈلسىزلىككە يولۇقۇپ تۇرىمىز. بىر قېتىم ئىشخانا مۇدىرى ماڭا بىر پارچە ئۇزۇن خەتنى قايتا بېسىپ چىقىشنى دېگەنىدى، مەن رەت قىلدىم. مەن ئۇنىڭغا، بۇ خەتنى سەل - پەل ئۆزگەرتسىلا بولىدۇ، قايتا بېسىش ھاجەتسىز دېدىم. مۇدىر گېپىدە چىڭ تۇرۇۋېلىپ، مەن بېسىپ بېرىشنى خالىمىسام باشقا ئادەم تاپىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنىڭغا ناھايىتى ئاچچىقىم كەلدى. خەتنى بېسىۋېتىپ نۇرغۇن كىشىلەر مەن قىلىۋاتقان بۇ خىزمەتنى قىلسام دەپ تاپالمايۋاتقان يەردە مەن نېمە ئۈچۈن خالىمايدىكەنمەن دېگەن نەرسە توساتتىن خىيالىمغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەلدى ـ دە ، كۆڭلۈم خېلى ئارام تاپقاندەك بولدى . شۇنىڭدىن ئېتىبا ـ رەن ، خەت بېسىشنى بىر تۈرلۈك قىزىقارلىق خىزمەت دەپ تەسەۋۋۇر قىلدىم . بۇ تەسەۋۋۇر تازا كارغا كەلدى ، مەن بۇ خىزمەتكە بارا ـ بارا راستىنلا قىزىقىپ قالدىم ، خىزمىتىمنىڭ ئۈنۈمىمۇ ئۆستى . بۇنداق تەسەۋۋۇر مېنىڭ كۆچۈمنى ئۇرغۇتتى . شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچىلەپ ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەپ باقمىدىم . كېيىن بۆلۈم مۇدى ـ رى بىر ئايال كاتىپ تەكلىپ قىلماقچى بولۇپ ، ئالدى بىلەن مېنى تىلغا ئاپتۇ . خۇددى ئۇنىڭ ئېيتقىنىدەك ، مەن ۋەزىپەمنىڭ سىرتىدى ـ كى خىزمەتلەرنى ئۈستۈمگە ئېلىشقا خۇشتار ئىدىم ، ۋەزىپە تاپشۇرۇل ـ سا باشقىلاردەك قوشۇمامنى تۈرمەيتتىم » . ۋىللى گوردېن ئاخىرىدا مۇنداق دېدى : «كەيپىياتنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى خىزمەت ئۈنۈ ـ مىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ . ئىدىيەنىڭ رولى ھەقىقەتەن بەك چوڭ » .

ۋىللى گوردېن خېنىم بەلكى ئۆز «تەسەۋۋۇر»ىنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى سەزمىگەن بولسا كېرەك . ۋىليام جېمىس : ئۆزىمىزنى باتۇر دەپ تەسەۋۋۇر قىلساق باتۇر بولالايمىز ؛ تەلەيلىك دەپ تەسەۋۋۇر قىلساق تەلەيلىك بولالايمىز — بىز ئۈمىدۋار تەسەۋۋۇر ئىچىدە ياشىشىمىز لازىم دېگەنىدى .

سىلەرمۇ خىزمىتىڭلارنى قىزىقارلىق دەپ تەسەۋۋۇر قىلىدىغان ـ سىلەر ! شۇنداق تەسەۋۋۇر قىلغىنىڭلاردا خىزمەتتىن ھەقىقىي لەز ـ زەت ئالالايسىلەر . روھىي ھارغىنلىق ، ئېرۋا ئۆرلەش ۋە كۆڭۈل خاتىرجەم بولماسلىقتىن خالىي بولالايسىلەر .

ھالLAND خوۋارد ئۈمىدۋار تەسەۋۋۇر بويىچە ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاي ـ تىنى ئۆزۈل ـ كېسىل ئۆزگەرتكەن ئادەم . ئۇ بىر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئاشخانىسىدا ئىشلەيتتى . باشقا يىگىتلەر تەنتەربىيە مەيدانىدا توپ ئويناۋاتقان ياكى قىزلار بىلەن مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىۋاتقان چاغ ـ لاردا ئۇ ئاشخانىدا مارۇژنى تەقسىم قىلىشقا ، شىرە سۈرتۈشكە ، قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيۇشقا مەجبۇر بولاتتى . بۇ خىزمەتنىڭ ھەقىقەتەن مەززىسى يوق ئىدى . شۇڭا ، ئۇ بۇ ئىشتىن بارغانسېرى زېرىككەن ـ

دى . بىر قېتىم ئۇ بۇ خىزمەتنى مەنىلىكرەك ئىشلەشنى خىيالىغا
كەلتۈرىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن ماروژنىغا قىزىقىپ قالىدۇ . ئۇنىڭ ما-
روژنىنىڭ قانداق ئىشلىنىدىغانلىقى ، ئۇنىڭغا قانداق ماتېرىياللار كې-
تىدىغانلىقى ، نېمە ئۈچۈن ماۋۇ خىلدىكى ماروژنىنىڭ ئاۋۇ خىلدىكى-
سىدىن ياخشى بولىدىغانلىقىنى تولىمۇ بىلگۈسى كېلىدۇ . شۇنىڭ
بىلەن ئۇ ماروژنى ئىشلەشنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىدۇ . مەكتەپ
ئاچقان قىسقا مۇددەتلىك خىمىيە كۇرسىدا ئۇنىڭ نەتىجىسى ئالدىنقى
قاتارغا ئۆتىدۇ . ئۇ خىمىيەگە كۈچلۈك ئىشتىياق باغلىغاچقا ، ئۇزاق
ئۆتمەي يەنە ماساچۇسېتس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش سى-
نىپىغا كىرىپ ئوقۇيدۇ ، يېمەكلىك خىمىيەسى ئۇنىڭ كەسپىگە ئايلى-
نىپ قالىدۇ . بۇ چاغدا نيۇ - يورك كاكاۋۇ شىركىتى كۆپ خىل
ئىچىملىك ۋە شاكىلات ئىشلەشنى بىلىدىغان بىر ئالىي دەرىجىلىك
تېخنىك تەكلىپ قىلماقچى بولىدۇ ، ئىش ھەققىمۇ ئىنتايىن يۇقىرى
ئىدى . سىزنىڭچە كىم تەكلىپ قىلىنار؟ ئەلۋەتتە ، ھاللاند خوۋارد
تەكلىپ قىلىنىدۇ - دە !

كېيىن ئۇنىڭ شىركەتتىكى ئىشلىرى قىيىنلىشىدۇ ، شۇنىڭ
بىلەن ئۇ ماساچۇسېتس ئىشتاتىنىڭ ئانھىست شەھىرىدە ئولتۇرۇش-
لۇق ئاتا - ئانىسى تۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ يەر ئاستى ئۆيىدە بىر خۇسۇسىي
لابوراتورىيە ئاچىدۇ . ئۇزاق ئۆتمەي ھۆكۈمەت بىر يېڭى پەرمان ئېلان
قىلىپ ، بارلىق كالا سۈتلىرىنى باكتېرىيەلىك تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈ-
زۈشنى تەلەپ قىلىدۇ ، بۇنىڭ بىلەن ھاللاند خوۋارد ھايت - ھۇيت
دېگۈچە ئانھىست شەھىرىدىكى 14 كالا سۈتى شىركىتىنىڭ باكتېرىيە-
لىك تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ ، ئۇنىڭ لابوراتورىيە-
سىدىمۇ ئىككى نەپەر ياردەمچى كۆپەيتىلىدۇ .

يەنە 25 يىلدىن كېيىن ھاللاند خوۋارد قانداق بولۇپ كېتەر؟
بىلىش كېرەككى ، يەنە 25 يىلدىن كېيىن ، يېمەكلىك خىمىيەسى
ساھەسىدىكى ھازىرقى نوپۇزلۇقلاردىن ھېچقانچىسى قالمايدۇ . ئۇلار-
نىڭ ئورنىنى باسىدىغانلار كىملەر؟ دەل ھاللاند خوۋاردقا ئوخشاش
ئەس - ھوشى جايىدا ۋە ئالغا ئىلگىرىلەش روھىغا ئىگە كىشىلەر -

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ده . 25 يىلدىن كېيىن ھالالاند خوۋارد ئېھتىمال يېمەكلىك خىمىيە-سى ساھەسىنىڭ سەردارى بولۇپ قالار ، ھالبوكى ، ئاشخانىدا ئۇنى خىزمىتىگە سالغان ھېلىقى ياشلارنىڭ بەزىلىرى ئېھتىمال ئىشسىز قېلىپ ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىدىن ئاغرىنىپ ، ئۆزلىرىنىڭ بىر ئۆمۈر بەختسىز بولۇپ قالغانلىقىغا ھەسرەت چېكىپ يۈرۈشى مۇمكىن . ناۋادا ھالالاند بوۋارد مەززىسى يوق خىزمەتنى قىزىقارلىق خىزمەتكە ئۆزگەرتمىگەن بولسا ، ئۇنىڭ تەلىيىمۇ بۇگۈنكىدەك ئوڭ-دىن كەلمىگەن بولاتتى .

بۇنىڭدىن كۆپ يىللار ئىلگىرى ، يەنە بىر ئىشچىمۇ ئۆزى شۇ-غۇللىنىۋاتقان ئاددىي خىزمەتتىن قايغۇرۇپ يۈرگەنىدى . ئۇنىڭ قىلى-دىغان ئىشى سېختا ۋىنتا قىرىش بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىسمى سام ئىدى . ئۇنىڭ بۇ ئىشنى راستتىنلا قىلغۇسى يوق ئىدى - يۇ ، لېكىن يەنە باشقا خىزمەت تاپالماي قېلىشتىن قورقاتتى ، ئىلاجسىز قالغان ئەھ-ۋال ئاستىدا ، ئۇ ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى قىزىقارلىقراق قىلىش قارارىغا كېلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇ يېنىدىكى ماشىنىدا ئىشلەيدىغان ئىشچى بىلەن مۇسابىقىلىشىدۇ : بىرەيلەن مېتالنىڭ سىرتقى يۈزىنى پارقىرى-تىشقا ، يەنە بىرەيلەن بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بويىچە بولتا سېلىشقا مەسئۇل بولىدۇ . كىم قىرغان بولتىنىڭ كۆپلۈكىنى بىلىش ئۈچۈن ، بەزىدە ئۇلار خىزمىتىنى تېگىشىپ ئىشلەيدۇ . سېخ مۇدىرى سامنىڭ خىزمەت نەتىجىسىنى ماختاپ ، ئۇنى بىراقلا ئۇچاستىكا باشلىقلىقىغا ئۆستۈرىدۇ . 30 يىلدىن كېيىن سام — ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى مۇئېل ۋۇرسلېي — باۋدوۋىن پاراۋۇز زاۋۇتىنىڭ باشلىقى بولىدۇ . ناۋادا ئۇ شۇ كەملەردە خىزمىتىنى قىزىقارلىقراق قىلىپ ئىشلىمىگەن بول-سا ، ئۆمۈر بويى ئادەتتىكى قىرىش ئىشچىسى بولۇپ ئىشلىشى مۇم-كىن ئىدى .

مەشھۇر رادىيو ئوبزورچىسى خ .ۋ . كالتانبومۇ ماڭا ئۆزىنىڭ زېرىكىشلىك خىزمىتىنى قانداق قىلىپ قىزىقارلىق خىزمەتكە ئايلان-دۇرغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى . ئۇ 22 ياشقا كىرگەن چېغىدا ، چارۋا توشۇيدىغان يىراق مۇساپىلىك بىر پاراخوتتا كالىلارغا يەم

سالىدىغان ئىشنى قىلىپ، پاراخوت بىلەن ئۇلۇغ ئوكياندىن ئۆتۈپتۇ. ۋېلىسىپىت بىلەن پۈتۈن ئەنگلىيەنى ئايلىنىپ چىقىپتۇ؛ پارىژغا كەلگەندە يانچۇقىدا بىر تىيىنمۇ پۇلى قالماپتۇ. ئۇ فوتو ئاپپاراتىنى 25 فرانكقا گۆرۈگە قويۇپ، ئۇ پۇلغا پارىژدا چىقىدىغان «نيۇ - يورك ئەلچى گېزىتى»گە بىر پارچە ئېلان باستۇرۇپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ ئىستېرېئولۇق ئەينەك ساتىدىغان بىر خىزمەت تېپىپتۇ. ئىستېرېئو-لوق ئەينەكنىڭ نېمىلىكى يېشى چوڭراق كىتابخانلارنىڭ ئېسىدە بول-سا كېرەك. بۇنداق ئەينەكنى كۆزىڭىزگە تۇتسىڭىز ئوخشاش ئىككى پارچە سۈرەت كۆرۈنىدۇ، ئىككى پارچە ئەينەك سۈرەتنى بىر قىلىپ كۆرسىتىدىغان بولغاچقا، كىشىلەرگە بىر خىل كۈچلۈك ئىستېرېئو-لۇق تۇيغۇ بېرىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل ئەينەك ئەينى چاغلاردا تازا بازار تاپقانىدى.

شۇنىڭ بىلەن كالتانبو فىرانسۇزچە سۆزلىيەلمىسىمۇ كوچىمۇ-كوچا ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئۆيمۇئۆي بېرىپ، ئىستېرېئولۇق ئەينەك سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ. ئۇ بىرىنچى يىلىلا شىركەتكە 5000 دوللار تېپىپ بېرىپتۇ. ئۆزىمۇ پۈتكۈل فىرانسىيە بويىچە ئىش ھەققى ئەڭ يۇقىرى مال ساتقۇچى بولۇپ قاپتۇ. كالتانبونىڭ ئېيتى-شىچە، بۇ بىر يىللىق ئەمەلىي خىزمەت ئۇنىڭغا ئۇنىۋېرسىتېتتا بىر يىل ئوقۇغاندىنمۇ بەكرەك ئەسقاتقان. چۈنكى، ئۇ كەسپتە مۇۋەپپەق-قىيەت قازىنىش ئۆزىگە ئىشەنچ قىلىشقا باغلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىن-نىپ يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ فىرانسىيەنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنىپ يەتكەن، بۇ ئۇنىڭ كېيىنچە رادىيو ئىستانسىسىدا ياۋروپا ۋەزىيىتى ئۈستىدە مەخسۇس ئوبزور ئېلان قىلىشىغا چوڭ ياردەم بەرگەن.

ئۇ فىرانسۇزچە سۆزلىيەلمەيدىغان تۇرسا، قانداق بولۇپ فىران-سىيە بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان مال ساتقۇچى بولۇپ قالغان؟ ئەسلىدە ئۇ دېمەكچى بولغان سۆزلىرىنى باشقىلارغا يازدۇرۇۋېلىپ، ئۆيىدە پىششىق يادلىۋالغان، ئاندىن مۇنداق قىلغان: بىرسىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ تىك تۇرغان، بۇ ئۆيىنىڭ ئايال خوجايىنى ئۆيدىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

چىققاندا، ئۇ بىر تەرەپتىن مېلىنى كۆرسىتىپ، يەنە بىر تەرەپتىن يادلىۋالغانلىرىنى راۋان سۆزلىگەن. دەرۋەقە، ئۇنىڭ سۆزلىرى ئاڭ- لىماققا خېلى چېنىپ قالاتتى ۋە ئىنتايىن كۈلكىلىك تۇيۇلاتتى. ناۋادا خەق ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەرنى سوراپ قالسا، ئۇ مۈرىسىنى قىقىپ قويۇپ: «ئامېرىكىلىق — ئامېرىكىلىق» دەپ جاۋاب بەرگەن ھەمدە شىلەپىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا تىكىپ قويغان فرانسۇزچە ئېلاننى كۆرسەتكەن. ئايال خوجايىنلار ئېچىلىپ - يېيىلىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتسە، ئۇمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ كۈلۈپ، ئۆزىنى باسالماي قالغان، ئاندىن ئىستېرىيىلىك ئەينىكىنى چىقىرىپ يەنە بىر دەم بازار- غا سالغان، سودا شۇ تەرىقىدە يۈرۈشۈۋەرگەن.

بۇ ئىشلار سىلەرگە ئاڭلىماققا ئاساندەك تۇيۇلىدۇ، لېكىن خ. ۋ. كالتانبو ئەپەندىنىڭ ماڭا سۆزلەپ بېرىشىچە، بۇنى ئەمەلدە كۆر- سىتىش ئۇنىڭغا ناھايىتى تەسكە چۈشكەن. ئۇنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئې- رىشتۈرگەن بىردىنبىر ئەڭگۈشتەر ئۇنىڭ تىز يۈكمەس جاسارىتى ۋە ھەركۈنى ئەتىگەندە ئىشىكتىن چىقىشتىن ئىلگىرى ئۇ ھامان ئەينەككە قاراپ تۇرۇپ ئۆزىگە مۇنداق دەپ مەدەت بەرگەن: «كالتانبو، ئاچلىق- تىن ئۆلمەي دېسەڭ، بۇ ئىشىڭنى داۋاملاشتۇر! خىزمىتىڭنى قىزىـ قارلىقراق قىلىپ ئىشلە. خەقنىڭ ئىشىكىگە بېرىپ قوڭغۇرىقىنى باسقىنىڭدا، نېمە ئۈچۈن ئۆزۈڭنى سەھنىگە چىقىش ئالدىدا تۇرغان ئارتىس قىلىپ كۆرسەتمەيسەن؟ تۇرمۇشنىڭ ئۆزى سەھنە، ھالبۇ- كى، سېنىڭ كەچۈرمىشلىرىڭمۇ ئەمەلىيەتتە تازا تىياتىر تۈسىگە ئى- گە. يېڭى بىر كۈنۈڭنى تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن كۈتۈۋال!» كالتانبو ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ھەركۈنى مۇشۇنداق ئىلھاملاندۇ- رۇش خاراكتېرلىك مونولوگقا ئاساسەن، دەسلەپتە قورقۇنچلۇق ۋە يىرگىنىشلىك تۇيۇلغان خىزمەتنى قىزىقارلىق ھەمدە ئۆزىگە غايەت زور مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ئالاھىدە تەرجىمىھالغا ئايلاندۇرغان.

مەن كالتانبو ئەپەندىدىن چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قىلىش خىيالىدا بولۇۋاتقان ئامېرىكا ياشلىرىغا تەكلىپ بېرىپ باقسىڭىز بولماسمۇ، دەپ سورىدىم. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئەلۋەتتە بولىدۇ. ئۇلار ھەر كۈنى

ئەتىگەندە روھىي مەشىق ئىشلىشى لازىم. ئۇلار ئەتىگەنلىك گىمناستىكىغا — بەدەننى ئۇزۇل - كېسىل ھوشىغا كەلتۈرىدىغان بۇنداق تەنتەربىيە چېنىقىشىغا ئەھمىيەت بېرىپلا قالماستىن، بەلكى ھەر كۈنى ئەتىگەندە روھىي مەشىق ئىشلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆزلىرىنى بىر كۈنلۈك سەپەرگە سەگەك كاللىسى بىلەن ئاتلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى لازىم. دېمەك، ئۇلار ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئۆزلىرىگە بىردەم ئىلھاملاندۇرۇش خاراكتېرلىك تەربىيە ئىشلىشى لازىم».

ھەر كۈنى ئۆزىگە بىردەم تەربىيە ئىشلەش تولىمۇ ئەخمەقلىق ياكى بالىلىق قىلغانلىق بولماس؟ ياق، بۇ قەلبى ساغلام بولۇشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى. «بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا ئىدىيەمىز يېتەكچىلىك قىلىدۇ» . مارك - ئاۋلېرنىڭ بۇنىڭدىن 800 يىل ئىلگىرى «ئۆز - ئۆزۈمنى تەكشۈرۈش» ناملىق كىتابىدا ئېيتقان بۇ سۆزى بۈگۈنگە قەدەر رول ئوينىماقتا.

ئۆز - ئۆزىگە ئىلھاملاندۇرۇش خاراكتېرلىك خىزمەت ئىشلەش بىزگە ئىشەنچ ۋە جاسارەت، كۈچ ۋە خاتىرجەملىك بەخش ئېتىدۇ، ئۇ بىزنى بەلكىم بىز دەسلەپتە ئانچە قىزىقىپ كەتمىگەن خىزمەتلەرگە تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئاتلاندۇرار. ھەربىر خوجايىن خىزمەتچىلىرىنىڭ ئۆز خىزمىتىگە قىزىقىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، شۇنداق بولغاندىلا ئۇلار تېخىمۇ كۆپ پۇل تاپالايدۇ. باشلىقلارنىڭ بۇنداق خىيالىنى ۋاقتىنچە ئويلاشماي تۇرايلى، لېكىن بىز ھامان ئۆزىمىزنى ئويلىشىمىز لازىم. خىزمەتكە قىزىقىش بىزگە نۇرغۇن نەپ يەتكۈزىدۇ. كۈندۈزى ۋاقتىمىزنىڭ تەڭدىن تولىسىنى خىزمەت بىلەن ئۆتكۈزىمىز. ناۋادا خىزمەتنى خۇشال - خۇرام ئىشلىمىسەك، بىر كۈننى قانداقمۇ كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن ئۆتكۈزەلەيمىز؟ خىزمەتكە بولغان قىزغىنلىق يەنە ئىچ پۇشۇقىمىزنى چىقىرىدۇ ۋە بىزنى باش قېتىنچىلىقتىن خالاس قىلىدۇ، شۇڭا ئۇ تۇرمۇشىمىزنى ھەسسىلەپ بەختلىك قىلىدۇ. بەلكىم بىز مۇشۇ سەۋەبتىن كەسىپتە يەنە ئۆسۈشىمىز، كىرىمىمىزمۇ ئېشىشى مۇمكىن. خىزمەتكە قىزىقىش بىزنى ئاخىرقى

www.uyghurkitap.com

ئىككى مەقسەتكە يەتكۈزەلمىسىمۇ ، چارچاش دەرىجىمىزنى ئەڭ تۆۋەن
چەككە چۈشۈرۈپ ، بىزنى ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىمىزدىن بەھرى-
مەن بولۇشتا تولۇق غەيرەتكە ئىگە قىلسىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ - ھە .

## 6 . ئۇيقۇم كەلمەيدۇ دەپ بىئارام بولماڭ

ناۋادا سىز ياخشى ئۇخلىيالمايمەن دەپ غەمدە قالغان بولسىڭىز ،
مەن سىزگە ئامېرىكىلىق دۇنياغا مەشھۇر قانۇنشۇناس سامۇئېل ئانت-
مېلنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرەي ، ئۇ ئۆمۈر بويى بىر كېچىمۇ
خاتىرجەم ئۇخلاپ باقمىغان .

سامۇئېل ئانتمېل ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا دەم
سىقىلىش ۋە ئۇيقۇ قېچىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان . ئۇ
كېسەللىك ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالى يوقلۇقىنى بىلگەندىن
كېيىن ، كەچلىك ۋاقىتتىن تولۇق پايدىلىنىپ ئۆگىنىش قارارىغا
كەلگەن . ئۇ كارىۋاتتا ئۇيان ئۆرۈلۈپ - بۇيان ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالماي
ئۆزۈمنى ئۆزۈم بىئارام قىلغاندىن كۆرە ، ئورنۇمدىن قوپۇپ دەرس
ئۆگەنگىنىم تۈزۈك دەپ قارىغان . نەتىجىدە ئۇ ھەرقايسى دەرسلەرنىڭ
ئىمتىھانىدىن ئەلا نەتىجە بىلەن ئۆتۈپ ، نيۇ - يورك شەھىرى باشقۇر-
غان ئالىي مەكتەپلەر بويىچە ئەڭ تالانتلىق ئوقۇغۇچى بولۇپ چىققان .

ئانتمېل ئادۋوكات بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇخلىيالمىغان ، لېكىن
ئۇ بۇنىڭدىن قورقۇپ قالمىغان . ئۇ دائىم : «ئاللاتائالا مېنى سەۋەب-
سىز خورلىمايدۇ» دېگەن . ئەمەلىيەتتە ئۇ خورلانمىغان . گەرچە ئۇ
كۆپ ئۇخلىمىسىمۇ ، لېكىن سالامەتلىكى ئوخشاشلا ياخشى تۇرغان .
باشقا ياش سودىيەلەر قىلالىغانلىكى خىزمەتنى ئۇمۇ قىلالىغان ، ئۇ
ھەتتا باشقىلاردىن كۆپ قىلغان ، چۈنكى كەچتە ئۇنىڭغا ئۇخلاش
كەتمەيتتى .

سامۇئېل ئانتمېل ئەپەندى 21 ياشقا كىرگەندە يىللىق كىرىمى
57 مىڭ دوللاردىن ئېشىپ كەتكەن ، نۇرغۇن كەسپداشلىرى مۇشۇ

ئىش تۇپەيلى ئۇنىڭ ئادۋوكاتلار مۇلازىمەت ئورنىغا بېرىپ ، ئۇنىڭدىن
تەجرىبە ئۆگەنگەن . ئۇ بىر قېتىم بۇ ئېھتىمال ئادۋوكاتلارنىڭ ئەڭ
يۇقىرى ئىش ھەققى ھېسابلانسا كېرەك — تەخمىنەن 1 مىليون دوللار
نەق پۇلغا ئىگە بولغان . بىراق ، ئۇنىڭ ئۇيقۇ قېچىش كېسىلى پەقەت
شىپالىق تاپالمىغان . ئۇ دائىم تۈن يېرىمىغىچە ئىشلىگەن ، ئىككىنچى
كۈنى ئەتىگەن سائەت 5 لەردە يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ ، خەت - چەكلەر-
گە ئاغزاكى جاۋاب قايتۇرۇپ ئۇنىئالغۇغا ئېلىۋالغان . باشقىلار ئەمدى-
لەتىن ئورنىدىن تۇرۇپ بىر كۈنلۈك ئىشىغا تۇتۇش قىلغاندا ، ئۇ بىر
كۈنلۈك ۋەزىپىسىنىڭ يېرىمىنى تۈگىتىپ بولغان . كېيىن بىرەر
قېتىممۇ قانغۇدەك ئۇخلاپ باقمىغان . بۇئادەم 81 يىل ئۆمۈر كۆر-
گەن . ناۋادا ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇيقۇسى كەلمەسلىكىدىن قايغۇرۇپ ۋە
ئەندىشە قىلىپ يۈرگەن بولسا ، ئاللىبۇرۇن تۈگىشىپ كەتكەن
بولاتتى .

ئۆمرىمىزنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ئۇيقۇ بىلەن ئۆتىدۇ ، لېكىن
نۇرغۇن كىشىلەر ئۇيقۇنىڭ نېمىلىكىنى ئانچە بىلىپ كەتمەيدۇ . بىز
ئۇيقۇنى تەبىئەت بىزگە ئاتا قىلغان ئارام ئېلىش ئادىتى دەپلا بىلىمىز ،
لېكىن بىر ئادەم ئۇيقۇ ئۈچۈن قانچىلىك ۋاقىت سەرپ قىلىدىغانلىقى-
نى بىلمەيمىز . بىز ھەتتا ھەر كۈنى ئۇخلاشنىڭ زادى ھاجىتى بار
ياكى يوقلۇقىنىمۇ بىلمەيمىز !

بۇ گېپىم ئاڭلىماققا تازا بىمەنە تۇيۇلغاندۇ ؟ ناتايىن . ئىككىنچى
دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ، پاۋىل كېئىن ئىسىملىك بىر ۋېنگرىيە-
لىك ئەسكەرنىڭ باش سۆڭىكىنى ئوق تېشىپ ئۆتۈپ كەتكەن . كېيىن
ئۇنىڭ يارىسى ساقايغان بولسىمۇ ، بىراق شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇمۇ
ئۇخلىيالماس بولۇپ قالغان . «دوختۇرلار ھەر خىل ئۇسۇل - چارى-
لەرنى قىلىپ باققان ، ئۇيقۇ دورىسى ، ناركوزلاش دورىسى بەرگەن ،
گىپنوز قىلغان ۋە باشقا ئۇسۇللارنى قوللانغان . لېكىن ، بۇ ئۇسۇل-
لارنىڭ بىرەرسىمۇ ئۇنى ئۇخلىتالمىغان . دوختۇرلار بۇ ئەسكەرنىڭ
ئۆمرى چوقۇم ئۇزاققا بارمايدۇ دەپ ھۆكۈم چىقارغان . بىراق ، ئۇ
دوختۇرلارنىڭ ھۆكمىنى بۇزۇپ تاشلىغان . ئۇ دوختۇرخانىدىن قاي-

تىپ چىققاندىن كېيىن ، خىزمەت تېپىپلا قالماستىن ، بەلكى كۆپ يىل ئۆمۈر كۆرگەن . ئەلۋەتتە ، ئۇ بەزىدە كارىۋاتتا يېتىپ بىردەم مېڭىسىنى ئارام ئالدۇرغان . لېكىن ، ئۇنىڭ ئۇخلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئۇنىڭ ئەھۋالى تېببىي ساھە ئۇچۇن ئېيتقاندا ، تېخى يېشىلمىگەن بىر سىر بولۇپ ، بىزنىڭ ئۇيقۇغا ئالاقىدار ھەر خىل نۇقتىئىنەزەرلىرىمىزگە جەڭ ئېلان قىلىش خاراكتېرلىك سوئاللارنى قويغانىدى .

بەزى كىشىلەر كۆپ ئۇخلايدۇ ، بەزى كىشىلەر ئاز ئۇخلايدۇ . توسكانىنى ئاران بەش سائەت ئۇخلىسىلا كۇپايە قىلغان ، ھالبۇكى ، كوۋلېدكى زۇڭتوڭ ئۇنىڭدىن بىر ھەسسە كۆپ ئۇخلىغان ، يەنى ھەر كۈنى ئادەتتە 11 سائەت ئۇخلىغان . دېمەك ، توسكانىنىنىڭ ئۇخلاش ۋاقتى ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى ئىگىلىگەن ، ھالبۇكى ، كوۋلېدگى زۇڭتوڭنىڭ ئۇخلاش ۋاقتى ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك ئىگىلىگەن .

ئۇيقۇم كەلمىدى دەپ بىئارام بولۇش ئۇخلىيالماسلىقتىنمۇ بەك زىيانلىق . مېنىڭ ئېناساندلېر ئىسىملىك بىر ئوقۇغۇچۇم مۇشۇنداق پەرىشانلىقتىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش يولىغا مېڭىپ قالغىلى تاس قالغان .

«مەن ھەقىقەتەن ساراڭ بولۇپ قالاي دەپ قالغانىدىم ، — دەيدۇ ئېنا سادېلېر ماڭا ، — ئىلگىرى مەن ئىزچىل تۇردە ئىنتايىن ياخشى ئۇخلايتتىم ، ھەتتا تام سائىتىنىڭ ئاۋازىمۇ مېنى ئويغىتالمايتتى ، شۇڭا دائىم ئىشقا كېچىكىپ قالاتتىم . مەن تېخى بەك ياخشى ئۇخلايدىغانلىقىمدىن قايغۇرۇپ يۈرگەنىدىم . مۇدىر ماڭا بۇنىڭدىن كېيىن يەنە كېچىكىپ قالسام ھەرگىز بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى . ئەگەر داۋاملىق مۇشۇنداق ئۇخلاۋەرسەم ، خىزمىتىمدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىم ماڭا ئايان ئىدى .

مەن دەرد - ئەھۋالىمنى دوستلىرىمغا ئېيتتىم . بىر دوستۇم ماڭا كارىۋاتقا چىقىپلا دىققىتىمنى تام سائىتىگە مەركەزلەشتۈرۈشۈم لازىملىقىنى ئېيتقانىدى ، چاتاقمۇ شۇنىڭدىن چىقتى . تام سائىتىمنىڭ

چىكىلدىغان ئاۋازى قۇلىقىمدىن نېرى كەتمەي ، مېنى كېچىچە ئۇخلات-
مايتتى . ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرغاندا ھەم چارچاپ ، ھەم بىئارام
بولۇپ كېتەتتىم . سەككىز ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى ، بۇنداق ئازابقا قىلچە
ئامال قىلالمىدىم . ساراڭ بولۇپ قالىدىغانلىقىمغا چوڭقۇر ئىشەنگەن-
دىم . دائىم ئۆيدە ئۇياندىن - بۇيانغا ئۇدا بىرقانچە سائەت مېڭىپ
يۈرەتتىم ، راست گەپنى قىلسام ، دېرىزىدىن سەكرەپ ئۆلۈۋېلىپلا بۇ
دۇنيادىن قۇتۇلايمۇ ، يا دەپ ئويلاپمۇ قالاتتىم .

كېيىن مەن ئۇبدان تونۇشىدىغان بىر دوختۇرنى ئىزدەپ باردىم .
دوختۇر ماڭا : «ھەي ئىنا ، ھەي ئىنا ، سېنىڭ كېسىلىڭگە مەنمۇ
ئامالسىز - دە ! بۇ كېسەلنى سەن ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ تېپىۋالغان .
ئاخشىمى سەن كۆكسى - قارنىڭنى كەڭ تۇتۇپ ئۇخلا ، ئۇيقۇڭ كەلمە-
سىمۇ كېرەك يوق» . ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ : كېچىچە ئۇخلىيالمىساممۇ
مەيلى دېگىن . كۆزۈڭنى يۇمۇپلا : ئۆزۈمنى ئۆزۈم قىيىنىماي ، جىم
ياتساملا ئارام ئالغان بولىمەن دەپ ئويلىغىن ، دېگەنىدى .

دوختۇرنىڭ ئېيتقانلىرى راستتىنلا ئەسقاتتى . مەن ئۇنىڭ ئېيت-
قانلىرى بويىچە ئىش كۆرۈۋىدىم ، ئىككى ھەپتىدىن كېيىنلا نورمال
ئۇخلىيالايدىغان بولدۇم . ئېرۋاممۇ تېزلا ئەسلىگە كەلدى» .

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، ئۇنىڭ سالامەتلىكىنى كار-
دىن چىقارغىنى ئۇيقۇ قېچىش كېسىلى ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ بۇنداق
كېسەللىككە بولغان قورقۇش ھېسسىياتى .

چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى ، دوكتور ناسانېل
مەخسۇس ئۇيقۇ قېچىش كېسىلىنى تەتقىق قىلىدىغان ئالەمشۇمۇل
نوپۇز ئىگىسى . ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇ ئۇيقۇ قېچىش كېسىلىگە
گىرىپتار بولغان سان - ساناقسىز كىشىلەرنى كۆرگەن ، لېكىن بۇ
كېسەللىككە گىرىپتار بولغىنى ئۈچۈن ئۆلۈپ كەتكەن بىرمۇ ئادەمنى
كۆرمىگەن . دەرۋەقە ، بەزى كىشىلەر ئۇيقۇ قېچىش كېسىلىدىن زىيا-
دە قورققانلىقتىن جىسمانىي كۈچى ئاجىزلاپ كەتكەن ، ھەتتا باشقا
كېسەللىكلەرنى يۇقتۇرۇۋالغان ؛ لېكىن ، بىمارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنى
كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەب ھەرگىزمۇ ئۇيقۇ قېچىش كېسىلىنىڭ

ئۆزى ئەمەس ، بەلكى بىمارنىڭ بۇنداق كېسەللىكتىن چەكسىز ئەندىشە قىلىشى ۋە قورقۇشىدۇر .

دوكتور ناسانىلنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇخلىيالماسلىق سەۋەبىدىن پەرىشان بولۇپ يۈرگەن ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئۇخلىغان ۋاقتى كۆپ ھاللاردا خېلى جىق ئىكەن . «كېچىچە كۆز يۇمماي چىقتىم» دەپ قەسەم قىلغان بىر ئادەم بەلكىم بىرقانچە سائەت تاتلىق ئۇخلىغان بولۇشى مۇمكىن ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى بىلمىگەن ، خالاس . 19 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئەنگلىيەلىك ئۇلۇغ پەيلاسوپ ھېربېرت سپېنسېر بويتاق ئۆتكەن ئادەم بولۇپ ، ياشانغاندا بىر سارايدا تۇرغان ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇيقۇ قېچىش كېسىلى ئۇستىدە مېھمانلارغا دادلاپ بېرىشكە خۇشتار ئىكەن . جىمجىت ئۆتۈش ئۇچۇن ئۇ دائىم قۇلىقىنىڭ تۆشۈكىگە پاختا تىقىۋالغان . ئۇ ھەتتا ئەپيۇن چېكىشنى ئۇخلاشقا تۈرتكە قىلغان . بىر قېتىم ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى سىسا ئۇنىڭ بىلەن بىر ياتاقتا ياتقان . ئەتىسى ئەتىگەندە ناسانىل ئەپەندى يەنە ئۆزىنىڭ كېچىچە كۆز يۇممىغانلىقىنى ئېيتقان ؛ بىراق ، كېچىچە ھەقىقەتەن كۆز يۇمماي چىققان ئادەم ناسانىل ئەمەس ، بەلكى سىسا ئىدى . چۇنكى ، ناسانىلنىڭ ھاۋا گۇلدۇرلىگەندەك چىققان قاتتىق خورەك ئاۋازى ئۇنى زادى ئۇخلاتمىغانىدى .

تۇرمۇشتىكى بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۇخلاشنىڭ ئالدىنقى شەرتى . بىز شۇنى ھېس قىلىشىمىز كېرەككى ، بىزنى ئۆزىمىزنى بېسىپ چۇشىدىغان بىر خىل كۈچ مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرىدۇ ، ئۇ بىزنى تاڭ ئاتقۇچە ساق ـ سالامەت ئۆتكۈزىدۇ . نيۇ ـ يورك گراف روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرى ، دوكتور توماس ھېلوپ بۈيۈك بېرىتانىيە تېببىي خادىملار جەمئىيىتىدە قىلغان بىر قېتىملىق سۆزىدە بۇ نۇقتىنى تەكىتلەپ ئۆتكەنىدى . ئۇ مۇنداق دېگەنىدى : «كۆپ يىللىق تەجرىبەم ئىسپاتلىدىكى ، ئاخشىمى ئوبدان ئۇخلاشنىڭ ياخشى چارىسى — دۇئا تىلاۋەت قىلىش . ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇلىدىغانلا بولسا ، دۇئا ـ تىلاۋەت ئەنسىز كەيپىيات ۋە نېرۋىنى ھەممىدىن بەك تىنچلاندۇرىدۇ» .

ناخشچى جېنت ماكدونالد ماڭا روھىي چۈشكۈنلۈك ۋە دەرد ـ ئەلەم ھېس قىلىپ ئۆخلىيالمىغان چاغلىرىدا، ئىنجىلدىكى 23 ـ كۇپلېت شېئىرنى ئىچىدە يادلاپ ياتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن ئىدى:

پەرۋەردىگارىم بار مېنىڭ،
ھېچنېمىدىن يوق غېمىم.
ئاستىدا سۇلىرى شىرقىراپ ئاقار……
باغلاردا ئۇ مېنى ئارام ئالدۇرار.

مۇبادا سىز دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئادەم بولسىڭىز، قانداق قىلىشىڭىز كېرەك؟ ئۇنداقتا بەدەننى بەھۇزۇر تۇتۇشنى مەشىق قىلىڭ. «نېرۋا جىددىيلىشىشتىن خالىي بولۇش» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى، دوكتور داۋېي هارولد فېنك: «نېرۋا جىددىيلىشىشتىن خالىي بولۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى بەدىنىڭىز بىلەن سۆزلىشىش» دەيدۇ. سۆزلىشىشنىڭ ئۆزى بىر خىل گىپنوتىزىم ھېسابلىنىدۇ. بەدىنىڭىز بىلەن سۆزلەشكەندە مۇسكۇللىرىڭىزغا «بوش تۇر، ئازادە تۇر، تېخىمۇ بەھۇزۇر تۇر……» دېسىڭىز بولىدۇ. بىزگە مەلۇمكى، مۇسكۇللار جىددىي ھالەتتە تۇرىدىكەن، ئىدىيە ۋە نېرۋا جىددىيلىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا، ئۇخلىماقچى بولغان ئىكەنسىز، ئالدى بىلەن مۇسكۇللىرىڭىزنى بوش تۇتۇشىڭىز لازىم. دوكتور فېنك تەجرىبىلەرگە ئاساسەن بىزگە، پۇت ۋە قول مۇسكۇللىرىنى جىددىيچىلىكتىن خالىي قىلىش ئۈچۈن، پاچاق بىلەن بىلەكنى ياستۇققا قويۇپ يېتىش، ئاندىن ئېڭەك، كۆز، بىلەك ۋە ئىككى پاچىقىمىزنىڭ مۇسكۇللىرىنى بوش تۇتۇشىمىز لازىم. شۇنداق قىلساق تېزلا ئۇخلاپ قالىمىز، دەپ تەكلىپ بېرىدۇ.

ئۇيقۇ قېچىش كېسىلىنى داۋالاشنىڭ يەنە بىر تېخىمۇ ياخشى چارىسى بار، ئۇ بولسىمۇ جىسمانىي جەھەتتە ئىمكانقەدەر چارچاشتىن ئىبارەت. سىز بۇ مەقسەتكە توپ ئويناش، سۇ ئۈزۈش، چاڭغا تېيىـ

www.uyghurkitap.com

لىش ، تاغقا چىقىش پاكى ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك قىلىش ئارقىلىق يېتەلەيسىز . مەسىلەن ، ئامېرىكىلىق مەشھۇر يازغۇچى دىرېسېر ئەنە شۇنداق قىلغان . ئۇ تېخى ياپياش تۇرۇپلا ئۇيقۇ قېچىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان . كېسەللىككە قارشى كۈرەش قىلىش ئۈچۈن ، ئۇ تۆمۈريول ئىشچىسى بولغان . كۈنبويى شىغىل ئۇسۇيدىغان ، مىخ قاقىدىغان ئېغىر ئەمگەك قىلغاندىن كېيىن ، ئۇ چارچاپ ھەتتا كەچلىك تاماقنىمۇ يېمەيلا خورقىراپ ئۇخلايدىغان بولغان .

بەك چارچاپ كەتكەندە ئۇخلىماي دېسىڭىزمۇ ئۇخلاپ قالىسىز ، ھەتتا يولدا كېتىۋېتىپمۇ ئۇخلاپ قېلىشىڭىز مۇمكىن . بۇ جەھەتتە مېنىڭمۇ بېشىمدىن ئۆتكەنلىرى بار . مەن 13 ياشقا كىرگەن يىلى دادام بىر ۋاگون چوشقا تېرىسىنى مىسسۇرى ئىشتاتىنىڭ سانت - ھاي شەھىرىگە ساتقىلى بارغانىدى . ئۇ ئىككى دانە ھەقسىز پويىز بېلىتى تېپىپ ، مېنىمۇ ئالغاچ باردى . بىز تەخمىنەن 60 مىڭ ئاھالىسى بار بۇ شەھەرگە كەلگەندە مەن خۇش بولۇپ قىنىمغا پاتماي قالدىم . بۇ يەردە 6 — 7 قەۋەتلىك نۇرغۇن بىنالار بار ئىكەن . يەنە تىرامۋاي...... لارمۇ بار ئىكەن ، پاھ ، نېمىدېگەن ئاۋات شەھەر بۇ ! كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئۇ مەنزىرىنى ھازىر كۆزۈمنى يۇمۇپ تۇرۇپمۇ قىياس قىلالايمەن ، بىر كۈننى مەنىلىك ۋە خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ، دادام بىلەن ئىككىمىز پويىزغا ئولتۇرۇپ ئائىلىگە قايتىپ كەلدۇق . بىز سەھەر سائەت 2 دە پويىزدىن چۈشتۇق ، بىزنىڭ جاڭزىغا بېرىشىمىز ئۈچۈن يەنە تۆت چاقىرىم يولنى پىيادە بېسىشقا توغرا كېلەتتى . شۇنىڭ بىلەن مەن دېمەكچى بولغان ئىش ئەنە شۇ ۋاقىتتا يۈز بەردى : چارچاپ كەتكەنلىكىمدىن يولدا كېتىۋېتىپ مۈگدەپ قاپتىمەن ، ھەتتا چۈشمۇ كۆرۈپتىمەن .

ناۋادا بىر ئادەم قاتتىق چارچاپ كەتكەن بولسا ، ئىس - تۈتەك قاپلىغان جەڭ مەيدانىدىمۇ ئۇخلاپ قېلىشى مۇمكىن ، مەشھۇر نېرۋا كېسەللىكلەر ئالىمى ، دوكتور فۇرسىت كىنىدى 1918 - يىلى ئەنگلىيە ئارمىيەسىنىڭ بەشىنچى جۇنتۇەنى جەڭ مەيدانىدىن چېكىنىپ چىققان چاغدىكى مەنزىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى

سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ : جەڭچىلەر چارچاپ ھالىدىن كەتكەندى ، مەيلى ئۇلار قەيەرگە بارسۇن ياكى قەيەردە توختىسۇن ، كەينى-كەينىدىن ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ ئۇخلاپ قالاتتى . ئۇلارنىڭ قاپىقىنى قولۇم بىلەن تارتىپمۇ ئويغىتالمايتتىم . بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ كۆز قارىچۇقى ھامان يۇقىرىغا تارتىلىپ قالاتتى . «شۇ چاغدىن تارتىپ ، — دەيدۇ دوكتور كىنىندى گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — ئەگەر ئۇيقۇم كەلمىسە كۆزۈمنى يۇقىرىغا تىكمەن . بىردەمدىن كېيىن ئەسنەك تۇتۇپ ، چارچىغانلىقىمنى ھېس قىلىمەن . بۇنداق مېخانىكىلىق رېفلېكس ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمايدۇ . »

ئۇخلاشنى رەت قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئۆلۈۋالىدىغان بىرمۇ ئادەم بولمايدۇ . ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ رەت قىلىمەن دەپمۇ رەت قىلالمايدۇ . بىر ئادەمنىڭ ئىرادىسى قانچىلىك كۈچلۈك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇمۇ تەبىئەتنىڭ ئۇنى ئۇخلىتىش كۈچىگە قارشىلىق كۆرسىتەلمەيدۇ .

ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئۇستىدە سۆزلەۋېتىپ ، دوكتور ھېنرىنىڭ يازغان بىر پارچە كىتاب ئىختىيارسىز ھالدا ئېسىمگە كېلىپ قالدى . بۇ كىتابنىڭ نامى «ئادەمنىڭ قايتا بىلىشى» . دوكتور نىڭ ئامېرىكا پسىخولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ، ئۇ غەمكىنلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن ئۇچراشقان . بۇ كىتابنىڭ ئەندىشە ۋە قورقۇنچنى قانداق تۈگىتىشكە دائىر بىر بابىدا ئاپتور ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا ئۇرۇنغان بىر بىمارغا دوختورلار ھەرقانچە نەسىھەت قىلىسىمۇ كارغا كەلمىگەنلىكى ئۈستىدە توختالغان . كېيىن نىڭ بىمارغا : «ئەگەر سەن چوقۇم ئۆلۈۋالىمەن دېسەڭ ، ئازراق بولسىمۇ مەردلىك بىلەن ئۆلۈشۈڭ كېرەك . مۇشۇ بىنانى ئايلىنىپ يۈگۈرۈپ ، چارچاپ ئۆلسەڭ ياخشىراق بولارمىكىن» دېگەن .

بۇ بىمار راستىنلا ئاشۇ بىنانى ئايلىنىپ يۈگۈرگەن . يۈگۈرە-يۈگۈرە ، ئۇ ھەرقانچە يۈگۈرگەن بىلەنمۇ جېنى چىقمىغان . ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىنكى بىر كۈنى كەچتە دوكتور نىكىنىڭ مەقسىتى ئاخىر

ئەملگە ئاشقان : بۇ بىمار چارچاپ ھالىدىن كېتىپ ، يەرگە يىقىلىپ چۈشكەن پېتى خورەك تارتىپ ئۇخلاپ قالغان . كېيىن ئۇ تەنتەربىيە كۇلۇبىغا قاتنىشىپ ، داۋاملىق بەدەن چېنىقتۇرغان ، سالامەتلىكىمۇ تېزلا ئەسلىگە كەلگەن .

ناۋادا سىز ئۇيقۇ قېچىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان بولسىڭىز ، تۆۋەندىكى تۆت پرىنسىپنى ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇڭ :

بىرىنچى ، ئۇيقۇڭىز كەلمىسە ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ ، تاكى ئۇيقۇڭىز كەلگۈچە خىزمەت قىلىڭ ياكى كىتاب ئوقۇڭ ؛

ئىككىنچى ، ئېسىڭىزدە بولسۇنكى ، ئۇيقۇ قېچىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ئۆلۈپ قالغان بىرمۇ ئادەم يوق ؛ ئۇيقۇم كەلمەيدۇ دەپ پەرىشان بولۇش ئۇيقۇ كەلمەسلىكتىنمۇ قورقۇنچلۇق ؛

ئۈچىنچى ، مۇسكۇللىرىڭىزنى بوش - بەھۇزۇر تۇتۇڭ ، بەدىنىڭىز بوش - بەھۇزۇر بولسا پىكىرىڭىز ۋە نېرۋىڭىزمۇ بەھۇزۇر بولىدۇ ؛

تۆتىنچى ، كۆپ ھەرىكەت قىلىڭ ، چارچىسىڭىز تەبىئىي ھالدا ئۇيقۇڭىز كېلىدۇ .

# خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن

رېيىن دەرياسى ساھىلىغا جايلاشقان غەربىي گېرمانىيەنىڭ مەشھۇر شەھىرى كېيولىندا ئىككى يىلدىن كۆپرەك جىددىي، ئەمما ئەھمىيەتلىك ئوقۇش ھاياتىنى باشتىن كەچۈردۈم.

بىر كۈنى كەچتە، بىر دوستۇم مەن بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ بۇ كىتابنى ماڭا تەقدىم قىلدى. بۇ نېمىسچە تەرجىمىسى بولۇپ، بېرن شىرتىس نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، غەربىي گېرمانىيە دامشتات نەشرىياتى تەرىپىدىن كۆپەيتىپ بېسىلغان نۇسخىسى ئىكەن، تىراژىمۇ خېلىلا كۆپ ئىكەن. كىتابنى ۋاراقلاپ بىرقانچە بېتىنى ئوقۇۋىدىم، ئۇنىڭدىكى ئۆزگىچە ئۇسلۇب بىلەن يېزىلغان مول ۋە ھەر خىل مەزمۇنلار مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. كىتابتا غەم - قايغۇ ۋە ئۇنىڭ زىيىنى، ئەندىشىنى تۈگىتىش ئۇسۇللىرى ۋە تۇرمۇشتىكى ھەر خىل باش قېتىنچىلىقلارغا قانداق توغرا مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى نۇقتىلىق سۆزلەنگەنىدى. ئەسلىدىلا ئىنتايىن مول پەلسەپۋى قائىدە بىلەن تولغان بۇ مەسىلىلەرگە نىسبەتەن ئاپتور قۇرۇق، تېتىقسىز ۋەز - نەسىھەت ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى نۇرغۇن ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ جانلىق ئىش - پائالىيەتلىرى ۋە ئۇلۇغ شەخسلەرنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى، ئىش ئىزلىرى ئارقىلىق بىزگە ئىنسانلاردىكى ئەڭ ئومۇملاشقان روھىي ئاپەت — غەم - قايغۇ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنىڭ بىر قاتار شىپالىق رېتسېپلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئەلۋەتتە، بۇ كىتاب پسىخولوگىيەلىك داۋالاش ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان چوڭلار كەچ كۇرسىنىڭ دەرسلىكى ھېسابلىنىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ باشقا ئەھمىيىتىدىن ئالغاندا، ئۇنى كىشىلەرنى ئېتىقادىنى كۈچەيتىشكە، تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەشكە، تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيۈشكە يېتەكلەيدىغان، كىشىنى ئىچ - ئىچىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەسىرلەندۈرىدىغان تۈرمۈش دەرسلىكى دېسىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدۇ .

مەن ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، خىزمەتتىن بىكار بول-
غان چاغلىرىمدىمۇ بۇ كىتابنى پات - پات ئوقۇپ خېلى بەھرە ئالدىم ،
گەرچە ئاپتورنىڭ بەزى قاراشلىرى بىزنىڭكىگە ئوخشاش بولمىسىمۇ ،
لېكىن بۇ كىتابنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ياخشى ، ساغلام بولۇپ ، تەر-
جىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇش قىممىتى بار ئىكەن . نەشرىياتتا ئىشلەيدى-
غان دوستلىرىمنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن ئۇنىڭ بىرقانچە بابىنى
تاللاپ تەرجىمە قىلىپ ، «كىشىلەر ئارىسىدا» ژۇرنىلىغا ئەۋەتكەن-
دىم . ژۇرنال نەشردىن چىققاندىن كېيىن ، ئۇ كىتابخانلار ئارىسىدا
ئەكس سادا پەيدا قىلدى . نۇرغۇن كىتابخانلار ماڭا خەت يېزىپ ، بۇ
كىتابنى تولۇق تەرجىمە قىلىشىمنى ئۈمىد قىلىشتى . بۇ ماڭا زور
ئىلھام بولدى . ھازىر مەن بۇكىتابنى تەرجىمە قىلىپ ، ئېلىمىزنىڭ
كىتابخانلىرىغا ، بولۇپمۇ ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۈمىدۋارلىق
روھى كەم بولۇۋاتقان كىتابخانلارغا تەقدىم قىلدىم . ئۇلارنىڭ بۇ
كىتابتىن بەھرە ئېلىپ ، ھەرقانچە جاپالىق شارائىت بولسىمۇ ، كۆك-
رەك كېرىپ باتۇرلارچە ياشاپ ، ئۆزى ئۈچۈن ، باشقىلار ۋە جەمئىيەت
ئۈچۈن بەخت يارىتىش ، ئۇنىڭدىن لەززەت ئېلىش ئىشەنچىسى ۋە
غەيرىتىنى بوشاشتۇرۇپ قويماسلىقىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن .

1986 - يىل مارت ، چۆگچەك

بۇ كىتاب چۇڭچىڭ نەشرىياتىنىڭ 1986 - يىلى 10 - ئاي 1 - نەشرى، 1988 - يىلى 1 - ئاي 1 - نەشرى 2 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据重庆出版社 1986 年 10 月第 1 版，1988 年 1 月第 1 版第 2 次印刷版本翻译出版。

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

图书在版编目（CIP）数据

别优虑勇敢地生活：维吾尔文 / （美）卡内基（Carneige, D.）著；依达耶图拉. 色来译. — 2 版. — 喀什：喀什维吾尔文出版社，2010.9（2014.6 重印）

ISBN 978-7-5373-2194-5

Ⅰ. ①别… Ⅱ. ①卡… ②依… Ⅲ. ①社会心理学—通俗读物—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. ①C912.6-49

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2010)第 185017 号

编　　辑：阿布拉江・吐尔洪
责任编辑：姑丽巴哈尔・麦麦提依明
责任校对：阿尔祖古丽・斯迪克

别优虑勇敢地生活

| | |
|---|---|
| 作 者 | （美）戴尔·卡内基 |
| 翻 译 | 依达耶图拉. 色来 |
| 出 版 | 新疆人民出版总社<br>喀什维吾尔文出版社 |
| 电 话 | 0998 — 2653927 |
| 地 址 | 喀什市塔吾古孜路 14 号 |
| 邮 编 | 844000 |
| 发 行 | 新疆新华书店 |
| 印 刷 | 喀什维吾尔文出版社彩印厂 |
| 开 本 | 880 × 1230 毫米　1/32 |
| 印 张 | 9.875 |
| 版 次 | 1989 年 10 月 第 1 版 |
| 版 次 | 2010 年 9 月 第 2 版 |
| 印 次 | 2014 年 6 月 第 2 次印刷 |
| 定 价 | 25.00 元 |